

ئادىل ئىمىن شادتېكىن

# بەخىردىننىڭ سېھىرلىك دۇنيادىكى سەرگۈزەشتىلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئادىل ئىمىن شادتېكىن



# پەخىردىننىڭ
# سېرلىق دۇنيادىكى سەرگۈزەشتىلىرى

(بالىلار رومانى)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

这是一部长篇童话，描述一位 18 岁青年由于在生日那天收到了一张神秘贺卡的愿因来到神秘界，并且在哪儿经历了一场复杂曲折的生死战斗，留下了一生难忘的回忆。

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر

# پەخىردىنىڭ سىرلىق دۇنيادىكى سەرگۈزەشتىلىرى

(بالىلار رومانى)

ئاپتورى: ئادىل ئىمىن شادتېكىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2012 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرااژى: 1 — 3000
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2515 — 8
باھاسى: 30.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 ـ 2653927



ئادىل ئىمىن شادتېكىن 1965 - يىلى يەكەن ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ھازىرغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باللار ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بۇلاردىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش ئاساسىدا، شېئىر، چۆچەك، مەسەللەرنى يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تۈزگەن كوللېكتىپ توپلامغا بېسىلغان «مەكتىپىم» ناملىق غەزىلى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ «يوقالماس بايلىق»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «كۆپۈكتىكى دۇنيا» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە شېئىر، چۆچەك، مەسەل ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئادىل ئىمىننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «بۇلبۇلنامە»، «خاسىيەتلىك چۈش»، «ئەتىرگۈل مەلىكە»، «توز مەلىكە»، «ئاق قۇ مەلىكە»، «خىرۇستال كەش»، «بەخت ئارىلى ئىزدەش»، «خىرۇستال شاھزادە» قاتارلىق چۆچەكلەر توپلاملىرى؛ «شاھزادە نۇر ئەزىز ھەققىدە قىسسە» ناملىق باللار رومانى نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## يالماۋۇزلار بىلەن كۈرەش


بىرىنچى باب سېھىرلىك قەلئەگە ئاتلىنىش .................... 3
ئىككىنچى باب تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان سوراق ........... 23
ئۈچىنچى باب ئۇ كۈتمىگەن ھەمراھلار ..................... 42
تۆتىنچى باب سېھىرگەرلەر كۈتۈپخانىسىدا ..................... 63
بەشىنچى باب ئۇمۇ سېھىرگەر بولدى ........................... 85
ئالتىنچى باب سېھىرلىك قەلئەنىڭ مەھشەر كۈنى ........... 109
يەتتىنچى باب ئۇنى كىم قۇتقۇزار .......................... 130
سەككىزىنچى باب كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش ..................... 148
توققۇزىنچى باب گۈلىستانى ئېرەمگە يەتكۈچە .................. 179
ئونىنچى باب دەرەخلەر شاھى ۋە تىلسىملار بالاسى.......... 189
ئون بىرىنچى باب قورقۇنچلۇق سىرلىق دېڭىز ................. 217
ئون ئىككىنچى باب قۇتۇلۇش يولى نەدە ....................... 243
ئون ئۈچىنچى باب قايتىش كېرەكمۇ ياكى ..................... 263


## ئىككىنچى قىسىم

## ئابىھايات بۇلىقىنى ئىزدەش


بىرىنچى باب زۇلمەتكە سەپەر ................................. 285

ئىككىنچى باب   قىيىن تاللاش ............................ 299
ئۈچىنچى باب   ئۇلار جۈپتىنى تاپتى ...................... 335
تۆتىنچى باب   ئەلۋىدا سىرلىق دۇنيا ...................... 356

# بىرىنچى قىسىم

# يالماۋۇزلار بىلەن كۆرەش

## بىرىنچى باب

# سېھىرلىك قەلئەگە ئاتلىنىش

— مەن بۇيەرنى چۈشۈمدە كۆرگەن، — دېدى پەخرىدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ قولىدا شۇ تاپتا قول ياغلىقچىلىك چوڭلۇقتا بىر ئاتكىرتكا بولۇپ، ئاتكىرتكىدا گىرۋەكلىرىگە بەتبەشىرە مەخلۇقلارنىڭ تاش ھەيكەللىرى تىزىلغان بىر كۆل، كۆل ئوتتۇرىسىدا ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەك بىر تاش تۆۋرۈك، تۆۋرۈك ئۈستىدە پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن بىر قەلئە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

— ئۇنى قاچان، كىم ئەۋەتىپتۇ؟ — سورىدى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئادىلجان، ئۇ ھېلىلا تېخى پەخرىدىننىڭ تېلېفون قىلىشى بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى، — ئەجەب چۈشۈڭدە كۆرگەن مەنزىرە سۈرىتى بېسىلغان ئاتكىرتكا كېلىپ قاپتۇ، توغۇلغان كۈنىڭگە ئاتكىرتكا ئەۋەتىش ئاللىبۇرۇن مودىدىن قالغان تۇرسا، تېخى ئۈستىگە بىرەر قۇر خەتمۇ يېزىلماپتۇ.

— كىم، نېمىشقا ئەۋەتكىنىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، ئەتىگەن ئويغانسام ياستۇقۇم يېنىدا تۇرىدۇ. بىر يىل ئىلگىرى چۈشۈمدە مۇشۇ مەنزىرىدىكى تاش تۆۋرۈك ئۈستىدىكى قەلئە بىردىنلا چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاپئاق بىر مويسپىتكە ئايلىنىپ، ئىللىق چىراي بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ: «يەنە بىر يىلدىن كېيىن تەكلىپنامە ئەۋەتىمەن، ئۇ چاغ دەل سېنىڭ 18 ياشقا كىرگەن كۈنىڭ بولىدۇ، چوقۇم بۇيەرگە كەل!» دېگەنىدەك قىلىۋىدى، بەلكىم ئاتكىرتكىنى شۇ مويسپىت ئەۋەتكەن بولسا كېرەك.

— شۈنداق! — دېگەن سادا كەلدى شۇ چاغ ئاتكىرتكىدىن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاتكىرتكا يۈزىدىكى تاش تۈۋرۈك ئۈستىگە جايلاشقان قەلئە ئورنىدا چاچ - ساقاللىرىمۇ، قاش - كىرپىكلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاپئاق ۋە ئاپئاق كىيىنگەن، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر مويسىپىتنىڭ يېرىم گەۋدىسى پەيدا بولدى:

— ساڭا تولىمۇ ئىنتىزارمەن ئوغلۇم، تېز بۇياققا كەل، تېز......

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا سىيماسى ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ، ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى، ئارقىدىنلا ئاتكىرتكىدىكى كۆل ئاسمىنىدا قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلار پەيدا بولۇپ، ھەر تەرەپكە يامرىدى، گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭراپ، چاقماق چېقىلدى، قارا بۇلۇت - تۇمانلار ھېلىلا ئاتكىرتكىدىن دەۋرەپ چىقىدىغاندەك قوتراشقا باشلىدى.

پەخرىدىن ئاتكىرتكا يۈزىدىكى مەنزىرە ئىچىدە چېقىلغان چاقماق قولىنى سوقۇۋەتكەندەكلا چۆچۈپ ئاتكىرتكىنى تاشلىۋەتتى، ئاتكىرتكىمۇ ئۆزىچىلا لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى، بىراق كۆيۈپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئىچىدىن پەي قاناتلىرى ئالتۇن رەڭلىك، ئالتۇن تۇمشۇق، ئالتۇن تىرناقلىق چوڭ بىر شاتۇتى ئالتۇندىن ياسالغاندەكلا ساپسېرىق بىر مەينىنى سۆرەپ ئۇچۇپ چىقتى. مەيگە ئۇششاق كۈمۈش قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، يەتتە خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق سايىۋەن تىكلەكلىك ئىدى، بۇ گويا بىر ئويۇنچۇق ھارۋىچىلىكلا بار ئىدى.

پەخرىدىنمۇ، ئادىلجانمۇ يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن چۆچۈپ، ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇلار چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا ئىدى، تېپىرلاپ تۇرغان شاتۇتى ۋە تېخىچە جىرىڭلاپ تۇرغان قوڭغۇراقلار بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شاتۇتى تولىمۇ يىراقتىن ۋە كۆرمىگەن خەۋپ - خەتەر ئىچىدىن بۇ كىچىك ئويۇنچۇق مەينىنى سۆرەپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— سېنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە، — مېنى سېھىرلىك قەلئەدىكى سېھىرگەر ئۇستاز ئەۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دېدى ئادىلجان ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — ئۇ راستتىنلا سۆزلەۋاتىدۇ، مەن تېخى ......

— مېنى گاچىمىكىن دەپ قالغانمىدىڭ! — دەپ توۋلىدى شاتۇتى ئۇنىڭغا زەردە بىلەن.

— خاپا بولما، — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سۆزلىيەلەيدىغان شاتۇتنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز، شۇڭا سەل ئەجەبلىنىپ قالدۇق، مېنى راستتىنلا سېھىرگەر ئۇستاز چاقىرغان بولسا ئويلىشىپ بېقىشىم كېرەك، بىراق ئۇ مېنى نېمىشقا چاقىرغاندۇ؟

— بارامسەن؟ — سورىدى ئادىلجان دوستى ھازىرلا كېتىپ قالىدىغاندەك ئەندىشە بىلەن بېلىگە ئېسىلىپ، — بۇ بەك غەلىتە ئىشقۇ.

— شۇنداق، غەلىتە ئىش، — دېدى پەخرىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئاتكىرتكىغا قاراپ قويۇپ، — بىراق، ماڭا بىر تۇرۇپ ئانچە غەلىتەدەكمۇ بىلىنمەيۋاتىدۇ، بىراق نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

— بۇ پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىش بولدى، — دېدى ئادىلجان شاتۇتى بىلەن مەپىگە قاراپ قويۇپ، — بۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان، ھازىر ئۆزۈمنى بىر كىنو ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ئۆزۈڭ قارار قىل، مەنغۇ بارماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، كۆرمىدىڭمۇ، قەلئەنى قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئورىۋېلىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىۋاتقىنىنى، بۇ بىر خەۋپ-خەتەرنىڭ بېشارىتى.

— لېكىن، مېنىڭ باشقىلاردەك ئادەتتىكىچە ياشاۋەرگۈم يوق، — دېدى پەخرىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، شۇتاپتا ئۇنىڭ قىزلار دائىم كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيدىغان چىرايلىق يۈزلىرىدە پەرىشانلىق ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى، ئۇ ئىككىلىنىۋاتاتتى، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. شۇ ئەمەسمۇ، بۇنداق غەلىتە ئىشقا يولۇققان ھەرقانداق بىر بالا قىزىقىش بىلەن ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى ئارىسىدا تەڭقىسلىقتا قالىدۇ.

— تېز بول! بىر قارارغا كەل، — دېدى شۇ چاغ شاتۇتى تەقەززالىق بىلەن، — لىڭتاسىمىلىق قىلما، ئۆمرۈم باشقىلارنىڭ ماڭغان يولىدىن چەتنىمەي، ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتسۇن دېسەڭ قېپ قېلىۋەر. مەن ھازىرلا مېڭىشىم كېرەك، ئەگەر خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالىغۇدەك جاسارىتىڭ، ئاجايىپ ھادىسىلەرگە بولغان كۆچلۈك قىزىقىش - ھەۋىسىڭ بارلا بولسا تېز مەيگە چىق.

— بۇ مەيە بەكلا كىچىك تۇرسا، — دېدى پەخرىدىن ئەجەبلىنىپ، — ئۇنىڭغا بىر پۇتۇممۇ سىغمىغۇدەك، مەن قانداق چىقىمەن؟

— بىر قارارغا كەلگەن بولساڭلا بولدى، قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەر، تولا ئەزمىلىك قىلما، — دېدى شاتۇتى.

— شۇنداق! — دېدى پەخرىدىن قەتئىيلىك بىلەن، — بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويما، ھەتتا ئانامغىمۇ دېمە، دادام كاماندىروپكىغا كەتكەن، ئۇ خېلى ئۇزاقتا قايتىپ كېلىدۇ، پەقەت بولمىغاندا ئانامغا مەندىن خاتىرجەم بولۇشنى، مېنىڭ يىراق بىر يەرگە سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىمنى، بىر كۈنى تىنچ - ئامان قايتىپ كېلىدىغىنىمنى ئېيتىپ قويساڭلا بولغىنى.

— ھېچكىم سەندىن غەم قىلمايدۇ، — دېدى شاتۇتى، — چۈنكى، سەن مەيىگە چىققاندىن كېيىنلا ھەممەيلەن سېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، گويا سەن ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەكلا بىر ئىش بولىدۇ، كېيىن قايتىپ كەلگىنىڭدە بولسا ھېلىلا سىرتقا چىقىپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كىرگەندەك ھەممىسى سېنى تەبىئىيلا قوبۇل قىلىدۇ، بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بول، مەن بۇيەرگە بىر تال سېھىرلىك دورىنى قويۇپ كېتىمەن، شۇنىڭ ئۆزى سەن قايتىپ كەلگۈچە ھەممەيلەنگە سېنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئاغزىدىن بىر تال ئالتۇن شارچىدەك كۆملاچىنى چىقاردى، كۆملاچ دەرھال تۇمانغا ئايلىنىپ، ھاۋاغا تاراپ كەتتى.

— خەير - خوش، ئامان بولغىن، — دېدى پەخرىدىن دوستى بىلەن خوشلىشىپ.

ئادىلجان ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قوچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئۇنىڭ تەشۇش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تامغان بىر تامچە ياش پەخرىدىنىنىڭ ياقىسىغا چۈشتى.

— چوڭىيىش ماڭا تولىمۇ ئاۋارىچىلىق، — دېدى شۇ چاغ شاتۇتى، — ئەڭ ياخشىسى سەن كىچىكلەپ مەيگە لايىقلاش، مەنزىلگە يەتكەندە يەنە ئەسلىڭگە كەلتۈرۈپ قويىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ بىر پەنجىسىدە بىر غېرىچ كەلگۈدەك ئالتۇن تاياقچە پەيدا قىلدى-دە، بىرنېمىلەرنى شۇىرلاپ پەخرىدىنگە شىلتىدى:

— ئۆزگەر!

تاياقچە ئۇچىدىن ئالتۇن رەڭلىك نۇر چاقناپ، پەخرىدىن كىچىكلەپ، بوي-تۇرقى بىر غېرىچ كېلىدىغان قورچاق بالىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئادىلجان بۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى، تىلى گەپكە كەلمىدى.

— خوش! مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، — دېدى پەخرىدىن كىچىك مەيگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، شۇ ھامان شاتۇتى قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ، مەيىنى سۆرەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، پەخرىدىنىنىڭ ياتاق ئۆيى ئىچىدە بىر ئايلىنىۋېتىپ، ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى. ئادىلجان دەرھال دېرىزە ئالدىغا كېلىپ:

— خۇدايىمغا ئامانەت، تېنىچ-ئامان قايتىپ كەل! — دەپ توۋلاپ قالدى.

شاتۇتى مەيىنى سۆرىگىنىچە بارغانسېرى ئېگىزلەپ ئۇچتى. تۆۋەندىكىلەرگە ئۇ ئۇچار جىسىمدەك كۆرۈندى ۋە ناھايىتى تېزلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىغۇدەك ئېگىزلىككە يەتتى. ئاسترونومىيە ھەۋەسكارلىرى دەرھال تېلېسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىش ئۇچۇن رەسەتخانىلارغا يۈگۈرۈشتى، لېكىن ئۇنىڭغىچە شاتۇتى مەيىنى سۆرەپ، مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇرغان بىر ئوچۇق دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى، ئۇلار كىرىپ بولغان ھامان دەرۋازىمۇ يېپىلىپ، ئاستا-ئاستا غايىب

بولدى. تېلېسكوپ بىلەن كۆزەتكۈچىلەرگە ئەمدى ئەسلىدىنلا كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئاسمان جىسىملىرىدىن باشقا ھېچبىر غەيرىي نەرسە كۆرۈنمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ ھادىسە ئەتىسى گېزىتلەرنىڭ باش بېتىگە خەۋەر قىلىپ بېرىلدى، يەنە تېخى خىلمۇخىل قىياسلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپ غۇلغۇلىلارغا سەۋەپ بولدى، لېكىن بۇنىڭ نېمىلىكىنى ئادىلجاندىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيلا قالدى، بىراق بۇ سىرنى ئۇ ھەرگىز ئاشكارىلىمىدى.

پەخرىدىن سايىۋەنلىك كىچىك مەيدە كۈمۈش قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭ - جىرىڭ قىلغان يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، كۆپكۆك ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇت - تۇمانلارنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنى، بارغانسېرى كىچىكلەپ، غۇۋالىشىپ بېرىۋاتقان يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن خىل مەۋجۇداتلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىلگىرى ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى، ھەتتا يېقىنىدىن كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تۆۋەندە قۇيرۇقىدىن ئاق تۈتەك - تۇمان چىقىرىپ، ئۇزۇن بىر قۇيرۇق قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈمۈش رەڭلىك رېئاكتىپ ئايروپىلاننى كۆردى. ئىلگىرى تۆۋەندە تۇرۇپ كۆرۈپ تۇرىدىغان بۇنداق ئايروپىلاننى ئەمدى ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرۈۋاتقىنى، قانچىلىك ئېگىزلىككە چىقىپ قالغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، يۈرىكى خېلىلا پوكۇلدىدى. شۇ تاپتا مەيدىن چۈشۈپلا كەتسە قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، سوغۇق تەرگە چۆمدى، بىراق ھېلىقى دەرۋازىدىن كىرىپلا ئۇنىڭدىكى بۇنداق تۇيغۇلار غايىب بولدى.

دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى دۇنيا ئۆزگىچە يېڭى بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ھەسەن - ھۈسەن يول پارلاق نۇر چېچىپ، مۇئەللەقتە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. شاتۇتى دەرھال ئالتۇن رەڭلىك تۇلپارغا ئايلىنىپ، ھەسەن - ھۈسەن يول ئۈستىدە چېپىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ چېپىشى ھەم تېز، ھەم سىلىق ئىدى.

پەخرىدىن ئەتراپقا نەزەر سالدى، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىمۇ كۆپكۆك بولۇپ، بۇلۇتلىرى كۆپ خىل رەڭلىك پاختا دۆۋىسىگىلا ئوخشايتتى،

بىر يەردە قىپقىزىل ئەڭلىك چېچىۋېتىلگەندەكلىرى ئۇچرىسا، بىر يەردە يېشىل مەخمەلگە پۈركەنگەندەكلىرى ئۇچرايتتى، بەزىلىرى دېڭىزدەك كۆك ۋە بەزىلىرى ئالتۇندەك ساپسېرىق ئىدى، باھاردا ئېچىلغان شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدەكلىرىمۇ، يەنە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن خىل ۋە ئەڭ گۈزەل، يارقىن رەڭدىكىلىرىمۇ بار ئىدى، لېكىن قارا، كۈل رەڭ دېگەندەك تۇتۇق رەڭدىكىلىرى، ئادەمنىڭ دىلىنى غەش قىلىدىغانلىرى ئۇچرىمايتتى.

ئۇ يەنە تۆۋەنگە نەزەر سالدى، يەر يۈزى بىلەن ئارىلىقىنىڭ ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدىكى ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىدە غەلىتە دەرەخلەر قەد كۆتۈرگەن، پايانسىز ۋە گۈزەل يايلاق، ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەر تەرەپكە يېيىلغان ۋە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېقىنلار، ئېقىنلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كىچىك ئاراللارنى كۆرۈپ ماڭدى، يەنە سەل پەسرەكتە بولغان بولسا، يايلاقتىكى ياۋا گۈللەرنىڭ خىللىرىنى ۋە ئېقىنلاردىكى بېلىقلارنىڭ تۈرلىرىنى ئېيتىپ بېرەلىگەنمۇ بولاتتى.

ئىللىققىنە مەيىن شامال ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتتى. پەخرىدىن بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە خۇش ھاۋاسىدىن تولىمۇ ھۇزۇرلاندى، كۆڭلىدە بۇ يەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كەلگىنىدىن رازى بولدى. بىراق، ئۇ شۇنداق كۆڭۈللۈك ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يىراقتىن قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلار كېلىشكە باشلىدى، شۇ ھامان پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ رەڭگى ئۆچتى، مەيىن شامال چىپپىدە توختىدى، رەڭدار بۇلۇتلار يولۋاسنى كۆرۈپ تېزىپ كەتكەن قوي پادىسىدەك ھەر تەرەپكە تاراپ تېزلا غايىب بولدى. يەر يۈزى بىر قەۋەت كۈل رەڭ پەردىگە ئوراندى، ھەسەن - ھۈسەن يولىمۇ غايىب بولدى، شۇ ھامان ئالتۇن رەڭلىك تۇلپار يەنە ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىغا ئايلىنىپ، مەپىنى سۆرەپ ئۇچۇشنى داۋام قىلدى، بىراق ئەمدى ئالدىغا قاراپ ئۇچماستىن، سارقىغان يۇلتۇزدەك تۆۋەنگە شۇڭغۇدى - دە، يەرگە قونغان ھامان پەنجىسىدە يەنە ھېلىقى ئالتۇن تاياقچىنى پەيدا قىلىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى

پىچىرلاپ، پەخىرىدىنگە شىلتىدى:
— ئۆزگەر!......
تاياقچە ئۈچىدىن نۇر چاقنىغان هامان پەخىرىدىن تېخىمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتقىنىنى هېس قىلدى - دە، ناهايىتى تېزلا چۈمۈلىچىلىك بولۇپ قالدى. ئالتۇن رەڭلىك مەپە بىر ياڭاق شاكىلىغا، شاتۇتى بولسا ئالتۇن رەڭلىك بىر قاناتلىق قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالدى.
— تېز بىرەر كامارغا كىرىۋال! — دېدى ئالتۇن رەڭلىك قوڭغۇز غوڭۇلداپ، — تاكى مەن سېنى چاقىرمىغۇچە هەرگىز سىرتقا چىققۇچى بولما.
پەخىرىدىن نېمە ئىشلار بولغىنىنى بىلمىدى هەم سوراشقىمۇ پۇرسەت يوقلۇقىنى هېس قىلدى، چۈنكى قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ قالغانىدى.
ئۇ ئالدىراپ يېنىدىكى بىر ئۆزۈك كۆزىچىلىك كامارغا كىرىۋالدى. قارىغاندا بۇ بىر قۇرتنىڭ ماكانىدەك قىلاتتى، چۈنكى كاماردا ھەقىقەتەن بىر كۆك قۇرت بار ئىدى، ئۇنىڭ تېنى گويا كۆك ياقۇتتەك جۇلالىيتتى.
كۆك قۇرت پەخىرىدىندىن خەۋپسىرەپ تولغۇلۇۋالدى، پەخىرىدىنمۇ كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن ھېيقىپ كامارنىڭ دىۋارىغا مەھكەم چاپلاشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە مىختەك قادىلىپ، قانچىلىك ۋاقىت تۇردى بۇنى بىلمىدى. بىر چاغدا شاتۇتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئەمدى چىقىۋەر، بىخەتەر بولدۇق.
پەخىرىدىن كاماردىن چىقماقچى بولۇپ يۇقىرىغا ياماشقانىدى، تېيىلىپ كېتىپ ئۈستىگە چىقالمىدى، شۇ چاغ كۆك قۇرت بىقىنىدىن بىر قول چىقىرىپ، بىر تال كۆك يىپتەك تاياقچە پەيدا قىلدى - دە، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، پەخىرىدىنگە شىلتىدى. شۇ ھامان پەخىرىدىننىڭ ئاستىدىن شامال ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، پەخىرىدىن ئۇ كاماردىن چىقىپ كەتتى، چىقىپ تۇرۇشىغا شاتۇتىنىڭ ئالتۇن تاياقچىسىدىن نۇر چاقناپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كېلىشكەن بوي - تۇرقى ئەسلىگە كەلدى. شاتۇتى پۈررىدە ئۇچۇپلا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قوندى.

پەخرىدىن شۇ تاپتا بىر ئېقىندىكى داستىخانچىلىك كىچىك ئارالدا تۇرغىنىنى، ئېقىندا بولسا رەڭدار ئالتۇن بېلىقلارنىڭ ئويناقشىپ يۈرگىنىنى، ئېقىن بويلىرىدا رەڭگارەڭ ۋە غەلىتە گۈللەرنىڭ تىنىماي نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىشىۋاتقىنىنى كۆردى. كۆك ئاسماندا يەنە ھەر خىل رەڭلىك بۇلۇتلار پەيدا بولغانىدى.

— رەڭدار بۇلۇتلارنىڭ غايىب بولۇشى خەۋپ - خەتەردىن بېشارەت، — دېدى شاتۇتى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلاپ، — بۇنداق چاغدا سەن دەرھال يوشۇرۇنۇشنىڭ كويىدا بولۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا قارا بۇلۇت - تۇمانلار يېتىپ كېلىپ، ساڭا ئاپەت ياغدۇرىدۇ. نېمىدېگەن دەھشەت، بىز يېتىپ كېلە - كەلمەيلا ئۇلارنىڭ ئالدىمىزغا دەۋرەپ كېلىپ بولغىنىنى، ئەگەر ۋاقتىدا ئۆزىمىزنى يوشۇرمىغان بولساق نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتۇقكىنتاڭ.

— ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ — سورىدى پەخرىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— يولىمىزنى داۋام قىلىمىز، — دېدى شاتۇتى، ئاندىن ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ، ئالتۇن تاياقچىنى ئېقىندىكى غەلىتە بېلىقلارغا شىلتىدى. شۇ ھامان بىر جۈپ غەلىتە بېلىق بىر جۈپ يۇنۇس بېلىقىغا ئايلاندى - دە، كېمىنىڭ قەيىرىدىنىدۇر سوزۇلۇپ چىققان ئالتۇن ئاغامچىنى چىشلەپ ئەكېلىپ، كېمىگە باغلاپ كېمىنى سۆرەپ ئۈزۈشكە تەييارلاندى.

— كېمىگە چىق! — دېدى شاتۇتى، — ئەمدى سەپىرىمىز مۇشۇ ئېقىندا بولىدۇ.

پەخرىدىن كېمىگە چىقتى. شاتۇتى كېمىنىڭ بېشىغا قونۇپ ئولتۇردى، يۇنۇس بېلىقلىرى كېمىنى ئېقىن يۆنىلىشىگە قارشى سۆرەپ ئۈزۈپ كەتتى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەنزىرىلەر تولىمۇ كۆركەم ئىدى، چۈنكى ئېقىن بويى پەخرىدىن ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا بارلىقىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ گۈللەر خۇددى كىملەرنىڭدۇر غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتقان ۋىت - ۋىت خوتۇنلاردەك بىر - بىرىگە يۈزلىنىپ،

شـۈر - شـۈر ئـاۋازلارنى چىقىرىـشىۋاتقانىدى. تـۇرۇپلا ئارىـسىدىن بىرلـىرى يەنە قاقـاقلاپ كۈلۈۋاتقانـدەك، يەنە بەزىلـىرى كىملەرگـىدۇر ئاچچىقلاۋاتقاندەك ئـاۋازلارنىمۇ چىقىراتتـى. ئانـدا - سـاندا كىچىككىنە ئـادەم تەنلىـك كېپىنەكلەرمۇ ئۇچراپ قالـدى، ئۇلار تولىمۇ ئومـاق ۋە سۆيۈملۈك بولـۇپ، قانـاتلىرى پەخىرىـدىنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنىـڭ بەتلىرىدەك كېلەتتى ھەم تولىمۇ رەڭدار نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى.

تۇرۇپلا يەنە گۈللەر ئارىسىدىن پۇررىدە قىلىپ قۇشقاچلار ئۇچـۇپ چىقاتتى. ئەمما، بۇ قۇشقاچلارنىڭ بەزىلىرى مۈشۈك باشلىق ۋە بەزىلىرى بېلىق تەنلىك ئىدى.

پەخىرىـدىن ئەمـدى غەلـتە نەرسـىلەرنى كـۆرۈپ ئۆلگۈرمـىدى، چۈنكى يۇنۇس بېلىقلىرى سۇرئىتىنى تېزلەتكەنىدى.

— نېمىدېگەن غەلىتە، — دېدى پەخىرىدىن شىۋىرلاپ.

— غەلـتە ئەمەس، — دېـدى شـاتۇتى ئـاچچىقى بىـلەن، — غەلـتە دېـسە سـىلەرنى دېـسە بولـىدۇ، دائىـم بىـر خىـللا قىيـاپەتتە يـۈرگەن، ئـۆمرىنى ئـېقىن سـۇدەك تېپتىـنچ مەنىـسىز ئۆتكـۈزگەن، ھېچقانداق قىزىقارلىقى يوق.

— سەن بىزنى چۈشەنمەيسەن، — دېدى پەخىرىدىن تالىشىپ، — بىزدە سېھىر - جادۇ دېگەنـدەك ئـىشلار مەۋجـۇت ئەمەس، ھە دېـسىلا نەچـچە خىـل ئۆزگىرىـپ، باشـقىلارنىڭ كـۆزلىرىنى غەلەت قىلىـپ، قايمۇقتۇرۇپ يـۈرمەيمىز، بـۇ يەردە ھەتتـا قـۇرت - قۇمۇسـقىلار جېنىـدا سېھىرگەرلىك قىلالايدىكەن، ئادەم دائىم ھوشيار تۇرمىسا بولمايدىكەن، تىنىچ - خاتىرجەملىك دېگەن نەرسە يوقتەكلا.

— قـۇرت - قۇمۇسـقىمۇ سـېھىر قىلالايـدىكەن دېـدىڭما، — سورىدى شاتۇتى ئالدىراپ، — سەن ئۇنى قەيەردە كۆردۈڭ؟

— بايىقى كىچىك ئارالدا، سـەن مېنـى چۈمۈلـىدەك كىچىكلىتىـپ قويۇپ «بىرەر كامارغا كىرىۋال» دېگەنـدە، مەن كىـرگەن كامـاردا بىـر كۆك قۇرت باركەن، چىقار چېغىمدا ئۈستىگە ياماشسام تېيىلىـپ كېتىـپ پەقەتـلا چىقالمىغانـىدىم، ھېلىقـى قـۇرت دەرھـال بىقىنـىدىن بىـر قـول چىقىرىـپ، يىپتەك بىـر تايـاقچە پەيـدا قىلىـپ شـىلتىدى، شـۇ ھامـان

ئاستىمدىن بىر شامال چىقىپ، مېنى كاماردىن ئۇچۇرۇپ ئەچىقىپ قويدى.

— باغلىشمەنكى، ئۇ قۇرت ئەمەس، بەلكىم قۇرتقا ئايلىنىۋالغان سېھىرگەر، — دېدى شاتۇتى ئىشەنچ بىلەن، — ئۇمۇ ھېلىقى قارا بۇلۇت - تۇمانلاردىن پاناھلىنىش ئۇچۇن قۇرتقا ئايلىنىپ شۇ كامارغا كىرىۋالغان گەپ، ئاندىن سەنمۇ كەينىدىن كىرگەن گەپ، ئۇ سەندىن خەۋپسىرەپتۇ، شۇڭا تېزرەك كەتكۈزۈۋېتىش ئۇچۇن ساڭا ياردەم قىپتۇ، مەيلى نېمە مەقسەتتە قىلغان بولسۇن، سەن ئۇنىڭغا «رەھمەت» دېيىشىڭ كېرەك.

— ئۇ ئەمدى ئاڭلىيالمايدۇ، بەك يىراقلاپ كەتتىغۇ، ھەرقانچە توۋلاپ رەھمەت ئېيتساممۇ، ئاۋازىم ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالمايدۇ.

— ئاۋۋال «رەھمەت!» دەپ توۋلاپ باقمامسەن، ناھايىتى ئاغزىڭنىڭ يېلىغۇ شۇ، قالغىنىنى كېيىن كۆرىسەن.

— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن ئاخىر شاتۇتىنىڭ زورى بىلەن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — مانا بولدىمۇ؟

شۇ ھامان غۇي قىلىپلا بىر شامال چىقىپ، شامال بىلەن تەڭ بىر تال ھاۋارەڭ ئەتىرگۈل ئۇچۇپ كەلدى - دە، پەخرىدىننىڭ ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىگە قادالدى.

— مانا ساڭا جاۋاب، — دېدى شاتۇتى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئېسىڭدە بولسۇن، ھەرقاچان باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە «رەھمەت» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما.

پەخرىدىن ھەم ئەجەبلەندى، ھەم تولىمۇ خۇرسەن بولدى. ئەتىرگۈلنى قولىغا ئالغاندى، ئۇنىڭدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل بىر چېھىر زاھىر بولدى، ئۇ بىر قىزچاقنىڭ سىيماسى ئىدى، ئۇنىڭ ئەتلىرى سۈتتەك ئاق، لەۋلىرى ئانار دانىسىدەك ئىدى، ئەمما كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆك، قاش - كىرپىك ۋە سۇمبۇل چاچلىرى ھەتتا بەدىنىدىكى ھەربىر تال مويىمۇ ھاۋا رەڭلىك ئىدى.

پەخرىدىن بۇ گۈزەل سىيماغا مەپتۇن بولۇپ، كۆزلىرىنى ئۇزەلمەي تۇرغىنىدا تۇيۇقسىز ھاۋا رەڭ ئەتىرگۈل بەرگلىرى شامالدا توزۇپ كەتتى -

دە، ھېلىقى گۈزەل سىيماﯞ غايىب بولدى.

— سەن بەزگە تىكىلگەن مۇشۇكتەك قاراۋېرىپ، ئۇنى خىجىل قىلىپ قاچۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى شاتۇتى ئەپسۇسلىنىپ.

— ئۇ كىم؟— سورىدى پەخرىدىن تەقەززالىق بىلەن، — ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالارمەنمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى شاتۇتى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

پەخرىددىننىڭ ئۇنىڭ جاۋابىغا ئاچچىقى كېلىپ، بوغۇپلا قويغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلسا بۇيەردە تېنەپ قالىدىغىنىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى - دە، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

— ماڭا يامانلىق ئويلىدىڭ - ھە؟ — دېدى شاتۇتى ئاچچىقى بىلەن، — خەپ سېنى، شۇنداق يامان ئويدا بولغىنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بىلگەنلىرىمنىمۇ ئېيتىپ بەرمەسمەنا.

— يامانلىق ئويلىمىدىم، — دېدى پەخرىدىن ئالدىراپ، — خاپا بولما، سەندەك ياخشى يول باشلىغۇچىغا يامانلىق ئويلىغىنىم ئۆزۈمگە يامانلىق ئويلىغىنىم ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە سەنسىز نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېنەپ قالىدىغان تۇرسام.

— بولدى، مېنى ئالدايمەن دېمە، ئەمدى مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ساڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېمىنىڭ بېشىدا ئالدىغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. پەخرىدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ، روھسىز ئولتۇرۇپ قالدى. كۆڭلىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن سوئاللىرى بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، بارا - بارا ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشمۇ خۇشياقمىدى. تېزرەك مەنزىلگە يېتىشنى، سېھرگەر ئۇستاز بىلەن دىدارلىشىشنى تىلىدى ۋە شۇنداق ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالدى، كۆزى يۇمۇلغان ھامان ئۆزىنى نېمىنىڭدۇر قۇشقاچ سىقىملىغاندەك چاڭگاللاپ كۆتۈرگىنىچە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆزىنى ئاچقانىدى، قاپقارا شىر باشلىق قۇشنى كۆردى. قۇشنىڭ تېنى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى، ئۇ شۇركۈنۈپ كەتتى،

قۇتۇلۇشقا ئامال يوق ئىدى، تۆۋەنگە قارىغانىدى، ھەممە نەرسە كۆلرەڭ تۇمان ئاستىدا قالغىنىنى كۆردى. قۇش ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قارىغانىدى، مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇرغان بىر كاللىنى كۆردى، كاللىنىڭ چوڭلۇقى بىر كىچىك تاغ چوققىسىدەك كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە چايانلار، زەھەرلىك يىلان - سەكسەنپۇتلار ئاغزىدىن چىقىپ بۇرنىغا، بۇرنىدىن چىقىپ كۆزلىرىگە، كۆزلىرىدىن چىقىپ قۇلاقلىرىغا كىرىپ - چىقىپ، مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. گاھى بىر - بىرى بىلەن خىرىس قىلىشىپ، گاھى چىشلىشىپ، زەھەر چېچىشاتتى، ئەپتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە بەتبەشىرە بولۇپ، قورقۇنچاقلار كۆرسە يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك ئىدى.

— قارشى ئالىمەن قوزام! — دېگەن سەت چىرقىراق ئاۋاز كەلدى بىردىنلا كاللىدىكى ئېغىز مىدىرلاپ، — ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەلگىنىڭگە قارشى ئالىمەن، ئەگەر كۆڭلۈڭدە زەررىچە بولسىمۇ باشقىلارغا يامانلىق ئويلىمىغان، بىردەملىك بولسىمۇ غەپلەتتە قالمىغان بولساڭ، سەن بىلەن دىدارلاشمىقىم بەك مۇشكۈل بولاتتى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ قاغا قاقىلدىغاندەك سەت كۈلكە ئاڭلاندى. كۈلكىنىڭ كەينىدىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، ئارقىدىنلا كاللىدىكى ئېغىزدىن بىر قارا قويۇن چىقىپ، پەخرىدىننى ئۇچۇرۇپ ماڭدى. شىر باشلىق قۇش ئۇنى تاشلاپ بېرىپلا قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

پەخرىدىن ئاشۇ بەتبەشىرە كاللىنىڭ يىرگىنىشلىك ئاغزىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تىترەپ كەتتى. يېقىنلاشقانسېرى بۇ ئېغىز ئىچىدە دات باسقان تۆمۈر چىشلارنىڭ غۇچۇرلاپ تۇرغىنىنى، ھەرقېتىم غۇچۇرلىغاندا بىرمۇنچە ئۈۋىندىلار تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۇرۇپلا بۇ غاردەك چوڭ ئېغىزدا يەنە بىر قارا ئوت پەيدا بولدى. قارا ئوتقا دۈچ كەلگەن گېزەندىلەردىن نەچچىسى قاپقارا ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالدى، باشقىلىرى پىتىراپ قاچتى.

— تۈگەشتىم، — دېدى پەخرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، — ئاھ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

ئۇ شۇنداق شۇبرلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شۇ ۋاقىت ئۇستىدىن نېمىدۇر چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇنى قامالاپلا تۆۋەنگە شۇڭغۇدى، كەينىدىن دەھشەتلىك ھۆركىرۈگەن، گۈلدۈر-قاراسلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى.

پەخرىدىن كۆزىنى ئاچقاندا يەنىلا كېمە ئۇستىدە ئولتۇرغان ھالىتىدە ئىدى. شاتۇتىمۇ كېمە بېشىدا كېتىۋاتقان تەرەپكە قادىلىپ، مىت قىلماي تۇراتتى، ئەمما ئەتراپنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگەرگەنىدى. ئېقىن بويىدا ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا بىرەر تال گىياھمۇ كۆرۈنمەيتتى، بەلكى غەلىتە تاشلار بىلەن تولغانىدى. يۇنۇس بېلىقلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، كېمە بولسا ئۆزىلا شىددەتلىك ئېقىنغا قارشى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى، يىراقلاردىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ھېلىقى كۆل ۋە كۆل ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تاش تۈۋرۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، تۈۋرۈك ئۇستىدە بولسا پارلاق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن بىر ئاق تاش قەلئە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كۆل ئەتراپى بەتبەشىرە مەخلۇقلارنىڭ تاش ھەيكەللىرى بىلەن قاشالانغانىدى.

پەخرىدىن مەنزىلگە يېتىپ كەلگىنىنى بىلدى، كۆڭلىدىن بايىقى قاباھەتلىك چۈشتەك ھادىسىنىڭ قورقۇنچىسى غايىپ بولدى، بەلكى قەلئەگە تېزرەك بېرىۋېلىشنى تىلىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇ يەردە يەنە نېمە كارامەتلەر بار تېخى .

ئېقىن ئەمدى بارغانسېرى شاۋقۇنلاپ، ئىتتىك ئېقىشقا باشلىدى. كېمىنىڭ سۈرئىتىمۇ بۇرۇنقىدىن تېزلەشتى، بىراق پەخرىدىن سۇنىڭ تۆۋەندىكى كۆلدىن چىقىپ، يۇقىرىدىكى ئېقىنغا ئېقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدى.

ئۇ باشتىلا ئېقىن يۆنىلىشىگە قارشى ماڭغانلىقىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇ چاغدا غەيرىيلىك ھېس قىلمىغانىدى، دېمىسىمۇ كېمىنى يۇنۇس بېلىقلىرى ئېقىن يۆنىلىشىگە قارشى سۆرەپ ماڭغان تۇرسا نېمە غەيرىيلىكى بولسۇن، بىراق ئەمدىكىسى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرەتتى، چۈنكى كۆل يۈزى نەچچە ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىدى، كۆل سۈيى 90 گىرادۇسلۇق تىك يۆنىلىشتە كۆل گىرۋىكىدىكى

ئېقىنغا چىقاتتى، كۆرۈنۈشى گويا ناھايىتى كەڭ بىر ھاۋا رەڭلىك تاۋار پەردىنى يۇقىرىدىن بىرسى تارتىۋاتقاندەكلا ئىدى.

كېمە ئاخىر شۇ ھاۋا رەڭلىك پەردىنى بويلاپ كۆل يۈزىگە يېقىنلىدى، بىراق كۆل يۈزىدە توختىماي دېڭىشكە سۇ يۈزىدىن بىر ھەسسە - ھەسسە يول پەيدا بولدى - دە، يىراقتىكى تاش تۈۋرۈك ئۈستىدىكى ئاق تاش قەلئەگە تۇتاشتى، ئۇ گويا مۇئەللەقتە 45 گىرادۇسلۇق يانتۇلۇقتا سېلىنغان رەڭدار پايانداز غىلا ئوخشايتتى.

شاتۇتى دەرھال بۇ يەتتە خىل رەڭلىك نۇردىن ھاسىل بولغان يولغا چۈشتى - دە، ئالتۇن رەڭلىك تولپارغا، كېمە يەنە ئەسلىدىكى ئالتۇن رەڭلىك، سايىۋەنلىك مەپىگە ئايلاندى، پەخىردىن ئەمدىكى سەپىرنى يەنە شۇ مەپىدە داۋام قىلدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ كۆل يۈزىگە نەزەر سالدى. كۆل ئەينەكتەك سۈزۈك ۋە چوڭقۇرلۇقىغا كۆز يەتكۈسىز بولۇپ، تېنىنىڭ تۈۋىنكى يېرىمى كۆزنى چاقناتقۇدەك نۇرلۇق ۋە خىلمۇخىل قاسراقلىق سۇ پەرىلىرى، شىر باشلىق، پىل باشلىق، بۆركۈت باشلىق رەڭدار بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

بىردىنلا پەخىردىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

كەل بۇيان ئۇمىقىم، كۈتىمىز سېنى،
كەل سۈرگىن بىز بىلەن بەخت پەيزىنى.
خورىماس بايلىقتىن، دىلرەبالەردىن،
ئال ھوزۇر، تەسەددۇق قىلدۇق ھەممىنى.

قانچىلاپ كۆزلەرنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
تاش بولۇپ يولۇڭغا باغرىنى ياقتى.
سەن تامان قانچىلاپ يۈرەكلەر قۇشتەك،
ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپ قاناتلار قاقتى.

سەكرىگىن ئۇمىقىم، ئاچتۇق كەك قوچاق،
بار سىرلىق قەلئەدە سەن ئۇچۇن چاتاق.
باغرىمىز ئارامىلىق بىغىشلار ساڭا،
پەقەت بۇ كۆلدەدۇر ئىقبالىڭ پارلاق......

پەخرىدىن ناخشا ئىپتقوچىلارنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۇچۇن تۆۋەنگە بەكرەك سەپسالدى. ناخشىنى بىر توپ سۇ پەرىلىرى ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا كۆل يۈزىگە يېقىنلاپ قالغاندەكلا ھېس قىلدى، ھېلىقىلار ئەمدى ئېنىق كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تاۋاقتەك - تاۋاقتەك پورەكلەپ ئېچىلغان، رەڭگەرەڭ گۈللەردىن تىزىلغان گۈلدەستىلەر بار ئىدى. مۈزىكىسىنى بولسا ھېلىقى پىل باشلىق، شىر باشلىق، بۈركۈت باشلىق بېلىقلار ئورونلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىقىنلىرىدىكى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزگۈچ قاناتلار ھەرخىل چالغۇلارنى ئەڭ ماھىر سازەندىلەرنىڭ قوللىرىدەك چېلىۋاتاتتى. شۇ چاغ يەنە بىر تەرەپتىن بىر سەپ قاردەك ئاق بېلىق تەنلىك مۇشۇكلەر ئۈزۈپ كېلىپ، ئاجايىپ جىلۋە - نازلىق قىلىقلار بىلەن ئۇستا رەققاسلاردەك ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلىمۇ ياكى يېقىملىق ناخشا مۈزىكىسىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرسى پەخرىدىننى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى - دە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدى، ئىختىيارسىز كۆزلىرى يۇمۇلدى، گەۋدىسى مەپىدىن يېرىمىغىچە چىقىپ، تۆۋەنگە قىڭغايدى، شۇ ھامان مەپە غايىب بولۇپ، تېنى مۇئەللەقتە لەيلەپ قالغاندەك بولدى، چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقانىدى، ئالتۇن رەڭلىك تۇلپار قۇرۇق مەپىنى سۆرەپ ھەسەن - ھۈسەن يولدا چېپىپ كېتىۋېتىپتۇ، ئۆزى بولسا قۇش پېيىدەك لەيلەپ - لەيلەپ، كۆل يۈزىگە تۆۋەنلەۋېتىپتۇ.

ئۇ كۆل يۈزىگە يېقىنلاشقانسېرى كۆلدىكى سازەندىلەرنىڭ چېلىۋاتقىنى ئادەم ئۇستىخانلىرى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار باش سۆڭەكلەرگە بىلەك سۆڭەكلەرنى ئۇلاپ، غېجەك - راۋاب، پەنجىتارلارنى؛ يانپاش سۆڭەكلىرىگە يەنە باشقا سۆڭەكلەرنى چېتىپ، تەمبۇر - ساتار،

دۇتــار ـ بەربــاپ، ئىــسكىرىپكىلارنى؛ كــۆكرەك قەپــىسى ۋە قوۋۇرغــا سىۆڭەكلىرىدىن قــالغان ـ چــاڭلارنى، غوڭقــا ـ چىلتــارلارنى ياســاپ، ئۇلارغا سوزۇپ، ئىنچىكىلەشتۇرۇلگەن پاقالچەك پەيلىرىنــى تــار قىلىپ بىكىتكەن، يىلىكى شورىۋېلىنغان ئىنچىكىرەك سۆڭەكلەرنى تېشىپ نەي ـ بالىمان قىلغانىدى، چوڭراق باش سۆڭەكلەرنى ناغرا ـ دۇمباق ئورنىدا بولۇشىغا ئۈرۈۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز يېقىملىق مۇزىكا ئاھاڭلىرى كىشىگە قورقۇنچ سېلىپ، ۋەھىــمە پەيــدا قىلىــدىغان ۋە قــۇلاق پەردىــسىنى يىرتىۋەتكــۇدەك دەھــشەتلىك بىــر جەڭ مارشــى ئاھاڭىغا ئۆزگەردى، بــۇ بىــر ســىگنال بولغاندەك كۆلدىكىلەرنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولدى.

بىلىق تەنلىك مۇشۇكلەرنىڭ ئارىــدەك تىرنــاقلىرى ئۇنىڭغا قــاراپ سوزۇلدى، ناخشىچى سۇ پەرىلىرى بولــسا قــوي سويۇشقا تەييارلانغان قاسساپلاردەك قوللىرىغا تىغى يالتىراپ تۇرغان خەنجەر ـ پىچاقلارنى پەيدا قىلىشتى، ھەتتا پورەكلەپ ئېچىلغان خىلمۇخىل گۈللەرمۇ گــۈل بەرگلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈر چىشلارنى چىقىرىپ خىرىس قىلىشتى.

پەخرىــدىن ۋەھىمــىگە چۈشــۈپ، قــارا تەرگە چۆمــدى، ئىجــاتلىق ئىزدەپ، تاش تۈۋرۈك ئۈستىدىكى قەلئەگە، ھەسەن ـ ھۈسەن يولغا، شۇ يولدا مەپە سۆرەپ كېتىۋاتقان ئــالتۇن رەڭلىــك تۇلپارغــا تەلمۈردى، بار ئاۋازى بىلەن:

ــ قۇتقــۇزۇڭلار! ــ دەپ توۋلىمــاقچىمۇ بولــدى، بىــراق گېلىنــى بىرسى سىقىۋالغاندەك بولۇپ، ئاۋازى چىقمىدى. ئالتۇن رەڭلىــك تۇلپــار ئۇنىــڭ مەپىــدىن چۈشــۈپ قــالغىنىنى ســەزمىگەندەكلا ئىــدى، تېــزلا يىراقلارغا كېتىپ قالدى، ئارقىــدىنلا ھەســەن ـ ھۈســەن يولمۇ غايىب بولــدى، تــاش تــۈۋرۈك ئۈســتىدىكى قەلــئە ئورنىــدا بولــسا، بىــردىنلا قىپقىزىل چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىــر جــۈپ كــۆزنىلا ئوچــۇق قويــۇپ، قالغــان ھەمــمە يېرىنــى چوققىــسى ئۇچلــۇق قاپقــارا خــالات بىــلەن يۇركىۋالغان يېرىم گەۋدە پەيدا بولــدى، تــاش تۈۋرۈكمــۇ چــاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ توزۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا تولىمۇ يېقىمسىز قاقاقلاپ كــۈلگەن سادا يــاڭراپ، ئــالەم ـ جاھــاننى قاپقــارا بۇلــۇت ـ تۇمــانلار قاپلىــدى،

بۆلۈت ـ تۇمانلار ئارىسىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، پەخرىدىننىڭ تېنى كۆل يۈزىگە تېگەيلا دەپ قالدى. كۆلدىن بولسا ۋاللىداپ تۇرغان خەنجەر ـ پىچاقلار، ئارىدەك تىرناقلار، يىلاندەك سوزۇلغان خارتۇملار، قاسساپنىڭ ئىلغىسىدەك ئەگرى پولات تۇمشۇقلار، يالماۋۇز تەلەتلىك گۈللەر...... ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ تېنىگە تەگكىلى ئۇزىتىلدى، ئۇنى ھازىرلا خامتالاش قىلىۋېتىدىغاندەككلا ئىدى.

پەخرىدىن دۈچ كەلگۈسى پاجىئەنىڭ قورقۇنچىسىدا ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. «ئەلۋىدا!» دېدى كىملەرگىدۇر، ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئەمما، دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە يەنە ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى چاقماق تېزلىكىدە يۇقىرىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇنى چاڭگاللىغىنىچە ئېلىپ قاچتى. تۆۋەندىن نالە ـ پەريادلار ۋە يۇقىرىدىن دەھشەتلىك ھۆركىرەشلەر ئاڭلىنىپ قالدى.

پەخرىدىن كۆزىنى ئاچقىنىدا يەنىلا ئالتۇن رەڭلىك مەيدە ئولتۇرۇپ، قەلئە تامان كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. بايىقى ئىشلار يەنە بىر قاباھەتلىك چۈشتەككىلا بىلىندى. كۆل ھازىر تولىمۇ پەستە قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىلمۇخىل رەڭدار بۆلۈتلار لەيلەپ كېلىپ توسۇۋالغان بولغاچقا، ئەمدى ئۇ كۆلدىكى مەۋجۇداتلارنى قايتىلاپ كۆرەلمىدى ھەم كۆرگۈسىمۇ يوق ئىدى.

تاش تۈۋرۈك گويا ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەككلا ئىدى، بۆلۈتلار ئۇنىڭ قاق بېلىدە لەيلىشىپ يۈرەتتى، تېخى بىرلىرى رەڭدار ئەجدىھادەك چىرمىشىۋالغانىدى.

پەخرىدىن پېشانىسىدىن تەپچىگەن سوغۇق تەرنى سۈرتتى. تۇلپاردىن نېمىشقا قاباھەتلىك چۈش كۆرىدىغانلىقىنى سورىغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ جىم بولۇپ قالدى.

«ئۆزۈمنىڭ شورى» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ، «نېمىشقا ئۇنىڭغا يامانلىق ئويلىيالمىدىمكىنتاڭ، مانا ئەمدى بىر ئېغىز گېپىمۇ يوق، يۈز بەرگەن ئىشلار، يولۇققان ئاجايىباتلار ھەققىدە سوراي دېسەممۇ ئەپىسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىم. قەلئەگە چىقىدىغان

يولنىڭ تېخى يېرىمى تۈگىگەندەكلا قىلىدۇ، يەنە قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلەرمەنكىن».
ئۇ شۇنداق ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئوت يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان، قاناتلىرى يەلكەندەك، تېنى ئېيىقتەك يوغان قارا شەپەرەڭگە مىنىۋالغان بىر پەتەكنى سەزمەيلا قالدى. پەتەكنىڭ كۆزلىرى چېقىر، قاشلىرى ئۆسكىلەك، بۇرنى بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك، كالپۇكلىرى ھېلىلا قان يالىغاندەك، ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.
ئۇ قولىدىكى قارا تاياقنى پەخرىدىنگە تەڭلەپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى. پەخرىدىن ئوت بىلىكىنىڭ قوغۇشۇندەك ئېغىرلاشقانلىقىنى، ئېغىرلاپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى ۋە ئوت تەرەپكە قىڭغىيىپ قالدى، ئالتۇن رەڭلىك مەپمۇ ھازىرلا ئوت تەرەپكە ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى.
شۇ چاغدىلا پەخرىدىن ئوي - خىيال ئىچىدىن چۆچۈپ - ئەندىكىپ يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، پەتەكنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ، سول قولىدا مەپىنىڭ گىرۋىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، شۇ چاغ مەپە ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتتى، بىراق ھەسەن - ھۈسەن يولىدىن چىقىپ كەتمىدى. پەخرىدىن ئوڭ قولى كارغا كەلمەي، سول قولى بىلەن مەپىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغاچقا، مەپە بىلەن تەڭ سۆرىلىپ قالدى. ئالتۇن رەڭلىك تۇلپار چىپپىدە توختىدى - دە، بىرلا سىلكىنىپ شاتۇتىغا ئايلىنىپ، ئوڭ پەنجىسىدە بىر ئالتۇن تاياقچىنى پەيدا قىلىپ، بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ تۇرۇپ شىلتىدى. ئالتۇن تاياقچىدىن ئالتۇن رەڭلىك نۇر چاقناپ، پەخرىدىننىڭ ئوڭ قولى ئەسلىگە كەلدى، مەپە تىكلەندى، ئۇ يەنە مەپىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. پەتەك بولسا شەپەرەڭنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈۋالغان تىزگىنىنى تارتىپلا ھەسەن - ھۈسەن يولدىن يىراقلاپ، كۆزدىن غايىب بولدى.
شاتۇتى يەنە ئالتۇن رەڭلىك تۇلپارغا ئايلىنىپ، مەپىنى سۆرەپ ماڭدى:
— تازا بىر ھاڭۋاقتىنى ئېلىپ ماڭدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ غوتۇلداپ.

پەخرىدىننىڭ جاۋاب ياندۇرغۇسى كەلدى - يۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە سەگەك بولۇشقا قەسەم قىلدى.

ئۇلار ناھايىتى كۆپ ۋاقىت يۈردى، بۇ يەردە پەقەتلا كېچە بولمايدىغاندەك قىلاتتى، پەقەت ئاي بىلەن قۇياش يېرىم سوتكىدىن ئالمىشىپ تۇراتاتتى، شۇنداقلا ئايمۇ قۇياشتەك پارلاپ نۇر چاچاتتى. ئاي چىققاندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارمۇ تەڭلا ئاسمان گۈمبىزىگە پاتۇرۇلغان ئالماسلاردەك پەيدا بولۇپ، تەڭلا نۇر چاچاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئالەم - جاھان قۇياش چىققان چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك يورۇپ كېتەتتى. ئەگەر كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرغان بولسا، پەخرىدىن نېرىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئەگە بېرىش ئۈچۈن ساپساق بىر ھەپتە سەپەر قىلغىنىنى بىلگەن بولاتتى.

شەپەرەڭگە مىنىۋالغان پەتەك كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاسماندا بىرنەچچە ئىككى باشلىق يىرتقۇچ قۇش پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بىر بېشى بۈركۈتنىڭ، بىر بېشى شىر ياكى يولۋاسنىڭ بېشى ئىدى، ئۇلار ھېلىلا پەخرىدىننى چىشلەپ ياكى قامالاپ ئېلىپ قاچىدىغاندەكلا ئىدى.

شۇ ھامان مەپە ئۈستىدىكى سايىۋەن كۈمۈش قوڭغۇراقلىرىنى تولىمۇ ياڭراق جىرىڭلاتتى، غەلىتە قۇشلار ئۈركۈپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىشتى. سايىۋەن پىرقىراپ - پىرقىراپ، چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، مەپە ئۈستىگە يېپىلدى. مەپە ئەمدى ئۈستى يېپىق پەيتۇنغا ئۆزگەردى، ئاندىن ئۆز يولىدا بىمالال يۈرۈپ كەتتى، ئەمدى پەخرىدىننى ھېچنېمە ۋە ھېچقانداق نەرسە قايتىلاپ پاراكەندە قىلمىدى.

## ئىككىنچى باب

# تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان سوراق

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى نامەلۇم، بىر ۋاقىتتا پەيتۇن چىپپىدە توختىدى. ھىم يىپىق ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، قول باغلاپ تۇرغان بىر مۇلازىم ئۇنى ئەدەپ بىلەن پەيتۇندىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى، بىراق بۇ مۇلازىم ئادەم بولماستىن، بەلكى بېشىغا يۇلتۇز نەقىشلەنگەن ھاۋا رەڭ شلەپە، ئۇچىسىغا يۇلتۇز نەقىشلىك ھاۋا رەڭ تون، پۇتلىرىغا ئۇچلۇق ۋە ئۇزۇن ئالتۇن كەش كىيگەن بىر ئالتۇن مويلۇق مۈشۈك ئىدى، ئۇ ئادەملەردەكلا ئىككى پۇتلاپ ئۆرە تۇراتتى.

پەخرىدىن بۇنداق غەلىتە مەخلۇق، غەلىتە ئىشلارنى خېلى كۆپ كۆرۈپ كۆنۈپ قالغاچقا، ئەمدى ئانچە بەك ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، بەلكى: «ئەمدى ئالدىمغا بىرەر ئادەم بالىسى چىقىپ قالغان بولسا، مانا بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولاتتى» دەپ ئويلىدى.

ئۇ پەيتۇندىن چۈشتى. تولىمۇ ئېگىز ئاق مەرمەردىن قوپۇرۇلغان سىپىل ۋە سىپىلدىنمۇ ئېگىز، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، غەلىتە سۈرەتلەر نەقىشلەنگەن دەرۋازىنى كۆردى. دەرۋازىغا نەقىشلەنگەن غەلىتە سۈرەتلەر ئىچىدە ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار ھېلىلا دەرۋازىدىن ئاجراپ چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىدىغاندەكلا مىدىرلاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

— مەرھەمەت! — دېدى مۈشۈك مۇلازىم تەۋەززۇ بىلەن، — سېھىرلىك قەلئەگە كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، سېھىرگەر ئۇستاز تولىمۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى سىزنى.

ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزى پەخرىدىننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، يول باشلاپ ماڭدى. دەرۋازا ئۆزلۈكىدىن ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ داغدام ئېچىلدى. شۇ ھامان دەرۋازا ئىچىدىن قالايمىقان ۋە يېقىمسىز نەغمە - ناۋا ئاڭلاندى ۋە بارغانسېرى قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك ياڭراشقا باشلىدى.

پەخرىدىننىڭ دەرۋازىدىن كىرىپلا كۆرگىنى، نەچچە يۈزلىگەن پەشتاق بىلەن چىققىلى بولىدىغان بىر ئېگىز سۇپا بولدى.

سۇپا ئۈستىدە بولسا ئاجايىپ زور گۈمبەزلىك ئىمارەتلىرى، غەلىتە راۋاقلىرى، غايەت چوڭ ۋە ئېگىز مۇنار - تۈۋرۈكلىرى، ئاجايىپ-غارايىپ ھەيكەللىرى بولۇپ، ھەممە نېمىسى ئاپئاق قاشتاش ياكى ئاق مەرمەردىن قوپۇرۇلغان بىر قەلئەنى كۆردى. قەلئەنىڭ ھەيۋەت - ھەشەمىتى ۋە قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەرىپلەشكە سۆز توغرا كەلمەيتتى. تەسەۋۋۇرغا ئەڭ باي، قابىل ئارختېكتورلار، سەنئەتكارلارنىڭ نادىر ئەسىرى دېيىشكە بولاتتى، ئۇنىڭ تىمساللىرىنى پەخرىدىن ئىلگىرى تولا كۆرگەن كارتون فىلىملەردىكى ئوردا - ساراي، سېرلىق قەسىر-قەلئەلەردىنلا تېپىش مۇمكىن ئىدى.

پەخرىدىن پەشتاقلارنى بىر - بىرلەپ بېسىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى، كېتىۋېتىپ نەغمىچىلەرنىڭ بىر توپ ھايۋانلار ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار پەشتاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆپ تەخسىلىك شامدانلارغا ئوخشاش ياسالغان راۋاقلاردا بار ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىۋاتاتتى. ھەربىر تەخسىمان راۋاق ئۈستىدە بىر ئوركېستىر بولغۇدەك سازەندىلەر بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن دىرىژورى بار ئىدى، لېكىن سازەندىلەرنىڭ ھېچقايسىسى دىرىژورنىڭ دىرىژورلۇق تايىقىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلمايتتى، بەلكى ھەممىسى ئۆزى بىلگەن پەدىگە چالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قارشى ئېلىش نەغمىسى تولىمۇ قالايمىقان، رىتىمسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئوركېستىر ئۆز نەغمىسىنىڭ باشقا ئوركېستىرلارنىڭ نەغمە - ناۋاسىنى بېسىپ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلغاچقىمىكىن، ناغرا - دۇمباقلىرىنى بار كۈچى بىلەن يېرىۋەتكۈدەك چالاتتى. كامالچىلارنى، غېجەك، ئىسكىرىپكا، ساتار، پەنجىتارلىرىغا بولۇشىچە سۈركەيتتى. كاناي - سۇناي، نەي - بالىمانلارنى قوۋۇزلىرى

كۆيۈپ ئېتىلىپ كەتكۈدەك كۈچەپ پۈۋلەيتتى. تەمبۇر - دۇتار، راۋاب، قالۇن - غوڭقا، بەرباپ - چىلتارلىرنى زەپتى بىلەن تىرىڭشتاتتى.

پەخرىدىننىڭ ئۇلارنىڭ يېقىمسىز، ئەمما ياڭراق نەغمە-ناۋاسىدىن قۇلاق - مېڭىسى ئاغرىپ، بىزار بولدى - دە، ئۇ ئىككى قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى، شۇ ھامان نەغمە - ناۋا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ نېمە ئىش بولدىكىن دەپ سازەندىلەرگە قارىغانىدى، ئۇلار تەڭلا قوللىرىدىكى چالغۇلارنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىشتى. پەخرىدىن چالغۇلارنىڭ ئۆزىگە تېگىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، پەشتاقلاردىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭغا تەگمەي پەشتاقلارغا چۈشكەن چالغۇلار پارە - پارە بولۇپ كەتتى - دە، ئارقىدىنلا ھەر پارچىسى بىردىن كېپىنەككە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. پەخرىدىن ھاسىراپ - ھۆمدەپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا بىر چوڭ زالغا كىرىدىغان ئىشىك ئالدىغا يەتتى. ئالتۇندىن ياسىلىپ، ئاجايىپ گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئىشىك ئالدىدا سەل دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىغانىدى، پېشانىسىدىن تامغان تەرلىرى يەرگە چۈشۈپلا نۇرلۇق مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قالدى، شۇ ھامان بۇيەردە يەردىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئالتۇن مويلۇق، كۈمۈش مويلۇق مۈشۈك مۈلازىملار پەيدا بولۇپ، مەرۋايىتلارنى تالىشىپ كەتتى.

— مىنىڭ، مىنىڭ، بۇ مىنىڭ! — ئۇلارنىڭ ئاۋازى قەلئەنى زىلزىلىگە سالغۇدەك ياڭراق ئىدى. بىردەمدىلا ئۇلار يەنە بوغۇشۇپ، مىرقىرىشىپ، مورلىشىپ كەتتى. ئاخىر ئالتۇن رەڭلىك تەتىللادىن جىلىتكە كىيگەن، بوي - بەستى مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىدەك بىر چاشقان پەيدا بولۇپ، قولىدىكى ئاق رەڭلىك تاياقچىسىنى بىرنېمىلەرنى شۇۋىرلاپ تۇرۇپ، مۈشۈك مۈلازىملارغا شىلتىغانىدى، مۈشۈك مۈلازىملارنىڭ ھەممىسى ھەسەل ھەرىلىرىگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

— نېمانچە ئاچ كۆزدۇ بۇلار، — دېدى ئۇ غوتۇلداپ، — كىشىگە پەقەتلا ئارامىلىق بەرمەي، دائىم بىرنېمىلەرنى تالىشىپلا يۈرگەن.

ئارقىدىنلا ئۇ مۈشۈك مۈلازىملار تېرىپ بولالمىغان مەرۋايىتلارنى تېرىپ جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى - دە:

— مەرھەمەت! — دېدى پەخرىدىنگە ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — ئىچكىرى كىرگىن.

پەخرىدىن ئۇدۇلدىكى ھەم يېپىقلىق زال ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئىشىكنى ئىتتىرەي دېگۈچە ئىشىك ئۆزىلا:

— مەرھەبا! — دەپ ئاۋاز چىقارغىنىچە غىچىلداپ ئېچىلىپ كەتتى. پەخرىدىن مەرمەر بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان يەنە يېپىلىپ قالدى.

زال ئىچى قاراڭغۇ زۇلمەتتەك بولغاچقا، پەخرىدىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى كىمدۇر بىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرۇپ.

— پەخرىدىن! — جاۋاب بەردى پەخرىدىن ئۈنلۈك قىلىپ.

— تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتىڭ؟ — سورىدى يەنە باشقا بىرى.

1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دەل سائەت 12 گە داڭ ئۇرۇلغاندا، — دەپ جاۋاب بەردى پەخرىدىن دانىمۇدانە قىلىپ.

— قىزىقىشىڭ؟ — سورىدى يەنە باشقا بىرى.

— ساز چېلىش، شاھمات ئويناش؛ كارتون فىلىم، جىن - ئالۋاستىلار ھەققىدىكى كىنولار، فانتازىيەلىك فىلىملەرنى كۆرۈش؛ چۆچەك، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، لەتىپە - يۇمۇرلارنى ئاڭلاش، شۇ خىلدىكى كىتابلار ۋە فانتازىيەلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش، يەنە توپ ئويناش.

پەخرىدىن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ شۇنداق جاۋاب بەردى، لېكىن سوئال سورىغۇچىلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەي جىلى بولدى.

— سالامەتلىكىڭ؟ — سورىدى يەنە بىرى.

— قان بېسىمىم نورمال، يۈرەك ھەرىكىتىم ياخشى، بەدەن ئېغىرلىقىم 60 كىلوگىرام، بوي ئېگىزلىكىم 1 مېتىر 78 سانتىمېتىر، ئانچە - مۇنچە ئۇششاق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدىغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېنىم ناھايىتىمۇ ساغلام، دوختۇرغا ناھايىتى ئاز كۆرۈنىمەن. بالنىستىتا پەقەتلا يېتىپ باقمىغان، ئېغىر كېسەل بولۇپ

قالمىغان، كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش سەزگۈلىرىمىنىڭ ھەممىسى ياخشى، سالامەتلىكىمدە مەسىلە يوق، — پەخىرىدىن شۇنداق تەپسىلىي ۋە جاراڭلىق جاۋاب بەردى.

شۇ ھامان قاراڭغۇلۇقتا تۆت جۈپ كۆز كۆرۈندى. بۇلاردىن بىر جۈپى تولىمۇ يوغان، يەنە بىر جۈپى كۆزئەينەك تاقىۋالغانىدى، بىراق بۇ كۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوخشىمايتتى.

ئارقىدىنلا شۇ تۆت جۈپ كۆزنىڭ ئىگىلىرى بولغان تۆت باش كۆرۈندى. بۇ باشلاردىن بىرى مۇشۇكياپىلاقنىڭ، بىرى ئالا مۇشۇكنىڭ، بىرى بۆركۈتنىڭ، يەنە بىرى تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ بېشى ئىدى. تۆمۈر تۇمشۇق تېخى كۆزئەينەك تاقىۋالغانىدى.

— توغرا ئېيتتىڭ! — دېدى تۆت باشتىكى تۇمشۇق - ئېغىزلار تەڭلا ئىچىلىپ - يېپىلىپ، — بىلىپ قويغىنىڭكى، سەممىي - راستچىل بولۇش ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلەردىن. سېھىرلىك قەلئەگە كەلگۈچىلەردە بۇخىل پەزىلەت كەم بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

ئۇلار شۇنداق دېگەن ھامان، «چاراق!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، زال ئىچى يورۇپ كەتتى.

زالنىڭ تورۇسى كۆپكۆك ئاسماندەكلا بولۇپ، ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇلۇتلار ئۈستىدە بىر قۇياش ناھايىتى ئاستا تورۇسنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ سۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا ئاۋۋال بىر جۈپ كۆز، ئاندىن بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ، دوستانىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

زالنىڭ تۆت تېمىغا غايەت زور تۆت گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، بىرىدە ياز، بىرىدە كۈز، بىرىدە قىش، بىرىدە ئەتىياز مەنزىرىسى نامايان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنزىرىلەر خۇددى دېرىزە سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان شۇ خىل تەبىئەت مەنزىرىسىدەكلا بىلىنەتتى. بايىلا كىرگەن ئىشىك بولسا ئەمدى غايىب بولغانىدى.

شۇ چاغ ياز مەنزىرىسى تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى بىر تال ئوتقاشتەك ئېچىلغان ئەتىرگۈل يوپۇرماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇۋلىدى:

— بۇياققا كەل، بۇ ياققا، ئۇلار سىنى بۇ ياقتا ساقلاۋاتىدۇ.

پەخرىدىن ئارىسالدى بولۇپراق شۇ تەرەپكە ماڭدى. شۇ ھامان ئەتىرگۈل تۈۋىدىكى كىچىك ئىۋىقنىڭ ئۈستىدە ئوينىغاچ يۈرگەن قىزىل كارىپ بېلىقى ئۇنىڭغا «شارىرىدە» قىلىپلا مۇزدەك سوغۇق سۇ پۈركۈۋەتتى. پەخرىدىن ئەندىكىپ كەينىگە يانغانىدى، ئەتىرگۈلمۇ، كارىپ بېلىقمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئارقىدىنلا ئەتىياز تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى شوخ قارلىغاچ؛ كۈز تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى جانانلار مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان ئالما؛ قىش تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى ئۇماققىنە قار بالا تەڭلا توۋلىدى:

— بۇياققا كەل، بۇياققا !......

پەخرىدىن قاياققا بېرىشنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. شۇ ھامان قىزىل كارىپ بېلىقى ئۇنىڭغا قارىتىپ تېخىمۇ كۆچەپ سۇ پۈركۈدى، ئەتىياز تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى چوكانتال - چېچەكلار سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ساۋاشقا ئۇرۇندى، قىش مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى قار بالا قار پومزەكلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى. پەخرىدىن ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن بولۇپ تولىمۇ قىينالدى، ھېلىقىلار بولسا توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

شۇ چاغ تورۇستىكى قۇياش تۇتۇلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئاق بۇلۇتلار قارىداپ، ئۇنى توسۇۋالدى. زال ئىچىدە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر تۆكۈلدى. پەخرىدىن تېزلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەكلا بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭغا پاناھلانغۇدەك جاي يوق ئىدى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىدا يەردىن ئۈنگەندەك يەنە ھېلىقى ئاق چاشقان پەيدا بولدى - دە، ئاق رەڭلىك تاياقچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىدى، شۇ ھامان زال ئىچىدە كۈچلۈك شامال چىقىپ، قارا بۇلۇت - تۇمانلارنى ھەر تەرەپكە سۈر - توقاي قىلىپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى، چوكانتال - چېچەكلارنى ئۈشتۈۋەتتى، ئەتىرگۈلنى تۇزۇتۇۋەتتى، ئالمىلارنى شېخىدىن تۆكۈۋەتتى، قارلىغاچنى ئاپىرىپ قار بالىنىڭ كۆزىگە پاتۇرۇپ قويدى، كارىپ بېلىقنى كىچىك

ئېقىندىن ئايرىپ، ھاۋادا قۇشتەك ئۇچۇرۇشقا باشلىدى.

— تـوي! ئەسـكىلىك قىلىـشقانغا تـويە، — دەپ توۋلـىدى ئـاق چاشـقان توختىمـاي شـامال چىقىرىــپ، — مېھمانغـا ئەدەپـسىزلىك قىلىشقانغا توي.

پەخرىدىن ئاق چاشقاندىن تولىمۇ خۇش بولدى، شۇ چاغ ئۇنىـڭ قۇلاق تۈۋىدىلا:

— سوراق باشلاندى! — دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئـاق چاشـقان ئالـدىراپ ئـۇنى قولـدىن تارتـىپ، يـاز تەسـۋىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەمدىكى بىر گۈمبەزلىك ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە باشـلىدى، ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىشكە ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، لېكىن پەخرىدىن بوسۇغىدىن ئاتلاپلا يەنە بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭدىن كىرىۋىدى، يەنە بىرىگە يولۇقتى، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بـۇ ئىشىكلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ بارماقتا ئىدى، ئۇ كېيىنرەك ئۇچرىغان ئىـشىكلەردىن ئېڭىـشىپ كىرىـشكە تـوغرا كەلـدى، يەنە بىـرنەچچە ئىشىكتىن ئۆتۈۋىدى، ئۆمىلىگەنـدىلا كىرەلىگۈدەك ئىـشىككە يولـۇقتى، ئاخىر ئۆمىلەپ، قىسىلىپ دېگۈدەك ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر چوڭ زالغـا چىقتـى، زال ئىچـى پۈتـۈنلەي ئـالتۇن رەڭـدە بولـۇپ، تورۇسـقا ئېسىلغان خىرۇستال چىراغلارمۇ ئالتۇن رەڭلىك نۇر چاچـاتتى، ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ، دەماللىققا كۆنەلمەيتتى.

پەخرىدىنمۇ باشتا شۇنداق بولدى، كېيىن ئاستا - ئاستا كۆزلىرى كۆنۈكتى - دە، ئۇدۇلدا ناھايىتىمۇ ئېگىز، لېكىن تارغىنە ئـالتۇن ھەل بېرىلگەن مۇنبەرنى كۆردى. مۇنبەر ئۈستىدە يەنە تولىمـۇ ئېگىـز ئـالتۇن شىرە بولۇپ، شىرە ئۈستىدە كۆزئەينەك تاقـاپ، كـۆك رەڭلىـك، ئـۇزۇن ئۇچلـۇق بـۆك كىيىۋالغـان، بـۆكىگە ئـالتۇن ھـلال ئـاي - يۇلتـۇز نەقىشلەنگەن قاردەك ئاق بىر ئېيىق بېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر يانـدا بولسا بىر مۇشۈكياپىلاق، بىر ئالا مۈشـۈك، بـىر بۆركـۈت ۋە كـۆزئەينەك تاقاپ، قىزىل ھلال ئاي - يۇلتۇز نەقىشلەنگەن ئاق سومكا ئېسىۋالغان، بۆركۈتتەك يوغان بىـر تۆمـۈر تۇمشۇق ئەدەپ بىـلەن بىـر رەت تىزىلىـپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتە بولسا يولۋاس، قوي، پىنگۋىن، ئاق قۇشـقاچ،

يۇنۇس بىلىقى، چارپاقا، كىپىنەك، سازاڭ دېگەنلەر رەتلىك تىزىلغان بىر رەت ئالتۇن ھەللىك شىرەلەرنىڭ كەينىدە، ئېگىز ئورۇندۇقلاردا، خۇددى سوتخانىدىكى زاسېداتېللاردەك ئولتۇرۇشاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ھەقىقەتەن زاسېداتېل ئىدى. پەخرىدىننىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا قولتۇقىغا مۇقاۋىسى تولىمۇ رەڭدار، كۆركەم كىتاب قىستۇرۇۋالغان قاردەك ئاپئاق بىر چىرايلىق تۈلكە، سول تەرىپىدە پەي قاناتلىرى قارا تاۋاردەك بىر قارا خوراز كۆرۈمسىز قارا خۇرۇم سومكىنى قانىتى ئاستىغا قىستۇرۇۋالغان ھالەتتە مۇنبەرگە يۈزلىنىپ غادىيىپ تۇرۇشقانىدى.

پەخرىدىن «راستتىنلا سوتخانىغا كىرىپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ، تولىمۇ ھەيران بولدى، «بىراق سوتلانغۇچى كىمدۇ؟»

— سەن! — دېدى ئاق ئېيىق بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك بوغۇق، ئەمما ئورغۇلۇق ئاۋازدا، ئاندىن بىر ئالتۇن بولقا بىلەن ئالدىدىكى شىرەنى «تاق!» قىلىپ ئۇرۇپ قويدى.

— مەن! — پەخرىدىن شۇ سۆزنىلا قىلالىدى، ئاندىن تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

— شۇنداق! — دېدى ئېيىق ئالتۇن رامكىلىق كۆزئەينىكىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ھازىر ئۈستۈڭدىن سوت ئېچىلىدۇ. ئاۋۋال قارا خوراز ئەيىبنامىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ، ئاندىن ئاق تۈلكە سېنى ئاقلاپ چىقىدۇ، شاھىتلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاخىرىدا زاسېداتېللار ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەگەر چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈمدە «گۇناھكار» دەپ بېكىتىلسەڭ، كەلگەن يېرىڭگە قايتۇرۇلىسەن، ئەگەر «گۇناھسىز» دەپ بېكىتىلسەڭ، ئاندىن سېھىرلىك قەلئەدە قېلىشىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، چۈنكى سېھىرلىك قەلئەگە پەقەت پاك - گۇناھ-سىزلارلا كىرەلەيدۇ، چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

— ھەئە! — دېدى پەخرىدىن ئارانغىنە. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «ئۇياندىن كېلىپلا، بۇياندىن ھەيدىلەرمەنمۇ؟» دېگەن ئەندىشە پەيدا بولۇپ، ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

— قارىلىغۇچى ئەيىبنامىنى ئوقۇسۇن! — دەپ جاكار قىلدى ئاق ئېيىق سوتچى.

شۇ ھامان قارا خوراز بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، قاناتلىرىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىپ، سومكىسىدىن قارا سىياھتا يېزىلغان خەتلەر بىلەن لىققىدە تولغان بىر ئاق قەغەزنى چىقاردى ـ دە:

— قى ـ قى، قىق!...... — قىلىپ چىللاپ قويۇپ، ئوقۇشقا باشلىدى، — جىنايەت گۇماندارى ئۆز ئۆمرىدە 65 مىڭ 880 توخۇنى يېۋەتكەن، بۇ تېخى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر سان، بۇ ئارقىلىق ئۇ بىر توخۇلار جەمەتىگە ناھايىتى كۆپ، ناھايىتىمۇ كۆپ زىيانلارنى سالغان. شۇڭا، مەن سوتتىن ئۇنىڭ گەدىنىگە يۈكلەنگەن 65 مىڭ 880 توخۇنىڭ قان قەرزىنى ھېسابقا ئېلىپ «گۇناھكار» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلىمەن. بېرىلىدىغان جازاغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىر جېنى 65 مىڭ 880 توخۇنىڭ قان قەرزىنى تۆلەشكە تولىمۇ ئازلىق قىلىدىغىنى ئۈچۈن، ئۆز ماكانىغا قوغلىۋېتىش جازاسى بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەيىبنامەم تامام، ۋەسسالام!

— ئاقلىغۇچى پىكىر بايان قىلسۇن! — دەپ توۋلىدى ئاق ئېيىق ئەمدى.

— سوتچى ئالىيلىرى، زاسېداتېل جانابلار! — دېدى ئاق تۈلكە بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن، — قارا خورازنىڭ دېگەنلىرى تۆھمەت، بىر بالىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ توخۇنى يەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇمكىن بولسا جاھاندىكى باللار ئاللىبۇرۇن توخۇلارنى يەپ تۈگىتىپ، نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكەن، تۈلكە قېرىنداشـ ـلىرىممۇ ئاچارچىلىققا ئۇچراپ، قىرىلىپ تۈگىگەن بولاتتى، چۈنكى مەن تۇغۇلۇپلا ھەرقانداق گۇناھتىن خالىي، پاك ھالەتتە سىرلىق قەلئەگە كىرگىنىم بىلەن ئۇ ئالەمدىكى قېرىنداشلىرىم يەنىلا توخۇنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ «توخۇ ئوغرىسى» دېگەن يامان ئاتىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتچۇ، توخۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكىنى يوق، بەلكى بارغانسېرى ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلارنى ئاز ـ تولا يەپ قويغانغا كەلسەك، بۇ مېنىڭچە توخۇلارنىڭ نوپۇسىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى يالغۇزلا ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر، بۇ كۆپچىلىكنىڭ

ھەممىسگە پايدىلىق، شۇڭا ئاقلاشقا ھاۋالە قىلىنغۇچۇم گۇناھسىز!

ئۇ «گۇناھسىز» دېگەن سۆزنى تولىمۇ ئۇرغۇلۇق ئېيتتى، زالنىڭ تاملىرىدىن خېلىغىچە ئەكس سادا ياڭرىدى.

قارا خوراز ئاچچىقىدا ھېلىلا ئېتىلىپ بېرىپ چوقۇۋالىدىغاندەك بىر ئەلپازدا تېپىرلاپ كەتتى، ئاندىن سەل تىنچلىنىپ:

— مەن جىنايەت گۇماندارىدىن سوئال سورىسام بولامدۇ سوتچى ئالىيلىرى؟ — دېدى ئاق ئېيىققا.

— رۇخسەت! — دېدى ئاق ئېيىق.

قارا خوراز ئەمدى پەخىرىدىنگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىۋەتتى - دە:

— ئېيتە! — دېدى غەزەپ بىلەن، — سەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تۇخۇم يەپ كەلدىڭمۇ يوق؟

— يېدىم، — دېدى پەخىرىدىن بوشقىنا.

— قانچە تۇخۇم يېدىڭ! — سورىدى قارا خوراز ئەزۋەيلەپ.

— ئېسىمدە يوق.

— ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە بىر تالدىن توغرا كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى پەخىرىدىن تىلىنى چايناپ، — بەزى كۈنلىرى يېمىگەن.

— لېكىن، بەزى كۈنلىرى كۆپرەك يەپمۇ قويغان، شۇنداقمۇ؟— سورىدى قارا خوراز ئۇنى تېخىمۇ قىستاققا ئېلىپ، — «ھەئە» ياكى «ياق» دەپلا جاۋاب بەرگىن. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ يەردە سەممىيەتسىزلىك ئەڭ ئېغىر جىنايەت، يالغان سۆزلىگىنىڭ بىلىنىپلا قالسا سېنى ئاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، دەرھال ھەيدىلىسەن.

— چۈشەندىم، ھەئە! — دېدى پەخىرىدىن.

— ھۆرمەتلىك سوتچى ئالىيلىرى، زاسېداتېل جانابلار، — دېدى قارا خوراز ئەمدى ئاق ئېيىققا ۋە زاسېداتېللارغا تەكشى قاراپ چىقىپ

سالماقلىق بىلەن، — ئاكلاپ تۇرۇپسلەر، ئۇ كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن تۇخۇم يېگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ 18 ياشقا كىرگۈچە 6588 تۇخۇم يېگەن، دېمەك 6588 توخۇ يېدى دېگەن سۆز، چۈنكى ھەربىر تۇخۇم باسۇرۇلسا بىردىن چۈجە چىقىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەگەر بۇ 6588 چۈجە چوڭ بولۇپ، ھەربىرى ئاز دېگەندە 10 دىن تۇخۇم تۇغىدى دېگەندىمۇ 65 مىڭ 880 تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇلاردىن يەنە تېخى شۇنچىلىك ساندا چۈجە چىقىدۇ، مەن تېخى سانىنى ئاز مۆلچەرلەپتىمەن، بۇلارنىڭ كېيىنكى كۆپەيتىلمىسىنى دېمەيلا قوياي، دېمەك ئۇ بۇلارنىمۇ يېۋەتكەن بولىدۇ. شۇڭا كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ گۇناھكار! يەنە تېخى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىغان توخۇلىرى بولۇشى، ئۇلارنى قايىنتىپ ياكى كاۋاپ قىلىپ، ياكى باشقا ئۇسۇللاردا پىشۇرۇپ يېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇلارنى ھازىرچە تىلغا ئالمىدىم.

— بىراق، مەن توخۇ گۆشىگە ئۆچ! — دېۋەتتى پەخرىدىن ئاچچىقىنى باسالماي. شۇ ھامان زالدا كۈلكە ئاۋازى ياڭرىدى، — چۈنكى، ھازىرقى توخۇلارنىڭ يېمىگە ساپلا سۆڭەك يوغىنىتىدىغان، تېز ئۆستۈرىدىغان دورىلار بېرىلىدىغان بولدى، بۇ بىز ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە تولىمۇ زىيانلىق، — دېدى پەخرىدىن يەنە ئەسكەرتىش بېرىپ. شۇ ھامان پەستىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

— تىنچ - تىنچ! — دەپ توۋلىدى ئاق ئېيىق يەنە بولقىنى شىرەگە ئۇرۇپ، — جاۋابكار سورىغان سوئالغىلا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

— جىنايەت گۇماندارى دېسىلە ئالىيلىرى، — دېدى ئاق تۈلكە ئەسكەرتىش بېرىپ.

— مەيلى نېمە بولسۇن، سورىغان سوئالغىلا جاۋاب بەرسۇن، ئارتۇق گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق! — دېدى ئاق ئېيىق ھەيۋە بىلەن.

— مەيلى، ئۇنىڭ توخۇ گۆشىگە ئۆچلۈكى تولىمۇ ئوبدان ئىش، — دەپ قويدى ئاق تۈلكە ھىجىيىپ، — شۇنداق بولغاندا تۈلكە قېرىنداشلىرىمىنىڭ رىزقىغا زىيان ئازراق بولىدۇ.

— ئەمدى ئاقلىغۇچىغا رۇخسەت! — دېدى ئاق ئېيىق گېلىنى قىرىپ قويۇپ.

— ھۆرمەتلىك سوتچى ئالىيلىرى ۋە زاسېداتېل جانابلار! — دېدى ئاق تۈلكە يەنىلا سىپايىلىق بىلەن، — قارا خوراز ئېيتقان سان-سىپىردا زور خاتالىق بار، چۈنكى ئاقلاشقا ھاۋالە قىلىنغۇچۇم ئەمدىلا 18- يېشىغا قەدەم قويدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن 17 يىللىق ھېسابىنى قىلىش كېرەك، قارا خوراز بىر يىللىق ھېسابىنى كۆپەيتىۋالدى، يەنە بار تېخى چۈجە تۇخۇمدىن چىقىدىغىنى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق تۇخۇمدىن چۈجە چىقىۋەرمەيدىغانلىقىنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلىمىز، بۇنى ئېچىپ ئېيتىپ يۈرمىسەممۇ بولار.

ئۇنىڭ سۆزى سوتخانىدىكى قارا خورازدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. قارا خوراز بولسا:

— ھىم، — دەپلا قويدى پوكاندەك ئېسىلىپ.

— يەنە بار! — ئاق تۈلكە سوت ئەھلىنىڭ ئېپادىسىدىن روھلىنىپ، — ھەممە تۇخۇمدىن چۈجە چىقتى دېگەندىمۇ، چىققانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇخۇم تۇغالايدىغان مېكيان بولۇۋەرمەيدۇ، يەنە ھۆرمەتلىك قارىلىغۇچى ئەپەندىدەكلەرمۇ باردۇ، ئۇلارنى ساندىن چىقىرىۋەتسەك قالىدىغىنى تايىنلىقلا، كۆپچىلىك كۆڭلىدە ھېسابلاپ باقسىلا قارىلىغۇچى ئەپەندىمنىڭ ھاۋالە قىلىنغۇچۇمغا ئۇۋال قىلىۋاتـ-قانلىقىنى بىلىۋالالايمىز، شۇڭا ئۇ گۇناھسىز!

— ئەمدى گۇۋاھچىلاردىن سوئال سورىلىدۇ، — دەپ جاكارلىدى ئاق ئېيىق، — ئاۋۋال قارىلىغۇچى ئۆز گۇۋاھچىلىرىنى ھازىر قىلسۇن.

— بىراق ئالىيلىرى، — دېدى ئاق تۈلكىنىڭ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى دەل تۇتۇۋالغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان قارا خوراز دۇدۇقلاپ، — مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم ھەممىسى جىنايەت گۇماندارىنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن بولغاچقا، سوتخانىغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداقتا، ئاقلىغۇچى ئۆز گۇۋاھچىلىرىدىن سوئال سورىسۇن، — دېدى ئاق ئېيىق.

ئاق تۆلكە ئاق مۇشۇكياپىلاق، ئالا مۇشۇك، بۆركۈت ۋە تۆمۈر تۇمشۇقلارغا يۈزلىنىپ شۇنداق دېدى:

— قېنى جانابلار، بىلگىنىڭلارنى تارتىنماي دەڭلار، ھۆرمەتلىك سوتچى ۋە زاسېداتېللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا پايدىسى بولسۇن.

— مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىت - سائىتىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، — مۇشۇكياپىلاق ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ شۇنداق دېدى، — چۈنكى مەن ئۇ تۇغۇلغان كېچە دەل سائەت 12 گە داڭ ئۇرۇلغاندا، دوختۇرخانىدىكى تۇغۇت ئۆيى دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ شېخىدا ئولتۇرۇپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغانىدىم.

— مەن ئۇنىڭ كىملىكىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، — دېدى ئالا مۇشۇك بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، — ئۇ پەخرىدىن، راستتىنلا پەخرىدىن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەزان توۋلاپ ئىسىم قويۇلغاندا مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم.

— مەن ئۇنىڭ قىزىقىش - ھەۋەسلىرىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، — دېدى بۆركۈت، — چۈنكى سۈرىتىم ئۇنىڭ نەچچە يىل كېيىگەن مودا مايكىسىغا بېسىلغان، ئۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش جەريانىدا كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالغان.

— مەن ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق، — چۈنكى مەن دېگەن داڭلىق دوختۇر، بىر قاراپلا كېسەل بار - يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمەن، ئۇنىڭ تېنىدە قۇرت يوق، دېمەك ئۇ ناھايىتى ساغلام.

— بىز ئۇنىڭ سەممىي - راستچىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيمىز، — دېدى ئاخىرىدا ھەممىسى بىر ئېغىزدىن، — شۇڭا ئۇ نېمىلا دېسە ئىشىنىشكە بولىدۇ.

— قارىلاش - ئاقلاش تامام! — دەپ جاكارلىدى ئاق ئېيىق ئەمدى كەسكىنلىك بىلەن، — ئەمدى زاسېداتېللار ئۆز ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسۇن.

— ئۇ ئەزەلدىن ماڭا ۋە جەمەتىمدىكىلەرگە چېقىلىپ باقمىغان، — دېدى يولۋاس ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، — شۇڭا ئۇ گۇناھسىز!

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى قوي مەرەپ قويۇپ، — نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمنى يېۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئارىلاش ئوزۇقلانغۇچىلار تىپىغا كىرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ پىكرىم، ئۇ گۇناھكار!

— ياق! — دېدى شۇنىڭغا ئۇلاپلا پىنگىۋىن ئالدىراپ، — ئۇنىڭ ئەزەلدىن پىنگىۋىن تۇخۇمى يېمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۇ ئانتاراكتىداغا بېرىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا پۈتۈنلەي گۇناھسىز!

— مەن قوشۇلمايمەن! — دېدى ئاق قۇشقاچ نارازى بولۇپ، — ئۇمۇ كىچىكىدە كەپسىزلىك قىلىپ بىز قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىسىغا قول سالغان، كىچىك بالىجانلىرىمىزنى ئېلىپ ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى خېلى كۆپ بالىلارنىڭ شۇنداق يامان ئادىتى بار، شۇڭا ئۇ گۇناھكار!

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى يۇنۇس بېلىقى دەرھال رەددىيە بېرىپ، — ئۇ ئەزەلدىن بىز يۇنۇس بېلىقلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىدى، شۇڭا ئۇ گۇناھسىز!

— خاتا، خاتا! — كۆركىرىۋەتتى چار پاقا جان جەھلى بىلەن، — ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ چار پاقىلارنى «سەت» دەپ ھاقارەتلىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ گۇناھكار!

— يوق گەپ! — دېدى كېپىنەك ئىنچىكە ئاۋازدا، — ئۇنىڭ ئەزەلدىن بىز كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ ئوينايدىغان ئادىتى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ گۇناھسىز!

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — دېدى سازاڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە دېگۈدەك سوزۇلۇپ، يوغىناپ تۇرۇپ، — ئۇ بىز سازاڭلارنى بېلىق تۇتقاندا يەمچۈك قىلغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ گۇناھكار!

— گۇناھسىز، — دەپ توۋلاشتى يولۋاس، پىنگىۋىن، يۇنۇس بېلىقى، كېپىنەكلەر بىر تەرەپ بولۇپ، — سۈتتەك ئاپئاق.

— گۇناھكار! — دەپ تالاشتى قوي، ئاق قۇشقاچ، چار پاقا، سازاڭلار يەنە بىر تەرەپ بولۇپ، — ئۇ قاغىدەك قاپقارا.

— گۇناھسىز!......

— گۇناھكار!......

ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشى ئەۋجىگە چىقىپ، زال ئىچىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇلار ھېلىلا بىر - بىرىگە تاشلىنىپ، بوغۇشۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى.

— تىنچ، تىنچ! — دەپ ھۆركىرىدى ئاق ئېيىق بولقا بىلەن شىرەنى قاتتىق ئۇرۇپ تۇرۇپ.

زاسپىداتېللار ئاران تەستە تىنچىشتى. ئاق ئېيىق پەخرىدىنىدىن سوئال سورىدى:

— سەن شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ باققانمۇ؟

— ياق! — دېدى پەخرىدىن ھەيرانلىق بىلەن.

ئاق ئېيىق ئەمدى سالماقلىق بىلەن شۇنداق جاكار قىلدى:

— زاسپىداتېللارنىڭ يېرىمى گۇناھسىز، يېرىمى گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلدى. دېمەك، جىنايەت گۇمانىدارى ئۈستىدىن بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ دېگەن گەپ، شۇڭا مەن ئەمدى قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقۇمغا ئاساسەن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، ئۇ بولسىمۇ گۇناھسىز! چۈنكى، بىز ئاق ئېيىقلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋەت يوق، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن ماكانىمىز شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ باقمىغان، بېرىپ باقمىغانىكەن، ئوتتۇرىدا ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋەتمۇ بولمايدۇ دېگەن گەپ. «گۇناھسىز» دېگۈچىلەر «گۇناھكار» دېگۈچىلەردىن بىرسى ئارتۇق، شۇ سەۋەبلىك پەخرىدىن گۇناھسىز!

سوتخانىدا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، ھەتتا ھېلىقى قارىلىغۇچى قارا خورازمۇ چاۋاك چالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ پەخرىدىنگە قول سۇندى:

— كەچۈرگىن! ئادەملەر تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەنتىنى ئالىمەن دەپ سېنى ئەيىبلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ قالدىم، بىراق بۇ سەۋەنلىكىم يەنە سېنىڭ ئاقلىنىشىڭغا پايدىلىق بولدى، ئەمدى كۆڭلۈڭدە ئاداۋەت ساقلىماسسەن، — دېدى

ئۇ خىجىللىق بىلەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخىردىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قارا خورازنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قانىتىنىڭ ئۇچىنى دوستانىلىق بىلەن سىقىپ قويىدى:

— سەن پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلدىڭ، بۇنىڭدىن رەنجىگىلى بولمايدۇ.

— مېنى مۇبارەكلە، — دېدى ئاق تۆلكە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرىدا سۆيۈپ تۇرۇپ، — بۇ مېنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقى قېتىم ئاقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىشىم، ئەمدى مەن شەرەپ بىلەن ئادۋوكاتلىق گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىمەن، لېكىن گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن ھامان بۇ ساھەدىن چېكىنىمەن، بۇ بىر بەلگىلىمە، سەن تولىمۇ سۆيۈملۈك بالا.

— شۇنداق، — دېدى شۇ چاغ سوتچى ئاق ئېيىقمۇ مۇنبەردىن قانداق چۈشكىنى نامەلۇم، پەخىردىنىنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولۇپ، يوغان ۋە يۇڭلۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ، — قارا، ئاقلىغۇچۇڭنىڭ سېنى سۆيۈپ - يالاپ كېتىشلىرىنى، مۇشۇ تاپتا ئۇ تۆلكە خېنىم ئەمەس، بەلكى چىرايلىق بىر قىز بالا بولۇپ يارالمىغىنىغا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىدىغۇ دەيمەن.

ئاق تۆلكىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى دوراپ «قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويايمىكىن» دەپ تۇرغان پەخىردىن ئوڭايسىزلىنىپ، دەرھال پەيلىدىن ياندى. ئۇ ئاق تۆلكىنىڭ چىشى تۆلكە ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلگەنىدى.

قارا خوراز ئەمدى ئاق تۆلكىنى قۇچاقلاپ قويىدى:

— مۇبارەك بولسۇن سۆيۈملۈكۈم، ئاخىر ئادۋوكات بولدۇڭ.

— سەنمۇ شۇ، قەدىرلىكىم، — دېدى ئاق تۆلكىمۇ قىزغىنلىق بىلەن، — ساڭىمۇ ئوخشاشلا ئادۋوكاتلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ، مەغلۇپ بولغىنىڭنى ئانچە كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە، چۈنكى بۇ سوتخانىدا ئەزەلدىن غەلىبە قىلغان قارىلىغۇچى بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىلىغۇچى بولۇشۇڭ رەڭگىڭنىڭ قارا بولغانلىقىدىن،

مېنىڭمۇ ئاقلىغۇچى بولۇشۇم رەڭگىمنىڭ ئاقلىقىدىن بولغان.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ، بىر تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى يولۋاس شۇ چاغ ئادەمدەك ئىككى پۇتلاپ تىككىدە مېڭىپ كېلىپ كۈچلۈك ئالدى پۇتلىرىدا پەخرىدىننىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ.

— ئەپۇ قىلارسەن - هە! — دېدى ئارقىدىنلا قوي ئۇنىڭغا بىر تۇيىقنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — مەنمۇ قورسىقىڭغا كىرىپ كەتكەن قوي-پاقلانلار ئۈچۈن، مەيلى ئۇ كاۋاپ ياكى شورپا بولۇپ، مەيلى پولۇغا بېسىلىپ، مەيلى ئاشقا توغرىلىپ كىرىپ كەتكەن بولسۇن، ھەممىسى ئۈچۈن سېنى كەچۈردۇم، چۈنكى ساڭا «گۇناھسىز» دەپ ھۆكۈم قىلىندى ئەمەسمۇ، گۇناھسىزلارغا غۇم ساقلاپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ.

— ئەپۇ قىلغىنىڭغا رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ تۇيىقنى تۇتۇپ قويۇپ، ئۇ قوينىڭ تۇيىقىنىڭ ئالتۇن بىلەن قاپلانغانلىقىنى ھەم بەك پاكىزلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھەممىمىز پاكىز، ئازادە ھۇجرىلاردا تۇرىمىز قەدىرلىكىم، — دېدى شۇ چاغ كۆرۈشۈش نۆۋىتى كەلگەن پىنگىۋىن قىسقا قانىتىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — پىنگىۋىن تۇخۇمى يېمەيدىغان ياخشى ئادىتىڭنى بىر ئۆمۈر داۋام قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

پىنگىۋىننى تۇنجى قېتىم يېنىدا كۆرۈۋاتقان پەخرىدىن بەك خۇشال بولدى - دە:

— مەن ئىلگىرى سېنى تېلېۋىزوردا كۆرگەن، — دېدى كۆرۈشۈۋېتىپ.

— مېنىمۇ كۆرگەنسەن؟ — دېدى شۇ چاغ چار پاقا ئارقا پۇتلىرىدا تىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى بويى پەخرىدىن بىلەن تەڭلىشىپ قالغانىدى. پەخرىدىن ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى سېرىق ئالتۇن، يېشىل ياقۇت، قىزىل گۆھەرلەر بىلەن ياسالغاندەكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆرگەن ئادەم ئۇنى بەك نەپىس ھەم قىممەت باھالىق سەنئەت بۇيۇمى دەپلا قالاتتى، ئۇنىڭدىن ئەسلا يىرگەنمەيتتى.

— سەن بەكمۇ چىرايلىقكەنسەن، — دېدى پەخىردىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىۋېتىپ.

— شۇنداقمۇ، — دېدى چار پاقا خۇشاللىقىدىن ئۈنلۈك كۇركىراپ، — ئىلگىرىمىغۇ «سەت» دېگەندەك قىلمۇدىڭ بولمىسا، بايىقى ھۆكمىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن.

— ھەي، ئالدىمغا ئۆتۈۋالما، — دېدى يۇنۇس بېلىقى پەخىردىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتقان كېپىنەككە.

— چار پاقىغا يول قويۇپ، ماڭا يول قويمامسەن، — دېدى كېپىنەك، ئۇ شۇنداق دەپ لىپ - لىپ ئۇچۇپ كېلىپلا پەخىردىننىڭ مەڭزىگە سۆيۈۋالدى.

— خېنىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېگىنىچە سازاڭ سوزۇلۇپ كەلدى - دە، بىردىنلا سوزۇلۇپ بادىرىدەك يوغىناپ، پەخىردىننىڭ قولىغا ئۆزىنى بوشقىنا ئۆرۈپ قويدى، ئاندىن، — ئەمدى بىزنى بېلىق يەمچۈكى قىلماسسەن؟ سەنمۇ ئەزەلدىن بېلىق تۇتۇپ ئوينىمايسەن بولمىسا، — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئارقىدىنلا يۇنۇس بېلىقى كېلىپ، قىسقا قاناتلىرىدا پەخىردىننى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ قاردەك ئاق قورسىقى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. پەخىردىن شۈركۈنۈپ كەتتى، بىراق ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۆزىنى تارتىۋالمىدى، يۇنۇس بېلىقى بولسا قىرىشقاندەك ئۇنى خېلى ئۇزاق قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى ۋە:

— بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز، سەن بەك سەۋرچان ئىكەنسەن، سەۋرچانلىقمۇ ياخشى پەزىلەت، — دېدى ئاخىر ئۇنى قويۇۋېتىپ.

ئەمدى بۇ يەردە سەپتىن سوغۇرۇلۇۋالغان ئاق قۇشقاچلا قالغانىدى، ئۇ بىر تەرەپتە يۇم - يۇم يىغلاۋاتاتتى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى پەخىردىن ئەجەبلىنىپ، — سېنى يەنە رەنجىتىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغاندىمەن.

— ياق! — دېدى ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ، — ئالدىڭدا مەن

بەك خىجىل. مەن ئەزەلدىن قۇرت - قۇمۇسقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ باقمىغان، چۈنكى مەن تۇخۇمدىن چىققان كۈنىلا بۇيەرگە كېلىپ قالغان، بۇگۈن بولسا ساڭا پايدىسىز گەپلەرنى قىلىپ، تاسلا قالدىم بۇ يەردىن ھەيدىلىپ كېتىشڭگە ھەسسە قوشقىلى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخرىدىن ئۈنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ، — شۈنداق سەۋەنلىكلەرنىڭ ئىلگىرى مەندىن ئۆتۈلگىنى راست تۇرسا، رەنجىشكە توغرا كەلسە ئۆزۈمدىن رەنجىسەم بولىدۇ.

— راستما؟ — دېدى قۇشقاچ يىغىدىن توختاپ، — بىردەم يىغلىۋالغىنىمغا رەھمەت، چۈنكى ئانچە - مۇنچە يىغلاپ قويۇشمۇ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىر ماتېرىيالدىن كۆرگەنىدىم، خەير - خوش ئەمىسە، ساڭا ئامەت تىلەيمەن.

ئۇ خوشلىشىپلا پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. پەخرىدىن سوتخانىدا ئۆزى يالغۇزلا قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغانلار قاياققىدۇر كېتىپ قېلىشقان، ھېلىقى گۇۋاھچىلارمۇ غايىب بولۇشقانىدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئۇ كۈتمىگەن ھەمراھلار

پەخرىدىننىڭ يالغۇز قېلىشى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، چۈنكى بۇ ئۆيگە ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كېلىدىغان قاردەك ئاق بىر شاتۇتى ئۇچۇپ كىرگەنىدى، ئۇنىڭ پەنجىسىدە تېخى بىر كونۋېرتمۇ بار ئىدى.

— تەكلىپنامىگىنى تاپشۇرۇۋال! — دېدى شاتۇتى كونۋېرتنى تاشلاپ بېرىپ.

— بۇمۇ بار! — دېدى بىر سېرىق شاتۇتىمۇ بىر سېرىق كونۋېرتنى چاڭگاللاپ كىرىپ.

— بۇمۇ بار، بۇمۇ بار...... — ئارقىدىنلا ھاۋا رەڭ، ھال رەڭ، ئالما رەڭ، قىزىل، يېشىل رەڭلىك شاتۇتىلارمۇ ئۇچۇپ كىرىشكىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كونۋېرتلارنى تاشلىدى.

— پەقەت بىرسىمىزنىلا تاللىۋالىسەن، — دېدى شۇ چاغ كونۋېرتلار چۇرقىرىشىپ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ رەڭگى ئۇزىنى ئېلىپ كىرگەن شاتۇتىنىڭ رەڭگىدە ئىدى.

پەخرىدىن قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. شاتۇتىلار بولسا ئۆز رەڭگىدىكى كونۋېرتنى ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ، توختىماي چۇۋۇرلىشاتتى:

— ئاقنى ئال!......

— ياق! سېرىقنى......

— ھاۋا رەڭنى.......

— ھال رەڭنى ......

— ئالما رەڭنى ......

— قىزىلىنى ......

— يېشىلىنى......

كونۇپىرتلارمۇ تەڭلا چۇرقىراشتى:

— مېنى ئال!......

— مېنى ئال!..... مەن چىرايلىق ......

— مەن ئۇماق!......

ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى پەخىرنىڭنى بىزار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزرەك بىرسىنى ئېلىپ ۋاڭ - چۇڭلارغا خاتىمە بېرىشنى ئويلىدى - دە، كۆزىنى يۇمۇپلا كونۇپىرتلارغا قول سوندى، قولىغا ئۇرۇنغانلا بىرسىنى ئېلىپ قارىۋىدى، باھاردا ئېچىلغان شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكىنى كۆردى.

شۇ ھامان ھال رەڭ شاتۇتىدىن باشقىلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. قەيەردىن، قانداق چىقىپ كەتكىنىنىمۇ بىلگىلى بولمىدى. باشقا رەڭدىكى كونۇپىرتلارمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كەتتى.

پەخىردىن قولىدىكى كونۇپىرتنى ئاچماقچى بولدى، بىراق ھال رەڭ شاتۇتى ئۇنى يەنە تارتىۋالدى - دە، بىرلا چوقۇۋېلىپ تۆشۈك ئېچىۋەتتى. تۆشۈكتىن بىر تال كىچىك تۇخۇم يۇمىلاپ چىقتى، ئارقىدىنلا ۋاققىدە يېرىلىپ، ئىچىدىن قۇشقاچ بالىسىچىلىك بىر ئەتلىمە گۈش چىقتى، كونۇپىرت ئۇنى كۆتۈرۈپ، مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇراتتى.

— ئۇنى مېھرىڭ بىلەن سۆيۈپ قوي! — دېدى ھال رەڭ شاتۇتى، — ئۇ سېنى خوجايىنلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىز شاتۇتىلارنىڭ خان جەمەت ئەۋلادى.

پەخىردىن بۇ قىپقىزىل ئەتلىمە گۆشكە ئاغزىنى يېقىن ئاپارغۇسى كەلمەي تۇرۇپ قالدى. شاتۇتى بولسا ئۇنى ئالدىراتتى:

— تېز بول! بولمىسا ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ.

پەخىردىن ئامالسىز ئەتلىمە گۆشكە لېۋىنى تەگكۈزۈپلا دەرھال تارتىۋالدى، بىراق شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ

لىۋى تەگكەن هامان ئەتلەمە گۈش بىردىنلا چوڭيىپ، تىنىدىن ئوچۇق شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك ۋە تاۋاردەك پارقىراق - جۇلالىق پەيلەر ئۈنۈپ چىقىپ، تېزلا بۇركۈتتەك يوغان ۋە تولىمۇ چىرايلىق بىر شاتۇتىغا ئايلاندى - دە:

— تۇغۇلغان كۈنۈمگە مۇبارەك بولسۇن! — دەپ تووۋلاپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇنىڭغا سوۋغات بەر! — دېدى ئانا شاتۇتى، — سەنمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلىشىڭ كېرەك.

پەخرىدىن ئۇنىڭغا نېمە سوۋغا قىلىشنى بىلەمەي يانچۇقىنى ئاختۇردى. كۆڭلىدە: «مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلسەم بادامىمۇ ياكى پىستىمۇ دېگەندەك قۇرۇق يېمىشلەردىن يانچۇقۇمغا سىلىۋالاركەنمەن، شاتۇتىلارنىڭ شۇنداق قۇرۇق يېمىشكە ئامراقلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم» دەپ ئويلىدى. بىراق، قېرىشقاندەك ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بۇنداق نەرسىلەر چىقمىدى، بولار تۇگۇل ھەتتا سوۋغات قىلغۇدەك باشقا تۈزۈكرەك نەرسىمۇ تېپىلمىدى، پەقەت بىر ئاچقۇچ ھالقىسى چىقىپ قالدى.

— رەھمەت! — دېدى تۇخۇمدىن يېڭىلا چىققان شاتۇتى ئاچقۇچ ھالقىسىنى ئېلىۋېتىپ، — مەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغاتقا ئېرىشكەندەك قىلىمەن، بۇ مېنىڭ مەلىكىلىك سالاھىيىتىمنى ئىسپاتلايدىغان تاج بولىدۇ.

پەخرىدىن ئۇنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىگە ئانچە ھەيران قالمىدى، چۈنكى ئاچقۇچ ھالقىسى بىردىنلا ئۇ كارتون فىلىملەردە كۆرگەن مەلىكىلەرنىڭ ئالتۇن تاجىسغا ئايلىنىپ قالغانىدى، تاج يەتتە خىل رەڭلىك گۆھەر بىلەن بېزەلگەن، تولىمۇ نەپىس تاج ئىدى.

— مانا بۇ قىزىمغا ئەڭ ياخشى سوۋغات، — دېدى ئانا شاتۇتى ھاياجانلىنىپ، — ئەگەر ئۇ ئەركەك بولۇپ قالغان بولسا، تەخت ۋارىسى — شاھزادە بولار ئىدى. ئىسىت، شۈكرى، ھېلىمۇ مەلىكە بولدى، مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن قىزىم.

ئۇ قىزى — تاج كىيگەن شاتۇتىنى مەھكەم قۇچاقلىدى - دە، ئاندىن يەنە ھاياجانلىق ياشلىرىنى تامدۇرغىنىچە ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يەرگە مەرۋايىت بولۇپ چۈشتى.

— شاتۇتى مەلىكە خىزمىتىڭىزگە تەييار خوجايىن، — دېدى تاج كىيگەن شاتۇتى پەخىردىنىنىڭ بىلىكىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىم شاتۇتى مەلىكە بولسۇن، چۈنكى مەن تاج كىيدىم ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا قوشۇلارسىز خوجايىن، مەلىكە بولسامۇ خىزمىتىڭىزدە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايمەن.

— قوشۇلىمەن، — دېدى پەخىردىن، ئۇ مۇشۇنداق كۆركەم، چىرايلىق شاتۇتىغا ئىگە بولغىنىدىن خۇرسەن بولدى، چۈنكى ئىلگىرى شاتۇتى بېقىشنى بەك ئارزۇ قىلغان، لېكىن ئارزۇسىغا يېتىشكە ئىمكانى بولمىغانىدى، مانا بۈگۈن شاتۇتىغا، تېخى سۆزلىيەلەيدىغان، پىكىر-خىيالى ئادەملەردەكلا شاتۇتىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ شاتۇتىلارنىڭ مەلىكىسى.

— مېنى سېھىرگەر ئۇستازىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارساڭ بوپتىكەن، — دېدى ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك كۆرۈشسەم دەيمەن.

— ئاۋۋال خىزمەت قوللانمىسىنى يېۋالاي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققاچقا تېخى ھېچقانچە بىرنەرسە بىلمەيمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىششىغا بىر كىچىك كىتابچە ئۇچۇپ كەلدى-دە، «مانا مەن ‹خىزمەت قوللانمىسى›» دەپلا جارت - جۇرت قىلىپ يىرتىلدى، ۋاراقلىرى تەڭگىدەك - تەڭگىدەك بولۇپ ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى. شاتۇتى مەلىكە ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھەممىسىنى يۇتۇۋالدى، ئاندىن يەنە پەخىردىنىنىڭ بىلىكىگە قوندى.

— ماڭايلى، — دېدى ئۇ، — مەن يەنە بەكرەك چوڭايغاندا سىزنى كۆتۈرۈپ ئۇچىمەن. ھازىرچە بولسا سىز مېنى كۆتۈرۈپ يۈرىسىز، ئۇخلىغاندىن باشقا چاغلاردا ماڭا قونداق بولىسىز.

— قايانغا ماڭىمىز، — سورىدى پەخىردىن، — بىرمۇ ئىشىك كۆرۈنمەيدۇ؟

شۇ تاپتا ئۇ ئۆملەپ كىرگەن ئىشىكمۇ غايىب بولغانىدى.

— قايانغا بولسا بولۇۋېرىدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە زالغا

تەكشى نەزەر سېلىۋېتىپ، — پەقەت بىر تېپىك بىلەنلا ئىشىك ئېچىپ كېتىۋېرىدىكەنسىز.

— بۇ يەردە ھەممە ئۆيلەر شۇنداق ئىشىكسىزمۇ؟ — سورىدى پەخرىدىن ھەيران بولۇپ، — ھەرقاچان، ھەممە يېرىدە تامغا تېپىپ ئىشىك ئېچىپ، كىرىپ - چىقىدىغان گەپمۇ؟

— ياق! پەقەت مۇشۇ زالدىلا شۇنداق، قالغىنىنى ۋاقتى كەلگەندە دەپ بېرىمەن.

پەخرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇدۇلغا ماڭدى. ئالتۇن رەڭلىك تامغا بوشقىنە تەپكەنىدى، تارغىنە بىر ئىشىك ئېچىلدى.

— بەكرەك تېپىڭ خوجايىن، پۈتىڭىز ئاغرىپ كەتمەيدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

پەخرىدىن ئەمدى كۈچەپ تەپتى، تامدىن ئىككى ئادەم قولتۇقلىشىپ ماڭسىمۇ بىمالال كىرىپ - چىققۇدەك كەڭ ئىشىك ئېچىلدى، بىراق ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىدى.

— كىرىۋېرىڭ!

پەخرىدىن سەل ئىككىلىنىپرەك بوسۇغىدىن ئاتلىدى، شۇ ھامان ئىشىك غايىب بولدى، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

— ساڭا چىراغ كېرەكمۇ؟ — سورىدى كىمدۇر بىرى.

— ھەئە! — دېدى پەخرىدىن ئالدىراپ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ يەرنى يورۇتقۇچى بىر چوڭ يالتىراق قوڭغۇز ئىدى، ئۇ كىچىككىنە پۇتلىرىدا تۇخۇمدەك بىر تال پانۇسنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، پانۇس 100 ۋاتلىق لامپۇچكىدەك يورۇقلۇق چىقىراتتى.

پەخرىدىن شۇ تاپتا تارغىنە بىر كارىدوردا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلدى. كارىدورنىڭ تورۇسى بەك ئېگىز، تاملىرىغا غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ باش ھەيكەللىرى بېكىتىلگەن، غەلىتە گۈل - نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى.

— ئېھتىيات قىلايلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە باش ھەيكەللىرىنى كۆرسىتىپ، — ئۇلارغا يېقىنلاشساق چىشلىۋالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— سىلەر نېمىشقا بۇ يېرىم كېچىدە تىمىسقىلاپ يۈرىسىلەر، —

دېدى يالتىراق قوڭغۇز رەنجىگەندەك، — تازا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتىم. ئىسسىت، ئەمدى ئۇخلىغىنىم بىلەنمۇ ئۇ چۈشنىڭ داۋامىنى كۆرەلمەيمەن.

— ئۇ تېخى ئەمدىلا سوتخانىدىن چىقتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — تولا كوتۇلدىماي تېزرەك يول باشلا، بولمىسا سېنى چوقۇلاپ يەۋېتىمەن جۇمۇ.

— كەچۈرگىن! — دېدى يالتىراق قوڭغۇز ئالدىراپ، — شاتۇتىلارنىڭمۇ قوڭغۇز يەيدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن، سەن مەن بىلىدىغان شاتۇتىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تۈردىن بولساڭ كېرەك، ئاچچىقىڭ بەك يامان ئىكەن قىزچاق.

— مەلىكە ئالىيلىرى دېگىن ئەبلەخ! — دەپ ھۆرپەيدى شاتۇتى مەلىكە، — بېشىمدىكى مەلىكە تاجىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ھە، كۆرمەي قاپتىمەن مەلىكە ئالىيلىرى، كەچۈرسىلە، — دېدى يالتىراق قوڭغۇز ھودۇقۇپ، — گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن مەن ئىشىكمۇ ئېچىپ بېرەي.

ئاندىن ئۇ ئۇلارنى باشلاپ ئۈچۈپ كەتتى، ئۇ قايانغا باشلىسا شۇ تەرەپتىكى تام يېرىلىپ، يېڭى بىر كارىدور ئايان بولاتتى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئۇزۇن توققۇز كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئالدىغا رەڭدار گۈللۈك پەرتۇق تارتىۋالغان، بويىنى ئۇزۇن - ئۇزۇن، بويى 10 — 11 ياشلاردىكى قىزلاردەك زىلۋا، نازۇك بىر جۈپ قاردەك ئاق مۈشۈك ئىككى تەرىپىدە تۇرغىنىچە، يېقىملىق مۇزىكىدەك خورەك تارتىۋاتقان بىر ئالتۇن ھەللىك ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئىشىكمۇ ئۇخلاۋاتقاندەكلا قىلاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى قانىتىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر ھەم جۈپلىشىپ كەتكەن ئىككى چوڭ كۆز بولۇپ، تۇتقۇچى ئورنىدىكى ئىككى يېرىم بۇرۇندىن پۇش - پۇش قىلىپ تىنغاندىكى تىنۇش چىقىپ تۇراتتى. بۇرنى ئاستىدا بولسا ئىككى قاناتقا تەڭ ئورۇنلىشىپ، ئوتتۇرىدىن تىلىنىپ كەتكەن بىر ئېغىزمۇ بار ئىدى، بۇ ئېغىزغا تازا قېنىق قىلىپ لەۋسۇرۇخ سۈركەلگەنىدى.

— شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى كەلدى! — دەپ توۋلىدى يالتىراق

قوڭغۇز چىرىلداق ئاۋازدا، — شاتۇتى مەلىكىنىڭ خوجايىنى ئالىيلىرى كەلدى!

شۇ ھامان مۇشۇكلەر چۆچۈپ ئويغاندى، ئىشىكتىكى كۆزلەرمۇ لاپپىدە ئېچىلدى، پەخىرىدىنگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— نېمىدېگەن سۆيۈملۈك يىگىت بۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلىقىمىزدىن بەك خۇرسەنمىز، — دېيىشتى بىر ئېغىزدىن.

ئارقىدىنلا مۇشۇكلەر ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشتى:

— مەن يېشىل كۆز خانقىز، — دېدى ئۇلۇك تەرەپتىكىسى يېرىم زوڭزىيىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياپيېشىل زۇمرەت پاتۇرۇپ قويغاندەكلا ئىدى.

— مەن كۆك كۆز خانقىز، — دېدى سول تەرەپتىكىسىمۇ يېرىم زوڭزىيىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆك، ئالماستەك نۇرلۇق ئىدى.

— مەن ئىشىك خانئايىم، — دېدى ئىشىكمۇ يېرىق كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ، — ئەمدى ھۇجرىڭىزغا مەرھەمەت خوجايىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىك «غىچ!» قىلىپلا ئېچىلىپ كەتتى، بوسۇغا ئىچىدە تۆت پۇتلۇق، تۆت قوللۇق، يۇمىلاق باشلىق كىيىم ئاسقۇ، مۇشۇكياپىلاق شەكىللىك چوڭ تام سائىتى، ھەرخىل رەڭلىك خۇشبۇي ئەتىرگۈللەر چىلاپ قويۇلغان ئالتۇن بېلىق شەكىللىك ئالتۇن لوڭقا، ئەگمە پۇتلۇق تومپۇچكا، بوينى ئۇزۇن ئاپتۇۋىدەك ئالتۇن چەينەك، ئۇنىڭ چۆرىسىدە پىيالىلەر، تۇتقۇچلۇق خىرۇستال ئىستاكانلار تىزىلغان تۆت پۇتلۇق شىرە، گۈل - نەقىشلىرى تولىمۇ نەپىس ئالتۇن جازىغا ئېلىنغان ئېللىپىس شەكىللىك بوي ئەينەك، تامغا ئاسىدىغان مەنزىرە گىلەم، مەنزىرە جازىسى، ئۇستەل چىرىغى ۋەھاكازا...... ئۆي مەنقۇلاتلىرى تىزىلىپ تۇراتتى، ئۇلار ھەممىسى تەڭلا يېرىم ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ياخشىمۇ سىز خوجايىن، سىزنى قارشى ئالىمىز، — دەپ تۋۋلاشتى.

ئۇلارنى كۆرۈپ پەخىرىدىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئىشلىتىدىغان بۇ

بۇيۇملارنىڭ جېنى بار نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. بىراق، شاتۇتى مەلىكە قىلچە ئەجەبلەنمىگەن هالدا ئۇلارغا چاقىۋاقىدى:
— مەنمۇ بار، كۆزى كورلار! مېنى كۆرۈشمىدىڭما؟
— كەچۈرۈڭ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېيىشتى هېلىقىلار قايتىدىن يېرىم ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىپ، — قائىدە بويىچە ئاۋۋال خوجايىنغا سالام بەردۇق.
— ئەمدى ئورنۇڭلارغا قايتىڭلار، — دېدى شاتۇتى مەلىكە غادىيىپ.
هېلىقىلار تاپۇر - تۇپۇر قىلىشىپ، دەرهال ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇنلارغا بېرىپ جايلاشتى، ئاندىن جېنى چىقىپ كەتكەندەك ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ كېتىشتى.
پەخرىدىن بوسۇغىدىن ئاتلىدى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ سوگدىشىپ كىردى، بۇ دالان ئۆيدەك قىلاتتى، چۈنكى ئۇدۇلدا قاناتسىز، يۇملاق ئەگمە ئىشىك ئىچىدە يەنە بىر ئۆي، ئوڭ - سولدا هەم يېپىلغان تاق قاناتلىق ئىشىكلەر بار ئىدى. تاملىرى قار گۈللىرىدەك گۈل - نەقىشلەر چېكىلگەن ئاپئاق، ئەينەكتەك سىلىق تاملار بولۇپ، ئىچىدىكى مەنقۇلاتلار بىر بولسا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان، گۆهەر-ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان، بىر بولسا خىلمۇخىل رەڭلىك خىرۇستاللاردىن ئويۇلغان، بىر بولسا رەڭگارەڭ زەر يىپلاردىن توقۇلغان توقۇلما ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆركەملىكى ۋە ئېسىللىقىغا گەپ كەتمەيتتى. قىرائەتخانا دېرىزىسى خىرۇستال ئەينەك ئىدى.
— بىر كۈننىڭ 10 سائىتىدە سىرتتىكى ئاي - يۇلتۇز، قۇياش نۇرلىرىنى ئۆي ئىچىگە ئۆتكۈزمەيدۇ، — دېدى كۆك كۆز تونۇشتۇرۇپ، — بۇ سېھىرلىك خىرۇستال ئەينەك، شۇ سەۋەبلىك سىرتتا پەقەتلا كېچە بولمىغان بىلەن، هۇجرا ئىچىدە بەلكى پۈتكۈل سىرلىق قەلئە ئىچىدە ئاز دېگەندە 10 سائەت كېچە بولىدۇ.
— ئۇدۇلدىكى قىرائەتخانىڭىز خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆزمۇ، — ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ چاي ئىچسىڭىزمۇ ياكى دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالسىڭىزمۇ، ياكى كىتاب كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ،

لازىمەتلىكلەر سىز ئىبغىز ئاچقان ھامان ئۆزى ئالدىڭىزغا ھازىر بولىدۇ، ياكى بىز خىزمىتىڭىزدە بولىمىز.

— سول تەرەپتىكى ئۇخلايدىغان ھۇجرىڭىز، — دېدى كۆك كۆز، — ئوڭ تەرەپتىكى بولسا يۇز يۇيۇش، يۇيۇنۇش ئۆيى، ھۇجرىلار سىرلىق قەلئەدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ياخشى ھۇجرىلار، ئۇلار ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئۆزىڭىزگىلا خاس، سىزنىڭلا خىزمىتىڭىزنى قىلىدۇ، ھەتتا ئىشىكلەرمۇ سىزگىلا ئېچىلىدۇ، سىز ئۈچۈن بۇ ھۇجرىلار ئەڭ تىنىچ، ئەڭ بىخەتەر، قولايلىق. ئەمدى يۇيۇنۇپ ئارام ئالغايسىز!

— ھازىر سائەت قانچە بولدى؟ — سورىدى پەخرىدىن.

شۇ ھامان قىرائەتخانىدىكى مۇشۇكياپىلاق سائەت جاۋاب بەردى:

— كېچە سائەت 12 دىن 36 مىنۇت، 18 سېكونت، 9 دەقىقە ئۆتتى.

پەخرىدىن يۇيۇنۇۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى بارلىقىنى ئويلىغىنىدا كىيىمىنى سېلىپ يۇيۇنۇشنى خالىمىدى، ھەممىسىنىڭ كۆزىچىلا يالىڭاچ يۇرۇپ قالىدىغانىدەكلا ھېس قىلدى.

— ئۇخلايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر سەل ئويلىنىۋېلىپ.

— بىراق، يۇيۇنۇۋالمىسىڭىز كارىۋىتىڭىز سىزنى ياتقۇزمايدۇ، — دېدى يېشىل كۆز.

— يوتقان - كۆرپىلەرمۇ سىزنى يېقىن يولاتمايدۇ، — دېدى كۆك كۆز، — چۈنكى، سىز ھازىر ھەممىدىن ئاۋۋال يۇيۇنۇشقا، سەپەر توزانلىرىدىن پاكلىنىشقا موھتاج.

پەخرىدىن ئامالسىز بويىنىدىن سۇرگەنىدەك يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىردى، بىراق بىلىكىدىكى شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ بىللىلا كىردى.

— سىلەر چىقىپ كېتىڭلار! — دېدى پەخرىدىن.

— خوپ خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — ياردىمىمىز كېرەك بولسا تارتىنماي چاقىرىڭ.

ئاندىن ئۇلار كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى، بىراق شاتۇتى مەلىكە بولسا نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىنىچە، نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن چىقىپ كەتتى.

پەخرىدىن يۇيۇنۇش ئۆيىگە نەزەر سالدى، ئۇدۇلدا ئاق قاشتاش بىلەن سىپىلىق ياسالغان كىچىك كۆلچەك بار ئىدى، كۆلچەككە تامدىكى گۈل شەكىللىك جۈمەكتىن سۇ چۈشىدىغاندەك ئىدى، تورۇستىمۇ سۇ پۈركۈيدىغان گۈل شەكىللىك جۈمەك بار ئىدى، ياندا يۈز يۇيۇش دېيىسى ئورنىتىلغان تومپۇچكا، تامدا بولسا داستىقا توغرىلانغان گۈل شەكىللىك جۈمەك بار ئىدى. يەنە تېخى تەكچىدە چىش چوتكىسى، چىش پاستىسى، ئەتىر سوپۇن، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى دېگەنلەر تىزىلغان، بۇلۇڭدىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تۆت پۇتلۇق، تۆت قوللۇق كىيىم ئاسقۇ جازىغا چوڭ - كىچىك يېپەك لۆڭگىلەر ئېسىلغانىدى.

— كۆلگە چۆمۈلەمسىز خوجايىن؟ — سورىدى شۇ چاغ تامدىكى جۈمەك.

— ياكى سۇ پۈركۈيمۇ؟ — دېدى تورۇستىكى گۈل شەكىللىك سۇ پۈركۈگۈچ.

پەخرىدىن تەمتىرەپ قالدى: «بۇ بەك قاملاشمىغان ئىش بولدى، بۇ نېمىلەر قاراپ تۇرسا قانداقمۇ كىيىم سالىمەن» دېدى ئىچىدە.

— بىز دېگەن پەقەت سۆزلىيەلەيدىغان ئۈسكۈنىلەر، — دېدى شۇ چاغ كىيىم ئاسقۇ تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، — خاتىرجەم كىيىمىڭىزنى سېلىۋېرىڭ، بىز ئۈچۈن كىيىم كىيگەن ھالىتىڭىزمۇ، كىيىمسىز ھالىتىڭىزمۇ بەرىبىر ئوخشاش، ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسىز.

پەخرىدىن ئاخىر كەش، پايپىقىنى سالدى، ئاندىن كۆڭلەك - ئىشتىنىنى سالدى، كالتە ئىشتان بىلەنلا قالدى.

— ئۇنىمۇ سېلىۋېتىڭ خوجايىن، — دېدى شۇ چاغ بىر بۇلۇڭدىكى شاھماتنىڭ گەردىسىگە ئوخشايدىغان بىر ھەيكەل. ئۇنىڭ شاھمات گەردىسىدىن بىر جۈپ قولىلا ئارتۇق ئىدى، — ھەممىنى يۇيۇۋېتىشىمىز كېرەك، سىرلىق قەلئەدە سىزگە باشقا كىيىم

بىرىلمەيدۇ، ئۆزىڭىز كىيىپ كەلگەن كىيىمنى كىيىۋېرىسىز، چۈنكى سىرلىق قەلئەدىكىلەرنىڭ كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئادىتى يوق.
«دېمىسىمۇ بۇ يەردىكىلەر ساپلا ھايۋانات، ئۇچار قانات ياكى ھاشارات تۇرسا» ئويلىدى پەخرىدىن «ئۇلار قانداقمۇ كىيىم ئالماشتۇرسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىيىمى ئۆز تېنىدىكى تېرە ياكى قاسراق، ئۇنى شىلىۋېتىپ، باشقىغا ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە، بۇنى بىلگەن بولسام كېلەر چېغىمدا بىرەر قۇر كىيىمىمنى ئېلىۋالاركەنمەن».
ئۇ ئاخىر ئاندىن تۇغما ھالىتىگە كەلدى، ئاندىن خۇددى قانچىلىغان كۆزلەر يالىڭاچ بەدىنىگە سەپسېلىۋاتقاندەك تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۆلچەككە چۈشۈپ:
— چۆمۈلىمەن، — دېدى تامدىكى جۈمەككە.
— ئىسسىق سۇمۇ ياكى سوغۇق سۇمۇ؟
— ئىلمان بولسىلا بولدى.
شۇ ھامان گۈل شەكىللىك جۈمەكتىن شارقىرىدە قىلىپلا كۆلچەككە ئىلمان سۇ قۇيۇلدى، كۆلچەك تېزلا توشتى، پەخرىدىن سۇغا چۆكتى، بەكمۇ راھەتلەندى، شۇ چاغ ئەتىر سوپۇنلار كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە سۈركىلىشكە باشلىدى، ئۇلارنى بىر كۆرۈنمەس قول كېلىپ سۈرتۈپ قويۇۋاتقاندەكلا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بويۇن ـ باشلىرىغا؛ بىرى كۆكرەك، مۈرە ـ گەجگىسىگە؛ بىرى قورساق ـ دۈمبىسىگە؛ بىرى پاچاق، يوتىلىرىغا سۈركەلدى. ھېچقايسىبىرى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىدى، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ بېشىغا قۇيۇلدى، ئاندىن بىر كۆرۈنمەس قول ئۇۋۇلىدى، بۇلار ھەممىسى تولىمۇ خۇش پۇراق ۋە راھەتبەخش ئىدى.
شۇ چاغ يەنە ھېلىقى گەردىگە ئوخشاش ھەيكەل قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پەخرىدىننىڭ كىيىملىرىنى كۆمۈش داسقا سالدى، تامدىكى بىر جۈمەكتىن داسقا سۇ قۇيۇلدى، تەكچىدىكى كىر سوپۇنى كېلىپ كىيىملەرگە سۈركەلدى، بىر خالتىدىن پاراشوك سوپۇن تۆكۈلدى، ئاندىن ھەيكەل كىيىملەرنى ئۇۋۇلاپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ يۇيۇشقا باشلىدى.

— يىرتىپمۇ قويارمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى پەخىرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ خوجايىن، — دېدى كىيىم يۇغۇچى، — يىرتىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى يىرتىق بولسىمۇ ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ.

پەخىرىدىن ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويغىنىغا خىجىل بولدى. ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن خۇشبۇي ھىد كېلىپ تۇراتتى، لۆڭگىلەر ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنى سۈرتۈپ قويۇشتى.

— كىيىملەر يۇيۇلۇپ بولدى، — دېدى كىيىم يۇغۇچى ئۇنىڭ كالتە ئىشتىنىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — بۇنى كىيىپ تۇرۇڭ، قالغانلىرىنى دەزماللاپ، ئەتە ئەتىگەندە يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

پەخىرىدىن كالتە ئىشتىنىنى كىيىۋالدى، ئاندىن يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددىنى كۆرۈپلا مۇشۇك خان قىزلار:

— ۋاھ! — دېيىشتى ھەۋەس بىلەن.

— يۈزى قىلىنلار! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقلىنىپ، — كۆزۈڭلەر تېگىپ كەتمىسۇن يەنە.

مۇشۇك خان قىزلار ۋىلىق - ۋىلىق كۈلۈپ قويۇشتى. پەخىرىدىن يەنە بىر ھۇجرا ئىشىكىگە ماڭدى، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ بەردى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار سوگدىشىپ بىللە كىردى.

پەخىرىدىن بۇ ھۇجرىنىڭ كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇلارنى بېغىشلايدىغان، ئازادە ھەم كۆركەملىكىدىن خۇرسەن بولدى. تورۇستا زىننەت چىرىغى بولۇپ، پوزا ئورنىدا بىردىن يالتىراق قوگغۇز بار ئىدى.

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن خوجايىن! — دېدى ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

ياندا بولسا ئاق يىپەك چىمىلدىق تارتىلغان شاھانە كارىۋات بار ئىدى. مۇشۇك خان قىزلار بېرىپ چىرايلىق يىغىپ قاتلاپ قويۇلغان كۆرپە - ياستۇق، يوتقانىنى بىر چىرايلىق سالدى، ئاندىن پەخىرىدىنگە يۈزلىنىپ:

— مەرھەمەت خوجايىن، بەدىنىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويامدۇق قانداق؟ — دېيىشتى قىزغىنلىق بىلەن.
— ھاجىتى يوق، رەھمەت، — دېدى پەخرىدىن.
— چىقىپ كېتىش! — دېدى شاتۇتى مەلىكە كارىۋات يېنىدىكى ئالتۇن قونداقتا ئولتۇرۇپ.
مۇشۇك خان قىزلار:
— ياخشى چۈش كۆرۈڭ! — دېيىشكىنچە كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كېتىشى ھامان ئىشىك يېپىلىپ قالدى. پەخرىدىن يوتقانغا كىرىپ ياتقان ھامان يالتىراق قوڭغۇزلار نۇر چېچىشتىن توختىدى، كارىۋات بېشىغا نەقىشلەنگەن بىر مۇزىكانتنىڭ قاپارتما سۈرىتى مۇڭلۇق ئەللەي مۇزىكىسى ياڭراتتى، سۇ پەرىسى قىياپىتىدىكى ناخشىچى بولسا كېرەك، تەڭكەش قىلىپ خويمۇ يېقىملىق ۋە ئارامبەخش ئەللەي ناخشىسى باشلىدى، بىراق شاتۇتى مەلىكە:
— جىم بولۇش! — دەپ چالۋاقىدى ئۇلارغا، — خوجايىن يا كىچىك بالا بولمىسا.
شۇ ھامان مۇزىكىمۇ، ناخشىمۇ چىپپىدە توختىدى ۋە:
— ئەجەب مىجەزى چۇسكىنا، — دېگەن غۇدۇراش ئاڭلاندى.
پەخرىدىن بولسا راھەتبەخش تۆشەك ئىچىدە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى ۋە ناھايىتىمۇ ئۇزاق، لېكىن شېرىن چۈشلەر قايىنىمىغا غەرق بولدى، چۈشىنىڭ ئاخىرىدا ھېلىقى سېھىرگەر ئۇستازنىڭ يېرىم گەۋدىسىنى يەنە كۆردى. ئۇنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەكلا ئىدى، تەبەسسۇملۇق چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.
— سېنى ئالدىڭغا چىقىپ كۈتۈۋالالمىدىم ئوغلۇم، — دېدى ئۇ يۇمشاق ئاۋازدا، — كەچۈرگىن، ئەپۇ سورىغىنىم بولسۇن بولسۇن ئۇچۇن ساڭا بىرنەرسە كۆرسىتەي، چوقۇم خۇش بولىسەن، — ئاندىن ئۇ ئاپئاق، لېكىن ئورۇق قوللىرىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان بىر يۇملاق ئەينەكنى كۆرسەتتى. پەخرىدىن ئەينەككە قارىغانىدى، ئۆز ئۆيىنى كۆردى. ئانىسى شۇ تاپتا ھېچنېمىدىن غېمى يوق تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر جايىدا، بىرلا پەخرىدىننىڭ

رامكىلانغان سۈرىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا نەرسىلەر يوق ئىدى.

— مەن ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمىغاندىمەنمۇ؟ — پەخرىدىن مەيۇسلىنىپ شۇنداق شىۋىرلىدى.

شۇ ھامان ئەينەكتە ئەمدى دوستى ئادىلجان كۆرۈندى. ئۇ پەخرىدىن بىلەن ئىلگىرى بىللە چۈشكەن سۈرەتكە قاراپ ئويغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، بىراق سۈرەتتە ئۇلا بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى پەخرىدىنگە تېگىشلىك ئورۇن بوش قالغان، گويا بۇ سۈرەتتىكى پەخرىدىنمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە كېتىپ قالغاندەكلا ئىدى.

— مەندىن سەنلا ئەنسىرەۋېتىپسەن، پەقەت سېنىڭلا ئېسىڭدە باركەنمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

شۇ ھامان سۈرەتتە ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىماسى پەيدا بولدى، ئاندىن داڭقېتىپ قالغان ئادىلجانغا قاراپ:

— خاتىرجەم بول دوستۇم، مەن ئامان - ئېسەن، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، بىز ھامان بىر كۈنى يەنە دىدارلىشىمىز، — دەپ خۇشال ھالدا قول پۇلاڭلاتتى - دە، — خەير - خوش، ئامان بولغىن! — دەپ تۇۋلىغىنىچە ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. سېھرىگەر ئۇستازمۇ، قولىدىكى ئەينەكمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ غايىب بولدى، چۈنكى سىرتتا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتكەنىدى.

شۇ چاغ يەنە سىرتتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى:

— ۋاقىت توشتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك، — دەۋاتاتتى بىرى. بۇ بىر ناتونۇش ئاۋاز ئىدى، — ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىشى كېرەك.

— ياق! ئۇ ئاخشام يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاندىن ئۇخلىغان، ياخشىراق ئارام ئېلىشى كېرەك، — دەۋاتاتتى بىرلىرى، بۇ مۇشۇك خان قىزلارنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ھېلىقى ناتونۇش ئاۋازنىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا ئۇنىماي:

— قاچان كېلىشى، قاچان ئۇخلىشى بىلەن كارىم يوق، بۇ دېگەن قائىدە. سىرلىق قەلئەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دەل سائەت 6 دە

ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك.

— كۆتۈر ئۇنداق قائىدەڭنى!— دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار،— ئۇ يېڭىلا كەلگەندىكىن بۇگۈنچە قائىدىگە بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ، تېز يوقال! بولمىسا ھېلى ۋايجىنىڭنى چىقىرىۋېتىمىز بىكار.

— يوقال! — بۇ ئىشىك خانئايىمىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

پەخرىدىن دەرھال تۇرۇپ كەتتى، كارىۋات يېنىدا كىيىم يۇغۇچىنىڭ يۆيۈپ دەزماللاپ يېپىيېڭى ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان كىيىملىرىنى پەتنۇستا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئۇخلاۋېرىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇزاقراق ئۇخلىۋېلىڭ، ھېلىقى گەپ ئاڭلىمايدىغان رودۇپايغا ئۆزۈملا چىقىپ تېتىيمەن.

— بولدى، ئەمدى ئۇخلىمايمەن، تېززەك سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ باققۇم بار، — دېدى پەخرىدىن كېرىلىپ قويۇپ.

— بۇياققا كىرىش! — توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە.

شۇ ھامان مۇشۇك خان قىزلار ھۇجرىغا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھازىرلا تېخى ئىشىك سىرتىدا بىرىسىگە ھۆرپەيگەندىكى ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ يوق، بەلكى بەك مۇلايىم ۋە ئىتائەتمەن قىياپەتتە ئىدى. ئۇلارنى تۇنجى كۆرگەن كىشى مۇشۇ ھالىتىگە قارىسىلا: «بۇلار ئۆمرىدە بىرەر چۈمۈلىگىمۇ ئازار قىلمىغان، ھەتتا بىرەرسىگىمۇ ئۈنلۈك سۆزلەپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك» دەپ قالاتتى.

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى ئۇلار، — قوڭغۇراقچى سىزنى «ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك» دەپ توۋۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن سەل قىزىرىشىپ قالدۇق، ئارامىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويغىنىمىزنى كەچۈرۈڭ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخرىدىن، — ھاجەتخانا قەيەردە؟

شۇ تاپتا ئۇنىڭ زادىلا ھاجىتى قىستىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى ئۆز ئۆيىدە كۈندە ئەتىگىنى تۇرۇپلا ھاجەتخانىغا كىرىپ-چىقىپ كۆنۈپ قالغىنى ئۈچۈن شۇنداق سورىغانىدى.

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆز، — سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، بىزنىڭ سىرلىق دۇنيادا ھاجەتخانا يوق، چۈنكى

ھېچكىم ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردە يەپ - ئىچىش بولمايدۇ، يەپ - ئىچىش بولىدىغان دېگەندىمۇ قورساق تويغۇزۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەمنى تېتىپ بېقىشقا قىزىقىپ ياكى ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە يەپ - ئىچىپ قويىدۇ، يىگەن - ئىچكىنى بولسا سىڭىپلا كېتىدۇ، سىرتقا چىقىرىدىغان قالدۇقى بولمايدۇ، بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئوزۇقىمىز.

— چۈشەندىم، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈمسىرەپ، — بۇمۇ ياخشى بولغىنى، — ئاندىن ئۇ كىيىنىشكە تۇتۇندى. مۇشۇك خان قىزلار دەرھال كېلىپ، ئۇنى شاھزادىلەرنى كۈتكەندەك ئۇنىڭغا ياردەملەشتى، ئۇلارنىڭ تولىمۇ قىزغىن، مۇلايىملىقىغا قاراپ ئۇ: «نېرى تۇر» دېيىشكە تىلى بارمىدى، بىراق شاتۇتى مەلىكىنىڭ بۇنىڭغا قورسىقى كۆيۈپ، پەيلىرى ھۇرپىيىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ كىيىنىشكە ياردەملىشىش ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بولغاچقا، باشقا ياققا قارىۋېلىپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالدى. مۇشۇك خان قىزلار بولسا پەخرىدىنگە كىيىملىرىنى ئۆزىلا كىيدۈرۈپ، تۈگمىلىرىنىمۇ ئېتىپ قويۇشتى. ئەتىر سېپىلگەن پايپاق ۋە مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن كەشلىرىنىمۇ ئالدىرىماي كىيدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ خېنە ياققان قوللىرى پاختىدەك يۇمشاق، ھېلىلا بىرسىنى مورلىماقچى بولغان تىرناقلىرى بىرىنىڭ شاپتۇل چېچىكى رەڭدە، بىرىنىڭ ئانار گۈلى رەڭدە لاكلانغان، لېكىن زادىلا تاتىلاپ سالمايتتى، بەلكى يۇمشاق تېگەتتى.

پەخرىدىن كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن شاتۇتى مەلىكە كېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە قوندى، ئاندىن مەغرۇرلۇق بىلەن مۇشۇك خان قىزلارغا قاراپ قانات قېقىپ قويدى، ئىشىك پەخرىدىن يېقىنلاشقان ھامان:

— خەيرلىك سەھەر خوجايىن! — دەپ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى.

پەخرىدىن دالانغا چىقتى، قىرائەتخانىغا كىرگەندى، ھەممە نەرسىنىڭ جايى - جايىدا رەتلىك قويۇلغىنىنى كۆردى. ئۆيدىكى ھەممە نەرسە تەڭلا:

— خەيرلىك سەھەر خوجايىن! — دېيىشتى سالام بېرىپ.

— خەيرلىك سەھەر، — دېدى پەخىردىنمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئاندىن، — سىلەردىن ئۆتۈنىسەم، رەنجىمىسەڭلار بۈگۈندىن كېيىن مەن گەپ سورىمىغۇچە گەپ قىلمىساڭلار، تەلەپ قىلمىغۇچە ئورنۇڭلاردا تۇرۇۋەرسەڭلار، ئىلگىرى شۇنداق مۇھىتقا كۆنۈپ قالغانىدىم.

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ بويىچە بولىدۇ خوجايىن، — دېيىشتى ئۇلار، — ھازىردىن باشلاپ بۇيرۇقىڭىزنى ئىجرا قىلىمىز.

پەخىردىن قىرائەتخانىنىڭ كەڭ ۋە سۈزۈك خىرۇستال ئەينەكلىك دېرىزىسىدىن سىرتقا نەزەر سالدى. شۇ تاپتا ئۇ قەلئەنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە تۇرغانىدەكلا ئىدى، چۈنكى دېرىزە تۈۋىنىدە گۈمبەزلەرنىڭ قۇببىلىرى ۋە مۇنارلارنىڭ چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نېرىدا بولسا تولىمۇ تۈۋەندە زۇمرەتتەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان كۆل يۈزى ۋە كۆل ئەتراپى مەنزىرىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پەخىردىن كەينىگە يېنىپ ھۇجرىسىدىن چىقتى، كارىدوردا ھېچكىم يوق ئىدى. تاملاردىكى يىرتقۇچلارنىڭ باش ھەيكەللىرى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشتى، ئاندىن كۆز - قۇلاق، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ، بىر - بىرىگە ئىما - ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى.

— ئەدەپسىزلەر!— توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن،— تېخى بىزنى كۆزىمىزچىلا ئىما - ئىشارەت بىلەن زاڭلىق قىلىشىۋاتقىنىنى.

شۇ ھامان ئىشىك تۈۋىدە تولىمۇ مۇلايىم، رايىشلىق بىلەن قول باغلاپ تىك تۇرۇشقان مۇشۇك خان قىزلار ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، بىرنەچچە ھەيكەلنىڭ يۈزلىرىنى مورلاپ، ئېغىز - بۇرنىنى يوقلا قىلىۋەتتى. قورقۇنچلۇق بۇ يىرتقۇچلارنىڭ باش ھەيكەللىرى خەنجەردەك چىشلىرى ۋە نەيزىدەك مۈڭگۈزلىرىنى ئىشقا سالمايلا يەنە چاقماقتەك ئۆز ئورنىغا قايتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىلگىرىكى مۇلايىم ھالىتىدە قول باغلاپ تۇرۇشتى.

— خوپ بولدى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، مۇشۇك خان قىزلارغا قارىدى ۋە، — بىزنى ساقلاڭلار ئوماقلىرىم، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— خوپ، مەلىكە ئالىيلىرى! — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار ئەركىلىگەندەك.

پەخىردىن ئەمدى كارىدورنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭدى، بىراق ئالدىدا ئەمدى يا يول يوق، يا ئىشىك، بەلكى يوغان بىر ئالتۇن رەڭلىك شىر ئاغزىنى هاڭگىرقاي ئېچىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىڭ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — قورقماي بىمالال كىرىۋېرىڭ.

بىراق، شىرنىڭ ئاغزىغا پەخىردىن پاتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا شىرنىڭ ئاغزى بىردىنلا يۇمۇلۇشقا باشلىدى.

— تېز بولۇڭ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىرىتىپ، — ئۇ ئاغزىنى يۇمۇۋالسا بۇ كارىدوردىن چىقالمايمىز.

پەخىردىن تەۋەككۈل قىلىپ دەرھال شىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۇمتۇلدى، شۇ هامان بۇ ئېغىز يوغان بىر دەرۋازىدەك بىلىنىپ، بىمالال كىرىپ كەتتى ۋە بىر زالغا چىقىپ قالدى. بايىقى ئىشىك غايىب بولدى، بىراق زالنىڭ تورۇسىدىن تۆۋەنگە تۈتىشىدىغان پەشتاق بار ئىدى، پەشتاقلار بولسا ناهايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىدىرلاۋاتاتتى.

— تېز مېڭىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە جىددىيلىشىپ، — پەشتاقلار غايىب بولغۇچە پەسكە چۈشۈۋېلىڭ.

پەخىردىن دەرھال پەشتاقلار بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بىردىن يەنە بىرىگە چۈشۈپ بولۇشى كەينىدە قالغىنى غايىب بولۇپ، ئورنىدا بىر بوشلۇق قالاتتى، شۇڭا ئۇ يۈگۈرگەندەك تېزلىك بىلەن تۆۋەنگە چۈشتى، كەينىدىكى پەشتاقلارنىڭمۇ يوقىلىش سۈرئىتى تېزلەشتى. ئاخىرقى پەشتاقتىن چۈشكىنىدە پەقەت ئەڭ يۇقىرىدىكى شەپكىنىڭ چېكىلىكىدەك بىر جايلا قالدى، بۇ ئۇلار شىرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپلا پۇت قويغان جاي ئىدى.

زال قۇپقۇرۇق ئىدى، نە بۇلاردىن باشقا مەخلۇقات، نە تورۇستىكى ئاسما چىراغلاردىن باشقا مەنقۇلات كۆرۈنمەيتتى. تورۇستىكى ئاسما چىراغلارنىڭ لامپۇچكىلىرى ئورنىدا تۇپتەك - تۇپتەك يالتىراق

قوڭغۇزلار ئۇخلاپ ياتاتتى.
— ئۇلار كىچىچە خىزمەت قىلىپ هارغان گەپ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە چۈشەندۈرۈپ، — شۇڭا كۈندۈزى ئۇخلىشىدۇ.
— بۇ قەيەر؟ — سورىدى پەخرىدىن ئەجەبلىنىپ.
— كىچىلىك قىرائەتخانا، باشقىلارنى بۇ يەردە پەقەت كېچىسىلا كۆرەلەيمىز.
— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇم يوق، — دېدى پەخرىدىن زېرىكىش هېس قىلىپ، — مېنى تېززەك سېھىرگەر ئۇستازنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار.
— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە خىجىللىق بىلەن، — بۇ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇنلىيالمايدىكەنمەن، چۈنكى خىزمەت قوللانمامدا بۇ هەقتە هېچنېمە يوقكەن، «سېھىرگەر ئۇستاز» دېگەننىمۇ بىرىنچى قېتىم سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەن تېخى، ئەگەر خالىسىڭىز باشقا جايلارغا ئېلىپ باراي.
— قېنى ماڭايلى! — دېدى پەخرىدىن تەقەززالىق بىلەن.
شاتۇتى مەلىكە ئۇنى باشلاپ زالنىڭ بىر تەرىپىگە ئېلىپ باردى، تامدا بىر - بىرىگە يانداش ئۈچ كاللا بار ئىدى. بىرى شىرنىڭ، بىرى ئەجدىھانىڭ، بىرى يولۋاسنىڭ ئىدى، بۇ ئۈچ باش توختىماستىن كىمنىڭدۇر غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتاتتى.
— بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۈچۈپ بېرىپ.
— بىكار ئەمەسلىكىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى شىر بېشى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ.
— هۇ ئەدەپسىز! — دېدى شاتۇتى مەلىكە قاناتلىرى بىلەن شىرنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، — مەلىكىگە شۇنداق گەپ ياندۇرۇشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى.
— كەچۈرسىلە مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى شىر بېشى ئۇنىڭ تاجىسىغا قاراپ قويۇپ، — بىلمەي قاپتىمەن.
— توغرا، بىزمۇ بىلمەي قاپتىمىز مەلىكە ئالىيلىرى، — دېيىشتى ئەجدىها بېشى بىلەن يولۋاس بېشىمۇ مۇلايىملىق بىلەن، — شاتۇتى

خان جەمەتىدىن بىر مەلىكە تۇخۇمدىن چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، لېكىن ئۆزىنى كۆرمىگەنىدۇق، مانا ئۆزلىرى ئىكەنلىكلىرىنى ئەمدى بىلدۇق، ئەمدى بۇنداق ئەدەپسىزلىك قايتا يۈز بەرمەيدۇ.

— سىلەر كىم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە ئەمدى ئاچچىقى يېنىپ.

— بىز زالنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، — دېدى شىر بېشى جاۋاب بېرىپ.

— بۇ يەردە ھازىر ھېچنېمە بولمىسا، — دېدى يەخرىدىن ئەجەبلىنىپ، — نېمىنى مۇھاپىزەت قىلىسىلەر؟

— بۇ يەردە دەل ھېچنېمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ۋە باشقىلار مۇھاپىزەتچىلىككە قويۇلغان.

— يەنە كىملەر بار ئىدى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە زالغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، — پۈتۈن زالدا سىلەر ئۈچ كاللىدىن باشقا مۇھاپىزەتچى كۆرمىدىمغۇ؟

— كەچ كىرگەندە ھەممىسى ئېنىق بولىدۇ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يولۋاس بېشى، — بىز كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدا ئىشلەيمىز، كەچ كىرگەندە ئورنىمىزغا باشقىلار ئالمىشىدۇ.

— بىز بۇ يەرگە باشقىلارنىڭ بىرنەرسە ئەكىرىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، بولمىسا كىچىسى قىرائەتخانىغا كىتاب - ژۇرنال دېگەنلەر كەلگىلى ئۇنىماسمىش، — دېدى ئەجدىھا بېشى.

— ئورۇندۇق - شىرەلەرمۇ كەلگىلى ئۇنىماسمىش، — دېدى يولۋاس بېشى تولۇقلاپ.

— چۈنكى، باشقا نەرسىلەر قويۇپ قويۇلسا كېچىسى قىرائەتخانىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزارمىش، — دېدى ئۈچ باش تەڭلا يەنە.

— مەن تېخى سىلەرنى ئىشىك باقارلارمىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بىز زالدىن قانداق چىقىپ كەتسەك بولار؟

— ئىشىك يوق، — دېدى شىر بېشى، — ھەركىم كىرىپ - چىقماقچى بولسا، ئۆزى ئىشىك ئېلىپ كېلىدۇ ياكى ئەپسۇن ئوقۇپ ئىشىك پەيدا قىلىدۇ.

— ئۆنداقتا ماڭا ئەپسۇن ئوقۇپ ئىشىك پەيدا قىلىپ بېرىڭلار، — دېدى پەخرىدىن، — مەن بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەكچى.

— مۇشۇ بىرلا قېتىم ياردەم قىلايلى! — دېدى ئۈچ باش بىر هازا مەسلىهەتلەشكەندىن كېيىن.

ئاندىن شىر بېشىنىڭ يېنىدىكى تامدىن شىرنىڭ بىر ئالدى پۇتى چىقتى، بۇ پۇت بىر ئالتۇن رەڭلىك تاياقچىنى چىڭ سىقىمدىۋالغانىدى. شىر بېشى بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ تامغا شىلتىندى، تاياقچىدىن نۇر چاقناپ، تامدىن شىر پاتقۇدەك كامار ئېچىلدى.

— كىرىڭلار، — دېدى يولۋاس بېشى، — ئىشىك سېهىر قىلغۇچىغا لايىق ئېچىلىدۇ، تېز كىرىۋېلىڭلار.

پەخرىدىن دەرهال كامارغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا شاتۇتى مەلىكىمۇ كىردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچ باشنىڭ:

— بۇ ئىشنى هېچكىمگە ئېيتماڭلار، چۈنكى بۇ قائىدىگە خىلاپ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بىراق ئاۋاز تولىمۇ ياڭراق بولۇپ، سىرلىق قەلئەنى زىلزىلىگە سالدى، بۇ گويا ئېيتماڭلار دېگەن گەپنى هەممىگە ئاڭلاتقان بىلەن باراۋەر ئىدى.

پەخرىدىن چاققانلىق بىلەن يەنە بىر كارىدورغا چىقىۋالدى، بىراق شاتۇتى مەلىكە چىقىپ بولغۇچە كامار غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ پوكىنىغىچە تام سىرتىدا، قۇيرۇق تەرىپى تام ئىچىدە قالدى.

پەخرىدىن ئۇنى تارتىپ چىقارماقچى بولغانىدى، مۇمكىن بولمىدى، «قانداق قىلارمىز؟» دېدى ئۇ تىت - تىت بولۇپ.

— هېچقىسى يوق خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — هامان قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرسى چىقىدۇ.

— ئۇنىڭغىچە سىقىلىپ ئۆلۈپ قالمىساڭلا بولاتتىغۇ، — دېدى پەخرىدىن.

— پەقەتلا سىقىلمىدىم، چىقىپ كېتەي دېسەم كامارغا بېشىم پېتىپ، باشقا يېرىم پاتماي كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى پەخرىدىن هەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ.

تۆتىنچى باب

# سېھرگەرلەر كۆتۈپخانىسىدا

كارىدوردا يەنىلا ئۇلاردىن باشقا بىرى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ پەقەتلا يولۇقۇپ باقمىغان كارىدور ئىدى. تاملىرىدا خىلمۇخىل جانىۋارلارنىڭ رامكىلانغان سۈرەتلىرى بولۇپ، ئۇلار شاتۇتى مەلىكنى ئىما - ئىشارەت قىلىپ كۆلۈشكە باشلىدى.

— خەپ سىلەرنى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن، — قۇتۇلۇۋالغاندىن كېيىن ھەممىڭنى تىتما - كاتاك قىلىۋەتمىسەم.

ئۇنىڭ پوپوزىسىدىن قورقتىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ رامكىلاردىكى جانىۋارلارنىڭ سۈرەتلىرى جىمىقىپ قېلىشتى. شۇ چاغ كارىدورنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك ئىشىك پەيدا بولۇپ، بىر غاز چىقىپ كەلدى، ئۇ چىقىشى بىلەن ئىشىك قومۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا قىسىلىپ قالدى.

— ھەي! — چاقىردى پەخرىدىن ئالدىراپ. بىراق غاز:

— كەچۈرگىن قەدىرلىكىم، ئىشىكىم ساڭا ماس كەلمەيدۇ، — دېگىنىچە ئىشىكنى يەنە بىر تامغا چاپلىدى - دە، كىرىپ كەتتى، ئۇ كىرىپ بولۇشى ھامان ئىشىك يوقاپ كەتتى.

پەخرىدىن مەيۈسلىنىپ تۇرغانىدى، كارىدورنىڭ يەنە بىر بېشىدىن قولتۇقىغا كىتاب قىستۇرۇۋالغان بىر قىزىل خوراز تامنى تېشىپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى - دە، ئالدىراش بۇ تەرەپكە كەلدى، بىراق پەخرىدىنگە دىققەت قىلمىدى، خۇددى بۇ يەردە ئۆزىدىن باشقا بىرى يوقتەكلا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بويى پەخرىدىن بىلەن تەڭ بولۇپ،

تولىمۇ يوغان، بەستلىك ئىدى.

— ھەي! — ۋارقىرىدى پەخرىدىن ئۆزىنىڭ كەينىدىن، — ماڭا ياردەم قىلىۋەتسەڭچۇ.

— نېمە؟ — چۆچۈپ، سەكرەپ كەتتى قىزىل خوراز، — گەپ قىلغان قايسىلىڭ؟ — ئۇ تامدىكى سۈرەتلەرگە قاراپ چىقتى، بىراق سۈرەتلەردىكى جانىۋارلار قىمىرلىماي قالغاندەك تۇرۇشاتتى، — گەپ قىلىش! — دېدى قىزىل خوراز يەنە، — بولمىسا چوقۇلىۋېتىمەن جۇمۇ.

— گەپ قىلغان مەن، — دېدى ئۆزىنىڭ ئۆدۈلىدىكى جازىغا ئېلىنغان سۈرەت ئىچىدىكى بىر جۈپ قوشماق ئۆردەك تەڭلا قاناتلىرىدا ئىما قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن نىلۇپەر گۈللىرىمۇ تەستىقلىغاندەك باش لىڭشىتتى.

قىزىل خوراز ئەمدى پەخرىدىنگە يۈزلەندى، ئۇنى تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، يەنە تېخى كىتاب ئارىسىدىن بىر لوپا ئەينەكنى چىقىرىپ، پەخرىدىنگە لوپا ئەينەك ئارقىلىق سىنچىلاپ قارىدى. ئارقىدىنلا لوپا ئەينەكنى كىتاب ئارىسىغا تىقىۋېتىپ، يەنە بىر تىڭشىغۇچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى، تېخى قول بېغىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، بۇرنىغا كىچىك بىر ئەينەكنى تۇتۇپمۇ باقتى، ئاخىرىدا كەينىگە بىر قەدەم شوخشۇپ:

— سەن تىرىكمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە ئىشەنچ قىلالمىغاندەكلا.

— شۇنداق! — دېدى ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىدىن كۈلگۈسى كېلىپ تۇرغان پەخرىدىن، بىراق ئۇنى رەنجىتىپ قاچۇرۇپ قويماي دەپ كۈلكىسىنى زورىغا باستى.

— يا رەببىم! — دېۋەتتى قىزىل خوراز، — بۇ يەردە تىرىك ئادەمنى ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— نېمە! بۇ يەردە ئادەملەر يوقمىدى؟ — سورىدى پەخرىدىن تەئەججۇپ بىلەن.

— بۇ يەردە ھايۋانات، ئۇچار قانات، ھاشاراتلار بار، يەنە

ئۆسۈملۈك تۈرىدىكىلىرىمۇ بار، ساڭا ئوخشاش تىرىك ھەم پۈتۈن ئادەمنى بۈگۈنلا كۆرۈشۈم.

— ساڭا بۇ يەردە تۇرغىلى قانچە يىل بولدى؟ — سورىدى پەخرىدىن قىزىقىپ.

— 1000 يىل، — دېدى قىزىل خوراز پەخىرلەنگەندەك.

— 1000 يىل، — پەخرىدىن ئۇنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىۋاتقىنىغا قاراپ ئىشەنمەي تۇرالمىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى.

— 1000 يىل، — دېدى قىزىل خوراز تەكرارلاپ، — سەنچۇ؟

— تېخى تۇنۇگۈن كەلدىم.

— قانچىگە كىردىڭ؟

— ئەمدىلا 18 گە كىردىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، سەن مېنىڭ 982- ئەۋلاد چۈجىلىرىم بىلەن تەڭتۇش ئىكەنسەنغۇ؟

— سېنىڭ نەچچە مىڭلىغان نەۋرە - چەۋرىلىرىڭ باركەن - دە، — سورىدى پەخرىدىن زوقلىنىپ، — ئۇلارنى كۆرسەڭمۇ تونۇپ بولالماسسەن.

— شۇنداق! — دېدى قىزىل خوراز ئەمدى كىتاب ئارىسىدىن بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئۇ خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىدىغاندەكلا ئىدى، — چۈنكى، ئۇلاردىن بىرسىمۇ يوق، مەن تېخى توي قىلمىغان. نېمىشقا دېسەڭ، ئاشۇ قېتىملىق ۋەقەدە مېنىڭ گۈزەل ئاق مېكىيانچىقىم قۇربان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي - ساداقىتىم تۈپەيلى باشقا ھەرقانداق بىر مېكىيانىنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغان.

— قايسى ۋەقەنى دەۋاتىسەن؟

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى خوراز لىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، — دېمەيدىغان گەپنى دەپ تاشلاپتىمەن، ئۇنى تىلغا ئالسامىمۇ يۈرىكىم پوكۇلدايدۇ، بولدى، ئۇنى دېيىشمەيلى، مەن ساڭا ئاق مېكىيانچىقىمنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتەي، قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مېكىيان سۈرىتىنى پەقەتلا كۆرگۈسى يوق ئىدى.

بىراق، قىزىل خوراز بولسا قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا مېكىيان سۈرىتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى - دە، كىتاب ئارىسىنى بىرھازا ئاختۇرۇپ، خويمۇ نەپىس ياسالغان بىر ئالتۇن رامكىنى ئالدى، رامكا ئىچىدە ياپيېشىل چىملىق، چىملىقتا كىچىك بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، توختىماي پوپايكا توقۇۋاتقان، تۈك - پەيلىرى قاردەك ئاق، تاۋاردەك پارقىراق بىر مېكىيان تۇراتتى.

— ئۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى، — دېدى قىزىل خوراز ھاياجان بىلەن.

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى پەخرىدىنمۇ زورىغا.

— سەن ئۈچۈن پوپايكا توقۇۋاتىمەن قەدىرلىكىم، — دېدى ئاق مېكىيان ئىشنى توختاتمايلا، — قىش قەسىرىگە كىرىپ قالساڭ ئەسقاتىدۇ ئەمەسمۇ، بىراق ئۇنى زادىلا پۈتكۈزەلمەيۋاتىمەن.

— ھېچقىسى يوق سۆيۈملۈكۈم، — دېدى قىزىل خوراز رامكىنى باغرىغا بېسىپ، — ئۆزۈڭنى ئۈپراتمىساڭ ياخشى بولاتتى، سېنىڭ ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببىتىڭ مېنى ھەرقانداق سوغۇقتىن ساقلايتتى ئەمەسمۇ. ئۇ شۇنداق دەپلا يىغلىۋەتتى، ئاندىن «يىغلىغىنىمنى مېكىيانچىقىم كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەندەك، دەرھال رامكىنى كىتاب ئارىسىغا تىقىشتۇردى - دە، يەنە شۇ كىتاب ئارىسىدىن ئاپئاق قول ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— ماڭا ياردەم قىلغىن! — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ يەنە ئەزمىلىك بىلەن باشقا بىرنېمە كۆرسەتمەن دەپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، چۈنكى شۇ چاغدا خوراز يەنە كىتاب ئارىسىدىن بىرنېمە ئىزدەۋاتاتتى.

— نېمە! — دېدى قىزىل خوراز چۆچۈپ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ قانىتىنى كىتاب ئارىسىدىن تارتىۋالدى.

— ماڭا ياردەم قىلىپ تۇتىنقۇشۇمنى تامدىن چىقىرىپ بەرسەڭ! — دېدى پەخرىدىن.

— ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى قىزىل خوراز شاتۇتى مەلىكىگە قاراپ قويۇپ، شاتۇتى مەلىكە شۇ تاپتا ئۇخلاپ قالغاندەكلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇراتتى، — ئۆلۈپ قالدىمۇ تېخى.
— مەن ئۆلمىدىم! — دەپ توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە دەرھال كۆزلىرىنى ئېچىپ، — ھۇ شۇم ئېغىز.
— سەن مويسىپىتلەرنى ھۆرمەتلەشنى ئۇگىنىۋال، — دېدى قىزىل خوراز تەنبىھ بەرگەن ئاھاڭدا، — رەھمەتلىك ئاق مېكىيانچىقىم بەك ئەدەپ - قائىدىلىك، مۇلايىم ئىدى، ئىسىت، ھايات بولغان بولسا ساڭا ئوبدانلا ئۈلگە بولاتتى ئەمەسمۇ.
— ياردەم قىلغۇڭ بولمىسا كۆزۈمدىن يوقال! كوت - كوت قېرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن.
— مېنى كەچۈرگىن، — دېدى قىزىل خوراز پەخرىدىنگە، — بۇنداق ئەدەپسىز، تېرىككەكلەر ھېچقاچان ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇ ئاشۇنداق تام بېزىكى بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن.
ئۇ شۇنداق دەپلا ئورۇندۇقنى كىتاب ئارىسىغا تىقىۋېتىپ كېتىشكە تەمشەلدى.
— ھېچبولمىغاندا نېمە قىلسام بولىدىغىنىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى پەخرىدىن ئۇنى توسۇۋېلىپ.
— سېھىر ئۆگەن! — دېدى قىزىل خوراز، ئاندىن ئۇ كەينىگە يېنىپلا كەلگەن تەرىپىگە كەتتى، كېتىۋېتىپ كىتاب ئارىسىدىن بىر قىزىل تاياقنى ئالدى - دە، بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ ئالدىدىكى تامغا شىلتىغانىدى، تام يېرىلىپ قىزىل خوراز يېرىقىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھامان ئەسلىگە كەلدى.
— سەل مۇلايىمراق بولساڭچۇ، — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە كايىپ.
— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — سىزدىن باشقىلارغا مۇلايىم بولالمىغۇدەكمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كوت - كوت خوراز ماڭا پەقەتلا ياقمىدى.
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مېنــى تاشــلاپ كېتىۋېرىــڭ، ھامــان قۇتقۇزىــدىغان بىــرى چىقىدۇ، ئاندىن يەنە سىزنى تېپىۋالىمەن.
— سىنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ تاپتا كېتەي دېسەممۇ نەگە بېرىشنى، قانداق بېرىشنى بىلمەيمەن، بۇ تازىمۇ بىر ئىش بولدىغۇ ئەمدى.
— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەيۇسلۇك بىلەن، — ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولدى.
دەل شۇ چاغدا يېقىملىق ئىسقىرتقان ئاۋاز بىلەن تەڭ كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تام يېرىلىپ، بىر يولۋاس چىقىپ كەلدى، ئۇ تېخى بىر ئاق تۈلكىنى قولتۇقلىۋالغانىدى.
پەخرىدىن بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ سوتخانىدا زاسېداتېل بولغان يولۋاس بىلەن ئاقلىغۇچى بولغان تۈلكە خېنىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى.
— ياخشىمۇ سەن قەدىرلىكىم؟ — ئەھۋال سورىدى ئۇلار دوستانىلىق بىلەن.
— ياخشىمۇ سىلەر؟ — دېدى پەخرىدىنمۇ جاۋابەن، ئاندىن ئۇلارغا يول بوشاتقاچ، — بۇنىڭغا ياردەم قىلساڭلارچۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكىنى ئىما قىلىپ.
— تانىسىغا كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئۇلار بىر ئېغىزدىن، — كەچۈرگىن، بىر ئىشقا كېتىۋاتقانىدا ئىككىنچى بىر ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىش قائىدىگە خىلاپ.
ئۇلار شۇنداق دەپلا بىكار تۇرغان قوللىرىدا بىردىن تاياقچە پەيدا قىلىپ، نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ يەرگە شىلتىدى، شۇ ھامان كارىدورنىڭ ئاستىدا مەرمەر ياتقۇزۇلغان بىر ئىشىك پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى شوراپ ئەكىرىپ كەتتى، ئاندىن غايىب بولدى.
پەخرىدىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى، ئىچىدە ئۇلارنى تىللاپمۇ قويدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىدا يەنە يەردىن ئۇنگەندەكلا بىر بۈركۈت بىلەن ئاق توشقان پەيدا بولدى، بۈركۈت بىر قانىتى بىلەن توشقاننى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— تانسنى تولىمۇ نازاكەتلىك ئوينىدىڭىز توشقان خېنىم، — دەۋاتاتتى بۆركۈت خۇشامەت ئاھاڭىدا.

— سىزمۇ قالتىس ئىكەنسىز بۆركۈت ئەپەندى، — دېدى ئاق توشقانمۇ ناز بىلەن.

ئاندىن ئۇلار پەخرىدىن بىلەن شاتۇتى مەلىكىنى كۆرمىگەندەكلا كارىدورنىڭ قىزىل خوراز كەتكەن تەرىپىگە ماڭدى، پەخرىدىن ئالدىراپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ:

— ياخشىمۇ سىلەر؟ — دېدى ئەدەپ بىلەن.

— ياخشىمۇ سەن قەدىرلىكىم، — دېدى بۆركۈت توختاپ، — تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇياق ئاق توشقان خېنىم بولىدۇ، ئۇ خويمۇ سۆيۈملۈك، ساھىبجامال، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقكەن، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈمسىرەپ، كۆڭلىدە بولسا «ئۇ پەقەت سويۇپ، گۆشىنى پولۇغا بېسىشقىلا لايىقكەن» دەپ ئويلىدى.

— ياخشىمۇ سىز يىگىت، — دېدى بۆركۈتنىڭ ماختاشلىرىنى پەخرىدىنىڭ تەستىقلىغىنىدىن سۆيۈنگەن ئاق توشقان، ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ، — بۆركۈت ئەپەندى گېپىڭىزنى قىلىپ بېرىۋىدى، سىزدەك كېلىشكەن يىگىت بىلەن تونۇشقىنىمدىن خۇشالمەن، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى.

— شۇنداق، — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويغان بولساڭلار.

— بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شورى، — دېدى ئاق توشقان شاتۇتى مەلىكىگە چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ، — بىراق، ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا ياردەم قىلىشقا تەييارمىز، چۈنكى ھازىر باشقا ئىشىمىز يوق.

— شۇنداق، — دېدى بۆركۈتمۇ، — شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرىنى قۇتقۇزۇپ قويايلى دېسەكمۇ، ئامالىمىز يوق.

— چۈنكى، بىز قۇتقۇزۇش ئەپسۇنلىرىنى ئۆگەنمىگەن، — دېدى ئاق توشقان تولۇقلاپ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش قائىدىگە خىلاپ، — دېدى بۆركۈتمۇ.

— ئۇنداقتا ماڭا سېھىر قىلىشنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار، — دېدى پەخىردىن، چۈنكى ئۇ ئۇلارغا يېلىنغىنى بىلەنمۇ شاتۇتى مەلىكىگە ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— توغرا، — دېدى ئاق توشقان، — سېھىر ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېھىرگەر، سېھىرگەرلىكنى بىلمىگەنلەر بولسا يولنىمۇ تېپىپ ماڭالمايدۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ بەرمىگىنىمىزنى كەچۈرۈڭ، چۈنكى بۇ راستىنلا قائىدىگە خىلاپ. ئەگەر باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم قىلساق ئۇلار ھە دېسىلا باشقىلارغا تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، «ھەركىم ئۆزى يولۇققان مەسىلىنى ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن، سىزگە كەلسەك، بۇ بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇمۇ ۋاقىتلىق.

— بىز بىلەن ماڭغىن، — دېدى بۆركۈت، — سېنى سېھىرگەرلەر كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ بارايلى، ئۆزۈڭ سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ كېلىپ شاتۇتى مەلىكىنى قۇتقۇزغىن، بولمىسا ئۇ تام ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ.

— مېنى كەچۈرگىن، — دېدى پەخىردىن شاتۇتى مەلىكىگە، — سېنى بىر مەزگىل يالغۇز قويىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەيۈسلۈك بىلەن، — بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى، خىزمەت قوللانمىسىدىكى «ئۆزۈڭ ئاۋۋال سېھىرگەرلىكنى ئۆگەن» دېگەن بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلمىغانلىقىمدىن بولدى. بىرنۋېرىك، پەقەت مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۇنتۇمىسىڭىزلا بولدى.

پەخىردىن بۆركۈت بىلەن ئاق توشقانغا ئەگەشتى، ئۇلار كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا بارماي تۇرۇپلا بۆركۈت ئۇڭ قانىتىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىپ، بىر تاياقچىنى ئالدى - دە، بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ تۆۋەنگە شىلتىدى، شۇ ھامان مەرمەر ياتقۇزۇلغان يەر يېرىلىپ، ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى، لېكىن غازاڭدەك لەيلەپ چۈشۈپ، ھېچ يېرى ھېچنېمە بولمىدى. ئۇلار يەنە بىر كارىدورغا

چۈشكەندى، كاردور تاملىرىغا نەچچە ئونلىغان تاش ئەينەكلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، قارىغان ئادەم ئۇنىڭدا ھەرخىل ھەجۋىي قىياپەتلەردە كۆرۈنەتتى، تېخى ئەينەكتىكى ئەكسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپمۇ قوياتتى.

— ھەي! سەن نېمانچە ئورۇق، — دېدى ئۇنىڭ تۇرقىنى تۇلۇمدەك سېمىز كۆرسەتكەن ئەينەكتىكى سىماسى.

يەنە بىر تەرەپتە بولسا ئۇنىڭ تاياقتەك ئورۇق كۆرۈنگەن ئەكسىمۇ ئۇنى:

— پور سېمىز، — دەپ ئەيىبلىدى.

ئارقىدىنلا ھەممە ئەينەكتىن ئۇنى مەسخىرە قىلغان، ئەيىبلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، بىرى «دوزاخ شوتىسى» دېسە، بىرى «يەر پاپىسى» دەۋاتاتتى، بىرى «كالاچ ئېغىز» دېسە، بىرى «يوغان بۇرۇن» دەپ، يەنە بىرى بولسا «يوغان باش» دەپ چۇقان كۆتۈرەتتى...... ئەيتاۋۇر ھەربىرى ئۇنىڭغا بىر خىل ئەيىب - نۇقسان ئارتماقتا ئىدى.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — دەپ تووۇلۇۋەتتى پەخرىدىن ئاخىر سەۋر قاچىسى يېرىلىپ.

شۇ ھامان جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپلا ھەممە ئەينەكلەر چۇل - چۇل بولۇپ چېقىلىپ كەتتى. پەخرىدىن «ئەمدى بۇنىڭ سورىقى بولارمۇ» دەپ خاتىرجەمسىزلەندى.

بىراق، ئاق توشقان:

— ئۇلارغا پەرۋا قىلماڭ، — دېدى تەسەللى بېرىپ، — باشقىلارنىڭ سىز توغرۇلۇق نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئاخىر ئۇلار ئېغىزلىرىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ قالغىنىنىلا ھېس قىلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە نەتىجە چىقماقچىدى، ئەنە بىزنىڭ كارىمىز بولمىغانىدى، بىزنى ھېچنېمە دەپ يۇرمىدى. دەسلەپ بىزمۇ سىزگە ئوخشاش خاپا بولغان، كېيىن پەرۋا قىلماس بولدۇق، ئۇلار كەيپىياتىڭىزدا سەللا ئۆزگىرىش بولغىنىنى سەزسىلا ئەزۋەيلەپ كېتىشىدۇ.

پەخىرىدىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ئۈلارنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغان ئەينەك پارچىلىرىدىن:

— ۋايجان! قاراپ ماڭساڭچۇ، — دېگەن زارلانغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار بۇ كارىدورنىڭ يەنە بىر بېشىغا يەتتى، بۇ يەردە بىر ئىشىك بولۇپ، ئىشىكنى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بىر قارا ئېيىق توسۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ خورىكى ئىسكىرىپكا ئاۋازىدەكلا ئاڭلىناتتى.

— كىرىش بېلىتى ئېلىڭلار، كىرىش بېلىتى، — دېدى كۆزلىرىنى ئاچمايلا جۆيلۈۋاتقاندەك.

شۇ هامان بۈركۈت بىلەن ئاق توشقان سېھىرگەرلىك تاياقلىرىدا بىرسى بىر تال پېچىنە، يەنە بىرسى بىر تال گۈل پەيدا قىلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، ئېيىق پېچىنىنى ئاغزىغا سالدى، گۈلنى مەيدىسىگە تاقىۋالدى - دە، ئۇلارغا سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىپلا ئىككى تال بېلەت پەيدا قىلىپ بەردى، گۈل ئۇنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىگە سىڭىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى.

— پېچىنە قورساققا، گۈل يۈرىكىمگە، — دېدى ئېيىق يەنە جۆيلۈگەندەك.

بۈركۈت بىلەن ئاق توشقان ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ بېلەتلىرىدە بىردىن ئۇماققىنە ئېيىقچاقنىڭ سۈرىتى پەيدا بولۇپ:

— كىرىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز! — دېدى ئىشىكنى ئىشارەت قىلىپ، بىراق ئىشىك ئېچىلمىدى، شۇنداقتىمۇ بۈركۈت بىلەن ئاق توشقان ئالدىدا ھېچنېمە يوقتەك كېتىۋەردى، بىراق پەخىرىدىنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپلا ماڭغانىدى، ئىشىككە ئۇسۇۋېلىپ، پېشانىسىدە بىر ھۆررەك پەيدا بولۇپ قالدى. ئېيىقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، يەنە خورىكى باشلاندى، ئەمدى ئۇنىڭ خورىكى پۇشتەك چالغاندەكلا چىقىشقا باشلىدى، خۇددى بۇ بىر قۇتقۇزۇش سىگنالى بولغاندەك ھايالسىزلا بۇ يەرگە قىزىل ھىلال ئاي يۇلتۇز سۈرەتلىك ئاق خۇرۇم سومكا ئېسىۋالغان، بۈركۈتتەك يوغان بىر تۆمۈر تۇمشۇق يېتىپ كەلدى.

— ياربلانغان سەنمۇ؟ — سورىدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — ماگا يەنە بىر ئىش چىققىنىغا بەك خۇشالمەن، بىلەمسەن، مەن بىرەرسىنى داۋالاپ باقمىغىنىمغا خېلى ئۇزاق بوپتۇ، بۇ شەرەپلىك خىزمىتىمنى ئورۇنلاشقا پۇرسەت بولماي، بەكلا كۆڭلۈم يېرىم ئىدى، مانا پۇرسەتنى سەن ئاتا قىلدىڭ.

ئۇ توختىماي سۆزلىگەچ سومكىدىن بىر لوپا ئەينەكنى ئالدى - دە، پەخىرىددىننىڭ مۇرىسىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ، پېشانىسىدىكى ھۆررەكنى تەكشۈردى، ئاندىن:

— ئەپسۇس، ئىچىدە بىرەر تالمۇ قۇرت يوقكەن، — دېدى ئۈمىدسىزلىنىپ، — ئەگەر قۇرت بولغان بولسا مەن ئۇنى چوقۇلاپ چىقىرىۋالاتتىم، شۇنىڭ بىلەن سەللىمازا ساقىيىپ كېتەتتىڭ. قۇرت يوق دېگەنلىك، سەن ساق دېگەنلىك، بىراق زادى شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ بىلىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك.

— بىمارىمنى ئاۋارە قىلما، — دېدى شۇ چاغ قازاندەك يوغان بىر خانقىز ئۇچۇپ كېلىپ، —ئۇنى چوقۇم يوپۇرماق پىتى ئاغرىتقان گەپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى شۇ چاغ يەنە پەخىرىددىننىڭ ئايىغى يېنىدىلا بىر كىچىك قاقشال دەرەختەك بىر ياچىۋەك يەردىن ئۇنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، — ئۇنىڭغا چوقۇم باشقا زىيانداش ھاشاراتلار زىيانكەشلىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇ پاشا - كۇمۇتا دېگەندەكلەر بولسىلا يېۋېتىشكە مەن تەييار، — دېدى ۋاسكېتبولدەك چوڭ ھەم يۇملاق بىر يېشىل پاقا سەكرەپ كېلىپ، ئۇ تېخى دورا پۈركۈگۈچ كۆتۈرۈۋالغانىدى، — ھاشارات يوقىتىش دورىسى چېچىپ قويسامۇ بولىدۇ بولمىسا.

— چاشقان غاجىۋالغان بولسىچۇ؟ — دېدى ئارقىدىنلا بىر ئاق مۈشۈكياپىلاق ئۇچۇپ كېلىپ، — شۇنداق بولۇپ قالسا مەن داۋالىشىم كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە ناھايىتى تېزلا بىر توپ جانىۋارلار پەيدا بولۇشتى، ھەممىسى پەخىرىددىننىڭ پېشانىسىدىكى ھۆررەككە ئۆزىچە دىياگنوز قويۇشۇپ، ئۆز ئۇسۇلى بىلەن داۋالىماقچى بولۇشتى،

تالاش - تارتىشلىرى ئەۋجىگە چىقىپ كارىدورنى بېشىغا كىيىشتى.
— تالاشماڭلار! — توۋلىدى پەخرىدىن ئاخىر ئۇلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرىدىن بىزار بولۇپ.
شۇ ھامان قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ھەممىسى جىمىقىپ، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى.
— ئۇ گەپ قىلالايدىغان مەخلۇقكەن، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق بىرھازادىن كېيىن، — دېمەك، ئۇ دەرەخ ئەمەس، شۇڭا ئۇنى داۋالاشنى رەت قىلىمەن.
— توغرا! — دېدى خانقىزمۇ ئۇلاپلا، — ئۇ كېۋەزمۇ ئەمەس، شۇڭا مېنىڭ بىمارىم بولالمايدۇ.
— زىيانداش قۇرتلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى ياچىۋەكمۇ، — دېمەك، ئۇنىڭ كېسىلى مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدە ئەمەس، كىمكى مۇشۇ سەۋەبلىك مېنى ئەيىبلىسە مەن ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىمەن.
ئاندىن ئۇ ھەرىدەك قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى.
— پاشا - كۇمۇتىمۇ يوقكەن، — دېدى يېشىل پاقىمۇ كۆزۈلداپ قويۇپ، — دېمەك، ھاشارات يوقتىش دورىسى چېچىش ھاجەتسىز، مەنمۇ بىھۇدە ئاۋارە بولۇشنى خالىمايمەن.
— چاشقانمۇ غاجىمىغان، — دېدى ئاق مۇشۇكياپىلاقمۇ ئالمىدەك چوڭ كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — بەلكى ئۇ ئۆزى چاشقاننى غاجىۋالمىغان بولسىلا، ئەگەر كىمكى مۇشۇ سەۋەبلىك چاشقانغا تۆھمەت چاپلايدىكەن، مەن چوقۇم چاشقاننى ئاقلايمەن.
شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى شۇنداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قانداق كەلگەن بولسا، يەنە شۇ يول بىلەن كېتىپ قېلىشتى، پەخرىدىن چاقىرسىمۇ ھېچبىرى قۇلاق سالمىدى.
ئۇ ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي، تېڭىرقاپ تۇرغىنىدا:
— مەن كىچىكمىگەندىمەن، — دېدى تورۇستىن توككىدە قىلىپ يوغانلا بىر ئالتۇن رەڭلىك قۇلۇلە چۈشۈپ.
— ياق! — دېدى پەخرىدىن خۇشال بولۇپ، — دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ.

ئۇ ھەرھالدا يېنىدا بىرسىنىڭ پەيدا بولغىنىدىن خۇرسەن بولغان، ئاۋۇ ئېيىقنىڭ بولسا ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ ئاڭلىمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندى.

— مەن، — دېدى قۇلۇلە ئەزىملىك بىلەن، — بىرسىگە كېسەل تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قۇلۇللەرنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى دەپ قويغىلى كەلدىم. سەن ئېيتىپ باقە، راستىنلا شۇنداقمۇ ئەمەسمۇ؟ بىز قۇلۇللەر ئەزەلدىن ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزمىگەن، ئەكسىچە دائىم باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپلا تۇرىمىز، بەزىدە يۇمران ئەتلىرىمىزنى دەپ، بەزىدە ئەتىۋارلىق مەرۋايىتلىرىمىزنى دەپ، بەزىدە چىرايلىق قاپلىرىمىزنى دەپ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشىدۇ، بۇ نېمىدېگەن شەپقەتسىزلىك - ھە! مېلىمنىمۇ ئېلىڭ، جېنىمنىمۇ ئېلىڭ ......

— مەن ئەزەلدىن قۇلۇلىگە زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىغان، — دېدى پەخىردىن ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، — قۇلۇللەرمۇ ماڭا زىيان يەتكۈزۈپ باقمىدى، چۈنكى مەن قۇلۇلىنىڭ ئۆزىنى مانا ھازىرلا كۆرۈۋاتىمەن، بۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا بەزىدە بىيولوگىيە دەرسلىك كىتابىنىكى قىستۇرما سۈرەتلەردە، بەزىدە تېلېۋىزوردا بېرىلگەن «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگراممىسىدا كۆرۈپ باققان.

— راستىنلا شۇنداقمۇ؟ — سورىدى قۇلۇلە خۇشاللىق بىلەن قايتىلاپ.

— شۇنداق، — دېدى پەخىردىن، — چۈنكى، مېنىڭ ئۆيۈم دېڭىزدىن، قۇلۇللەر ياشايدىغان جايلاردىن بەكمۇ يىراقتا، ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە.

— ياخشى، ياخشى! — دېدى قۇلۇلە قېپى ئىچىدە تۇرۇپ بىرنەچچىنى پىرقىرىتىۋېتىپ، — سەن مەن ئويلىغاندىنمۇ ياخشى ئىكەنسەن، شۇڭا ساڭا بىر سوۋغات بېرەي دەيمەن.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى پەخىردىن قۇلۇلىنى كۆتۈرۈۋېلىپ سۆيۈپ قويغۇدەك بولۇپ.

قۇلۇلە ياڭاقتەك بىر تال نۇرلۇق مەرۋايىتنى قۇسۇپ چىقاردى،

ئاندىن:
— ئال، بۇ مىنىڭ سوۋغىتىم، ياقتۇرۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنىڭ بىلەن قىز دوستۇڭنى قالتىس سۆيۈندۈرۈۋېتىسەن، — دېگىنىچە قېپى ئىچىدىن قولىنى چىقاردى، ئۇنىڭ قولى ئاپئاق ھەم يۇمران قۇرتتەكلا ئىدى، تېخى قولىدا ئىنچىكە كويزىدەك ئاق تاياقچە سىقىملىۋالغانىدى. ئۇ تاياقچىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان يەر يۈتقاندەكلا غايىب بولدى، بىراق مەرۋايىت بولسا ئۆز ئورنىدا قالدى.
— مېنى لازىم قىلامسەن؟ — دېدى شۇ چاغ مەرۋايىت ئۈستىدە بىر كىچىك ئېغىز پەيدا بولۇپ.
— لازىم قىلىمەن، — دېدى پەخرىدىن ئالدىراپ.
— ئەمىسە يەردىن ئېلىۋالامسەن، مەن شۇنداق قىممەت باھالىق بۇيۇم تۇرۇقلۇق، ئەخلەتكە ئوخشاش يەردە تۇرۇۋېرەمدىم.
ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ رەنجىشلىك ئىدى، پەخرىدىن دەرھال مەرۋايىتنى قولىغا ئالدى - دە، ئېپىق تەرەپكە ماڭدى.
— مېنى ئاشۇ كالامپاي ئېپىققا سوۋغات قىلماقچىمۇ؟ — سورىدى مەرۋايىت يەنە.
— ئۇ چوقۇم سېنى ئەتىۋارلايدۇ، — دېدى پەخرىدىن.
— ھاماقەت، — دېدى مەرۋايىت غۇدۇراپ، — مېنى بىرەر ساھىبجامال مەلىكىگە ياكى گۈزەل پەرىگە سوۋغات قىلغان بولساڭ، چوقۇم مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن بولار ئىدىڭ.
بىراق، ئۇنىڭ غۇدۇراشلىرى پەخرىدىننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ھازىر پەقەت ئېپىقنىڭ مەرۋايىتنى قوبۇل قىلىپ، ئىشكىتىن كىرىش بىلىتى بېرىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىش كاللىسىغا كىرىپ چىقمايتتى.
ئۇ مەرۋايىتنى ئېپىققا تەڭلىدى، شۇ ھامان ئېپىقنىڭ خورىكى توختاپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى - دە، ئاخىر جامدەك چەكچىيىپ كەتتى، ئاندىن مەرۋايىتنى كاپ قىلىپلا ئالدى - دە:
— مەن بېيىپ كەتتىم، بېيىپ كەتتىم، ئەمدى بىلەت سېتىپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق، ئال، خالىغانچە ئېلىۋال، — دەپ چاچراپ

تۇرۇپ، بىرمۇنچە بىلەتنى سورۇۋەتتى ۋە بىرلا پىرقىراپ غايىپ بولدى.

پەخىردىن «كېيىن لازىم بولار» دەپ بىرمۇنچە بىلەتنى تېرىۋالدى، بىراق تېرىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، تېرىۋالغان بىلەتلەر بىرلىشىپ بىرلا بىلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

— پەقەت بىرسىلا يېتەرلىك قەدىرلىكىم، — دېدى بىلەتتىكى كىچىك ئېيىقچاق سۈرىتى كۈلۈمسىرەپ.

پەخىردىن ئامالسىز تېرىپ بولالمىغان باشقا بىلەتلەر بىلەن كارى بولماي، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. گويا نېپىز بىر قەغەز توسۇقنى بۆسۈپ كىرگەندەكلا ھېس قىلىپ، يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈپ قالدى.

بۇ تەرەپ ئاجايىپ كەڭ، ئازادە، ھەشەمەتلىك زال ئىدى، زالدا قاتار - قاتار كىتاب ئىشكاپلىرى بار بولۇپ، ئىشكاپلارغا نۇرغۇن كىتابلار رەتلىك تىزىلغانىدى، زالنىڭ تورۇسىدا بىھېساب كۆزلەر كۆزىتىپ تۇرغان بولۇپ، كۆزلەرنىڭ رەڭگى، شەكلى خىلمۇخىل ئىدى، تېخى بەزىلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى كىرپىكلەر پات - پات ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇراتتى. زالنىڭ تاملىرىدا بولسا رەسىم رامكىلىرى بار بولۇپ، رامكىلارنىڭ گاھىلىرىدا ئەر، گاھىلىرىدا ئاياللارنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى چاچ - ساقاللىرى ئۇچىنەك ئاقارغان بوۋايلار، بەزىلىرى بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان كېلىشكەن يىگىتلەر، بەزىلىرى ئېلىپتەك قەددى يادەك مۈكچەيگەن مومايلار، بەزىلىرى يېڭىلا رەسىدە بولغان سەرۋى قامەت بەرنا قىزلار ئىدى، بەزىلىرى مېھرى ئىسسىق، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالەتتە بولسا، بەزىلىرى قارىغان كىشىنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك مۇز تەلەت، بەتبەشىرە ئىدى، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ يېشى، جىنسى، ئىرقى، مىجەز - خاراكتېرى، چىراي - تۇرقى خىلمۇخىل ئادەملەر ئىدى.

پەخىردىن ئۇلارنىڭمۇ تورۇستىكى كۆزلەرگە ئوخشاش ئۆزىگىلا سەپسېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر كىتاب ئۇچۇپ كەلدى، ئۇنىڭ يېشىل رەڭلىك خۇرۇم قاپلانغان مۇقاۋىسىغا «مۇقەددىمە» دېگەن خەتلەر ئالتۇن ھەل بىلەن بېسىلغانىدى.

— مەرھابا! — دېدى كىتابتا بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ، — كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن، بايىلا بۆركۈت ئەپەندى بىلەن ئاق توشقان خېنىم سېنىڭ كىرىدىغىنىڭنى ئېيتقان، بىزمۇ كىرىشىڭگە تەقەززا ئىدۇق، بۇنىڭ سەۋەبىنى دېمىسەممۇ بولار، لېكىن ساقلىسام كىرمىدىڭ، شۇنىڭ بىلەن كەينىڭگە يېنىپ كەتكەن چېغى دەپ قاپتىمەن، بۆركۈت ئەپەندى بىلەن ئاق توشقان خېنىممۇ خاپا بولۇپ كېتىپ قېلىشتى، — دېدى سېغىزخان شاراقلىغاندەك ئاۋازدا.

— ساقلىتىپ قويغان بولسام كەچۈرگىن، — دېدى پەخرىدىن ئەدەپ بىلەن، — ئىشىك بېلىتى ئالالماي ھايالشىپ قالدىم.

— شۇنداقمۇ، — دېدى كىتاب ھەيران بولغاندەك، — ئىشىك باقارغا نېمىلا بەرسەڭ بولۇۋېرەتتىغۇ، يېنىڭدا بىرەر نەرسە يوقمىدى ياكى بېرىشكە قىيمىدىڭمۇ؟

— ئۇچامدىكى كىيىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق ئىدى، — دېدى پەخرىدىن خىجىللىق بىلەن.

كىيىمىڭنىڭ بىرەر تال تۈگمىسىنى بولامدۇ ياكى سۈغۇرۇۋالغان يىپى بولامدۇ، ئىشقىلىپ، بىرنەرسە بەرسەڭ بولۇۋېرەتتى، ھەتتا بىرەر تال چېچىڭنى يۇلۇپ بەرسەڭمۇ بولاتتى، ئۇنداقتا نېمە بېرىپ كىردىڭ؟

— مەرۋايىت، — دېدى پەخرىدىن، — ياڭاقتەك بىر تال مەرۋايىت، ئۇنىڭ گەپ قىلالايدىغىنىچۇ تېخى، ئۇنى بىر ئاق كۆڭۈل قۇلۇلە ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋەت بولمىغىنى ئۈچۈن سوۋغا قىلغان.

— مەرۋايىت! — دېدى كىتاب تىللىرىنى چاكىلداتقان ھالدا، — ياڭاقتەك چوڭلۇقتا دېگىن تېخى، ۋاي خۇدايىمەي، نېمانچە ھاماقەتسەن - ھە، شۇنداق قىممەتلىك نەرسىنى ئىشىك باقارغا بېرىپ بەكلا زايە قىلىۋېتىپسەنغۇ، ۋاي ئىسىت!

— زايە كەتمىدى، ھېچقىسى يوق، بۇ يەرگە كىرىپ سېھرگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەرقانچە قىممەتلىك نەرسە بولسىمۇ بەدەل قىلىشمىغا ئەرزىيدۇ، — دېدى پەخرىدىن كۆلۈپ كېتىپ.

— ۋاھ! — دېدى كىتاب دەرھال ئۈچۈپ كېلىپ، ئۇنى

ۋاراقلىرى بىلەن قوچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ، — ئاخىر قەدرىمىزگە يېتىدىغان بىرسىگە يولۇقۇپتۇق، سېنىڭ بىلىمنى قەدىرلەش روھىڭنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، مەن ئۇچراتقان باشقىلار بولسا دەل مۇشۇنداق روھنىڭ كەمچىللىكىدىن تۇزۇك بىرنېمە ئۆگىنەلمەي، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىلا كارغا كېلىدىغان ئادەتتىكى سېھىرگەرلەردىن بولالىدى، سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم، كەل، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ساڭا ئەڭ ياخشى بىر ئۇسۇلنى ئۆگىتەي، هازىر قايسى خىل سېھىرگەرلىكنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ شۇ خىل بىلىم خاتىرىلەنگەن كىتابنى ئال، ئاندىن ئۇنى خۇددى قاتلىما يېگەندەك يېۋەت، ئۇنىڭدىكى سېھرىي ئەپسۇنلار دىلىڭغا ئورناپ قالىدۇ، ئوقۇپ ئۆگىنىمەن دېسەڭ بىر كىتابنى بىر يىلدىمۇ ئۆگىنىپ بولالمايسەن.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى پەخرىدىن خۇشال بولۇپ.

— لېكىن، ئېسىڭدە تۇت، — دېدى كىتاب جېكىلەپ، — بۇ بىر سىر، باشقىلارغا ئېيتىپ قويما، بولمىسا كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى يېيىلىپ تۈگەيدۇ. بۇ كىتابلار ئەسلىي كۆندۈزى بۇ يەردە بولسا، كېچىسى قىرائەتخانىدا بولاتتى، ئۆگەنگۈچىلەر كېچىسى قىرائەتخانىغا بېرىپ ئۆگىنەتتى.

— باشقىلار ئۆزى ئاڭلاپ قالغان بولسىچۇ؟— سورىدى پەخرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى كىتاب كەسكىنلىك بىلەن، — چۈنكى، هازىر بۇ يەردە سەن، مەندىن باشقا هېچكىم يوق، ئەمدى ئۆزۈڭ خالىغان كىتابنى تاللاپ، مەن ئۆگەتكەن ئۇسۇل بىلەن ئۆزلەشتۈر. خەير - خوش قەدىرلىكىم، ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

— خەير - خوش! — دېدى پەخرىدىنمۇ كىتاب تاللاشقا ئالدىراپ. هېلىقى كىتاب بىردىنلا:

— ئازاد بولدۇم، ئەركىن بولدۇم! — دەپ توۋلىدى - دە، جارت - جۇرت قىلىپ يىرتىلىپ، تەڭگىدەك - تەڭگىدەك بولۇپ تورۇپ كەتتى، يىرتىقلىرى رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرگە ئايلىنىپ، تورۇسقا ئۆرلەپ، تورۇستىكى كۆزلەرگە يەم بولۇپ كەتكەندەك غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەستىن، كىتاب ئىشكاپلىرىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە «سېھىرگەرلىك تارىخىغا دائىر كىتابلار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان باغاقچە چاپلانغان، ئىشكاپقا ئالاھازەل بىرەر يۈزدەك توقۇمىغا ئوخشاش قېلىن كىتابلار تىزىلغانىدى.

— مېنىڭ تارىخ بىلەن خۇشۇم يوق، — دەپ ئويلىدى پەخرىدىن، ئەمەلىيەتتىمۇ مەكتەپتىكى مەزگىلىدە ئۇنىڭ تارىخ دەرسىدىكى نەتىجىسى ئەڭ تۆۋەن ئىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بۇ كىتابلارغا موھتاجمۇ ئەمەسمەن.

شۇ ھامان ھېلىقى كىتاب ئىشكاپى لاپ قىلىپلا ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى، ئىچىدىكى كىتابلاردىن قىيا - چىيا، نالە - پەرياد ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

پەخرىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ:

— ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى، ئوت كەتتى! — دەپ توۋلاپ باقتى، لېكىن ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىدىن باشقا ئىنكاس بولمىدى، ئۆزى ئوتنى ئۆچۈرۈۋالماقچى بولدى، لېكىن ئامال قىلالمىدى، چۈنكى بۇ يەردە ئوت ئۆچۈرۈشتە پايدىلانغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. ئاخىر كۆڭلىكىنى سېلىپ، ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرمەكچى بولدى، بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، بىراق ئوت باشقا ئىشكاپلارغا تۇتاشمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىمۇ كۆيدۈرمىدى، تېخى ئوت تۇتاشمىغان كىتابلارنى ئېلىۋالماقچى بولغانىدى، كىتابلار مىت قىلماي تۇرۇۋەردى، ئېلىش مۇمكىن بولمىدى.

— ئىست، — دەپ قالدى ئۇ ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن كۆيۈۋاتقان ئىشكاپ ۋە ئىشكاپتىكى كىتابلارغا قاراپ، — خەپ، باشقا ئىشكاپلارغا ئوت تۇتىشىپ قالمىغىدى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق ......

— بالدۇرراق شۇنداق ئويلىشىڭ كېرەك ئىدى، — دېگەن ئاۋاز كەلدى شۇ چاغ قاردەك ئاقارغان ۋە تاپىنىغىچە يېيىلىپ چۈشكەن چاچ - ساقاللىرى ۋىجىك تېنىنى ئورىۋالغان بوۋاينىڭ سۈرىتى ئېلىنغان رامكىدىن، — ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ كىتابلاردىن قايسىبىرى بىلەن

خۇشۇڭ يوق بولسا، ئۇلار شۇ ھامان سېھىرلىك ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ئوت تۇتاشقانلا بولسا قۇتقۇزۇۋالالمايسەن، مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالىسەن.

سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىمۇ ئوت ئىچىدە گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. پەخرىدىن بۇ ئوت ئۆز يۈرىكىنىمۇ كۆيدۈرۈۋاتقاندەك ئازابلاندى، بىراق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدى. ئۇزاققا بارمايلا بوۋاينىڭ سۈرىتى ئېلىنغان رامكىمۇ، سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرى تىزىلغان ئىشكاپمۇ، بۇ ئىشكاپتىكى كىتابلارمۇ تەڭلا كۈل بولۇپ توزۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئورنى بولسا بوش قالدى.

پەخرىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ، بىئاراملىق ئىچىدە قەدەملىرىنى يۆتكىدى، ئەمدى «شەكىل ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار» دەپ يېزىلغان باغاقچە چاپلانغان ئىشكاپ ئالدىغا كەلدى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى شاتۇتى مەلىكىنى تامدىن چىقىرىۋېلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان سېھىرگەرلىك كىتابى بولغاچقا، بۇ ئىشكاپ ئالدىدىن يۆتكەلدى. ئەمدى ئالدىغا كەلگىنى «ئوتقا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار» دەپ يېزىلغان باغاقچە چاپلانغان ئىشكاپ ئىدى.

— بايىلا بۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسام، — دېدى ئۇ يەنە بىئارام بولۇپ، — تېزرەك ئوت ئۆچۈرۈش سېھرىنى ئىگىلەپ، ھېلىقى كىتابلارنى قۇتقۇزۇۋالاركەنمەن.

— قايغۇرما، — دېدى شۇ چاغ ئىشكاپنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلغان رامكىدىكى چاچلىرى كۆيۈۋاتقان ئوتتەكلا، چىرايى زەپىراندەك سېرىق بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى، — بايىقى ساۋاقنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، كىشى موھتاج بولمايدىغان بىلىم يوق، شۇڭا ھېچقانداق ئىلىمنى «خۇشۇم يوق» دېمە ھەم شۇنداقمۇ ئويلىما.

— ئاگاھلاندۇرغىنىڭغا رەھمەت، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ باشقا ئىشكاپلار بار تەرەپكە يۆتكەلدى، «غەلىتە مەخلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇش سېھىرگەرلىك كىتابلىرى» ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ

يەردىن ئۆتۈپ يەنە باشقا خىلدىكى سىرھەرگەرلىككە دائىر كىتابلار تىزىلغان ئىشكاپلار ئالدىغا باردى، 100 نەچچە ئىشكاپ ئالدىدىن ئۆتتى، ئۆزى ھازىر ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقان كىتاب ساقلانغان ئىشكاپ ئۇچرىمىدى، ئۇ ھارغاندەك بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى، قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چۇلغىۋالدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ يېنىدىكى تامغا ئېسىلغان رامكىدىكى پەرىشتە سۈپەت بىر ئايالنىڭ سۈرىتى سۆزلىدى:

— سەن قايسى خىلدىكىنى ئىزدەيسەن ئوغلۇم!

— باشقىلارغا ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇشقا دائىر سىرھەرگەرلىك ئىلمى كىتابلىرىنى، — دېدى پەخرىدىن پەرىشانلىق بىلەن.

— ساڭا مەن ياردەم قىلاي، — دېدى سۈرەتتىكى ئايال كۆلۈمسىرەپ قۇچاقلىرىنى كەڭ يېيىپ، — كەل ئوغلۇم، كەل، ئۇزاقتىن بېرى بۇ زالغا كىرگەنلەرنىڭ ھېچبىرى بۇ خىلدىكى كىتابلارغا نەزەر كۆزىنى سالمىغان، چۈنكى ھەممىسى ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئويلىمايدىغان بولغاچقا، بۇ خىلدىكى كىتابلارغا موھتاج ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن بىرەرسى سەن بايا سىرھەرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتكەندەك ئۇلارنىڭمۇ كۆلىنى كۆككە سورۇپ قويمىسۇن دەپ ھەممىنى ئىشكاپ بىلەنلا قوينۇمغا ئېلىۋالغان. تارىخ بوۋاي جاھىللىق قىلماي سىرھەرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىنى قوينىغا ئېلىپ ساقلىغان بولسا ئۇلارمۇ بۇنداق ئاقىۋەتكە قالمايتتى. كەل، تارتىنما، خۇددى ئەركىلەپ ئۆز ئاناڭنىڭ قۇچىقىغا تاشلانغاندەك قوينۇمغا كىرگىن.

پەخرىدىن سەل ئىككىلەندى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ پەرىشتىدەك رۇخسارى، يېقىملىق سۆزلىرىدىن رىغبەتلىنىپ، سۈرەت قوينىغا تاشلاندى، شۇ ھامان ئۆزىنى بىر چىمەنزاردا كۆردى، بۇ يەرنىڭ قوينى يېشىل مەخمەل يېپىنغاندەك چىملىق بولۇپ، قاق ئوتتۇرىسىدا يەقەت بىر تۈپلا دەرەخ بار ئىدى، دەرەخ شاخلىرىدا بولسا بىرنەچچە كىتاب ئېسىلىپ تۇراتتى. كىتابلارنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، ۋاراقلىرى ئوخشىتىپ سىلىنغان مەززىلىك پوشكالدىن ئىدى.

— يېگىن! — دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى پەخرىدىننىڭ قۇلاق

تۆۋدە، — تارتىنما، ئۇلارنى سېنىڭ يېيىشىڭگە ئەپلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويدۇم، باشقا سېھىرگەرلىك كىتابلىرىدىن كۆتۈپخانىغا ھەر كىرگىنىڭدە بىرنەچچىنى ئەچىقىپ كېتىپ، ئۆز ياتىقىڭدا ئالدىرىماي ئۆزلەشتۈرسەڭ بولىدۇ، بۇ كىتابلارنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يېۋېتىپ چىقىپ كەت، چۈنكى مەن سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم، سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى ئويلىدىڭ، ئوبدان بالام، تېز بول، بۇلار ساڭا ئەڭ زۆرۈر بولغانلىرى، ۋاقتىڭ قىس، كەچ كىرەيلا دەپ قالدى، كەچ كىرگەندە بۇ كىتابلار ھەممىسى قىرائەتخانىغا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ يەردىن ئەچىقىپ كېتەلمەيسەن.

پەخرىدىن دەرھال دەرەختىكى كىتابلارنى بىر - بىرلەپ ئۈزۈۋېلىپ، دەسلەپ بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن، كېيىن ئاغزىغا قاپلاپ سېلىپ يېيىشكە باشلىدى، چۈنكى بۇ كىتابلارنىڭ تەمى ئۇنىڭغا بەكلا تېتىغانىدى.

كىتابلارنى يەپ بولغاندا دەرەخمۇ غايىب بولدى، ئۇمۇ زالغا چىقىپ قالدى. ھېلىقى پەرىشتە سۈپەت ئايالنىڭ سۈرىتى بولسا قول پۇلاڭلىتىپ قويۇپ ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ قۇرۇق رامكىلا قالدى.

پەخرىدىن ئەمدى باشقا ئىشكاپلارغا نەزەر سالدى، ئۇنىڭ يېنىدىلا «يولغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنناملەر» ئىشكاپى تۇراتتى.

ئۇ دەرھال بۇ ئىشكاپتىن ھەممىسىدىن قېلىنراق بىر كىتابنى ئالدى، كىتابنىڭ مۇقاۋىسى يول - يول زەر نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئاق خۇرۇمدىن ئىشلەنگەنىدى، ئۈستىگە يېشىل سىياھ بىلەن «نىجات-لىق يولى ئەپسۇنلىرى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ھەرپلىرى نۇر چېچىپ تۇراتتى. پەخرىدىن بۇ كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، يەنە بىرنى ئالدى، ئۇ ئۈستىگە دەل ئۇ ئۈمىد قىلغاندەك «سىرلىق قەلئەدە يول تېپىش ئەپسۇنلىرى» دەپ يېزىلغان نېپىز بىر كىتاب ئىدى، يەنە كىتاب ئالماقچى بولغانىدى، لېكىن كۆتۈرۈپ كېتىشكە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئامالسىز شۇ ئىككى كىتابنى قولتۇقلاپ، دەسلەپ كىرگەن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، يەنىلا نېپىز بىر قەغەز توسۇقنى بۆسۈپ ئۆتكەندەكلا زالدىن چىقتى، بىراق زالنىڭ

ئىشكىدە ئەمدى ئىشىك باقار ئېيىق يوق ئىدى.

— ئاپلا! — دېدى ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ، — ئەمدى بېلەت ساتقۇچى يوق، كېيىن كىرەر بولسام قانداق قىلارمەن.

شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالىقىنىدا كىچىك ئېيىقچاق سۈرىتى بېسىلغان بېلەتتىن بىرى پەيدا بولدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئېيىقچاق سۈرىتى، — سەندە تېخى بېلەتتىن يەنە خېلى بار، دېمەك يەنە نۇرغۇن قېتىم كىرىپ-چىقالايسەن دېگەن گەپ، بىراق باشقىلارغا مۇمكىن بولمايدۇ-دە، چۈنكى ئەمدى بېلەت ساتقۇچىمۇ، بېلەتمۇ يوق، سەن ھەممە بېلەتنى ئىشلىتىپ بولغاندا، بۇ زالمۇ، ئۇنىڭدىكى كىتابلارمۇ يوقايدۇ.

— بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدىغان بولدى، — دېدى پەخىردىن قايغۇرۇپ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئېيىقچاق سۈرىتى، — بۇ زال ۋە زالدىكى كىتابلار سېنىڭ پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن سېھىرگەر ئۇستاز تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن، بىراق باشقىلار ئۇنىڭدىن كۆپرەك پايدىلىناي دېمىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شورى، كىم ئۇلارنى تىرىشچان بولمىسۇن دەپتۇ، سەن پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەممە كىتاب ئەركىنلىككە چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىزدىمىگۈچە ھېچكىم ئۇلارنى تاپالمايدىغان بولىدۇ.

شۇ سۆزدىن كېيىن بېلەت پەخىردىننىڭ ئىشتان يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى، پەخىردىن بۇ بېلەتلەرنىڭ شۇ تاپتا ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەردىن بولۇپ قالغىنىنى ھېس قىلدى-دە، يانچۇقىنى سىلاپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

## بەشىنچى باب

# ئۇمۇ سېھىرگەر بولدى

ئەمدى بۇ يەردىن شاتۇتى مەلىكە تامغا قىسىلىپ قالغان كارىدورغا قانداق چىقىش كېرەك؟

ئۇ بىرھازا ئويلاندى، ئاخىر قولتۇقىدىكى نېپىزرەك كىتابنى ئېچىپلا ۋاراقلاشقا باشلىدى، بىراق كىتاب يۈزىدىكى ھەرپلەر جىم تۇرماي ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈشۈپلا تۇراتتى، ئۇلارنى ئوقۇش ئۇگاي ئەمەس ئىدى.

— جىم تۇرۇش! — تووۇلىدى پەخرىدىن جىلى بولۇپ.

ھېلىقى ھەرپلەر جىم بولۇشتى - يۇ، يەنە بىردىنلا ھەممىسى ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئاندىن يەنە كەپىسىز باللاردەك قوغلاشماق ئويۇنىغا چۈشۈشتى.

پەخرىدىن ئاخىر «مۇقەددىمە»نىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، «جارت!» قىلىپلا بىر ۋاراقنى يىرتتى - دە، يۇرلەپلا ئاغزىغا سالدى.

ئېچىقلىق كىتاب بىردىنلا يېپىلىپ، ئۇستىدە جامدەك ئېچىلغان بىر جۈپ كۆز پەيدا بولدى - دە، كۆزلەردە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقندى، ئارقىدىنلا بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ تووۇلىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟!

پەخرىدىن بىرنېمە دەي دېدى - يۇ، لېكىن ئاغزىغا سېلىۋالغان بەتتام قەغەز تۇپەيلى گەپ قىلالماي قالدى، ئاغزىدىكى قەغەز يۈزىگە بېسىلغان ھەرپلەر بولسا بىر توپ قۇرتلاردەك توختىماي مىدىرلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى.

پەخرىدىن سەدەپتەك چىشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاغزىدىكى

قەغەزنى چاينىدى، ئاندىن زورۇقۇپ تۇرۇپ يۆتىلىۋەتتى. كىتابنىڭ زارلىنىشلىرى بىلەن كارى بولماي، يەنە ۋاراقلىرىنى بىر - بىرلەپ يىرتىپ چايناپ يۇتتى، ھېلىمۇ ياخشى بۇ كىتابنىڭ نەچچە ئون بەتلىكلا بولغىنى، ئۇ قىينىلىپ تۇرۇپ، ئاخىر مۇقاۋىسىدىن تارتىپ ھەممە بەتلىرىگىچە يەپ بولدى - دە، قولتۇقىدىكى يەنە بىر كىتابقا قارىدى، ئۇنىڭدىن يەڭگىل خورەك ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

«ئۇنى ياتاققا بارغاندا بىر تەرەپ قىلاي» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاندىن نېمىلەرنى ئۆگىنىپ قالغىنىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەسلىدى، بىراق ھېچبىر يېڭى بىلىم ئىگىلىگەندەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئەجىرىم بىكار بولامدۇ - نېمە؟ — دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، قۇلاق تۈۋىدە كىمدۇر بىرىنىڭ:

— سەن موھتاج بولغاندا تەبىئىيلا ئېسىڭگە كېلىدۇ، — دېگىنى ئاڭلاندى.

ئەتراپقا قارىغانىدى، ئەسلىگە كېلىپ قالغان ھېلىقى شەيتان ئەينەكلەردىكى ئەكسىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ قويمىغىنىغا قاراپ، شەيتان ئەينەكتىكى كۆرۈنۈشلەر جىمىقىپلا قالغانىدى، پەخىردىن ئۇلارغا قارىغاندىلا ھەممىسى جانلىنىپ، تەڭلا چۇقان كۆتۈردى:

— سېمىز...... ئورۇق...... ئېگىز...... پاكار......

بىراق، پەخىردىن ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ يۈرۈپ كەتتى، شەيتان ئەينەكتىكى ھەجۋىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ زۇۋانى ئاستا - ئاستا بېسىقىپ قالدى، ئاخىر ھەممىسى «ئۇھ!» تارتىپ توختىدى، ئەمما كارىدور ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، پەخىردىن ئالدىراپ قالدى.

ئۇ «بۇ يەردىن يول تېپىپ چىقىپ كەتسەم بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تورۇستىن توككىدە قىلىپ بېشىغا يۇلتۇز قادالغان ئۇچلۇق يېشىل بۆك كىيگەن، يۇلتۇز سۈرەتلىك يېشىل چاپان، يېشىل بوغما ئىشتان، پۇتىغا يۇلتۇز باشلىق ئالتۇن كەش

كىيگەن، بېشى چىلگىدەك، بوينى ساپاقتەك، بوي - تۇرقى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان، ئەمما قۇلاقلىرى ئاپقۇردەك يوغان بىر قورچاق بالا چۈشتى، ئۇنىڭ قولىدا يۇلتۇز باشلىق هاسا بار ئىدى.

— سېھرگەرلىك تايىقى كېرەكمۇ؟ — سورىدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، ئۇنىڭ ئاليېشىل، سىرلاپ قويغاندەكلا يۇزلىرىدىن دائىم كۈلكە يېغىپلا تۇرىدىغاندەك ئىدى.

— كېرەك! — دېدى پەخرىدىن ئىختىيارسىزلا، ئۇ بۇ قەلئەگە كىرگەندىن بېرى رەسىم رامكىلىرىدىن باشقا يەردە ئادەم سۈرەتلىك بىرسىنى تۇنجى ئۇچرىتىشى ئىدى.

— قاندىقى؟ — سورىدى قورچاق بالا.

— قولۇڭدىكىدەك، — دېدى پەخرىدىن ئويلانمايلا.

— بۇنىڭدەكلىرى ئەڭ قىممەت، — دېدى قورچاق بالا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاهاڭى باشتىن - ئاخىر بىر خىللا ئىدى.

— مەيلى، — دېدى پەخرىدىن ئويلىنىپ تۇرماي.

— يۈز تال تەر تامچىسى، — دېدى قورچاق بالا.

پەخرىدىن ئۇنىڭ قويغان باهاسىغا تولىمۇ هەيران قالدى، لېكىن پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقىنىنى سېزىپ دەرهال، — قوشۇلىمەن، — دېدى رازىمەنلىك بىلەن.

قورچاق بالا يۇلتۇز باشلىق هاسىسىنى شىلتىشى هامان بىر كىچىك قاچا پەيدا بولۇپ، پەخرىدىننىڭ پېشانە تەرلىرىنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا چۈشتى ۋە يىغىلىپ ئالمىدەك بىر تال مەرۋايىتقا ئايلاندى - دە، كارىدور ئىچىنى مىڭ ۋاتلىق لامپۇچكىدەك يورۇتۇۋەتتى.

— ئەمدى سەن خالىغان بىرسىنى تاللىۋال، — دېدى قورچاق بالا مەرۋايىتنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ شۇنداق دەپ بىرلا پىرقىراپ غايىب بولدى، ئورنىدا ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان، بىر بېشىغا سېرىق ئالماستىن تاراچلاپ ياسالغان چوڭ بىر يۇلتۇز بېكىتىلگەن ئالتۇن تاياق قالدى، ئالماس يۇلتۇز ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇراتتى.

— پەقەت بىرسىلا باركەنغۇ، — دېدى پەخرىدىن ئەجەبلىنىپ، — ئۇ خالىغىنىڭنى تاللىۋال دەۋاتقانىدى.

شۇنداقتىمۇ پەخرىدىن بۇ ئالماس يۇلتۇز باشلىق سېھرگەرلىك تايىقنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە «باشقىلىرى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ بۇنىڭدەك بولماس» دەپ ئويلىدى.

— شۇنداق! — دېدى ھېلىقى قورچاق بالا قەيەردىندۇر، — سەن ئەڭ ياخشى سېھرگەرلىك تايىقىغا ئېرىشتىڭ، ئۇنىڭدىن پەقەت سىرلىق دۇنيادا ئىككىسىلا بولغان، بىرى مانا بۇ قولۇڭدىكى، يەنە بىرى سېھرگەر ئۇستازىنىڭ ئىشلەتكىنى ئىدى، سەن ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەڭ قۇدرەتلىك سېھرگەرلىك تايىقىغا ئېرىشتىڭ.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشتى شۇچاغ شەيتان ئەينەكلەر خۇشامەت ئاھاڭىدا، ئەمدى ئۇلاردىن پەخرىدىننىڭ ھەجۋىي سۈرەتلىرى غايىب بولغانىدى.

پەخرىدىن سېھرگەرلىك تايىقنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، ئۇ پەيدەك يەڭگىل، ئەمما تۇتۇش، ئىشلىتىشكە ئەپلىك ئىدى، ئۇ ئەمدى شاتۇتى مەلىكە قېپقالغان كارىدورغا چىقىشنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئالدىدا ئىشىك يۇدۇۋالغان بىر مايمۇن پەيدا بولدى.

— ئىشىك ئالامسەن؟ — سورىدى ئۇ، — بۇ بىر ئىشىك بىلەنلا كۆزلىگەن يېرىڭگە يەتكۈچە توسالغۇسىز مېڭىپ كېتىشىڭگە كاپالەتلىك قىلىمەن، ئۇنى كىچىك كۆرمە، ئالساڭلا ساڭا لايىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، باھاسىمۇ ئەرزانلا، بىر تال چېچىڭ بولسىلا بولغىنى، مەن ئۇنى خاتىرە بۇيۇمى قىلماقچى.

— ماڭا ئىمزا قويۇپ بەرسەڭلا بولىدۇ، — دېدى شۇچاغ يەنە ئۇنىڭ يېنىدىلا بىر ئاق تۇتەك پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا تۇتەك ئىچىدىن ئىشىك قولتۇقلىۋالغان قارا قاپلان چىقىپ، — مېنىڭ مويلىرىمدەك چىرايلىق چاچلىرىڭنى يۇلۇپ يۇرۇش ھاجەتسىز.

— مېنى سىلاپ قويساڭلا كۇپايە، — دېدى بىر يېشىل توزمۇ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قانىتى ئاستىدىمۇ كىتابچىلىك بىر ئىشىك بار ئىدى، — ئىشىكىمنى ئىللىق مېھرىڭگە ئالماشتۇرغۇم بار.

— مېنى سۆيۈپ قويساڭغۇ ئالتۇن ئىشىكىمنى بېرەتتىم، — دېدى شۇچاغ يەنە بىر شىر باشلىق ئاق بۈركۈت ئۇچۇپ كېلىپ،

ئاندىن ئۇ قولتۇقىدىكى ۋاللىداپ تۇرغان كىچىك ئالتۇن ئىشكنى قاناتلىرىدا قاماللاپ ئېلىپ كۆرسەتتى.

— يۈزى قېلىن، — دېدى تۇز ئۇنى ئەيىبلەپ، — سەن ئۇ سېنى سۆيگەندىكى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە تارتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن سۈرەتچىمۇ تەكلىپ قىلدىڭغۇ دەيمەن.

— توغرا، مانا مەن بۇ يەردە، — دېدى تۇتقۇچلۇق ئالتۇن رامكا تۇتۇۋالغان چوڭ بىر ھەسەل ھەرىسى تامدىن ئۇچۇپ چىقىپ، — مەن ھەسەل چىقىرىشنى خالىماي، كەسپىمنى سۈرەتچىلىككە ئۆزگەرتتىم، چۈنكى بۇ يەردە ھېچكىم يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا باشقا بىر ئەھمىيەتلىكرەك ئىش قىلاي دېدىم شۇ.

— ئېشىمغا توپا چاچمىساڭلا مەيلىغۇ، — دەپ قويدى تۇز غۇدۇراپ.

پەخىردىن زادى قايسىسىنىڭ ئىشكنى ئېلىشنى بىلمىدى، چۈنكى ئۇ بىرسىنىڭكىنىلا ئېلىپ، باشقىلىرىنىڭكىنى ئالمىسا ئۇلارنىڭ رەنجىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى:

— ماقۇل، ھەممىڭلارنىڭكىنى ئالاي، — دېدى ئۇ ئاخىر.

— رەھمەت، رەھمەت! — چۇرقىرىشىپ كەتتى ھېلىقىلار خۇشاللىق بىلەن. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئىشكلىرى ئۆزلۈكىدىنلا پەخىردىننىڭ پۇتى يېنىغىلا ئۇچۇپ كېلىشىپ توختىماي پىچىرلاشتى-دە، بىرلىشىپ ھەسەن-ھۈسەندەك يەتتە خىل رەڭدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك بىر رامكىغىلا ئوخشايدىغان، گۈل-نەقىشلىرى تولىمۇ كۆركەم ئىشككە ئايلاندى.

— بىر قېتىمدا بىرلا ئىشىك ئىشلىتىشكە بولىدۇ، — دېدى شىر باشلىق بۈركۈت، — شۇڭا، ھەممىمىزنىڭ ئىشكى بىرلىشىپ، سىرلىق قەلئە تارىخىدىكى ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئېسىل ئىشككە ئايلاندى، ئەمدى ھەققىمىزنى بەرگىن.

پەخىردىن رازىمەنلىك بىلەن بىر تال چېچىنى يۇلۇۋېلىپ مايمۇنغا بەردى، مايمۇن گويا بىباھا گۆھەرگە ئېرىشكەندەك خۇشاللانغان ھالدا بىرلا پىرقىراپ غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئەمدى قارا قاپلان سۇنغان ئالتۇن قەلەم بىلەن، ئۇنىڭ ئالىقانچىلىك، ئەمما چوڭرىسىگە زەر ھەلدىن گۇل - نەقىشلەر بېسىلغان ئىپسىل قەغىزىگە ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى، شۇ ھامان يېشىل سىياھ بىلەن يېزىلغان ئىمزانىڭ ھەرپلىرى قەغەز يۈزىدە يۈگۈرۈشۈپ، يۇلتۇزلاردەك چاقنىشىپ، چۆرقىرىششقا باشلىدى:

بىز دېگەن ئىپسىل، بىز دېگەن كۆركەم،
ھەممە چوقۇنار چولپان ئىمزاسى.
بىزگە ئېرىشكەن تاپقۇسى ئامەت،
ياڭرايدۇ ھەرچاغ كۈلكە ساداسى.

قارا قاپلان:
— رەھمەت، رەھمەت! — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.
پەخرىدىن ئەمدى تورنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى، شۇ ھامان تورنىڭ يېشىل پەيلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆركەم نەقىشلىك ۋە نەچچە ئون خىل رەڭدە جۇلالاپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر ھالەتكە كەلدى.
— رەھمەت! — دېدى تورمۇ قۇيرۇق پەيلىرىنى يەلپۈگۈچتەك يېيىپ مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەمدى سىرلىق دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قۇشقا، تورلارنىڭ پادىشاھىغا ئايلاندىم.
— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى شىر باشلىق ئاق بۈركۈت بىلەن ھەسەل ھەرىسى.
— رەھمەت، سىلەرگىمۇ ئامەت يار بولسۇن! — دېدى تور.
شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ كارىدورنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۇچۇپ كەتتى. كارىدور ئىچىدە تاكى ئۇ غايىب بولغۇچە نەچچە ئون خىل رەڭلىك ساليۇت ئېتىلغاندەك كۆرۈنۈش بولدى.
— نۆۋەت ماڭا كەلدى، — دېدى شىر باشلىق بۈركۈت تورنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان پەخرىدىنگە، ئاندىن چوڭ ھەسەل ھەرىسىگە تولۇلدى، — تەييار بول!
پەخرىدىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، شۇ ھامان شىر

باشلىق بۈركۈتنىڭ پېشانىسىدە بىر نۇرلۇق يۇلتۇز پەيدا بولدى، كارىدور ئىچى پارلاق نۇرغا چۆمدى.

— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى شىر باشلىق بۈركۈت قايتا-قايتىلاپ، — ئەمدى ساڭا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، شىر باشلىق بۈركۈت جەمەتىدىن ھېچكىم ساڭا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ.

ئاندىن ئۇ ھەسەل ھەرىسى سۇنغان تۇتقۇچلۇق رامكىنى ئېلىپ، ياندىكى تامدا پەيدا بولغان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى، تۇتقۇچلۇق رامكىدا پەخىردىننىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

— بۇ ئەڭ ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، نامىم چىقماسلىقىدىن غەم قىلمىساممۇ بولىدۇ ئەمدى، — دېدى ھەسەل ھەرىسىمۇ خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە سىغمىغان ھالدا، — رەھمەت ساڭا ياخشى يىگىت، مېنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگىنىڭگە رەھمەت.

ئاندىن ئۇمۇ غۇيي قىلىپلا ئۇچۇپ كەتتى، پەخىردىن كارىدوردا يالغۇز قالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا شەيتان ئەينەكلەردە يېڭىلا پەيدا بولغان كۆرۈنۈشلىرىلا ھەمراھ ئىدى، بىراق ھازىرقى بۇ كۆرۈنۈشلەر ئىلگىرىكىدەك ھەجۋىي بولماستىن، بەلكى بىرىسىدە ئۇنىڭ كىچىككىدىكى ئوماق بۇدرۇققىنە ھالىتى، بىرىسىدە سۈت ئۇيقۇسىدا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقان ھالىتى، يەنە بىرىسىدە شېرىن خىياللار قاينىمىغا غەرق بولۇپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ھالىتى...... ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ قاراپ-قانمىغۇدەك خۇيمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈشلىرى ئىدى.

— رەھمەت! — دېدى ئىختىيارسىز پەخىردىن شەيتان ئەينەكلەرگە قاراپ.

شۇ ھامان شەيتان ئەينەكلەردىن جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ياڭرىدى، ئاندىن ھەممىسى يەنە جاراڭلاپ چېقىلىپ كەتتى، بىراق سۇنۇقلىرى رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرگە ئايلىنىپ:

— ئازاد بولدۇق، ئەركىن بولدۇق!...... — دېيىشكىنىچە ئۇچۇپ كېتىشتى. تام-تورۇسلاردىن سان-ساناقسىز كىچىك ئىشىكلەر ئېچىلىپ، ئۇلار چىقىپ كەتكەن ھامان غايىب بولۇشتى. چېقىلغان ئەينەكلەرنىڭ ئورنىدا يەنە يېڭى ئەينەكلەر پەيدا بولۇشتى،

بۇ يېگى شەيتان ئەينەكلەر يەنە پەخىردىننى خىلمۇخىل ھەجۋىي كۆرۈنۈشلەردە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەيىبلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ پۈتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قارىتىپ كۆرسىتىشتى، تېخى قوللىرىنى چىقىرىپ بىر - بىرىگە ئۇنى ئىما قىلىشاتتى.

پەخىردىن بۇلارغا قاراپ كۈلۈپلا قويدى - دە، پەرۋا قىلماستىن، ھېلىقى كۆركەم ئىشىككە يۈزلەندى، كىچىككىنە رامكىدەك ئىشىك شۇھامان چوڭىيىپ، ئۇ بىمالال كىرىپ چىققۇدەك چوڭ ئىشىككە ئايلاندى - دە، تامغا چاپلاشتى، پەخىردىن ئىشىكتىن كىردى، بىراق ئۇ يەنە بىر كارىدورغا چىقماستىن، بەلكى توختىماي توققۇز ئىشىكتىن ئۆتتى، ئاندىن شاتۈتى مەلىكە تامغا بەند بولۇپ قالغان كارىدورغا چىقىپ قالدى.

— مېنى ئىشلەتكىنىڭگە رەھمەت، — دېگىنىچە ئىشىك يەتتە خىل رەڭلىك بىر كېپىنەككە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— كەچۈرگىن، — دېدى پەخىردىن شاتۈتى مەلىكىگە، — سېنى قۇتقۇزۇش چارىسىنى تاپىمەن دەپ ھايال بولۇپ قالدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى شاتۈتى مەلىكە، — سىزنى يەنە كۆرەلىگىنىمدىن خۇشالمەن، قانداق، قۇتقۇزۇش چارىسىنى تاپتىڭىزمۇ؟

— تاپتىم، — دېدى پەخىردىن ئاندىن تىلىغىلا كېلىپ قالغان بىر ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، يۇلتۇز باشلىق تايىقىنى شىلتىدى، شۇھامان ۋاللىدە نۇر چاقناپ، تام يېرىلىپ، شاتۈتى مەلىكە ئۇچۇپ چىقتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئۇ پەخىردىننى قاناتلىرىدا قۇچاقلاپ، — سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپسىز، يەنە تېخى يۇلتۇز باشلىق ئالتۇن ھاسىغا ئېرىشىپسىز، قالتىس كارامەتلىك بولۇپ كەتتىڭىز ھەقىچان، سىزدەك خوجايىنىم بولغىنىدىن پەخىرلىنىۋاتىمەن.

— بولدى، مېنى بەكلا ئۇچۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى پەخىردىن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەمدى قايتىپ ئارام ئالايلى، سەنمۇ كۆپ رىيازەت چەكتىڭ.

پەخرىدىننى ئەمدى ھېچقانداق تام ـ توسۇقلار توسۇپ قالالمىدى، چۈنكى ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىسىلا دەرھال ئىشىك ئېچىلىپ، تاملار يېرىلىپ يول بېرەتتى ياكى بارماقچى بولغان يېرىگە يەڭگىل ئۇچۇپلا بېرىپ قالاتتى، ئۇ ئىلگىرى سېھىرگەرلىك قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى، مانا ھازىر بولسا سېھىرگەرلىك قىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىدى، بۇ ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. ئۇ كەيپى چاغ ھالدا ئۆزىگە مەنسۇپ ھۇجرا ئالدىغا كەلگىنىدە ئىشىك خانئايىممۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ ئۇنى تەڭلا مۇبارەكلىدى. بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا ئۆيدىكى باشقا نەرسىلەرمۇ مۇبارەكلىدى، ئۇ ئۇلارنى «تاپشۇرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭلار» دەپ ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى، بەلكى قولتۇقىدىكى ئېغىر ۋە توقۇمىدەك قېلىن كىتابنى كىتاب ئىشكاپىغا سېلىۋېتىپ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىردى، شۇھامان كىر يۇغۇچى ئۇنىڭ كىيىم سېلىشىغا ياردەملەشتى، ئۇ يۇيۇنۇپ بولغۇچە كىيىملىرىمۇ يۇيۇلۇپ تۈگىدى، ئۇ يەنە كالتا ئىشتىنىنى كىيىپلا ھۇجرىسىغا چىقتى. مۇشۇك خان قىزلار ئورۇن راسلاپ، پايپېتەك بولۇشتى. پەخرىدىن ئورنىغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىنلا چىقىپ كېتىشتى، شاتۈتى مەلىكە قونداقتا ئارام ئالدى.

پەخرىدىن تېزلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇيقۇسىدا يەنە شېرىن چۈشلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى، ئۇ چۈشلىرىنىڭ ئاخىرىسىدا يەنە سېھىرگەر ئۇستازنى كۆردى:

— مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم! — دەۋاتاتتى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئۈمىدىمنى يەردە قويمىدىڭ، يېڭى تۇرمۇشۇڭغا بەخت تىلەيمەن.

— سىز قەيەردە؟ سىز بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن؟ — سورىدى پەخرىدىن چۈشىدە ئۇنىڭ غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ.

— ئالدىرىما، — دېدى سېھىرگەر ئۇستاز، — سەن زۆرۈر بولغان سېھىرگەرلىك ئىلمىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغاندا...... ۋاقىتنى چىڭ تۇت، تېز بول......

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە سىرتتا يەنە غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ، پەخرىدىننى ئويغىتىۋەتتى.

پەخرىدىن ئالدىراپ كىيىمنى كىيىپ، چۈشكە دەخلى قىلغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق مۇئەللەقتە لەيلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تام سائىتىمۇ بار ئىدى.

— ۋاقىت توشقاندا ئويغىتىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دەۋاتاتتى قوڭغۇراق.

— شۇنداق! — دەۋاتاتتى سائەتمۇ بولۇشۇپ، — سىلەر ۋاقىتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر.

— بىغەرەزلەر! — دەپ تىللاۋاتاتتى مۈشۈك خان قىزلار، — بىزنىڭ خوجايىن يېڭى كەلگەن، بۇ يەرنىڭ قائىدىسىنى بىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر مەزگىل ئېتىبار قىلىشىڭلار كېرەك - دە.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەۋاتاتتى ئىشىك خانىئايىممۇ، — نېمانچە قىپ كېتىدىغاندۇ بۇلار، ئەدىپىنى بېرىپ قويمىساق بولمىغۇدەك.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ.

— بىز كەتتۇق، — دېدى قوڭغۇراق بىلەن سائەت ئۇنى كۆرۈپلا، — كەچۈرگىن، قەستەن چېقىشماقچى ئەمەسمىز، بىراق ۋاقىت ھازىر سەن ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئاندىن ئۇلار غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېتىشتى، مۈشۈك خان قىزلار بولسا، نېمانداق «ۋاقىت سەن ئۈچۈن بەك قەدىرلىك» دەۋېرىدىغاندۇ دەپ ئويلىنىپ تۇرغان پەخرىدىننى ئۆيگە كىرىپ، يۈزىنى يۇيۇشقا دەۋەت قىلىشتى.

پەخرىدىن يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ، يۈز - قولىنى يۇدى، چىشىنى چوتكىلىدى، ئاندىن قىرائەتخانىغا چىقتى. باياتىندىن بېرى كۆرۈنمىگەن شاتۇتى بۇ يەردە ئىخلاس بىلەن كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى، بىراق ئۇ پەخرىدىن كىرگەن ھامان ئاچچىقى بىلەن كىتابنى شىرەگە تاشلىدى - دە:

— مۈشۈمۇ كىتاب بولدىمۇ، — دېدى غۇدۇراپ، — ھەرپلىرى بەت يۈزىدە توختىماي يۆگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىپ بارغان، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا كىتاب ئوقۇشقا

چىققانىدىم، بىرەر سائەت بولدى، لېكىن شۇنچە زېھىن قويۇپ ئاران بىر بېتىنى ئوقۇپ بولالىدىم.

— بىر بەت ئوقۇپمۇ خېلى بىرنېمىلەرنى بىلىۋالغانسەن؟ — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىسىنى دەيسىز خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — جىق بولسا ئىككى - ئۈچ ئەپسۇننى بىلىۋالدىمغۇ دەيمەن، بۇ قانچىلىك كارغا كېلەتتى.

— ئۇنى ماڭا تۇغراپ بېرىڭلار، — دېدى پەخرىدىن مۇشۇك خان قىزلارغا كىتابنى كۆرسىتىپ.

— چۈشەندۇق خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سىز ئۇنى ناشتىلىق قىلماقچىمۇ؟

— نېمە! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ، — ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ - ھە؟! مەن ناشتىلىق بولىدىغان گىردە نان ئەمەس، كىتاب، مەن دېگەن كىتاب! قورسقى ئاچقان بولسا ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە بېرىشمەمسەن، قانداق گەپ بوپ كەتتى بۇ!

كىتاب شۇنداق دەپ قىرائەتخانا ئىچىدە ئۇياندىن بۇيانغا ئۇچۇشقا باشلىدى. شاتۇتى مەلىكە ئۇنى قوغلاپ تۇتاي دېگۈچە مۇشۇك خان قىزلار ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن چاشقان تۇتقاندەكلا تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغىمۇ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، بىردەمدىلا قايچا بىلەن قىيىپ، پارچىلاپ، ئۇششاقلاپ، كۈمۈش پەتنۇسقا دۆۋىلەپ، پەخرىدىننىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى باقسىلا خوجايىن، — دېيىشتى ئۇلار.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن كىتاب پارچىلىرىنى بىر - بىرلەپ يۇتۇشقا باشلىدى، بىراق يۇتۇش ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى، بۇ كىتابنىڭ تەمى تۈنۈگۈنكى كىتابنىڭ تەمىدىنمۇ بەتتام ئىدى، شۇنداقتىمۇ پەخرىدىن زور چىدام - غەيرەت بىلەن يېيىشنى داۋام قىلدى.

شۇ چاغ سىرتتىن ئىشىك خانئايىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي، بۇ بىزنىڭ خوجايىنىمىز، ھەي - ھەي! بۇ گېزىتنى كۆرۈڭلار!......

شاتۇتى مەلىكە دەرھال چىقىپ كېتىپ رەڭگى ئۆڭۈپ، پەيلىرى ھۈرپەيگەن، نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغان ھالدا بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— قاراڭ! — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن قەغەزنى سۇنۇپ.

قەغەزدە پەخرىدىنىنىڭ شىر باشلىق ئاق بۈركۈتنى سۆيۈۋاتقان سۈرىتى بار ئىدى، سۈرەت پۈتۈن بىر بەتنى بىرلا ئالغانىدى.

— ۋاھ! — دېدى يېشىل كۆز، — بىزنىڭ خوجايىنكەنغۇ بۇ، بۇنى رامكىغا ئېلىپ ساقلاپ قويايلىچۇ.

— بۇ سۈرەتنى تارتقان ھەسەل ھەرىسىگە ئامەت كەپتۇ، — دېدى كۆك كۆز قەغەزنىڭ كەينىگە قاراپ، — قارا، ئۇ ئەڭ ياخشى مۇخبىرلىق مۇكاپاتى «ئالتۇن قەلەم» گە ئېرىشىپتۇ.

قەغەزنىڭ كەينىدە بىر جۈملە خەت، يەنە ئېرىشكەن مۇكاپاتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەسەل ھەرىسىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. سۈرەتتىكى ھەسەل ھەرىسى باشقىلارنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلىۋاتقاندەك توختىماي قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى.

— ئۇنى سۆيۈپ قويماسلىقىڭىز كېرەكتى خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە گېزىتنى زەپتى بىلەن تارتىۋېلىپ، — مەن بۇنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن!

— ئىختىيارىڭ، — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ.

— ياق! ئۇنداق قىلمايلى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار تالىشىپ، — بۇ خوجايىنىنىڭ سىرلىق قەلئەدىكىلەرگە خاتىرە بولۇپ قالىدىغان سۈرىتى، كېيىن قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى پۈتكۈل سىرلىق قەلئەدە بۇنداق گېزىتتىن ئاران توققۇز پارچىلا تارقىتىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئالاھىدە چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندىلا.

— كارىم يوق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە جاھىللىق بىلەن.

شۇ چاغ كۆك كۆز كاپ قىلىپلا گېزىتنى تارتىۋالدى. شاتۇتى مەلىكە:

— خەپ سېنى! — دېگىنىچە ئۇنى قوغلىدى.

— مېنى كەچۈرۈۋېتىڭ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى كۆك كۆز قېچىۋېتىپ، — مۇشۇ بىر قېتىملا سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولدۇم. ئاندىن ئۇ گېزىتنى يېشىل كۆزگە تاشلاپ بەردى، ئۇچەيلەن گېزىت تالىشىپ قوغلاشماققا چۈشتى. پەخىردىن بولسا ئۇلار بىلەن كارى بولماي، ئۆز ئىشى بىلەن بولدى.

بىراق، بۇ بەتتام «تائام»نى يەپ تۈگىتىشكە ساق بىر كۈن كەتتى، ئۇنى تاشلاپ سىرتقا چىقاي دېسە قولاق تۇۋىدە:

— بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما! ئەتىگە قالغان ئىشىڭ قۇيرۇ- قىنى قۇم باسىدۇ! — دېگەن سۆز جاراڭلاپلا تۇردى. ئۇ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى - يۇ، ئەمما ئەمەل قىلماي بولمىدى.

ئەتىسى ئۇ يەنە كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئەكەلمەكچى بولدى، بىراق بىر قېتىمدا ئاران بىر - ئىككى كىتاب ئەكېلەلەيدىغىنىنى ئويلاپ، بىرەر چارە بىلەن جىقراق ئەكېلىۋېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز خوجايىن؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە.

— سېھىرگەرلىك ئىلمى كىتابلىرى بەك ئېغىركەن، — دېدى پەخىردىن، — ھەر قېتىمدا ئارانلا بىر - ئىككىنى ئەچىقالايدىكەنمەن، بۇنداق بولغاندا، كۆپرەك بىرنېمە ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن، كىرىش بېلىتى چەكلىك، تۈگەپ قالسا كۇتۇپخانىغا قايتا كىرگىلى بولمايدۇ، بېلەت تۈگەش بىلەن تەڭ كۇتۇپخانىمۇ غايىب بولىدۇ، قانداق قىلسام بولىدىكىنتاڭ.

— ئەمىسە قوۋۋىتىڭىزنى ئاشۇرۇڭ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەسلىھەت بېرىپ، — ئەگەر بۇ يەرنىڭ تامىقىدىن يېسىڭىز كۈچىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، كۆتۈرۈپ چىقالايدىغان كىتابلىرىڭىزمۇ كۆپرەك بولار.

— ماڭا بۇ يەرنىڭ تامىقىدىن كەلتۈرۈڭلار، — دېدى پەخىردىن

مۇشۇك خان قىزلارغا.

— خوپ خوجايىن! — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — بىراق، تاماق ئېلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بېرىشىڭىز كېرەك.

— چۈشەندىم، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ، چىرايلىق ياسىتىلغان، قۇندۇزدەك قارا چېچىدىن نەچچە تال يۇلۇۋالدى - دە، — بۇنى ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى چاچنى مۇشۇك خانقىزلارغا بېرىپ.

ئۇلار چىقىپ كېتىپ، ھايالسىزلا بىر يۇمىلاق شىرەنى ئېلىپ كىرىشتى، شىرە ئۈستىگە كەشتىلىك ئاق يىپەك داستىخان يېپىلغانىدى. ئۇلار شىرەنى قىرائەتخانا ئاستىغا سېلىنغان ھاۋارەڭ گىلەم ئۈستىگە قويۇپ داستىخاننى ئاچتى، شىرە ئۈستىدە بىر چوڭ خىرۇستال قەنتدان بىلەن كۈمۈش تەخسىلەر بار بولۇپ، تەخسىلەر قەنتداننى چۆرىدەپ ھالقا شەكلىدە تىزىلغان، قەنتدانغا ئالما - نەشپۈت، بانانلار سېلىنغان، تەخسىلەرنىڭ بىرىگە مانتا، بىرىگە تۇخۇم، بىرىگە گۆشنان، بىرىگە قازان قاتلىمىسى، يەنە بىرىگە يۇتازا سېلىنغانىدى. بىراق، ھەممىسى جېنى بار نەرسىلەردەك بولۇپ، قەنتداندىكى مېۋىلەر يەڭگىل خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، مانتا تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا يېتىپ كىتاب ئوقۇسا، سامسا يۈزىنى قىزارتىش ئۈچۈن گىرىم قىلىش بىلەن ئاۋارە، تۇخۇم بولسا ئىچىدىكى چۈجىگە ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، گۆشنان يۈزىگە زىرە-قارىمۇچ سەپسە، قاتلىما توغرىۋېتىلگەن تېنىنى بىر - بىرىگە تىكىپ ئۇلاش بىلەن مەشغۇل، يۇتازا ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى.

— ناشتىلىق تەييار بولدى خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆز پەخرىدىننى شىرەگە تەكلىپ قىلىپ.

— ناشتىلىق! — ئۇخلاۋاتقان مېۋىلەر سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى، مانتا كىتابنى يىغىشتۇردى، باشقىلارمۇ تەخسىلىرىدە تىك تۇرۇپ كېتىشتى.

پەخرىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغاندا، ئۇلار بىردىنلا جاۋۇلداپ كېتىشتى:

— قېنى ئۇ ناشتىلىق؟ ئۇ چوقۇم مېنىڭ، ياق! مېنىڭ ناشتىلىقىم...... ياق!...... ماڭا تەييارلانغان...... مەن يەيمەن...... ياق! سەن ئەمەس، مەن......

بىردىنلا قەنتدان ئۆرۈلدى، تەخسىلەر هاۋادا ئۇچۇشقا باشلىدى، هېلىقىلار ئۆزىچە ناشتىلىق تالىشىپ سوقۇش باشلىدى. تېزلا باناننىڭ پوستى سويۇۋېتىلدى، ئالما پارچىلىنىپ، نەشپۈت ئېزىۋېتىلدى، مانتا بىلەن سامسىنىڭ قىيمىسى تۆكۈلۈپ، تۇخۇمنىڭ شاكىلى يېرىلدى، گۆشنان پارە - پارە قىلىنىپ، قاتلىمىنىڭ تىككەن تىكىشلىرى سۆكۈلدى، يۇتازىنىڭ سەللىسى چۇۋۇلدى.

پەخىردىن بۇلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا شاتۇتى مەلىكە، مۈشۈك خان قىزلارمۇ كۈلۈشكە باشلىدى، بەلكى ئۆيدىكى هەممە نەرسە كۈلدى، شاد كۈلكە ساداسى سىرلىق قەلئەنىڭ هەممە يېرىگە تارقىلىپ، قەلئەنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، هەتتا سىرلىق قەلئە ئاسمىنىدىكى قۇياشمۇ، رەڭدار بۇلۇتلارمۇ كۈلدى.

پەخىردىن تولا كۈلۈپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتەي دېگەندىلا توختىدى، بىراق بۇ جېنى بار ناشتىلىقلارنى يېيىش - يېمەسلىكتە بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— بىز ئۇنى بۆلۈشۈپ يەيلى، — دېدى ئاخىر بۇ سوقۇشتا هەممىسى هالىدىن كەتكەندە بانانلار باشقىلارغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا هەم ئېگىز قەنتدان ئۈستىدە بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مۆتىۋەر هېسابلاپ هاكاۋۇرلۇق قىلىشاتتى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى باشقىلارمۇ تالاشقاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى هېس قىلىشقاندەك، ئاندىن ئۇلار كۇسۇرلىشىپ مەسلىھەتكە چۈشتى.

— ئۇلار سىزنى يېمەكچى خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋېلىپ.

— ئۇلار يەنە بىزنى كۈلدۈرۈپ، ئۇچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋەتمەستە تېزرەك يېۋېتىڭ خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆزمۇ كۈلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ.

— بىراق، ئۇلار جىنى بار نەرسىلەركەن، — دېدى پەخىرىدىن ئىككىلىنىپ، — ئۇلارنى يېيىشكە پەقەتلا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ.
— لېكىن، ئۇلار دېگەن يېمەكلىك، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — پەقەت سىزنىڭ دۇنيايىڭىزدىكىدەك تەخسە - قاچىلاردا جىمجىت يېتىپ يەپ - ئىچىشىڭىزنى كۈتىدىغانلاردىن ئەمەس شۇ.
— شۇنداق خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ، — ئۇلارنى تېزرەك يېۋېتىڭ، يېمىسىڭىز كۈچ - قۇۋۋىتىڭىز ئاشمايدۇ.
پەخىرىدىن ئامالسىز ئاۋۋال پوستى سويۇلغان بانانغا قول سوزدى.
— مېنى تۇتما، — دېدى بانان ئۇنىڭ قولىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، بىراق پەخىرىدىن پەرۋا قىلماي، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، نەچچە چىشلەپ يۇتۇۋەتتى، ئاندىن ئالما پارچىلىرىغا قول سوزدى، شۇ هامان شىرە ئۈستىدە قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ، هېلىقىلار تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، تېخى بىرلىرى پەخىرىدىننىڭ قولىنى چىشلىۋالدى، بىراق پەخىرىدىننىڭ قولىدا ئاغرىش سېزىمى بولمىدى، ئۇ بولسا قولىغا چىققانىنى كاپۇر - كۇپۇر قىلىپ ئاغزىغا سالاتتى، نالە - پەريادلىرىغا قارىماي، چالا چايناپ يۇتۇپ، ئاخىر هەممىسىنى تۈگەتتى، تۇخۇمدىن راسا قىزىرىپ پىشقان توخۇ كاۋپى هالىتىدە چىقىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چۈجىنى شاتۇتى مەلىكە ئۇچۇپ يۈرۈپ قوغلاپ تۇتۇۋالدى - دە، بىرلا چوقۇلاپ يۇتۇۋەتتى، شۇ هامان ئۇنىڭ تېنى بىر هەسسە چوڭايدى، پەخىرىدىنمۇ ئۆزىنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك هېس قىلدى.
تولىمۇ قىزىقارلىق بولغان بۇ ناشتا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىرە ئۆزلۈكىدىن قەيتدان - تەخسىلەرنى داستىخانغا يۆگەپ تۈگۈنچە قىلىپ كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى، پەخىرىدىنمۇ ئاغزىنى چايقىغاندىن كېيىن هۇجرىدىن چىقىشقا تەمشەلدى.
— ئاشپەز نائۈستىكەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئەتكەن تامىقى نېمانچە تەمسىز!
— شۇنداق، — دېدى پەخىرىدىنمۇ، — مەنمۇ بۇ ناشتىلىقلاردا بىرەر تەم بارلىقىنى هېس قىلمىدىم، خۇددى هېچنېمە يېمىگەندەكلا.

ئاندىن ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى كۆتۈرگىنىچە كارىدورغا چىقتى، شاتۇتى مەلىكە خېلىلا چوڭىيىپ قالغان بولۇپ، پەخرىدىنىنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ ئولتۇرۇشى ئەپسىز بولغاچقا بىللە مېڭىشقا توغرا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانىتىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىپ، پەخرىدىنىنى قولتۇقلىۋالدى ھەم بۇ ئىشىدىن ئۆزىچە سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ماڭمۇ سېھىرگەرلىك تايىقى بولسا بوپتىكەن، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىغا ھېلىقى قورچاق بالا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى، ئۇ ھېلىقى نۇرلۇق مەرۋايىتنى سېھىرگەرلىك تايىقىغا ئورنىتىۋالغانىدى.

— ئەڭ ئۆزۈن پەيلىرىڭدىن يۇلۇپ بەر، — دېدى ئۇ، — ئاندىن ساڭا سېھىرگەرلىك تايىقى بېرىمەن.

— ئاۋۋال كۆرسەت، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

قورچاق بالا سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان مۇئەللەقتە تۆپتۈز ۋە ھېچ نەرسە بېكىتىلمىگەن بىر ھال رەڭلىك تاياق، بىر بېشىغا كۈمۈش يۇلتۇز بېكىتىلگەن كۈمۈش رەڭلىك تاياق، بىر بېشىغا ئالتۇن يۇلتۇز بېكىتىلگەن كۈمۈش تاياق ۋە بىر بېشىغا شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ياقۇتتىن ئويۇلغان ئەتىرگۈل كامالچىسى بېكىتىلگەن كۈمۈش تاياقلارنى پەيدا قىلدى.

— ساڭا ماس كېلىدىغانلىرى مۇشۇلار، — دېدى قورچاق بالا، — ئەرزىنى ئۈچ تال پەي، قىممىتى 36 تال پەي، خالىغاننى تاللىۋال.

شاتۇتى مەلىكە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ياقۇتتىن ئويۇلغان ئەتىرگۈل كامالچىسى بېكىتىلگەن كۈمۈش تاياقنى تاللىدى.

— قېنى 36 تال پېيىڭنى يۇلۇپ بەر، — دېدى قورچاق بالا كەسكىنلىك بىلەن، — ئەڭ قىممىتىنى تاللىدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن پەقەت شۇ بىرتاللا بار ئىدى.

— بىرئاز ئېتىبار قىلساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— سەن دېگەن مەلىكە، — دېدى قورچاق بالا، — بۇ گېپىڭ سالاھىيىتىڭگە ماس كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن مېنىڭ

باھانى چۈشۈرۈش ئادىتىم يوق، چىدىمىساڭ باشقىلارنىڭكىدەك ئادەتتىكىلىرىنى تاللا.

— ياق! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن، — مەن مۇشۇنىلا ئالىمەن.

— ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەق تۆلىسەم بولامدۇ؟ — سورىدى پەخرىدىن.

— ياق! — دېدى قورچاق بالا، — ئۇ ئۆزى ھەق تۆلەپ ئېلىشى كېرەك، بولمىسا ئىشلىتەلمەيدۇ.

شاتۇتى مەلىكە ئامالسىز چىداپ تۇرۇپ، قۇيرۇق پەيلىرىدىن يۇلدى، بىراقلا 36 تال چىرايلىق پەيلىرىدىن ئايرىلىپ ئارقا تەرىپى ئاقلىنىپلا قالدى، تولىمۇ سەتلىشىپ قالغىنىدىن نومۇس قىلىپ، سېتىۋالغان سېھىرگەرلىك تايىقنى كاپ قىلىپ ئالدى - دە، — مەن ياتاققا قايتاي خوجايىن، — دېدى ئالدىراپلا، — بۇ سەت تۇرقۇم بىلەن سىزگە ھەمراھ بولالمايمەن، بەك سەت بولدى، ئىمكان بولسا ماڭىمۇ بىرەر كىتاب ئالغاچ كېلەرسىز.

— ھېچقىسى يوق، كېتىۋەر! — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — قۇيرۇقۇڭ تېزلا ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ.

شاتۇتى مەلىكە ئۇچۇپ كەتتى، قورچاق بالىمۇ غايىب بولدى. تەنھا قالغان پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سېلىپ، تېزلا كۇتۇپخانا ئىشىكىگە يەتتى. بېلەتتىن بىرنى ئېلىۋىدى، بېلەت غايىب بولۇپ، ئۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندە توسالغۇغا ئۇچرىمىدى.

ئۇ كۇتۇپخانىغا كىرىپلا بوش تۇرغان سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرى تىزىلىدىغان ئىشكاپنىڭ ئالدىغىلا كېپقالدى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن بەدەل تۆلەپ قالمىساملا بولاتتىغۇ، — دېدى پەرىشانلىق بىلەن.

ئاندىن ئۇ باشقا كىتاب ئىشكاپلىرىنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئىشكاپلاردىكى كىتابلار ھەممىسى ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرىشتى، لېكىن ئۇ يەنىلا دەسلەپ ئۇچرىغان «شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنناملىرى» ئىشكاپى يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ساڭا بىر ياخشى تەكلىپ بېرەي، — دېدى شۇ چاغ مۇشۇ ئىشكاپ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلغان رامكىدىكى تېنىنىڭ بىر يارتىسى ئادەمگە، بىر يارتىسى يىلپىزغا ئوخشايدىغان بىر ئايالنىڭ سۈرىتى، — سەن «ئۇنىۋېرسال شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنلىرى توپلىمى»نى ئۆگەن، بۇ ئىشكاپتىكى باشقا ھەممە كىتابنى جەم قىلساڭمۇ قىممىتى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

— شۇنداق! — تۇۋلاپ كەتتى شۇ چاغ ئىشكاپتىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قېلىن بىر كىتاب، باشقىلىرى بولسا نارازىلىق كەيپىياتىدا چۇرقىرىشىپ قالدى.

پەخرىدىن بۇ كىتابنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ كىيىم چامادانىنى ئېسىگە ئالدى، چۈنكى كىتابنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاشۇ چامادانچىلىك بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلىماي، بۇ كىتابنى ئالدى، ئاندىن باشقا ئىشكاپلارنى ئارىلاۋېتىپ «رەزىللىككە قارشى سېھىرگەرلىك كىتابلىرى» دېگەن باغاقچە چاپلانغان ئىشكاپ ئالدىدا توختىدى.

— ھەي! — چاقىردى زال تېمىدىكى رامكىلارنىڭ بىرىدىن تۇرقى - سىياقىدىن تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىيلىك ۋە غەيرەت - شىجائەتلىكلىكى مانا مەن دەپ نامايان بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى، — ئەگەر بۇ ئىشكاپتىكى كىتابلاردىن بىرەرنى تاللىساڭ بەكلا مەمنۇن بولاتتىم، بۇرۇن كۇتۇپ-خانىغا كەلگەنلەرنىڭ ھېچبىرى بۇ كىتابلارغا قول تەگكۈزۈپمۇ باقمىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى خويمۇ يېقىملىق ھەم مۇلايىم ئىدى، پەخرىدىننىڭ بۇ كىتابلاردىن بىرەرنى تاللىشىغا بەكلا ئىنتىزاردەك قىلاتتى.

— ئەلۋەتتە بۇ كىتابلاردىن بىرنى تاللايمەن، — دېدى پەخرىدىن، — ئەگەر كۇتۇپخانىغا كىرىپ، كىتاب تاللاش ئىمكانىيىتىم كۆپرەك بولغان بولسا ھەممىسىنى تاللىۋالغان بولاتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سۈرەتتىكى يىگىت خۇشال بولۇپ، — بۇياققا كەل، مەن ساڭا يول كۆرسىتىمەن.

پەخرىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، سۈرەتتىكى يىگىت رامكىدىن

بىلىگىچە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئېگىشتى ـ دە، پەخرىدىننىڭ قولىقىغا شۇبىرلىدى، پەخرىدىن باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ھېلىقى ئىشكاپ ئالدىغا كېلىپ، ھەممىسىدىن قىلىن، ھەممىسىدىن چوڭراق كىتابنى تاللىدى، كىتابنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان سۇپىتىدە ئاق خورۇم مۇقاۋىسىغا «رەزىللىككە قارشى ئۆتكۈر ئەپسۇنلار» دېگەن خەتلەر ئالتۇن ھەل بىلەن بېسىلغانىدى.

— يارايسەن! — دېدى سۈرەتتىكى يىگىت باش بارمىقىنى چىقىرىپ، — شۇ ئىشكاپتىكى ئەڭ قىممەتلىك كىتابنى تاللىدىڭ.

پەخرىدىن مەمنۇنلۇق بىلەن كىتابلارنى قولتۇقلاپ باشقا ئىشكاپلار بار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئۇ ئەمدى «تۇرلۇك ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئەپسۇننامىلىرى» دېگەن خەت يېزىلغان باغاقچە چاپلانغان ئىشكاپ ئالدىدا توختىدى.

بۇ خىل سېھىرگەرلىك ئىلمىنى ئۆگەنسەم ئۆز دۇنيايىمغا قايتقاندىمۇ تۈرلۈك ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، كىشىلەرگە كۆپ نەپ يەتكۈزەلىگۈدەكمەن دەپ ئويلىدى ئۇ.

— كۆڭلۈڭ نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟! — دېدى شۇ چاغ رامكىلارنىڭ بىرىدىكى خىزىر سۈپەت بىر بوۋاينىڭ سۈرىتى، — باشقىلار بۇ كىتابلاردىن پايدىلانماقچى بولغاندا بۇنداق ياخشى ئوي-پىكىردە بولۇپ باقمىغان، بۇياققا كەل، بۇياققا، مەن ساڭا ئەڭ ياخشىسىنى بېرىمەن.

پەخرىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، سۈرەتتىكى بوۋاي قوينىدىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خورۇم تاشلىق بىر چوڭ كىتابنى ئالدى ـ دە:

— ئال بۇنى، — دېدى خۇددى قىممەت باھالىق سوۋغات بېرىۋاتقاندەك، — يانچۇقۇڭدىكى كۇتۇپخانىغا كىرىش بېلىتىنىڭ ئازلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا سەن كىتابلىرىمنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىشىڭ كېرەك.

پەخرىدىن خۇشاللىق بىلەن كىتابنى ئالدى، بىراق ئۈچ كىتاب ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىرلىق قىلدى.

— ماڭغىن ئوغلۇم! — دېدى سۈرەتتىكى بوۋاي، — ساڭا

بۈگۈن مۇشۇ ئۈچ كىتاب يېتەرلىك، يەنە ئالىمەن دېسەڭ كۆتۈرەلمىگۈدەكسەن، ئەگەر كىتابلار قولۇڭدىن چۈشۈپ كېتىپلا قالسا كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قالىسەن، ياتىقىڭغا بارمىغۇچە ھېچ يەرگە قويما، ھېچكىمگە تۇتقۇزما.

— چۈشەندىم، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۈچ كىتابنى قولتۇقلاپ كۆتۈرۈپ ماڭدى، كېتىۋېتىپ شاتۇتى مەلىكىنىڭ تاپىلىغىنى ئېسىگە كەلدى - دە، قايسى خىل كىتابلار تىزىلغان ئىشكاپلىقىغىمۇ قارىماي، ياندىكى بىر ئىشكاپتىن نېپىزلا بىر كىتابنى ئالدى، كىتاب ئالىيېشىل خۇرۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بىر ژۇرنالدەكلا بار ئىدى، بىراق شۇ بىر نېپىز كىتابنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئۇنى خېلىلا ھالسىراتتى.

پەخرىدىن تەرلەپ - پىشىپ، قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كۆنگەن يېرىگە كەلدى. سېھىرگەرلىك تايىقىنى بوشقىنە شىلتىپ ئىشكتىن چىقتى، چىقىشىغا ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشقان بىر توپ جانىۋارلارنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ھېلىلا كىتابلارنى بۇلاپ كېتىدىغاندەكلا بىر ھالەت زاھىر بولۇپ تۇراتتى.

— ياردەم قىلالامسىز؟ — سوراشتى ئۇلار تەڭلا چۇۋۇرلىشىپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئالمايمىز.

— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، بىر قۇيۇن پەيدا بولۇپ، ئۇنى ھەممە تام - توسۇقلاردىن، كارىدورلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ياتىقىغا ئاپىرىپ تاشلىدى، پەخرىدىن شۇ چاغدىلا كىتابلارنى قىرائەتخانىغا تاشلاپ، ئۆزىنى يەردىكى گىلەم ئۈستىگىلا تاشلىدى.

— بەك چارچاپسىز خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار دەرھال ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرسى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن قورسىقىغىچە، يەنە بىرسى دولىسىغىچە تۇتۇپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ تۈكلۈك قوللىرى پەخرىدىنگە پاختىدەك يۇمشاق بىلىندى.

پەخرىدىن ئۇلارغا بەدىنىنى ئۇۋۇلىتىشتىن سەل خىجىل بولۇپ، قورۇنغان بولسىمۇ «نېرى كېتىڭلار» دېيىشكە تىلى بارمىدى.

— ئۇ قېنى؟ — سورىدى ئۇ بىردىنلا شاتۇتى مەلىكىنى ئىسگە ئېلىپ.

— مەن بۇ يەردە خوجايىن! — ئۇخلايدىغان ئۆيدىن شاتۇتى مەلىكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — ماڭىمۇ كىتاب ئالغاچ كەلگەنسىز - ھە؟......

— ئالغاچ كەلدىم، — دېدى پەخرىدىن.

— ئۇ كارىۋىتىڭىزدا، يوتقانغا يۆگىنىپ ياتىدۇ، — دېدى يېشىل كۆز ئۈنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — قۇيرۇق پەيلىرى يۇڭۇزلىنىپ كېتىپتۇ، نېمە ئىش بولغىنىنى سورىساق جاۋاب بەرمەي چالۋاقاپ، يوتقانغا ئورىنىۋالدى، مانا يېرىم كۈندىن ئاشتى، تېخىچە ئورنىدىن تۇرايمۇ دېمىدى.

— كىم ئۈنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدىكىن، بىلىپلا قالساق بېرىپ تازا ئەدىپىنى بېرەتتۇق، — دېدى كۆك كۆز.

— قۇيرۇق پەيلىرى ئۆسۈپ چىققۇچە يېتىپ ئارام ئالسۇن، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ كېتىپ، — سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن.

مۇشۇك خان قىزلار ئۈنىڭ بەدىنىنى ئالا قويماي ئۇۋۇلاپ، ھاردۇقىنى ئوبدانلا چىقىرىپ قويدى، خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلغان پەخرىدىن ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، كىتابلارنى «ئۆزلەشتۈرۈشكە» تۇتۇش قىلدى.

ئۇ ئىشنى «ئۇنىۋېرسال شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنلىرى توپلىمى» دىن باشلىماقچى بولدى - دە، ئېچىپ بىر ۋارىقىنى «جارت» قىلىپلا يىرتىۋالدى.

— بۇ نېمە قىلىق! — سەكرەپ كەتتى كىتاب رەنجىپ، ئۈنىڭ مۇقاۋىسىدا پەيدا بولغان بىر جۈپ كۆز ئېتىلىپ چىقىدىغاندەكلا ئىدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى پەخرىدىن، — بۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇم.

— ياق - ياق! ئەمدى ماڭا چېقىلما، ئۆگەنمەيلا قوي! — دەپ

توۋلاپ كەتتى كىتاب قىرائەتخانا ئىچىدە شەيتان توپتەك قاڭقىپ - سەكرەپ.

پەخرىدىن ئۈنىڭ بىلەن كارى بولماي يىرتىۋالغان ۋاراقنى پۇرلەپ ئاغزىغا سالدى، هەرپلەرنىڭ نالە - زارى، ئاغزىنى تاتىلاشلىرىغا قارىماي چايناپ يۇتىۋەتتى. مۇشۇك خان قىزلار قاڭقىپ يۈرگەن كىتابنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ پەخرىدىنگە ئەكىلىپ بەردى.

— سېنى كىتابقا ياكى بىر ۋاراق قەغەزگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپ توۋلىدى كىتاب پوپوزا قىلىپ، — ئاندىن سەنمۇ چاينىلىشنىڭ تەمىنى تېتىيسەن.

پەخرىدىن ئۈنىڭ نىمە دېيىشى بىلەن كارى بولماي، ئىككىنچى ۋارىقىنىمۇ چايناپ يۇتتى، بىراق بۇ بىر كىتابنى يېيىش ئۈنىڭ ئۈچۈن ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى، چۈنكى ۋاراقلىرى بەكلا كۆپ ئىدى، كەچكىچە 50 — 60 بېتىنى يېۋېتەلىدى، يەنە تېخى نەچچە مىڭ بېتى باردەك قىلاتتى.

— ئارام ئېلىڭ، خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — قالغىنى ئەتىكى تاماقىڭىز بولسۇن.

پەخرىدىن ئارام ئالمايمۇ ئامال يوقلۇقىنى هېس قىلدى، چۈنكى بۇ كىتابنى كېچىچە توختىماي يېسىمۇ تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى.

— ئۇبدان ساقلا! — دېدى ئۇ كىتابلارنى ئىشكاپقا تىزىۋېتىپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ خوجايىن، — دېدى كىتاب ئىشكاپى، — سىز قول سالمىغۇچە هېچكىم ئۇلارنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

پەخرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ راهەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇخلاش ئۆيىگە چىقتى، شاتۇتى مەلىكە يوتقانغا ئورىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئويغىتايلىمۇ؟ — سورىدى كۆك كۆز، — ئۇ سىزگە ئورۇن بىكارلاپ بەرسۇن.

— بولدىلا، — دېدى پەخرىدىن، — بۈگۈنچە مەن قىرائەتخانىدا، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ تۇراي، ئۇنى ئويغاتمايلى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، — دېدى يېشىل كۆز، — كۆپ ئۇخلاپ بەرسە، يۇلۇنغان پەيلىرى ئورنىغا تېخىمۇ كۆركەم، يېڭى پەيلەر چىقارمىش، چىققاندىمۇ تېززەك چىقارمىش.

— دېگىنىدەك بولغاي ئىلاھىم، — دېدى پەخرىدىن قىرائەتخانا تەرەپكە ماڭغاچ چىقىۋېتىپ، — بولمىسا كۇندە تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئۇخلاۋېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

## ئالتىنچى باب

# سېھىرلىك قەلئەنىڭ مەھشەر كۈنى

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېچىنى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا، شېرىن چۈشلەر قوينىدا ئۆتكۈزدى، بىراق چۈشلىرىنىڭ ئاخىرىدا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا:

— نېمانداق ئۇخلاۋېرىسەن؟ ۋاقىت ئاز قېلىۋاتقىنىنى بىلمىدىڭمۇ، بۇنداق ئۇيقۇ بىلەن ۋاقىتنى هارام قىلساڭ هېچقانچە بىرنېمە ئۆگىنەلمەيسەن، تېز ئويغان، هېلىقى كىتابنى تېزرەك ئۆزلەشتۈرۈۋالساڭ باشقىلىرى ئاسانغا چۈشىدۇ، تېز، تېز بول! — دەپ توۋلىدى قوپاللىق بىلەن.

پەخىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، شۇ چاغ كارىدوردا قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. پەخىرىدىن يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ، يۈز - قوللىرىنى يۇدى، يەنە قىرائەتخانىغا قايتىپ كىرىپ، هېلىقى مۇقەددىمىسى يېپىلىپ بولغان كىتابنى «ئۆزلەشتۈرۈش» ئىشىنى باشلىدى.

بۈگۈن بۇ كىتاب تەقدىرىگە تەن بەرگەندەك ياۋاشلاپلا قالغانىدى. پەخىرىدىن زېرىكسە بىردەم - بىردەم دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالدى، قالغان ۋاقىتتا هېلىقى كىتابنى «ئۆزلەشتۈرۈش» بىلەنلا بولدى. چۈشتىكى ئاگاهلاندۇرۇش قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپلا تۇرغاچقا، كېچىلىرىمۇ ئۇخلىمىدى. سىرلىق قەلئەنىڭ هەممىلا يېرىنى بىر زىيارەت قىلىپ چىققۇسى بولسىمۇ، لېكىن خاس هۇجرىسىدىن مىدىرلىمىدى.

«بەرداشلىق بەر، بەرداشلىق بەر!» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، ساق توققۇز كېچە - كۈندۈز توختىماي شۇ ئىش بىلەن بولۇپ، ئاخىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىن تارتىپ هەممە بەتلىرىنى يەپ

بولدى. بۇ توققۇز كۈندە شاتۈتى مەلىكىمۇ ئويغانماي ئۇخلىدى.

پەخرىدىن تولىمۇ قىيىنغا توختىغان ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ «ئۆزلەشتۈرۈش» نى تاماملاپ، «ئۇھ!» دېگەندە يەنە كەچ كىردى، ئۇ يەنىلا تەۋرەنمە ئورۇندۇققا تاشلىنىپ ئۇخلىدى، كۆزى يۇمۇلۇشى بىلەن چۈش كۆردى، چۈشىدە سېھرگەر ئۇستاز ئايان بولدى. «نېمانچە لىگتاسىملىق قىلىسەن - ھە!؟» دېدى ئۇ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ چېھرىدىن جىددىيلىك چىقىپلا تۇراتتى: «ساڭا پەقەت ئۈچ ھەپتە ۋاقىت قالدى، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن.......»

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا سىيماسى غۇۋالاشتى - دە، بوۋاي تېزلا غايىب بولدى، ئورنىدا بىر قارا كۆلەڭگە غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتتى.

پەخرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ، پەرىشانلىققا چۆمدى، ئۇنى گادىرماچ خىياللار چىرمىۋالدى.

« ‹ئۈچ ھەپتە ۋاقىت قالدى› دەيدىغۇ، زادى نېمىگە ئۈچ ھەپتە قالغاندۇ» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە: «ياكى ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن بۇ يەردىن كېتەمدىغاندىمەن، ھېلىقى قارا كۆلەڭگە نېمىنىڭ.....»

— نېمىلا بولسۇن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى خوجايىن! — ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا شاتۈتى مەلىكىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قىرائەتخانا ئىچى يورۇپ كەتتى.

پەخرىدىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغقاندا قۇيرۇق پەيلىرى ئەسلىگە كەلگەن شاتۈتى مەلىكىنى كۆردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يارقىن نۇر چېچىلىپ تۇراتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ شاتۈتى مەلىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆركەملىشىپ كېتىپسەن.

— ھەممىسى سىزنىڭ ھىممىتىڭىزدىن بولدى خوجايىن، — دېدى شاتۈتى مەلىكە خىجىللىق بىلەن، — بۇ توققۇز كۈندە ئورنىڭىزنى ئىگىلىۋېلىپ، سىزنى ئورۇندۇقتا ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلىپ قويدۇم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخرىدىن.
— ئەمدى سۆزئەتنى تېزلىتەيلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە جىددىيلىك بىلەن، — نېمىلا بولسۇن بۇ ئۈچ ھەپتە سىز ئۈچۈن بەك قىممەتلىك. ئەگەر كىتاب «ئۆزلەشتۈرۈش» ئۇسۇلىڭىزنى بىرئاز ئۆزگەرتمىسىڭىز، بۇ ئۈچ ھەپتىدە قالغان كىتابلاردىن ئاران بىرسىنى تۈگىتىشى مۇمكىن، قالغانلىرىنى «ئۆزلەشتۈرۈش» پۇرسىتى ئەسلا بولمايدۇ.
— قاراپ تۇر، — دېدى پەخرىدىن كۆلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئېلىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ تۇرۇپ شىلتىغىنىدى، شۇھامان ئىشكاپتىكى ھەم چوڭ، ھەم توقۇمدەك قېلىن كىتابلار ئىككى تەخسە تۇخۇم پوشكىلىغا ئايلىنىپ قالدى.
— ۋاھ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە خۇشال بولۇپ، — كارامىتىڭىز قالتىسقۇ.
— ئۇ بىرسى ساڭا قالدى، — دېدى پەخرىدىن ئىشكاپتا يەڭگىل خورەك تارتىپ ياتقان نېپىز كىتابنى كۆرسىتىپ. كىتاب ھەر بىر خورەك تارتقاندا ئىشكاپ ئىچىدە رەڭگارەڭ ۋىل - ۋىل ئۇچقۇنلار پەيدا بولاتتى.
شاتۇتى مەلىكە خۇشاللىق بىلەن ئىشكاپتىن كىتابنى چاڭگاللاپ ئالدى - دە: «سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى ئەپسۇننامىسى» كەنغۇ، — دېدى رازى بولمىغاندەك.
— كەچۈرگىن، — دېدى پەخرىدىن، — بۇ قېتىم سېنى بىللە ئەكىرەي، ئۆزۈڭ خالىغاننى تاللاپ چىق!
— رەھمەت خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، ئاندىن ئۇ ھېلىقى كىتابنى چوقۇلاپ - چوقۇلاپ، چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ تېپىرلاشلىرىغا قارىماي يېيىشكە باشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭغا چۈشىدە كىمدۇر بىرى ئۆگىنىشنىڭ بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.
پەخرىدىنگە ئىككى تەخسە پوشكالنى بىرتەرەپ قىلىش ئاسانغا چۈشتى، لېكىن پەقەتلا پوشكال تەمى تېتىمىدى. ياخشى يېرى، ئۇ

ئىككى تەخسىنى بىكارلاپ بولغاندا مېڭىسى يېڭى ئەپسۇنلار بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئاندىن ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، يېشىنىپ يوتقانغا كىرىپ، راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالدى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، تولىمۇ جۇشقۇن، تېتىك تۇردى، شاتۇتى مەلىكە قونداقتا ئولتۇراتتى، ئۇمۇ ھېلىقى كىتابنى ئاللىبۇرۇن يوكىنىغا قاچىلاپ كىرگەندى.

— ئەمدى سېنى ئۆزگەرتىمەن، — دېدى پەخرىدىن يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ شاتۇتى مەلىكىگە، — كۇتۇپخانىغا بىللە كىرەلىسەڭ تەلىيىڭ، بولمىسا مەن ئەچىقىپ بېرەلىگەن كىتابلارغا قانائەت قىلىشىڭ كېرەك.

— چۈشەندىم خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە رازىمەنلىك بىلەن.

پەخرىدىن نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، شاتۇتى مەلىكە سۇت رەڭ بىر تۇگمىگە ئايلىنىپ قالدى.

— بولمىدى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — بۇ تۇگمە قىزلارنىڭ كىيىمىگە لايىق رەڭدە بولۇپ قالدى، سىزگە ماس كەلمەيدۇ خوجايىن.

پەخرىدىن يەنە سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، تۇگمە ئالتۇن ئىزناكقا ئايلاندى، پەخرىدىن ئۇنى ئېلىپ مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە قادىۋالدى، ئاندىن كۇتۇپخانىغا ماڭدى.

ھەرھالدا ئۇ يەنە بىر بېلەت بىلەنلا كۇتۇپخانىغا كىرىۋالدى، بىراق قۇلاق تۈۋىدە:

— بېلىتىڭدىن ئىككىسى ئازلىدى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۇنى شۇ ھالەتتە ئەكىرمىسەڭ، قولىغا ئون بېلەت بەرسەڭمۇ كىرەلمەيتتى، — دېدى قوشۇمچە قىلغاندەك رامكىلارنىڭ بىرىدىكى كۆزئەينەك تاقىۋالغان، قىياپىتى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى.

پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شاتۇتى مەلىكە كۇتۇپخانا ئىچىدە توختىماي ئۇچۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ شۇنچە

كۆپ كىتابنى كۆرۈپ ھەم خۇشال، ھەم ھەيران بولغان، قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى.

پەخىردىنمۇ قايسى ئىشكاپتىن قايسى كىتابنى ئېلىش ھەققىدە باش قاتۇردى، چۈنكى ئۇ چەكلىك پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك - دە، ئۇ ئىشكاپلارنى ئارىلىدى، ئاخىر «ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئەپسۇنلىرى توپلىمى» نى تاللىدى، بۇ كىتاب ئانچە چوڭ، ئانچە قېلىن ئەمەس ئىدى، بىراق بايا گەپ قىلغان، ھەر خىل قىياپەتتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يىگىتنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭ بۇ كىتابنى تاللىغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ، تولىمۇ قىممەتلىك بىر سوۋغات بەردى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆزئەينىكى ئىدى.

— بۇ كۆزئەينەك بەك خاسىيەتلىك، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا، — ئۇ بولسىلا ياخشى - يامانىنى بىرقاراپلا ئايرىۋالالايسەن. رەقىبىڭ ئۆزىنى قانداق يوشۇرسۇن، قانداق ھالەتتە ئۆزگەرتىۋالسۇن، ھەممىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تونۇۋالالايسەن.

— رەھمەت، — دېدى پەخىردىن خۇشال بولۇپ، — ئۇنى قەدىرلەيمەن.

— ئۇنى يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ياتىقىڭغا بارغان ھامان يېۋەتكىن، — دېدى ھېلىقى قىياپىتى ئۆزگىرىشچان يىگىتنىڭ سۈرىتى جېكىلەپ، — قولۇڭدا تۇرغىنىدىن قەلبىڭگە ئورناشقىنى ئەۋزەل، ئەمما خاسىيىتى يوقاپ كەتمەيدۇ.

پەخىردىن ئەمدى باشقا ئىشكاپلارنى ئارىلىدى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن رامكىدىكى ئەپتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، كىشىگە ياۋۇز قاتىلدەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ سۈرىتى يوغان ۋە تۈكلۈك قوللىرىنى سوزۇپلا ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى - دە:

— نېمىشقا مېنىڭ كىتابلىرىمدىنمۇ تاللىمايسەن؟ — دېدى دوق قىلىپ، — ئۇلارنى بىرسى قالماي يوقاپ كەتسۇن دېدىڭمۇ ياكى ئانچە كېرەككە كەلمەيدۇ دەپ قالدىڭمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، — دېدى پەخىردىن ھودۇقۇپ، — قايسى كىتابلارنى دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمىدىم.

— ئەنە، — دېدى ھېلىقى ياۋۇز ئادەم نېرىدىكى ئىشكاپنى كۆرسىتىپ، — ئەگەر بىرەر كىتابىمنى تاللىمايدىغان بولساڭ سېنى مەڭگۈ كۇتۇپخانىدىن چىقالماس قىلىۋېتىمەن.

پەخرىدىن خالىماس ئۇ كۆرسەتكەن ئىشكاپ يېنىغا باردى، ئىشكاپقا ھېچقانداق باغاقچە چاپلانمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ كىتاب ئىشكاپىنى پەقەتلا ئۇچراتمىغىنىنى ھېس قىلدى. بۇ ئىشكاپ ھېلىلا پەيدا بولغاندەك، تېخى بىرەر باغاقچە يېزىپ چاپلاشقىمۇ پۇرسەت بولمىغاندەك ئىدى.

پەخرىدىن قىزىقىپ كىتاب ئېلىش ئۈچۈن ئىشكاپقا قول سوزدى، بىراق ئويلىمىغان يەردىن كىتابلار خۇددى غالجىر ئىتلاردەك ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ، تالىۋالغىلى تاسلا قالدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن قولىنى تارتىۋالدى.

سۈرەتتىكى ياۋۇز ئادەم قەھر بىلەن توۋلىدى:

— جىم تۇرۇش!

شۇ ھامان بۇ غالجىر كىتابلار تىنچىدى، بىراق كۇتۇپخانا زىلزىلىگە كېلىپ، ھېلىلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك بىر ھالەت يۈز بەردى.

— ئالغىن! — دېدى ياۋۇز ئادەم ئەمدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

پەخرىدىن يەنە ئېھتىيات بىلەن قول سوزدى، قولى تەگكەنلا بىر كىتابنى ئالماقچى بولغانىدى، ئېلىشقا پەقەتلا كۈچى يەتمىدى.

شۇ چاغ سۈرەتتىكى ياۋۇز ئادەم ئۈچىنچى مىخلىق توپ ئورنىتىلغان غەلىتە بىر تايىقنى شىلتىدى ـ دە:

— ئالغىن! — دېدى يەنە بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ئەڭ قېلىن، ئەڭ چوڭىنى ئالغىن.

پەخرىدىن ئۇ دېگەندەك ئىشكاپتىن ئۆيدىكى كىيىم چامادانىدىنمۇ چوڭ بىر كىتابنى تاللاپ ئالدى. بۇ قېتىم قىلچە كۈچەش كەتمىدى، چۈنكى كىتاب بەك چوڭ بولغان بىلەن پەيدەك يەڭگىل ئىدى.

— بار! — دېدى ياۋۇز ئادەم، — ئەمدى باشقا ئىشكاپلاردىن كىتاب تاللا.

پەخرىدىن باشقا ئىشكاپلار تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ھېلىقى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىدى. كىتابنىڭ مۇقاۋىسى قان - يىرىڭ بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەندەكلا ئىدى، ئىچىپ باققانىدى، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بەتبەشرەلەر ۋە ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇ ئىلگىرى كىنوخانىدا ياكى تېلېۋىزوردا كۆرگەن قانخور ئالۋاستىلار ياكى قورقۇنچلۇق ۋەھشىي مەخلۇقلار ھەققىدىكى كىنولاردەك، ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. دەھشەتلىك چىرقىرىغان، ھۆركىرىگەن، ئازابلىق ئىڭرىغان، نالە - پەرياد قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قان تامچىلىرى ۋە گۆش پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى، ھەتتا چاچلىرى ئورنىدا يىلانلار مىغىلداپ تۇرغان، كاللاچەتەك ئېغىزلىرىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان، ئەمما بويىنىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن بىر كاللا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ چىقتى.

پەخرىدىننىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى - دە، دەرھال كىتابنى يېپىۋالدى ۋە تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— چىڭ تۇت! — توۋلىدى رەسىم رامكىسىدىكى ياۋۇز ئادەم، — ئۇنى چوقۇم تولۇق ئۈزلەشتۈر، ئۇ ساڭا دۈشمەنلىرىڭنى مەغلۇپ قىلىشىڭدا زۆرۈر بولغان ئەڭ كۈچلۈك سىرلىق ئەپسۇنلارنى ئۆگىتىدۇ، ئۇنى ئىلگىرى سېھرگەر ئۇستازلا كۆرەلىگەن، لېكىن ئۆزلەشتۈرۈشنى خالىمىغاچقا، كېيىن بۇنىڭ دەردىنى تارتقان. سەن ئەسكىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۇلاردىنمۇ ئۆتە ئەسكى بولۇشۇڭ كېرەك.

پەخرىدىن «سېھرگەر ئۇستاز» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، بۇ كىتابقا بولغان يىرگىنىش، قورقۇنچ ھېسسىياتىنى بېسىۋالدى - دە، كىتابنى قولتۇقىغا قىستى، شۇ ھامان «ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئەپسۇنلىرى توپلىمى» ئۇنىڭ قولتۇقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ئىشتان يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى.

پەخرىدىن ئەمدى يانىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا نەزەر سالدى: ئۇنىڭغا «مەخلۇقلارنى بويسۇندۇرۇشقا دائىر سېھرگەرلىك كىتابلىرى»

دەپ يېزىلغان باغاقچە چاپلانغانىدى.

پەخرىدىن ئۇنىڭدىكى ھەممىدىن چوڭ ھەم قېلىن كىتابنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، بوش قالغان قولتۇقىغا قىستى، ئاندىن باشقا ئىشكاپلار تەرەپكە بۇرۇلدى، ئارىلاپ يۈرۈپ، «تىلسىملارنى ئېچىشقا دائىر سېھىرگەرلىك ئىلمى كىتابلىرى» ئىشكاپى ئالدىغا كەلدى. سەل تۇرۇۋېلىپ، ئۇ ئىشكاپتىنمۇ تاللاپ تۇرۇپ، ھەممىسىدىن چوڭ ھەم قېلىن بىر كىتابنى سۇغۇرۇۋالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا كىتابلار ئېغىرلىق قىلدى، يەنە بىر بەت نەرسە قوشۇلسىلا، كۆتۈرەلمەي يىقىلىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى.

— چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ تېخىچە ئۆزىنى توختىتالماي ئۇچۇپ يۈرگەن شاتۇتى مەلىكىگە تۇۋلاپ.

شاتۇتى مەلىكە ئامالسىز ئۇدۇل كەلگەن بىر ئىشكاپتىن بىر كىتابنى ئېلىپلا ئۇچۇپ كەلدى، پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەگكۈزدى، شاتۇتى مەلىكە كىتابى بىلەن قوشۇلۇپلا ئىزناكقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قادالدى. بۇ ئىزناك سەۋەبلىك پەخرىدىن يىقىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى.

— سەن بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، — دېدى ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى رامكىدا مۈلايىملىق بىلەن قاراپ تۇرغان بىر سېھىرگەر قولىنى سوزۇپلا ئۇنى يۆلىۋېلىپ:

— سەن يىقىلساڭ بولمايدۇ ئوغلۇم.

— رەھمەت، — دېدى پەخرىدىن.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كەلگەندە خېلىلا چارچىغانىدى، بىراق ئارام ئالىدىغانغا كۆپ ۋاقتى يوقلۇقىنى ئويلاپ، دەرھال ئىشقا كىرىشتى، چۈنكى كىتاب تاللاش بىلەن يېرىم كۈن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن كۆزئەينەكنى پېچىنىگە ئايلاندۇرۇپ يېۋەتتى، ئاندىن كىتابلارنى پوشكالىغا ئايلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى.

شاتۇتى مەلىكە بولسا ئۆزى ئاچقان «ئوتقا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار توپلىمى» نى چوقۇلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدى.

پەخرىدىن بۇ كىتابنى بىرەر تال دانىغا ئايلاندۇرۇپ بەرمەكچى

بولغانىدى، قۇلاق تۇۋىدىلا:
— ئۇ ئۆزى ئەجىر قىلىشى كېرەك، بولمىسا ھېچنېمىنى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
— كېتىۋېرىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — كۇتۇپخانىدىن لازىملىق كىتابلارنى ئەچىقىۋېلىڭ، مەن بۇنى ئەتىگىچە ئاران بىر تەرەپ قىلىپ بولالىغۇدەكمەن.
پەخرىدىن ئامالسىز ئۆزىلا كۇتۇپخانىغا ماڭدى، بىراق ئىشىك:
— كۇندە بىر قېتىملا كىرىپ چىقالايسەن، — دېدى ئۇنىڭغا، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارىدورلارنى ئارىلاپ، ئالدىرىماي ياتاققا قايتتى. تاڭ سەھەردە تەقەززالىق بىلەن كۇتۇپخانىغا چاپتى، ئىشكاپلارنى ئارىلاۋېتىپ ياۋۇز ئادەمنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان رامكىمۇ، غالجىر كىتابلار تىزىلغان ئىشكاپمۇ غايىب بولغانلىقىنى بىلدى.
شۇ چاغ ئۇنى ئۇدۇلدىكى بىر ساھىبجامال خانىم چاقىردى:
— مېنىڭ كىتابلىرىمدىنمۇ تاللىمامسىز، يىگىت.
ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئىدى، چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
پەخرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇ كۆرسەتكەن ئىشكاپتىن بىر كىتاب تاللاش قارارىغا كەلدى. ساھىبجامال ئۇنىڭغا:
— «قايغۇ - ھەسرەتنى يوقىتىپ، شاد - خۇراملىق بېغىشلىغۇچى ئەپسۇنامىلەر» دەپ يېزىلغان باغاقچە چاپلانغان ئىشكاپنى كۆرسەتكەندى.
ئۇ ئىشكاپتىكى كىتابلارغا نەزەر سالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ نەپىس گۈل - نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، خىلمۇخىل يارقىن رەڭلەردىكى خۇرۇم تاشلىق كىتابلار ئىدى؛ ئانچە قېلىنمۇ ئەمەس، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ كۆپ پەرقلەنمەيتتى.
پەخرىدىن بىرسىنى سۇغۇرۇۋالدى. كىتاب ئىسمى بېسىلمىغانىدى، لېكىن ئىچىدىن خويمۇ يېقىملىق ۋە زوق بەخش ئەتكۈچى نەغمە - ناۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
پەخرىدىن بۇ كىتابنى ئېلىپ، ئاندىن باشقا ئىشكاپلار تەرەپكە

يۈرۈپ كەتتى. «سېھىر - جادۇغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەپسۇنلار توپلىمى» بىلەن «ھاۋا رايىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەپسۇنلار توپلىمى» نى تاللاپ كۇتۇپخانىدىن چىقتى، ئۇ كېيىنكى ئىككى كىتابنىڭ ئېغىرلىقىدىن خېلىلا ھالسىرىدى.

پەخرىدىن ياتاققا قايتىپلا بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشتى. «ھاۋا رايىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەپسۇنلار توپلىمى» نى بىر تەخسە ئۈزۈمگە، ئىچىدىن نەغمە - ناۋا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى بىر تەخسە پىرەنىككە ئايلاندۇرۇپ تېزلا يەپ تۈگەتتى، لېكىن «سېھىر - جادۇغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەپسۇنلار توپلىمى» بىلەن تاكى تۈن يېرىمىغىچە جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى، چۈنكى ئۇ شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنلىرىنى ياندۇرۇۋېتىپ باراتتى، تاكى ئۇنى يىرتىپ - يىرتىپ، تەڭگىدەك - تەڭگىدەك ئۇششاقلىۋەتكەندىلا ئاندىن ھەممىسى ئۆزىچىلا پەخرىدىننىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپ جىمىقتى.

پەخرىدىن شۇ چاغدىلا يۇيۇنۇش ئۆيىگىمۇ كىرمەي، تەۋرەنمە ئورۇندۇققا تاشلىنىپلا ئارام ئالدى. تېخى ھېلىلا «ئوتقا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار توپلىمى» نى چوقۇلاپ يەپ تۈگەتكەن شاتۇتىمۇ تۇرغان جايىدىلا ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ سەھەردە ئۇ پەخرىدىنگە ئەگەشتى. پەخرىدىن ئۇنى يەنە ئىزناكقا ئايلاندۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قادىۋېلىپ، كۇتۇپخانىغا ماڭدى. كارىدوردا جانىۋارلار ھودۇقۇش ئىچىدە ھەر تەرەپكە قاتىرىشىپ يۈرەتتى؛ كۇتۇپخانىغا كىرگەندە، ئۇ يەردىمۇ باشقىچە كەيپىياتنى كۆردى. رامكىدىكى سۈرەتلەر بىر - بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىۋاتاتتى، ھەتتا ئىشكاپلاردىكى كىتابلارمۇ پاراكەندە بولۇشۇپ كەتكەندى.

— تېز بول! — دېدى ھېلىقى ساھىبجامال خانىمنىڭ سۈرىتى، بۈگۈن ئۇنىڭ چېھرىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك تەبەسسۇم ئورنىغا تولىمۇ بىئارام، تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك بىر ھالەت ئالماشقانىدى، — تېزرەك ئىشىگىنى يۆتكۈزۈۋال.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى پەخرىدىن ئەجەبلىنىپ.

— سورىما، — دېدى ساھىبجامال خانىم، — كېيىن بىلىپ قالىسەن.

پەخرىدىن دەرھال ئىشكاپلارنى ئارىلاپ كىتاب تاللاشقا كىرىشتى ۋە تېزلا «كۆپ قوللىنىلىدىغان ئەپسۇنلار توپلىمى» بىلەن «خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئەپسۇنلار توپلىمى» نى تاللىدى؛ ئۇ بۇلارنى بەكرەك زۆرۈر دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن بۇ ئىككى كىتاب بەك ئېغىر بولغىنى ئۈچۈن شۇلارنىلا ئېلىپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. شاتۇتى مەلىكە «سۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار توپلىمى» نى ئالغانىدى.

ئۇلار ياتاققا قايتتى. پەخرىدىن ئىككى كىتابنى پېچىنىگە ئايلاندۇرغانىدى، ئۇلار شىرە ئۈستىگە بىر دۆۋە بولدى، كەچ كىرگۈچە ئاران تەستە يېپىلىپ تۈگىدى.

شاتۇتى مەلىكە بولسا ئاچقان كىتابنى كەچ كىرگۈچە چوقۇلاپلا يۈردى. كەچ كىرگەندە پەخرىدىن قىرائەتخانىغا بېرىپ، باشقىلاردىن ئەھۋال ئۇقماقچى بولغانىدى.

— بارماڭ خوجايىن، — دېدى ئىشىك خانئايىم، — بايا بىر ئۇقتۇرۇش ئۈچۈپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا سىرلىق قەلئەدىكىلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ كېچىسى ئۆز ھۇجرىسىدىن چىقماسلىقى تەكىتلىنىپتۇ، ھازىر چىقسىڭىزمۇ ھېچكىمنى ئۇچرىتالمايسىز، باشقىلارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— بىراق، قەلئەدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى، — دېدى پەخرىدىن تىت - تىت بولۇپ.

— ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دېدى ئىشىك خانئايىم، — تېزرەك ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆگىنىپ تۈگىتىڭ.

پەخرىدىن نائىلاج قايتىپ كىردى، تاڭ سەھەردىلا يەنە كۇتۇپخانىغا ماڭدى. كۇتۇپخانىدا ئىشكاپلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، رامكىلاردىكى سۈرەتلەر ۋە كىتابلارنىڭ جىمپىلا قالغىنىنى ۋە چۈشكۈن بىر كەيپىياتنى ھېس قىلدى. شۇنداق يۈرۈپ، يېگىلا پەيدا بولۇپ قالغاندەك بىر ئىشكاپنى كۆردى. ئىشكاپقا «خاسىيەتلىك ئەگكۈشتەر

ئەپسۇنلىرى» دەپ يېزىلغان باغاقچە چاپلانغاندى، ئۇنىڭغا تىزىلغانلىرى كۆتۈپخانا بويىچە ئەڭ نېپىز كىتابلار ئىدى.

پەخرىدىن دەرھال بۇ ئىشكاپتىن بىر كىتابنى سۇغۇرۇۋالدى. كىتابنىڭ ھاۋا رەڭلىك خورۇم مۇقاۋىسىغا ئالتۇن جىنچىراغ نەقىشلەنگەن ۋە «خاسىيەتلىك چىراغ ئەپسۇنى» دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى.

پەخرىدىن بۇ ئىشكاپتىن يەنە بىر كىتابنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۈمۈش رەڭلىك خورۇم مۇقاۋىسىغا كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك نەقىشلەنگەن ۋە «خاسىيەتلىك ئۈزۈك ئەپسۇنى» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ يەنە بىر كىتاب ئالدى، ئۇستىگە ھاۋا رەڭلىك قالپاق سۈرىتى نەقىشلەنگەن ۋە «سۇلايمان قالپىقى ئەپسۇنى» دەپ يېزىلغان سۈت رەڭ خورۇم تاشلىق كىتاب ئىدى. يەنە بىرنى ئالماقچى بولدى، بىراق تامدا پەيدا بولغان بىر رامكىدىكى بويى بىر غېرىچ، ساقىلى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان بوۋاينىڭ سۈرىتى توۋلىدى:

— بولدى قىل يىگىت، پەقەت ئۈچىنىلا ئالالايسەن، يەنە بىرنى ئالىمەن دېسەڭ، ئالغانلىرىڭ غايىب بولىدۇ، قولۇڭدىكىلىرىمۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر، ئەمدى ياتىقىڭغا قايت، ئالغۇڭ بولسا باشقا ئىشكاپلاردىن كۆتۈرەلىشىڭچە ئالساڭ بولىدۇ.

— تېز، تېز بول، — دەپ ئالدىراتتى باشقا رامكىدىكى سۈرەتلەرمۇ ئالدىرىتىپ، — قولۇڭغا چىققاننى ئېلىپلا چىقىپ كەت!

پەخرىدىن دەرھال ئىلگىرى قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشكاپلاردىن ئۈچ كىتاب ئالدى، چىقىپ كېتىۋېتىپ قارىغانىدى، بىرىگە «چۈشىن ئەپسۇنى»، بىرىگە «شامال ئەپسۇنى»، ئۈچىنچى بىرىگە «ئۇچقۇر ۋېلسىپىت ئەپسۇنى» دەپ يېزىلىپتۇ. تۆمۈر رەڭ خورۇم مۇقاۋىسىغا قاناتلىق ۋېلسىپىتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن «ئۇچقۇر ۋېلسىپىت ئەپسۇنى» غا تولىمۇ قىزىقتى، شۇڭا ياتاققا قايتىپلا ئۇنى بىر تەخسە پېچىنىگە ئايلاندۇرۇپ يېۋەتتى. ئارقىدىنلا «شامال ئەپسۇنى» نىمۇ بىر تەرەپ قىلدى، بىراق قارامتۇل خورۇم بىلەن ئىشلەنگەن مۇقاۋىسىغا مىڭلداپ يۈرگەن چۈشىنلەر چۈشۈرۈلگەن «چۈشىن ئەپسۇنى»نى يېيىشنى كۆڭلى كۆتۈرمىدى.

— تېزرەك ئۇنىمۇ بىرتەرەپ قىلىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىرىتىپ، — ئۇلار دېگەن سۇرەتلا خالاس.

بىراق، بۇ سۇرەتتىكى چۈشىنىلەر بىردىنلا مىدىرلاشقا، گىژىلدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىشقا باشلىدى.

پەخرىدىنىڭ بۇنىڭغا قاراپ، تېخىمۇ كۆڭلى ئاينىدى. شاتۇتى مەلىكە بولسا ئالدىرىتىۋەردى، ئاخىر پەخرىدىن كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ «چىۋىن ئەپسۇنى»نى پېچىنگە ئايلاندۇرۇپ يېۋەتتى، ئۈيلىمىغان يەردىن بۇ كىتاب ئۇنىڭغا سىرلىق دۇنياغا كىلىپ بىرنەرسە يېگەندىكى تۇنجى ۋە ئۆزگىچە مەززىلىك بىرتەمنى ھېس قىلدۇردى.

ئۇ ئىشنى تۈگەتكەندە كەچ كىرىپ، ئۇخلايدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى، بۇ بىر كۈن ئۇنىڭغا بەك تېز ئۆتۈپ كەتكەندەكلا بىلىندى.

— بۈگۈن كۈندۈز تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا تۆت سائەت، تۆت مىنۇت، تۆت سېكۇنت، تۆت دەقىقە قىسقىرىپ كەتتى، — دېدى تام سائىتى ئۇنىڭغا.

— زادى نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمىدۇق، — دېدى يېشىل كۆز، — بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغان بىرەرسى تېپىلمىدى.

پەخرىدىن ياتاقتىن چىقىپ، سىرتتىن ئۆزى ئەھۋال ئۇقماقچى بولدى، بىراق ئىشىكتىن چىقارىدا يەنە بۇ ئويىدىن يالتايدى، چۈنكى گۆرىستان جىملىقىغا تولغان كارىدورلاردىن ئۆزىنىڭ سورىغان گېپىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان بىرەرسىنى تېپىشقا كۆزى يەتمىگەنىدى.

كېيىنكى كۈنى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كۇتۇپخانىغا بېرىشنى ئويلىدى، لېكىن يانچۇقىدىكى بىلەتلەر ئۆزىچىلا ئۇچۇپ چىقىشىپ، ئۇنىڭدىكى ئېيىقچاقلار بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭغا سوئال ياغدۇردى:

— كېچە قانداقراق ئۇخلىدىڭ...... چۈش كۆردۈڭمۇ...... كېچىنىڭمۇ قىسقىرىپ كەتكىنىنى سەزدىڭمۇ...... بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلدىڭمۇ...... ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن؟......

— بولدى قىلىش، — تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە تېرىكىپ، — نېمانداق ئاغزىڭ بېسىقماي سوئال سوراۋېرىشسەن، خوجايىن قايسى-بىرىگە جاۋاب بېرىدۇ.

— مېنىڭ سوئالىمغا؟ — دېدى بىر بېلەتتىكى ئېيىقچاق.
— بىراق سەن نېمىدەپ سورىغانىدىڭ؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە.
— ئۇنتۇپ قالدىم، — دېدى بېلەتتىكى ئېيىقچاق سالپىيىپ، باشقىلىرى بولسا ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ كۈلۈشتى.
— كۈلۈشمە، — چالۋاقىدى ھېلىقى ئېيىقچاق باشقا بېلەتلەردىكى ھەمراھلىرىغا، — سەنلەرمۇ نېمىدەپ سوراشقىنىڭنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭ ھەقچان.
— توغرا، — دېيىشتى ھەمراھلىرىمۇ سالپىيىپ، — ئۇمۇ جاۋابنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟
— كېچە بەك قاتتىق ئۇخلاپتىمەن، — دېدى پەخرىدىن ئويلىنىپ، — بىراق نېمە چۈش كۆرگىنىم ئېسىمدە يوق، توغرا، چۈش كۆرمەپتىمەن، خۇددى كۆزۈمنى بىردەم يۇمۇپلا ئاچقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، نېمىشقا شۇنداق بولغىنىنى بىلمىدىم.
— كېچە سەككىز سائەت، سەككىز مىنۇت، سەككىز سېكۇنت، سەككىز دەقىقە قىسقاردى خوجايىن، — دېدى تام سائىتى يەنە، — سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپلا بىردەم ئۇخلىغاندەك بولدىڭىز شۇ.
— بۇ بىر بالا - قازادىن بېشارەت، — دېدى بېلەتلەردىكى ئېيىقچاقلار چۇرقىرىشىپ، — كەچۈرگىن! ئەمدى كۇتۇپخانىغا بارما، چۈنكى كۇتۇپخانا غايىب بولايلا دەپ قالدى، بۇنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمىز، ئەمما بىزدىن پايدىلىنالماي قالغىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ساڭا بىر سوۋغات بېرەيلى، كۈتۈپ تۇرغىن.
ئۇلار شۇنداق دەپلا غايىب بولدى ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا سىرتتا بىرسى ئىشىك قاقتى.
— كىرگۈزەيمۇ خوجايىن! — سورىدى ئىشىك خانئايىم، — بۇ يەردە بىر كىتاب سىزنى ئىزدەيدىكەن.
— كىرگۈزۈۋەت! — دىدى پەخرىدىن سەل ھەيران بولۇپ.
ئىشىك ئېچىلىپ، بىر كىتاب ئۈچۈپ كىردى. پەخرىدىن ئۆمرىدە بۇنىڭدەك يوغان ۋە قېلىن كىتابنى كۆرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى،

كىتابنىڭ جىگەر رەڭلىك خۇرۇم بىلەن تاشلانغان مۇقاۋىسىغا يالماۋۇز بىشى سۈرىتى نەقىشلەنگەنىدى.

— سەن مىنى نىمە قىلماقچى؟ — سورىدى ھىلىقى يالماۋۇز بىشى سۈرىتى لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ يىقىمسىز بىر ئاۋازدا، — تىز گەپ قىل، بىر يىرىڭنى چىشلىۋالماي يەنە.

— سىنى كىم ئەۋەتتى؟ — سورىدى پەخرىدىن ئۇنىڭ گىپىگە جاۋاب بەرمەي.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، — چالۋاقىدى يالماۋۇز بىشى سۈرىتى، — بۇنى ئەلۋەتتە بىلىشىڭ كىرەك. مەن دىگەن سوۋغات، قىممەتلىك سوۋغات، كۇتۇپخانىدىكى مىڭ خىل كىتابنىڭ جەۋھىرى. ھىلىقى بىلەتلىرىڭ ئەمدى ئۆزلىرىدىن پايدىلىنالمايدىغىنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكەن سوۋغات، ھۇ ھاماقەت، ئىيتە!؟ ئۇلار نىمىشقا مىنى ساڭا سوۋغات قىلىدۇ، سەن مىنى نىمە قىلماقچى؟

— سىنى يىمەكچى، — دىدى ئاغزى ئىتتىك شاتۇتى مەلىكە ئويلانمايلا.

— نىمە؟! — كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى يالماۋۇز بىشى سۈرىتىنىڭ ھۆركىرىشىدىن قىرائەتخانا تاملىرى ھىلىلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك زىلزىلىگە كەلدى، — شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ تىخى، ھۇ بەتنىيەت، قاراپ تۇر، كىم كىمنى يىيەلەيدىكىن قىنى.

شۇ سۆزدىن كىيىنلا يالماۋۇز بىشىدىكى ئىغىز ھاڭغىرقاي ئىچىلدى. كىتاب پەخرىدىنگە شىددەت بىلەن ئىتىلدى، پەخرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا يالماۋۇز بىشى ئۇنى يۇتۇۋالدى.

— خوجايىن! — دەپ تۇۋلاپ قىلىشتى شاتۇتى مەلىكە ۋە مۇشۇك خان قىزلار تىپىرلاپ.

— ھىچنىمە بولمايدۇ، — دىدى شىرە ئۇلارغا تەسەللى بىرىپ.

دىگەندەك ھايالسىزلا پەخرىدىن كىتابنىڭ ۋاراقلىرى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چۈشتى - دە، سىھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى. يالماۋۇز بىشى سۈرىتى نەقىشلەنگەن كىتاب بىر دۆۋە ئالمىغا ئايلىنىپ قالدى، بىراق بۇ ئالمىلارمۇ جىم تۇرماي، قىرائەتخانا ئىچىدە شەيتان تويلاردەك

قاڭقىپلا يۈرۈشتى، تېخى ئۇلاردىن بىرىدە ئېغىز پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى چىشلىۋالدى، ئەمما كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن بىر پارچە ئۈزۈۋالالىدى خالاس، تېنىگە زەررىچە زەخىم يەتكۈزەلمىدى.

— ئۇلارنى يېۋەتكىن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى پەخرىدىننىڭ قۇلاق تۈۋىدە، — ئۇلار ئاخىرقىسى.

— ياق، ياق، ياق!...... بىز ساڭا مەنسۇپ ئەمەس! — دەپ تولۇلاشتى ھەممە ئالمىلاردىكى ئېغىزلار.

پەخرىدىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسۇنمۇ، ئۇ ئالمىلارنى بىر-بىرلەپ تۇتۇۋېلىپ يېۋەتكىلى تۇردى، بىراق ئالمىلارنىڭ تەمى بەك قىرتاق ئىدى. ئۇلارنى كەمپۈتلەرگە ئۆزگەرتىپ باقتى، لېكىن قىرتاق تەم يەنىلا ئۆزگەرمىدى، ئامالسىز زورۇقۇپ تۇرۇپ يېيىشنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ چاغدا سىرتتا ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىشقا باشلىدى. قارا بۇلۇت - تۇمانلار كەلكۈندەك يامراپ كېلىشتى. ئۇلار ھېلىلا قەلئەنى يالماپ كەتمەكچى بولغان قارا ئەجدىھالاردەك قۇترىشاتتى. ئالەم - جاھان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمدى، لېكىن پەخرىدىننىڭ بۇلارغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. چۈنكى، قۇلاق تۈۋىدە كىمدۇر بىرى:

— تېز بول، تېزرەك بول! — دەپ ئالدىراتقانىدى.

ئۇ كەچ كىرگەندە ئاندىن ئالمىلارنى يەپ تۈگەتتى. بۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر، بەكلا چارچىغاندەك بولۇپ، موك يېتىپلا ئۇخلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى ۋە تېزلا يۇيۇنۇپ ياتتى.

كېچىچە ئۇ توختىماي چۈش كۆرۈپ چىقتى. چۈشىدە سىرلىق قەلئەدىكى سېھىرگەر جانىۋارلارنى كۆردى، ئۇلار ھەممىسى يىراق سەپەرگە جابدۇنغانىدى. بىرلىرى سۈپۈرگىگە مىنگەن بولسا، بىرلىرى كۆتەككە ئولتۇرۇۋالغان، بەزىلىرى شارلارغا ئېسىلىۋالغان بولسا، بەزىلىرى ئۈچار سېۋەتلەرگە چۈشۈۋالغانىدى. قاناتلىقلىرى ئۈچۈشقا تەمشىلىۋاتاتتى، يەنە بىرمۇنچىسى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدەك چوڭ بىر قاناتلىق كېمىگە چىقىۋاتاتتى. كېمە ئىگىسى بولسا كېرەك، بىر ئالتۇن رەڭلىك دېڭىز يىلپىزى ئۇلاردىن بېلەت يىغىۋاتاتتى. بىر

تەرەپتە بولسا ئاق سىرغا چىلىشىپ چىققاندەكلا ئاپئاق ھەم چوڭ بىر سەككىزئاياغ بېلەت سېتىۋاتاتتى. ئۇ تۆت قولىدا بېلەت ئالغۇچىلار سۇنغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاغزىغا سالسا، قالغان تۆت قولىدا بېلەت تارقىتىۋاتاتتى، ئاخىر بېلەت ئالىدىغانلارمۇ، بېلەتمۇ تۈگىدى. سەككىزئاياغمۇ كېمىگە چىقتى، ئاندىن قاناتلىق كېمە قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆز ئۇچقۇلىرى بىلەن ئۇچماقچى بولغانلارمۇ، قاناتلىقلارمۇ ئەگىشىپ ئۇچۇشتى. قاناتلىق كېمە گويا يول باشلىغۇچىدەكلا مەغرىب تامان ئۇچۇپ كەتتى، ھەتتا ئاي بىلەن قۇياشمۇ ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئۇلار يىراقلاشقان ھامان سىرلىق قەلئە گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. ئۇلار بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ قالماستىن، چاڭ - توزانغا ئايلىنىپ كەتتى، ئېگىز تاش تۈۋرۈك ئۈستىدە بىرلا يېگانە ئىمارەت قالدى.

پەخرىدىن چۆچۈپ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا بېشىدا غەمكىنغىنە قارىشىپ تۇرغان مۇشۇك خان قىزلارنى كۆردى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۇ تېڭىرقاپ.

— سىرلىق قەلئە غايىب بولدى خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — ئەمدى سىز، بىز، شاتۇتى مەلىكىدىن باشقا بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۆيىمىزمۇ غايىب بولىدۇ، ئۇ پەقەت سىزنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىشىڭىزغىلا باغلىق.

— نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ — تولۇلاپ كەتتى يېڭىلا ئۇيقۇسى ئېچىلغان شاتۇتى مەلىكە.

— بۈگۈن سىرلىق قەلئەنىڭ مەھشەر كۈنى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار يىغلامسىراپ، — سىزگە ھېلىقى يالماۋۇز كىتاب سوۋغا قىلىنغاندىلا بىلگەنىدۇق، ئۇ ھېلىقى قورۇق زالدا مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان نەرسە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەممەيلەنگە ئايان سىر ئىدى. لېكىن، ھېچكىم ئاغزىدىن چىقارمايتتى. ئۇنىڭ سىزگە سوۋغات قىلىنغىنىغا قارىغاندا سىز ئۇلار بىلەن ئېلىشىدىكەنسىز.

— «ئۇلار» دېگەن كىم؟ — سورىدى پەخرىدىن تەئەججۇپلىنىپ.

— بىلمەيمىز، — دېدى يېشىل كۆز، — بىلسەكمۇ ئېيتىشقا تىلىمىز كۆيىدۇ، پەقەت سېھرگەر ئۇستازنىڭلا ئۆز ۋاقتىدا «ئۇ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان چاغدىلا ئاندىن يالماۋۇز كىتابنى پاك - پاكىز يىغىشتۇرىدۇ» دېگىنىنى ئېسىمىزدە. يالماۋۇز كىتاب ئۆزى دېگەندەك كۇتۇپخانىدىكى مىڭ خىل كىتابنىڭ جەۋھىرى ئەمەس.

— ياق! — دېدى كۆك كۆز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇ كۇتۇپخانىدىكى مىڭ خىل كىتابنىڭ جەۋھىرى، لېكىن بىزنىڭ كۇتۇپخانىمىزدىكى ئەمەس...... بەلكى سىز بىلمەيدىغان يەنە بىر كۇتۇپخانىدىكى مىڭ خىل كىتابنىڭ جەۋھىرى. ئەگەر سېھرگەر- لىك تارىخى كىتابلىرى بولىدىغان بولسا، بۇ بىرگە ئايدىڭ بولغان بولاتتى، چۈنكى ئىلگىرى يۈز بېرىپ بولغان ئىشلار ھەممىسى ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەندىن سىرت، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرۇلۇقمۇ سېھرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىدا ئېنىق بېشارەتلەر بېرىلگەن.

— بولدى سۆزلىمە، — دېدى پەخرىدىن ئازابلىق ھېسلارغا تولۇپ، — ئۇ كىتابلار كۆيۈپ كۈل بولغان، بۇنىڭ ھەممىسىگە مەن سەۋەبچى. ئېيتىڭلارچۇ، ئەمدى نېمە قىلىمىز؟

— باشقىلار ئاللىبۇرۇن كېتىپ قېلىشتى، — دېدى يېشىل كۆز مەيۈسلۈك بىلەن، — كېچىدىن كېتىپ قېلىشتى، بىز سىزنى ئويغىتايلى دېگەن، لېكىن ئاخىرقى بىر كېچىنى تىنىچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزسۇن دەپ ئويغاتمىدۇق. چۈنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە تىنچلىق - ئاراملىق بولمايتتى، ھازىر بۇ يەردە پەقەت سىز، بىز ۋە شاتۇتى مەلىكىلا قالدۇق.

— بىز سىزنى ئىشلاردىن خەۋەرسىز بىخۇد تۇرۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قېپقالدۇق، — دېدى كۆك كۆز قوشۇمچە قىلىپ، — يەنە تېخى «ياردىمىمىز تېگىپمۇ قالار» دېگەن ئۈمىدىمىزمۇ بار ئىدى.

— توغرىسى، سىزدىن ئايرىلىشقا قىيىمىدۇق، — دېدى يېشىل كۆز، ئاندىن ئۇ پاكىڭىدە يىغلىۋەتتى. ئارقىدىنلا كۆك كۆزمۇ يىغلاپ

كەتتى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۆيدىكى باشقا نەرسىلەرمۇ يىغلاشقا، ھەتتا ئۆينىڭ تورۇسىدىمۇ بىر جۈپ كۆز پەيدا بولۇپ، ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

— بىز سىزگە قىيمىدۇق، — دېيىشتى ھەممىسى.

— بولدى يىغلىماڭلار، — دەپ توۋلىدى پەخرىدىنمۇ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ، — سىلەر كېتىڭلار، ھېلىقىلار كەتكەن جايغا كېتىڭلار، تىنچ - ئامان ياشايدىغان بىر جايغا كېتىڭلار.

— بىراق، سىزنى يالغۇز قالدۇرۇشقا پەقەتلا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار ئېسەدەپ.

— ئۇ يالغۇز قالمايدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — مەن ھامان ئۇنىڭغا ھەمراھ، سىلەر خاتىرجەم كېتىڭلار.

— سەنمۇ كەتكىن مەلىكەم، — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە كەسكىنلىك بىلەن، — كۆڭلۈم چوڭ بىر خەتەرنى سېزىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭمۇ مەن بىلەن تەڭ شۇ خەتەرگە يولۇقۇشۇڭلارنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشىم بەلگىلەنگەنىكەن، مەن بۇ يەردە قالاي، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

شاتۇتى مەلىكە ئۇنىڭ ئۆز گېپىدىن يانمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ سالپىيىپ قالدى. مۇشۇك خان قىزلارمۇ كۆز يېشى قىلغان ھالدا خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى.

— سىلەرنى سۇرەتكە تارتىۋالايچۇ، — دېدى شۇ چاغ تامدىكى يۇملاق كۆرۈش ئەينىكى.

— ياخشى، ياخشى، خاتىرە بولۇپ قالىدۇ، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار سەكرىشىپ، ئاندىن ئۇلار پەخرىدىننى كىيىندۇرۇپ، ئوڭ - سولىغا ئۆتۈپ تۇردى. شاتۇتى مەلىكە بولسا:

— ماڭا ئۇنىڭ ئۆزى كېرەك، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە سۇرەتكە چۈشۈشكە ئۇنىمىدى.

ئەينەكتىن ۋاللىدە نۇر چاقنىدى، ئۇنىڭ قويىنىدا پەخرىدىن بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنىڭ ئەكسى پەيدا بولدى، تېخى ئەينەكتىكى

پەخرىدىن دوستانىلىق بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ قويدى.

— سىلەر تېز مېڭىڭلار! — دېدى پەخرىدىن ئۆيىنىڭ چايقىلىـ-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ.

مۇشۇك خان قىزلار ئەينەكنى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقىشقا تەييار-لاندى - يۇ، لېكىن يەنە توختاپ قېلىشىپ:

— سىز ئاۋۋال مېڭىڭ خوجايىن! — دېدى پەخرىدىنگە.

— نېمىشقا راست گەپ قىلمايسىلەر، — دېدى شۇ چاغ كارىۋات غىچىلداپ، — سىلەر ئەمدى ھېچ يەرگە كېتەلمەيسىلەر، كېچىدىن قاناتلىق كېمىگە چىقىۋالساڭلار بولاتتى، بىراق خوجايىنىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەي ئولتۇرۇپ، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى يوتقان - كۆرپىلەرمۇ، — بىزغۇ تۈزۈپلا كېتىمىز، ئەسلىدىمۇ جانسىز نەرسىلەر ئىدۇق، بىراق سىلەرگە ئۇۋال بولىدىغان بولدى - دە، يا ئۇچۇپ كېتىدىغان قانىتىڭلار يوق، ئەمدى قانداقمۇ قىلارسىلەر.

مۇشۇك خان قىزلار ئۇندىمەستىن لەۋلىرىنى چىشلەپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى.

— مەن ياردەم قىلىمەن، — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئاندىن ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقىنى مۇشۇك خان قىزلارغا تەگكۈزۈپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىدى، شۇ ھامان مۇشۇك خان قىزلارنىڭ دۈمبىلىرىدىن بىر جۈپتىن قانات ئۆسۈپ چىقتى.

— تېز مېڭىڭلار! — دېدى پەخرىدىن ئالدىرىتىپ.

— رەھمەت خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار تىترەك ئاۋازدا، — ئامان بولۇڭ، بىزنى ئۇنتۇماڭ.

— ئۇنتۇمايمەن، — دېدى پەخرىدىن.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇك خان قىزلار ئۆيدىن ئايرىلىشتى.

— سەنمۇ كەت! — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەغرىب تەرەپكە ماڭغىن.

— خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مەن......

— تېز ماڭمىساق رەنجىپ قالىمەن، — دېدى پەخرىدىن تەتۈر قارىۋېلىپ.

— ماقۇل، — دېدى شاتۇتى مەلىكە بوشقىنە، — ئامان بولۇڭ!

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى - يۇ، لېكىن يەنە بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلدى - دە، پەخرىدىننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى قاناتلىرىدا قۇچاقلاپ، ئالتۇن رەڭلىك تۇمشۇقىدا سۆيۈپ قويدى، ئاندىن يەنە:

— خوش! — دەپلا ئۆيدىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى.

— خوش، ئامان بولغىن! — دېدى پەخرىدىنمۇ شىۋىرلاپ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

شۇ چاغ ئۆي ھېلىلا گۈمۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا كېلىپ قالدى، پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئۆيدىكى ھەممە نەرسىگە تەگكۈزۈپ چىقتى، ھەتتا ئۆيمۇ چالا قالمىدى، ئاغزىدا بولسا توختىماي شىۋىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇدى. ئاخىرىدا:

— ئۇچ! — دەپ توۋلىغانىدى، ئۆيمۇ، ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرمۇ تەڭلا رەڭدار قۇشقاچلارغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. پەخرىدىن ئېگىز تاش تۈۋرۈك ئۈستىدە تەنھا قالدى.

## يەتتىنچى باب

# ئۆنى كىم قۇتقۇزار

ئالەم ـ جاھان بىردىنلا تىمتاس بولۇپ قالدى. كۆك يۈزىنى قاپلىغان كۆل رەڭ بۇلۇت ـ تۇمانلارمۇ، تۆۋەندە لەيلەپ تۇرغان تۇتەكلەرمۇ قېتىپ قالغاندەكلا ئىدى. ھەممە يەرنى بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىدى، پەخىردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، بىراق بۇ تىمتاسلىق ئۇزاققا بارمىدى.

يىراقلاردىن قاپقارا بۇلۇت ـ تۇمانلار تاغ كەلكۈنىدەك ئۇچقۇپ ـ ئۇچقۇپ يامراپ كېلىشكە باشلىدى. شۇ ھامان يەنە ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلدى، تاش تۈۋرۈك سىلكىنىپ كەتتى، كۆل ئەتراپىدىن دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋازلار كەلدى.

پەخىردىن تۆۋەندە نېمىلەرنىڭ ھۆركىرەۋاتقىنىنى، نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىنى بىلمەي، ئاخىر سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، شامال چىقىپ كۆل رەڭ تۇتەك ـ تۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى كۆل ئەتراپىدىكى غەلىتە مەخلۇق شەكلىدىكى تاشلارنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى كۆردى، تېخى نەچچىسى كۆلگە چۈشۈپ، تاش تۈۋرۈكنى ئۆرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ ھۆركىرەيتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ھۆركىرىگەندە كۆل ئىچىدىن ھۇ تارتىۋاتقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«ئەمدى يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويۇپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز كۆل رەڭ بۇلۇت ـ تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئىككى باشلىق يىرتقۇچ قۇشلارنى كۆردى، ئۇلار مەغرىب تامان كېتىۋاتقاندەك

قىلىۋاتاتتى.

«چوقۇم شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى قوغلاپ ماڭغان گەپ» دەپ ئويلىدى پەخرىدىن.

شۇ ئوي بىلەن ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى ئاشۇ يىرتقۇچ قۇشلار تەرەپكە شىلتىپ، شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنى ئوقۇدى. شۇ ھامان سېھىرگەرلىك تايىقى ئۇچىدىكى ئالماس يۇلتۇزلاردىن نۇر چاقناپ، يىرتقۇچ قۇشلار كىچىككىنە قارا قۇشقاچلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بېشى يەنىلا ئىككى بولغىنى بىلەن ھازىر ئۇلاردىن قورت - قۇمۇسقىلاردىن باشقا ھېچنېمىگە خەۋپ يەتمەيتتى.

— كارامىتىڭ قالتىسقۇ! — دېگەن ۋەھىملىك بىر ئاۋاز كەلدى يىراقتىكى قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن.

پەخرىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى، چۈنكى بۇ ئاۋازنى تونۇشتەكلا ھېس قىلغانىدى.

«توغرا» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، «بۇ ھېلىقى يالماۋۇز كاللىنىڭ ئاۋازى»، ئاسماندىكى كۆل رەڭ بۇلۇت - تۇمانلار غايىب بولدى، قارا بۇلۇت - تۇمانلار مەشرىق تەرەپتىن يېرىم ھالقا شەكلىدە قورشاپ، دېڭىز تاشقىنىدەك دەۋرەپ كېلىۋەردى. تۇۋەندىن بولسا قارا ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى. كۆل ئەتراپىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى، كۆل ئىچىدىكىلەرنىڭ ھو تارتىشلىرى تېخىمۇ ياڭراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئارىلاپ يىرگىنىشلىك كۈلكە ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئالەم - جاھان قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى.

پەخرىدىن ئەمدى ئۆزىنى تولىمۇ تەنھا - غېرىب ھېس قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرالارمەنمۇ، ئىگىلىگەن سېھىرگەرلىك ئىلمىم ئاشۇ يالماۋۇز ئالدىدا كارغا كېلەرمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى.

ئۇ ئىلگىرىكى تىنچ تۇرمۇشىنى، كۆيۈمچان ئانىسىنى، غەمگۇزار ئاتىسىنى ئويلىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلىنى ئېسىگە ئالالمىدى. پەقەت ئانىسىنىڭ سىيماسىلا تۇمان ئىچىگە پىنھان بولغان قۇياشتەك خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ، تېزلا غايىب بولدى.

بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى ئويلىدى، لېكىن بىرەرسىمۇ ئېسىگە كەلمىدى، بەلكى ئۇلار ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغاندەكلا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن كىم قالدى؟ توغرا، دوستى ئادىلجان.

ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئۇچۇپ چىققان بىر كۆپۈكچىدە ئۇنىڭ، پەقەت ئۇنىڭ سىماسىلا پەيدا بولدى. ئۇ كۆپۈكچە ئىچىدە تۇرۇپ كۈلۈمسىرەيتتى، قول پۇلاڭلىتاتتى ھەم «باتۇر بول، سەندەك دوستۇم بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن، سەن يالغۇز ئەمەس» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

پەخىرىدىن خېلى روھلىنىپ قالدى، قەلبىدىكى چۈشكۈنلۈك تويغۇلىرى غايىب بولدى ۋە «چوقۇم تاقابىل تۇرىمەن» دەپ ئويلىدى.

— بىراق، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — كىمدۇر بىرى شىۋىرلىغاندەك قىلدى.

— بېشىمغا كەلگەندە كۆرمەمدىمەن، — دېدى پەخىرىدىن.

ئەمدى ئۇ دادىللىق بىلەن بۇلۇت - تۇمانلارغا يۈزلەندى. تۆت ئەتراپىنى قارا بۇلۇت - تۇمانلار ھالقا شەكلىدە قورشىۋالغانىدى. پەخىرىدىنىڭ باش ئۈستىدىلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، بىراق پەخىرىدىن قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋەردى، پەرۋامۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ۋە سېھىرگەرلىك تايىقىدىكى ئالماس يۇلتۇزلار شۇ چاغدىكى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۆزگىچە چاقناپ تۇراتتى.

— ۋاھ! نېمىدېگەن ياخشى ئولجا بۇ، — ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كىمنىڭدۇر يىرگىنىشلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

پەخىرىدىن ئۆرۈلۈپ قارىغانىدى، ئىت باشلىق بىر قارا قۇش ئۇنىڭغا چاڭگال سوزۇۋېتىپتۇ.

پەخىرىدىن يۇلتۇز باشلىق تايىقنى شىلتىغانىدى، ئىت باشلىق قارا قۇش بىر قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قالدى - دە، توككىدە تاش تۇۋرۈك ئۈستىگە چۈشتى، شۇ ھامان قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىدىن ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشىۋاتقان غەلىتە يىرتقۇچ ھايۋان باشلىق قۇشلار ۋە ئۇچار ئەجدىھالار كەينىگە داجىشتى.

— قالتىس! قالتىس! — شۇنداق مەسخىرىلىك ئاۋاز كەلدى يەنە قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىدىن.

ئارقىدىنلا غايەت يوغان بىر قورام تاش غارقىراپ ئۆچۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، لېكىن پەخرىدىنىنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىنىڭ سېھرىدىن قۇمغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى. پەخرىدىن شامال چىقىرىپ قۇم - تۇزانلارنى ئۇچۇرۇۋەتتى، ئەمما شۇ مەھەلدە كەينىدىن غايەت يوغان بىرقارا قول كېلىپ چاڭ سالدى، پەخرىدىن ئۇنىڭ چاڭگىلىغا قۇشقاچتەك چۈشۈپ قالدى. يەنە بىر قول ئۇنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىنى تارتىۋالدى. ھەرقانچە تېرىكەشكەن بولسىمۇ كار قىلمىدى، بەلكى قارا قولنىڭ قاتتىق قىسماققا ئېلىشى تۈپەيلىدىن تېزلا ھوشىدىن كەتتى. قۇلاق تۈۋىدە بولسا:

— نېمىدېگەن جېنى چىڭ - ھە، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى.

ئۇ ھوشىغا كەلگىنىدە ئۆزىنى بىر تۆمۈر قەپەستە كۆردى، قەپەس شادىلىرى ئۇنىڭ بىلىكىدەك توملۇقتا ئىدى، ئارىسىدىن بولسا ئۇنىڭ بىر بارمىقىلا ئاران پاتاتتى.

ئۇ شۇ تاپتا بىر غارنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ يەر جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق ئىدى. ھەممە يېرىدە ئالىيېشىل قان - يىرىڭ، زەردابىلار بىلەن بۇلغىۋېتىلگەنىدەك تاش - تۈۋرۈكلەر ۋە بەزىلىرى غەلىتە مەخلۇقلار شەكلىدىكى، بەزىلىرى بۇرما مىخ، ئۇغرىتىكەن شەكلىدىكى ۋە بەزىلىرى ئوت يالقۇنى شەكلىدىكى پىچاق بىسىدەك قىرلىق تاشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. غارنىڭ كىرىش يوللىرى ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ۋە ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، پەخرىدىن تۇرۇۋاتقان يەر خۇددى سىرلىق ئوردىنىڭ مەركىزىدەكلا بىر جاي ئىدى.

«ئۇھ!» دېدى پەخرىدىن چوڭقۇر تىنىپ، «ھەر ھالدا ھاياتكەنمەن».

— ئۇ ئەسلى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئادىمى بولۇشى كېرەك ئىدى، — دېگەن ئاۋاز كەلدى تۆۋەندىن.

پەخرىدىن تۆۋەنگە نەزەر سالدى، تېنى تىمساھتەك يوغان بىر جۈپ چايان تۆۋەندە گەپلىشىۋاتاتتى.

— بىراق ئۇ ئۆلمىدى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — ئەھۋالدىن

قارىغاندا، ئۇ پۈتۈنلەي مۇشۇ دۇنيانىڭ ئادىمىگە ئايلانمىغان گەپ، بولمىسا ئاللىبۇرۇن مىجىقى چىقىپ ئۆلەتتى.

— ئەمىسە ئۇنى كۆزەت قىلىپلا ئۆتۈش ئۆمۈرلۈك خىزمىتىمىز بولۇپ قالىدىكەن - دە، — دېدى يەنە بىرى.

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى گەپلىشىۋاتقىنى، — ھېچبولمىغاندا ئۇ ئۆلۈپ قالغۇچە، لېكىن ئۇنىڭ قاچان ئۆلۈشىنى كىم بىلسۇن، تېخى كىملەردۇر كېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتەمدۇ تېخى.

— ئۇش، — دېدى چايانلاردىن بىرى شىۋىرلاپ، — شۇم ئېغىزلىق قىلما، ئۇنى كىممۇ قۇتقۇزسۇن، قۇتقۇزىمەن دەيدىغان بىرەر ھاماقەتنىڭ چىقىدىغىنىغا ئىشەنمەيمەن. چىققان تەقدىردىمۇ ئۇ سىرلىق غارغا قانداقمۇ كىرەلىسۇن، كىرگەندىن كېيىن چىقالىشىغۇ تېخىمۇ يوق گەپ، ئۇز ئادەملىرىمىزمۇ يول كۆرسەتمىگۈچە چىقىپ كېتەلمەيدىغان جاي تۇرسا.

ئەمدى ئۇلار جىمىقىشتى، پەخرىدىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ھەر ھالدا بۇلارنىڭ قولىدا ئۆلمەيدىغىنىنى بىلدى - دە، كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپتى، لېكىن قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى ئويلىغىنىدا يەنە غەمگە چۆكۈپ، ئۇمىدسىزلەندى:

«ئۆمرۈم ئەمدى مۇشۇ قەپەستە ئۆتەرمۇ؟»

شۇ چاغ ھەممە يېرىدىن سۇر - ھەيۋە ۋە دەھشەت يېغىپ، كىرگەن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى جۇغۇلدىتىۋېتىدىغان بىر زالدا يالماۋۇزلارنىڭ يىغىلىشى بولۇۋاتاتتى.

زالنىڭ تۆرىدىكى تۆت قارا ئەجدىھا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەڭ ئېگىز تەخت ئۈستىدە غايەت زور بىر يالماۋۇزنىڭ كاللىسى ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئىس - تۈتەك پۈركۈپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار شەكلىدىكى تەختلەردە بەتبەشىرە ئەركەك - چىشى يالماۋۇزلار ئولتۇرۇشقانىدى. زالنى خىلمۇخىل ئوتدانلاردا يېنىپ تۇرغان قىزىل، يېشىل يالقۇنلار يورۇتۇپ تۇراتتى. زالنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە خىلمۇخىل ئەجدىھالار يۆگىشىپ، زەھەرلىك تىلىنى چىقىرىپ، كۇشۇلدىشىپ ياتقان، تاملىرىدىن خىلمۇخىل يىرتقۇچلارنىڭ يېرىم

گەۋدىسى چىقىپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. يەر يۈزىنى بولسا بىر قەۋەت قارا تۇتەك - تۇمان قاپلاپ تۇراتتى.

— ئېيتىڭلارچۇ؟ — دېدى يالماۋۇز كاللا خىرقىراق ئاۋازدا، — ھېلىقى بالىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز. ئۇنى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرت - ماكانىغا باغلانغان جان رىشتىنى ئۈزگىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆز دۇنياسىدىـ ـكىلەرمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتمەپتۇ، ئەنە قاراڭلار!

ئۇ تۈۋەنگە پۈۋلىدى، يۇمىلاق بىر دائىرىدىكى قارا تۈتەك - تۇمانلار تاراپ كېتىپ، ئورنىدا كۆپكۆك سۈزۈك ئاسمان پەيدا بولدى، يەنە پۈۋلىگەنىدى، تۆۋەندىن بىر ئانىنىڭ جايناماىزدا دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى ئايان بولدى، ئۇ توختىماي تىلەك تىلەۋاتاتتى، كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرى مەڭزلىرىنى بويلاپ ئېقىپ، ياقا، ئېتەكلىرىگە تۆكۈلۈۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئاھ خۇدا! ھەممىگە قادىر، رەھىم - شەپقەتلىك ئىگەم، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھلىرىغا ئالغايلا، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىغاي، ئۇنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى تىلەيمەن، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغايلا......

ئانىنىڭ دۇئا قىلغان، تىلەك تىلىگەن ئاۋازى بارغانسېرى ياڭراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يالماۋۇزلار ئولتۇرغان زال زىلزىلىگە كېلىپ، يالماۋۇزلارنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. تاملاردىكى يىرتقۇچلارنىڭ يېرىم گەۋدىلىرى قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. ئوتدانلاردىكى قىزىل- يېشىل يالقۇنلار گۇرۇلدەپ، ئۆلغىيىپ تورۇسقا تۇتاشتى.

— بولدى، بولدى، ھەممىسىنى كۆردۇق، ئەمدى ئۇنى يەنە كۆرۈشكە، ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تاقىتىمىز يوق، — دەپ توۋلىشىپ كەتتى يالماۋۇزلار ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، چالا بوغۇزلىغان كالىدەك تېپىرلىشىپ، ھولۇقۇشۇپ.

يالماۋۇز كاللا دەرھال بىرنېمىلەرنى شۋىرلاپ يەنە بىر پۈۋلىدى، قارا تۈتەك - تۇمانلار يىغىلىپ، ھېلىقى چەمبەرسىمان دائىرىنى

چۈمكىۋالدى، زال ئىچى تىنچىدى.

— ئۇ ئەسلىدە ھەممىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشى، پۈتۈنلەي مۇشۇ دۇنيانىڭ ئادىمى بولۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى، — دېدى يالماۋۇز كاللا يەنە، — لېكىن ئۇنداق بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۆلتۈرگىلىمۇ بولمىدى، ئۆلتۈرەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا بايىقىدەك، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مېنىڭچە، — دېدى يالماۋۇزلاردىن بىرى، — ئۇنى سىرلىق غاردىن مەڭگۈ چىقارمايلى، ئۇ شۇ يەردە چىرىپ كەتسۇن.

— جۆيلۈمە! — توۋلىدى يالماۋۇز كاللا، — ئۇ چىرىپ كەتسە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن يالماۋۇز كىتابمۇ چىرىپ كېتىدۇ. يالماۋۇز كىتاب چىرىپ كەتسە ياكى ئۇ ئۆز دۇنياسىغا كېتىپ قالسا، بىزنىڭ سېھىر - جادۇلىرىمىزمۇ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن گەپ. ئاقىۋەت قېرىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى نېمىدېگەن زەھەرخەندە - ھە!

— ئۇنداقتا، — دېدى يالماۋۇزلار غۇلغۇلىغا چۈشۈشۈپ، — بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەن - دە.

— شۇنداق، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — ھەرقايسىڭىزنىڭ يارامسىزلىقىدىن بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالالمىدۇق، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىزغا قەدەم قويغان ھامان تۇتۇۋالغان ياكى سىرلىق قەلئەنى تېزرەك گۇمران قىلىپ، يالماۋۇز كىتابنى ئازاد قىلالىغان بولساق، بۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغان بولار ئىدۇق.

— بىز كۈچىدۇق ئالىيلىرى، — دېدى يالماۋۇزلاردىن بىرى، — بىراق، يەنىلا ھېلىقى ئاقىۋەت قېرىغا تەڭ بولالمىدۇق. ئۇ بەك قۇۋ، ھەممىنى ئالدىن بىلەركەن ئەمەسمۇ. تېخى بەزىلىرىمىزنى ھېلىقى بالىغا ئوخشاش قورچاقلار بىلەن ئالداپ، بىھۇدە ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار قىلدى.

— ئەگەر ئالىيلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلمىگەن بولسا، — دېدى يالماۋۇزلاردىن بىرى، — ھازىرغىچە سىرلىق قەلئە

ئورنىدا بولغان، ھېلىقى بالىمۇ قولىمىزغا چۈشمىگەن بولاتتى. بىزگە مەڭگۈ باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىمۇ بولمايتتى......

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ياخشى مەسلىھەت بولسا كۆرسىتىڭلار، — دېدى يالماۋۇز كاللا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئالىيلىرى، — دېدى رەتنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى تەختتە ئولتۇرغان ئەڭ ۋىجىك يالماۋۇز، — مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى.

— قېنى ئېيت! — دېدى يالماۋۇز كاللا.

ھېلىقى يالماۋۇز دەرھال ئوڭ - سولىغا قاراپ قويدى، يالماۋۇز كاللا دەرھال:

— تېز يوقىلىڭلار! — دەپ ھۆركىرىدى يالماۋۇزلارغا.

ۋىجىك يالماۋۇزدىن باشقىلار ئولتۇرغان تەختلىرىنى دەرھال يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارغا مىنىشكىنىچە زالدىن چىقىپ كېتىشتى، چىقىپ كېتىۋېتىپ بىرنەچچىسى غودۇڭشۇپ كەتتى.

زالدا بايىقى يالماۋۇز بىلەن يالماۋۇز كاللا قالغاندىن كېيىن، ئۇلار بىرھازا كۇسۇرلاشتى. ئاندىن يالماۋۇز كاللا:

— بۇ ئىشنى سەن بېجىرگىن! — دېدى بايىقى يالماۋۇزغا ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بۇ ئىككىمىزلا بىلىدىغان ئىش بولدى، بايىقى تىلنى قاچانلاردا ئۆگەنگەنىدىڭ؟ ئۇنى پەقەت مەنلا بىلىمەن دەپ يۈرۈپتىمەن.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز خۇشامەت ئاھاڭىدا، — بۇرۇنقىدەك ئانىمىز ئۇزاق يىل قىلغان خىزمىتىمنى نەزەرگە ئېلىپ، كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئاغزىمغا سۈپكۈچلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىپ قالغانىدىم. بايىقىدەك مەخپىي ئىشلارنى باشقىلار بىلمەيدىغان شۇ تىل بىلەن سۆزلەشمىسەك، بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزنىڭ نېمە مەخپىيىتى قالسۇن.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — شۇ تاپتا نەچچىسى بىزنى كۆزىتىپ، تىڭتىڭلاۋاتىدۇ، تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر تەرەپكە پۈۋلىگەنىدى، زالنىڭ شۇ تەرەپتىكى تېمى سۈپسۈزۈك ئەينەككە

ئايلىنىپ، ئەينەك ئىچىدە بىر تەلەگگىدىكى سۇغا قاراپ تۇرغان بىر يالماۋۇز كۆرۈندى. سۇدا يالماۋۇز كاللا بىلەن ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يالماۋۇز كاللا يەنە بىر تەرەپكە پۇۋلىگەنىدى، ئۇ تەرەپتىكى تامدىن بىر چوڭ ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشىك ئىچىدە كانايغا ئوخشاش بىرنېمىنى قولىغا يېقىپ تۇرغان بىر يالماۋۇز كۆرۈندى. ئارقىدىن تورۇسقا پۇۋلىگەنىدى، تورۇستىن بىر قارا ئۆمۈچۈك پوككىدە چۈشتى.

— قارا، بۇ بەتبەخلەرنى، — دېدى يالماۋۇز كاللا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — «تېخى يوق بىر كاللىنىڭ قانچىلىك كارامىتى بولماقچىدى» دەپ ئويلاشسا كېرەك، تەپتارتماستىن مېنى پايلىغۇدەك بولۇشۇپتۇ تېخى. ئاندىن ئۇ يەنە دەھشەتلىك ھۆركىرىدى:

— يىغىلىڭلار!

شۇ ھامان يالماۋۇزلار يەنە زالغا يىغىلىپ، مىنىپ كىرگەن ھايۋانلىرىنى تەخت قىلىپ، بۇرۇنقى ئورۇنلىرىدا سەپراس بولۇشتى. بىراق، يالماۋۇز كاللىغا يېقىن ئۈچ ئورۇن بىكار قالدى. بايا ئەينەك تام ئىچىدە ۋە ئىشىك ئىچىدە كۆرۈنگىنى ئورنىدا قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك تۇرۇۋەردى، تورۇستىن چۈشكەن ئۆمۈچۈك ئۆمۈچۈك تەنلىك يالماۋۇزغا ئايلىنىپ، زالنىڭ قىزىل تاش ياتقۇزۇلغان ئاستىغا چاپلىشىپ ياتاتتى. بۇلارنى كۆرگەن يالماۋۇزلارنىڭ رەڭگىرويى ئۆڭۈپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.

— كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — زالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھۆركىرىدى يالماۋۇز كاللا، — بەتنىيەتلەر پات - پات چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇمۇ شۇ سەنلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىشلىرىمىز كاشىلىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن تېنىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم بىلەن تېخى تۈگەشكىنىم يوق، كۈچ - قۇدرىتىم يەنىلا ھەممىڭلارنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

— بىزنىڭ سەممىيلىكىمىزگە ئىشەنگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى يالماۋۇزلار بىر ئېغىزدىن، — بەتنىيەتلەرنىڭ ھامان كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىنى بىلىمىز. ئۇلار ئۆلۈمگە لايىق، ئەڭ ئېغىر جازاغا

لايىق. بىز بولساق چىن نىيىتىمىز بىلەن ئۆزلىرىگە ئەگىشىمىز.

— ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دېدى يالماۋۇز كاللا ۋىجىك يالماۋۇزغا، — خالىغانچە بىر تەرەپ قىل، بۇگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ خاس جازا ئىجرا قىلغۇچۇم بولىدۇڭ، كىمگە قانداق جازا بېرىشنى ئۆزۈڭ بەلگىلەپ، ئۆزۈڭ ئىجرا قىلىسەن.

— مۇبارەك بولسۇن! — تووۋلاشتى باشقا يالماۋۇزلار ۋىجىك يالماۋۇزغا خۇشامەت قىلىپ. ۋىجىك يالماۋۇز:

— ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايمەن، — دەپ تەزىم قىلغىنىچە قولىغا بىر قارا تاياقنى ئالدى. تاياقنىڭ بېشىغا بىر ئىسكىلىت بېشى بېكىتىلگەنىدى.

ئۇ ئىسكىلىت باشلىق تاياقنى كالاچتەك ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئەينەك تامغا شىلتىدى، ئارقىدىنلا ئىشىككە، ئاندىن ئۈمۈچۈك تەنلىك يالماۋۇزغا شىلتىدى، شۇ ھامان قاتۇرۇپ قويۇلغان يالماۋۇزلارمۇ، يەرگە چاپلىشىپ ئۆلۈكتەك ياتقان ئۈمۈچۈك تەنلىك يالماۋۇزمۇ قىزىل قۇرتقا ئايلىنىپ قالدى. ۋىجىك يالماۋۇز قولىنى يىلاندەك سوزۇپ بۇ ئۈچ قىزىل قۇرتنى بىردىن-بىردىن تۇتۇپ، پىلتىڭلاپ تۇرغىنىغا قارىماي ئاغزىغا تىقتى، شۇ ھامان ئۇنىڭ ساقىلى ئۆزىدىن ئۈچ ھەسسە ئۇزىرىپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دەپ تووۋلاشتى باشقا يالماۋۇزلار يەنە بىر قېتىم، — سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىڭىزنىڭ ئۈچ ھەسسە ئاشقىنىنى تەبرىكلەيمىز. ئاۋۋال شاھ ئالىيلىرىغا، ئاندىن قالسا سىز كاتتىمىزغا چىن ئىخلاسىمىز بىلەن ئىتائەت قىلىمىز.

— قايتىڭلار! — دېدى يالماۋۇز كاللا ئەمدى سەل مۇلايىم ئاۋازدا، — ئۈچ ئايغىچە مېنى ئاۋارە قىلماي، ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا پۇختا بولۇڭلار، كىمكى مېنى يەنە مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاۋارە قىلىشقا پېتىنىدىكەن، تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىدۇ.

يالماۋۇزلار قۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. يالماۋۇز كاللا بولسا ئۆز جايىدا تۇرۇپلا پىرقىراشقا باشلىدى. پىرقىرىدى، پىرقىرىدى، پىرقىرىغانسېرى سۈرئىتى تېزلىشىپ كىچىكلەپ - كىچىكلەپ كېيىن

غايىب بولدى.

پەخرىدىن شۇ قەپەس ئىچىدە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ ئولتۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئۇنى كۆزىتىۋاتقان چايانلار ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ غەيۋىتىنى ئانچە ـ مۇنچە قىلىشىپ قويغاندىن باشقا، كۆپ ھالالاردا مۈگدەپ ياكى خىيال سۈرۈشۈپ ياتاتتى. لېكىن، بەك سەزگۈر ئىدى. قىل تەۋرىگەنلىكنىمۇ ھېس قىلىشىپ، دەرھال چاچراپ تۇرۇشاتتى.

پەخرىدىن ئۇلارغا گەپ قىلىپ باقتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايدىغاندەكلا ئىدى. ئۇ قەپەس ئىچىدە نېمىلا قىلسۇن ئۇلارنىڭ كارى يوق ئىدى. شۇ ھالدا پەخرىدىننىڭ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش تولىمۇ قىيىنغا چۈشۈپ، بىر سائەت بىر كۈندەك بىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر قايسى ۋاقىت، قانداق مەزگىللىكىنىمۇ بىلەلمەيتتى. بۇ غارنىڭ ئىچىدە ۋاقىت بىر خىللا، خۇددى توختاپ قالغاندەكلا ئىدى.

ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنى بىزار قىلغان قوڭغۇراقچىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا يۈرىدىغان سائەتنى ئەسلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سائەتنىڭ سىيماسى زاھىر بولۇپ:

— ساڭا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى مانا توققۇز سوتكا بولدى، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — ئۈمىدۋار بولغىن، بۇ يەردە ھەركىمگە كەلگەن قاماق مۇددىتى توققۇز سوتكىدىن ئاشمىغان، بۈگۈن سەنمۇ چوقۇم يا ئۇيان ـ يا بۇيان بولىسەن.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — شىۋىرلىدى پەخرىدىن ئۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، غايىب بولۇۋاتقان سىيماسىغا قاراپ.

دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەيلا بىرنەچچە قارا سايىنى كۆردى. چايانلار سەگەكلىشىپ ھەر تەرەپكە چەكچىيىشتى، لېكىن ئۇلار ھېلىقىلارنى كۆرەلمىگەندەكلا ئىدى.

— سىلەرمىدىڭلار! — توۋلىۋەتتى پەخرىدىن ھەم سۆيۈنۈش، ھەم ئەنسىرەش ھېسسىياتى گىرەلىشىپ كەتكەن ھالدا.

ئۇ خاسىيەتلىك كۆزئەينەكنى يېڭۈەتكىنى ئۈچۈن، قارا يېپىنچا يېپىنىۋالغان شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى پەرق

قىلالىغانىدى. ئۇ سىرلىق غارغا قامالغاندىن بېرى ئۇلارنى نەقەدەر سېغىنغانىدى ـ ھە! لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قارامىلىق قىلىپ قالماسلىقىنى كۆپ تىلىگەن. بىراق، ھازىر ئۇلار كەلدى. «ئەمدى كېتىڭلار!» دېگىلى بولسۇنمۇ، ئۇلار شۇنچە خەتەرلىك جايغا، كۇرمىڭ خەۋپ ـ خەتەرلەرگە پەرۋا قىلماي كەلگەن تۇرسا، ئۇ نېمىمۇ دېسۇن، «خۇدايىم ساقلىسۇن، ئىلاھىم ئۇلارغا بىر ئىش بوپ قالمىغىيدى» دېدى پەخرىدىن ئاخىر.

شۇ چاغ مۇشۇك خان قىزلار چايانلارغا چاڭ سالدى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى چايانىنى تىلىم ـ تىلىم قىلىپ، بوغۇم ـ بوغۇملىرىدىن ئاجرىتىۋەتتى، چايانلار ئۇلارنى چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا جان بېرىشتى. شاتۇتى مەلىكە بولسا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئالماس يۈلتۇز باشلىق ئالتۇن تاياقنى قەپەس شادىلىرى ئارىسىدىن پەخرىدىنگە سۇنۇپ بېرىپ:

— تېز بولۇڭ خوجايىن! يالماۋۇزلار تۇيۇپ قالغۇچە سىرلىق غاردىن قېچىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئالدىرىتىپ.

— كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى پەخرىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇرسەن بولۇپ، — بىراق، بەك تەۋەككۈلچىلىك قىپسىلەر.

— بۇ بىزنىڭلا ئىشىمىز ئەمەس خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار ئەمدى يەنە مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ، ئۇلارنىڭ بايىقى ۋەھشىي يولۋاسلاردەك ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگەرگىنىگە قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالاتتى.

— قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — تېز بولۇڭ!

پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سېلىپلا تۆمۈر قەپەسنى قوناق شېخىدا ياسالغان كاتەكتەك بىرنېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى ـ دە، قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، ئەركىنلىككە چىقتى، ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، قولىدا بىر قالپاق پەيدا بولدى.

— كەچۈرۈڭلار! — دېدى ئۇ شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارغا، — سىلەرنى كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم. ئۇ شۇنداق

دەپ ئۇلارغا سېھرگەرلىك تايىقنى بىر - بىرلەپ تەگكۈزۈپ قويدى. شۇ ھامان ئۈچ جانىۋار كىچىكلەپ، ھەرىچىلىك بولۇپ قېلىشتى. پەخىردىن ئۇلارنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋەتكەندىن كېيىن قالپاقنى كىيدى - دە، بىمالال يۈرۈپ كەتتى. غار يوللىرىدا ھەر تەرەپكە قاتىرىشىپ، چارلاپ يۈرگەن ھايۋان باشلىق، ئادەم تەنلىك مەخلۇقلار ۋە ئۇچۇپ يۈرگەن چوڭ شەپەرەڭلەردىن ھېچبىرى ئۇنى بايقىمىدى.

«بۇ قالپاقنى كىيىۋېلىپ ھەرقانداق جايغا بېرىۋەرسەم بولامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى پەخىردىن.

بىراق، شۇ ھامان قۇلاق تۈۋىدە بىرسىنىڭ شىۋىرلىغىنى ئاڭلاندى:

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. يالماۋۇز شاھ بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ قابىل قولچوماقلىرىغا يولۇقۇپ قالساڭ ئۇلار سېنى بايقىۋالىدۇ ياكى ئالۋاستى ئەينەكتە سېنى كۆرىدۇ، سەن ھازىر بۇ سىرلىق غاردىن چىقىپ كېتىشنىڭ كويىدا بول.

پەخىردىن سىرلىق غاردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. بىراق، قايسىلا يولغا، قايسىلا تەرەپكە ماڭسۇن ئايلىنىپ - ئايلىنىپ ئاخىر يەنە شۇ قەپەسكە سولانغان جايغا كېلىپ قالدى.

خېلى ئۇزاققىچە شۇنداق بىھۇدە ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، سەل ئېسىنى تېپىپ، نىجاتلىق يولى ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ، سېھرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن بىر ئوت شارى چىقىپ، يالقۇنلىرىنى سۇرەلتىپ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى. پەخىردىن دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇ ناھايىتى كۆپ ئەگمىلەردىن ئۆتتى. سېھرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سېلىپ سېھىر ئىشلىتىپ، دۆڭ كەلگەن ئوت بەلباغلىرى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريالار، چوڭقۇر ھاڭلار، زەھەرلىك ھاشاراتلار، لاۋا ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ۋولقان ئېغىزلىرى ۋە قىپقىزىل يالقۇنجاپ تۇرغان لاۋا ئېقىنلىرى، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇقلار...... ئەيتاۋۇر، خىلمۇخىل خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن ئۆتتى. ئاخىر ئۇ ھەممە يېرى سىرلىق غار ئېغىزلىرى بىلەن ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن ۋە قارا تۈتەك - تۇمانلار بىلەن ئورالغان غايەت ئېگىز ۋە چوڭ تاغ باغرىغا

چىقتى. ئوت شارى غايىب بولدى.

— ئېھتىيات قىل! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، — مېنى ئۇدا ئۈچ سوتكىدىن ئارتۇق ۋاقىت كىيىۋالساڭ بولمايدۇ، ئەمدى مەن ئارام ئېلىشىم، سېھرىي كۈچۈمنى يىغىشىم كېرەك، مېنى ئەمدى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان چاغلاردا ئىشلەت.

پەخرىدىن سۆزلىگۈچىنىڭ بېشىدىكى سۇلايمان قالپىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئۇنى دەرھال بېشىدىن ئېلىۋەتتى. قالپاق كىچىكلەپ - كىچىكلەپ غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئەتراپقا نەزەر سالدى. ھەممە يەر قىلىچنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر قىرلىق تاشلار ۋە غەلىتە مەخلۇق شەكىللىك، چوڭلىرى تۆت - بەش قەۋەتلىك بىنادەك، كىچىكلىرى مازارلىقلاردىكى گۈمبەزلەردەك قارا تاشلار بىلەن قاپلانغان، ئۇيەر - بۇيەردە يەنە غول - شاخلىرى قارا كۆسەيدەك، يوپۇرماقلار ئورنىدا بىگىزدەك ئۆتكۈر تۆمۈر تىكەنلەر ئۆنۈپ چىققان غەلىتە دەرەخلەر، دەرەخ شاخلىرىدا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، ئادەمدەك يوغان ئىككى باشلىق تازقارىلار ۋە قۇزغۇنلار دۈگدىيىشىپ ئولتۇرغان، قاپقارا يەر يۈزىدىن زەھەرلىك تۈتەكلەر بىخسىپ تۇرغان بىر مەنزىرىنى كۆردى. بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدا نە قۇياش، نە ئاي - يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئەتراپتىكى ۋولقان ئېغىزلىرىدىن تارالغان قىزىللىق ۋە تاغ چوققىسىدىكى بىر ئوپقۇندىن ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت يالقۇنلىرىلا بۇ مۇدھىش زېمىنغا قارىدىن ئۆزگىچە يېڭى بىر رەڭ ۋە يورۇقلۇق بېغىشلاپ تۇراتتى.

پەخرىدىن سۇلايمان قالپىقنى ئېلىۋەتكەن ھامان تازقارىلار ۋە قۇزغۇنلار ياڭراق، ئەمما يېقىمسىز قىرقىراشتى. شۇ ھامان تاغدىكى سىرلىق غار ئېغىزلىرىدىن قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ، ئادەمدەك يوغان، ئېيىق باشلىق شەپەرەڭلەر ئۈچۈپ چىقىشتى. ئارقىدىنلا زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، گۈرسۈلدەپ دەسسىشىپ، غەلىتە مەخلۇقلار چىقىشتى.

— بىزنى چىقىرىۋېتىڭ خوجايىن! — دەپ تووۋلاشتى ئىنچىكە

ئاۋازدا شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ئۇنىڭ يانچۇقىدا تېپىرلاپ، — دېقىمىپ ئۆلەيلا دەپ قالدۇق.

پەخىردىن ئۇلارنى يانچۇقىدىن چىقاردى، ئۇلار ئەسلىگە كېلىپلا پەخىردىنگە خىرىس قىلغان شەپەرەڭلەرگە تاشلاندى. مۇشۇك خان قىزلارنىڭ رەقىبىگە تاشلانغاندىكى يىرتقۇچ يولۋاستەك دەھشەتلىك ئەلپازىغا ۋە جاسارىتىگە قاراپ پەخىردىن ئۆزىمۇ چۆچۈدى. شاتۇتى مەلىكە بولسا سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالدى. بىراق، ئۇنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن بىردە رەڭگارەڭ ساليۇتلار ئېتىلىپ چىقسا، بىردە ئوت شارلىرى ئېتىلىپ چىقاتتى، بىردە ھەر خىل رەڭلىك تۇتەك - تۇماندىن ھاسىل بولغان ھەجۋىي سۈرەتلەر پەيدا بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، قىزىقچىلىق قىلسا، بىردە يىرتقۇچ ھايۋان سۈرەتلىرى پەيدا بولۇپ، شەپەرەڭلەرنى قوغلىدى. بىراق، شەپەرەڭلەر باشتا گاڭگىراپ، ئۈركۈپ قاچقىنى بىلەن، كېيىن بۇ تۇتەك - تۇمانلار ئۇلارنىڭ بىرتال موييغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمىگەندىن كېيىن، قايتىدىن خىرىس قىلىپ كېلىشىۋەردى. مۇشۇك خان قىزلار بولسا ئالماستەك تىرناقلىرى بىلەن شەپەرەڭلەردىن بىرمۇنچىسىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى - يۇ، لېكىن ئۆزلىرىمۇ خېلىلا ھالسىرىدى.

پەخىردىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلار ۋە شەپەرەڭلەرگە قاراپ، تىلىغا كېلىپلا قالغان غەلىتە مەخلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى. شۇ ھامان ئالماس يۇلتۇزدىن كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۈچلۈك، تارام - تارام نۇر تاراپ، ۋىڭىلدىغان ئاۋاز ياڭرىدى. غەلىتە مەخلۇقلار ۋە شەپە-رەڭلەر دەرھال كەينىگە يېنىپ، كامار - كامارلارغا تىقىلىشىپ، تېزلا غايىب بولدى.

— تېز ماڭايلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇستۇمگە مىنىڭ خوجايىن، بىخەتەر جايغا بېرىۋالايلى!

— مېنى كۆتۈرەلەمسەن؟ — سورىدى پەخىردىن ئىككىلىنىپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بىر ئەۋلىيا ماڭا بىر تال خاسىيەتلىك دورا بەردى. ئۇنى يېگەندىن كېيىن كۈچ - قۇۋۋەتتە

سۇمۇرغدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك بولدۇم، شۇ تاپتا ئۈستۈمگە تاغ يۈكلەنسىمۇ بىمالال ئۇچىمەن.

پەخىردىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى، شاتۇتى مەلىكە قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ ئۇچۇپ كەتتى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ ئەگىشىپ ئۇچتى.

ئۇلار ناھايىتى تېز ئۇچتى، بىراق يەنىلا ئۆزلىرىنى قوغلاپ، سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر قارا قولدىن قۇتۇلالمىدى.

— سېھرىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار ئالدىراپ، — بۇ بىر يالماۋۇزنىڭ قولى.

پەخىردىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئۆزلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالايلا دەپ قالغان قارا قولغا شىلتىغانىدى. ئۇنىڭدىن بىر ئوت چىقىپ قارا قولغا ئۇرۇلدى. قارا قول شىددەت بىلەن كەينىگە تارتىلىپ، ناھايىتى تېزلا غايىب بولدى. بىراق، ئەمدى ئۇلارنى بوراندەك تېزلىكتە ئۇچقۇر ئەجدىھالار قوغلاپ كەلدى.

— ئۇلار يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ، — دېدى يېشىل كۆز.

پەخىردىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى يەنە شىلتىدى. ئالماس يۇلتۇزدىن قۇياشتەك پارلاق نۇر چاقناپ، قارامتۇل تۇتەك - تۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى. ئۇچار ئەجدىھالار دەرھال كەينىگە يېنىپ، يىراقتىكى قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

ئەمدى ئۇلارنى ھېچكىم قوغلىمىدى. لېكىن، تۇرۇپ - تۇرۇپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىپ كېتەتتى. بىر چاغلاردا يەنە تاراسلاپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇر تامچىلىرى بولسا، ئەمەلىيەتتە شېغىل تاشلار ئىدى. بارا - بارا شېغىل تاش ئورنىدا ئاۋۋال ئالمىدەك، كېيىن چىلگىدەك تاشلار يېغىشقا باشلىدى. پەخىردىنگە ئەمدى سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ۋە ھەمراھلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا توغرا كەلدى. يەنە باشقا كۈتۈلمىگەن ئاپەتلەرمۇ يۈز بېرىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ سەگەك تۇرۇشقا تىرىشتى. تۆۋەندىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر سالغۇدەك ھەپىلىسىمۇ قالمىغانىدى. دېگەندەك، ھايالسىزلا گاھ ئۇيانىدىن، گاھ بۇيانىدىن ۋىژىلداپ، نېمىلەردۇر ئۇچۇپ ئۆتۈشتى، نېمىلەردۇر چىرقىراشتى. يەنە قورقۇنچلۇق سۈرەتلەر زاھىر بولۇشتى،

گاھىدا لاپپىدە قىلىپلا ئوت ياناتتى، گاھىدا ۋولقان پارتلاپ، ئالەم ـ جاھان زىلزىلىگە كەلدى.

تۆۋەندە بولسا ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەنىدى. يەر يۈزى قارامتۇل كۈل رەڭ بولۇت ـ تۇمانلار ئاستىدا قالغان، بولۇت ـ تۇمانلار شالاڭراق جايلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغانلىرىمۇ چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە تاشلار، پىچاق بىسىدەك قىرلىق تاغ ـ ئېدىرلار ۋە ئاپئاق قاغجىراپ ياتقان ھايۋانات، ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى ئىدى.

— بۇلار سىرلىق قەلئە غايىب بولۇپ، يالماۋۇزلار ۋە ۋەھشىي مەخلۇقاتلار قوتراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، — دېدى كۆك كۆز ئىسكىلىتلارنى كۆرسىتىپ، — سىرلىق ئالەمدە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار يالماۋۇزلارغا ياكى غەلىتە يىرتقۇچ مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇلار يەنە يالماۋۇزلۇق، قانخورلۇق تەبىئىتى تۈپەيلىدىن داۋاملىق ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلاردىن پاناھلانماقچى بولغانلار ھەممىسى سىرلىق قەلئەگە كېلىدۇ، سىرلىق قەلئە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئۇلارنى قوغدايدۇ.

— بىراق، سىرلىق قەلئە ھازىر غايىب بولدى، — دېدى پەخرىدىن مەيۇسلىنىپ، — قارىغاندا ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى قالمىغان بولسا كېرەك.

— ياۋۇزلۇق ئاق كۆڭۈللۈك ئۈستىدىن غالىب كەلگەندە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى يوقىلىدۇ، — دېدى يېشىل كۆز.

— ئەمدى نەگە بارارمىز، — دېدى پەخرىدىن، — سېھىرگەر ئۇستاز شۇ تاپتا نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندۇ، ئۇ نېمىشقا ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغاندۇ؟

— غېرىب ئارالغا، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — سىزنى قۇتقۇزۇشىمىزغا ياردەم قىلغان ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ دېيىشىچە، سىرلىق دېڭىزدىكى غېرىب ئارالغا بارساقلا، ئاندىن يالماۋۇز شاھىنىڭ...... ئاندىن......

— نېمانداق تىلىڭنى چاينايسەن، — دېدى پەخرىدىن تەقەز-

زالىق بىلەن، — ئاندىن نېمە قىلىدىكەنمىز؟

— ئاندىن...... كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىمەن، بەلكىم شۇ يەرگە بارغاندا ئېسىمگە كېلىپ قالار، ئارقىدىنلا ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىگەندەك غودۇڭشۇپ قويدى، شۇ ھامان ئۇ قاپقارا بىر تۈك قاغىغا ئايلىنىپ توختىماي قاقىلداشقا باشلىدى:

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، كەچۈرۈڭ!......

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش ئەمدى، — دېدى پەخىردىن چۆچۈپ.

— سىرلىق ئالەمدە يالغان گەپ قىلغانلارنىڭ قىياپىتى بەتبەشىرە بولۇپ قالىدۇ، — دېدى كۆك كۆز.

ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئۇنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالساق بولاتتى.

— سىز كەچۈرۈۋەتسىڭىزلا يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز.

— بولدى، كەچۈرۈۋەتتىم، — دېدى پەخىردىن كۈلۈپ كېتىپ، — بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن، يالغانچىلارنى ئوڭايلا پەرق ئېتىۋالغىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ.

— رەھمەت خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە ئەسلىگە كېلىپ، — ھېلىقى ئەۋلىيا ماڭا پۈرسەت پىششىپ يېتىلمىگۈچە بەزى ئىشلارنى دېۋەتمەسلىكنى تاپىلىغانىدى.

— ئاۋۋال شۇ يەرگە بارايلى خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆز، — قالغىنى بارغاندا مەلۇم بولىدۇ.

## سەككىزىنچى باب

# كۆتۈلمىگەن ئۇچرىشىش

شىددەتلىك قارا قۇيۇن پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ كەتتى. پەخرىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ھاۋا رايىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەپسۇننى ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، قارا قۇيۇن كۈچسىز سالقىن شامالغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار خەتەردىن قۇتۇلدى. قارا قۇيۇندا شاتۇتى مەلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان پەخرىدىن دەرھال «ئۇچار ۋېلىسىپىت ئەپسۇنى»نى ئوقۇدى. سېھىرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇر ئىچىدىن قوش قاناتلىق، ئەمما يەككە چاقلىق بىر ۋېلىسىپىت پەيدا بولدى - دە، ئۇنى يەرگە چۈشۈپ كەتكۈچىلا مىندۈرۈۋالدى، قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ قېلىشقان شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار قايتىپ كېلىشكىنىدە بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، ۋېلىسىپىت پىدالى تېزرەك تېپىلسە تېز، ئاستىراق تېپىلسە ئاستا ئۇچاتتى.

— سېرىكچىگىلا ئوخشاپسىز خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار كۈلۈشۈپ.

بىراق، بۇ ئۇچار ۋېلىسىپىت شاتۇتى مەلىكىگە ياقمىدى بولغاي، ئۇ بىرنېمىلەرنى غودۇڭشۇپ قويدى.

شۇچاغ يەنە تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى. چاقماق چۈشكەن قورام تاشلار پارتلاپ، تاش پارچىلىرى ھەر تەرەپكە زەمبىرەك ئوقىدەك ئېتىلدى. پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالدى. ئالماس يۇلتۇزدىن نۇر چاقناپ ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى

خەتەردىن خالاس قىلدى، پەخرىدىن يەنە توختىماي ھاۋا رايىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەپسۇنلار ۋە خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئەپسۇنلىرىنى زىكرى قىلىپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزگىرىشچان ۋە خەتەرلىك ھاۋا رايى ھادىسىلىرى ۋە باشقا مۈشكۈلاتلارغا تاقابىل تۇرۇپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن گۈلدۈرماما - چاقماق چېقىلىشلارمۇ، قارا قۇيۇن، بوران - چاپقۇنلارمۇ، تاشمۆلدۈر، كىسلاتالىق يامغۇرلارمۇ، ھەر يوغان تاشلارنىمۇ قار ئۇچقۇنلىرىغا قوشۇپ ئۇچۇرۇپ پىرقىرىتىپ يۈرگەن شىۋىرغانمۇ ئۇلارغا زەررىچىلىك زىيان يەتكۈزەلمىدى.

ئۇلار شۇنداق يۈرۈپ بىرچاغدا بىر قەلئەگە كەلدى. قەلئەنىڭ ئۇچلۇق مۇناردەك چوققىسىدا بىر قىزىل يۇلتۇز نۇر چېچىپ، قاراڭغۇلۇق دېڭىزىدا نۇرلۇق ماياكتەك يول كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە قەلئە؟ — سورىدى پەخرىدىن.

— بىلمەيمىز خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ تەڭلا باش چايقاپ، — بىلىدىغانلىرىمىز بەكلا ئاز، كەچۈرۈڭ.

پەخرىدىن ئۇلاردىن رەنجىپمۇ كەتمىدى، دېمىسىمۇ ئۇلار سىرلىق دۇنيانىڭ ئۆز كىشىلىرىدىن بولغىنى بىلەن سىرلىق قەلئەدىن ئانچە چىقىپ باقمىغان، ھەتتا بۇلاردىن سۈت رەڭلىك شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىن سىرلىق قەلئەگە كىرگەندىلا، ئاندىن تۇخۇمدىن چىققان تۇرسا قانچىلىك بىرنەرسە بىلسۇن.

ئەمدى ئۇلارنى تولا سوئال سوراپ خىجىل قىلماي دېگەن يەرگە كەلدى پەخرىدىن ئاخىر.

ئەمدى ئۇلار كۆزلىرىنى قەلئە تەرەپكە تىكىشتى. قەلئە يېقىنلاشقانسېرى يالماۋۇز بېشىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. يالماۋۇز بېشىدا بىر تال شاخ مۈڭگۈز بولۇپ، مۈڭگۈز ئۇچىدا بىر تال قىزىل يۇلتۇز پارلاپ تۇراتتى.

— توختاڭلار! — دېدى پەخرىدىن جىددىيلىشىپ، — بۇ قەلئە ئەمەسكەن.

شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۈشۈك خان قىزلارمۇ مۇئەللەقتە چىپپىدە توختىدى. شۇ هامان قىزىل يۇلتۇز غايەت يوغان بىر ئوت شارىغا ئايلىنىپ، تىنىماي پىرقىراشقا باشلىدى. هەر پىرقىرىشىدا ئۇنىڭدىن دەسلەپ قار ئۇچقۇنلىرىدەك، كېيىن ئالقاندەك ـ ئالقاندەك، ئاندىن يەنە هەر چوڭ ئوت يالقۇنلىرى چېچىلىشقا باشلىدى.

ــ ئۇنىڭغا مەن تاقابىل تۇراي خوجايىن، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە دەرهال سېهرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىشقا ئالدىراپ.

ــ ماقۇل، ــ دېدى پەخرىدىن، ــ ئىككى هەمرىيىڭنى ئاسرىغىن، مەن كىرىپ قەلئەنى گۇمران قىلاي.

ــ ئېهتىيات قىلىڭ خوجايىن! ــ تووۋلاشتى مۈشۈك خان قىزلار.

ــ خاتىرجەم بولۇڭلار! ــ دېگىنىچە پەخرىدىن سېهرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئۇچقۇر ۋېلىسىپىت بىر ئاق قۇيۇنغا ئايلىنىپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ ماڭغانچە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قەلئە ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

قەلئەنىڭ ئىشكى بىر ئېغىز غىلا ئوخشايتتى. دورداي كالپۇك ـ لاردىن بوسۇغا ۋە ئىشىكنىڭ كېشكى هاسىل بولغانىدى، ئاستىن ـ ئۈستۈن ئىككى رەت پولات چىشلار بوسۇغىدىن ئاتلىغۇچىنى چايناپ پۇركۈۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. موريدەك بۇرنىدىن توختىماي زەهەرلىك تۈتەك، قىپقىزىل تونۇر ئاغزىدەك كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، چاقماق چېقىلىپ تۇراتتى.

ــ ماڭا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالامسەن! ــ دېدى پەخرىدىن قەلئەگە قاراپ دادىللىق بىلەن.

ــ ئۆلگۈر! ــ دېگەن يىرگىنىشلىك ئاۋاز كەلدى ئېغىزدىن.

ئاندىن قەلئە كىچىكلەپ ـ كىچىكلەپ يىلان تەنلىك بىر يالماۋۇزغا ئايلىنىپ توختىدى، ئۇنىڭ باش ئۈستىدىكى ئوت شارى تېخىمۇ تېز پىرقىراپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئوت يالقۇنلىرىنى چېچىۋەردى.

ــ سەن كىم؟ ــ سورىدى پەخرىدىن، ــ نېمشقا يول توسسەن.

يىلان تەنلىك يالماۋۇز:

ــ يالماۋۇزلارنىڭ پىر ـ ئۇستازىمەن، ــ دېدى هېلىقى

بەتبەشىرە، — سىرلىق قەلئەنىڭ ئاستىغا بەند قىلىنغانىدىم، مانا ئەمدى ئەركىنلىككە چىقتىم. ماڭا ئۆچرىغان كۆچلۈكلەر ئامان قالدۇ، ئاجىزلار يەمچۈكۈم بولدۇ، ساڭا ئىجازەت، كېتنۇەرسەڭ بولدۇ.

— ئۇلارچۇ؟ — دېدى پەخرىدىن ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە قالغان ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىپ.

— دېدىمغۇ! — يالماۋۇز ھۆركىرىدى، — ئاجىزلار يەمچۈكۈم بولدۇ، مەن ئاچ يۈرگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغىنىنى بىلمەيمەن. شۇ تاپتا بۇ ئەتراپتىكى ئۈۋىسىدىن چىقماي ياتقان قۇرت - قۇمۇسقىلارمۇ قالمىدى، ھەممىسى قارنىمغا كىرىپ كەتتى، ھەتتا ئۆتتۈپ كېتىۋاتقان يالماۋۇز، جىن - شاياتۇنلارنىمۇ ئامان قويمىدىم. تېخى قورسىقىمنىڭ بىر بۇرجىكىمۇ تولغىنى، كۆچ - قۇۋۋىتىم ئەسلىگە كەلگىنى يوق، ئەگەر بۇرۇنقى ھالىم بولغىنىدا ساڭىمۇ يول يوق ئىدى، ئۇلارنىمۇ ئەكەتمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭگە ھېزى بول.

— ئەلۋەتتە ئۇلارنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن، — پەخرىدىن شۇنداق دەپ سېھرگەرلىك تايىقنى يالماۋۇزغا شىلتىدى، يالماۋۇزمۇ باش سۆڭىكىنى چىشلەپ تۇرغان يىلان شەكلىدىكى جادۇگەرلىك تايىقنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇردى. يالماۋۇز بىلەن پەخرىدىن ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ دەھشەتلىك جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. يالماۋۇز دەسلەپ سانسىز-لىغان قىلىچ پەيدا قىلدى، قىلىچلار پەخرىدىنگە تەڭلا چېپىلدى، بىراق پەخرىدىننىڭ سېھرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمەي قۇش پەيلىرىگە ئايلىنىپ شامالدا ئۇچۇپ كەتتى.

يىلان تەنلىك يالماۋۇز مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ، بىرلا سىلكىنىپ يىلان تېنىدىن قاسراق تاشلىدى. تاشلانغان قاسراقلار بولسا، سانسىزلىغان ئەجدىھا ۋە غەلىتە مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ پەخرىدىنگە ھۇجۇم قىلدى.

— چىشلەڭلار، خامتالاش قىلىڭلار! ئۇنىڭ گۆشى سىلەرگە دورا! — دەپ جار سالدى يالماۋۇز.

بىراق، پەخرىدىننىڭ سېھرگەرلىك تايىقىدىن كۆچلۈك نۇر چاقناپ، ۋىڭىلدىغان ئاۋاز ئاڭلانغان ھامان ھېلىقى چەرەندە -

پەرەندىلەر كەيىنگە يېنىشىپ، كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي، تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كېتىشتى.

يالماۋۇز ئەمدى يىلان تېنىنىڭ ئىككى بىقىنىدىن مىڭدەك قول چىقىرىپ، قوللىرىدا ھەر يوغان تاشلارنى پەيدا قىلىپ، پەخىرىدىننى تاشبوران قىلدى. بىراق، پەخىرىدىننىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇرغا دۇچ كەلگەن ھامان، ئېتىلغان تاشلارنىڭ ھەممىسى شارغا ئايلىنىپ ئاسماندا لەيلەپ قالدى.

يالماۋۇز ئەمدى سەل ھودۇقۇپ ئوتمۆلدۈر ياغدۇردى، كەلكۈن پەيدا قىلدى، تاغ ـ تاشلارنى يۆتكەپ باسۇرۇۋەتمەكچى بولدى...... ئەيتاۋۇر ناھايىتى كۆپ جادۇگەرلىكلەرنى قىلدى. لېكىن، پەخىرىدىن ھەممىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنى داغدا قويدى، بەلكى بارغانسېرى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاخىر يالماۋۇز بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرقى كوزىرى بولغان جادۇگەرلىك تايىقنى يەرگە تاشلاپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇدى. جادۇگەرلىك تايىقى شۇ ھامان توققۇز باشلىق گىگانت ئەجدىھاغا ئايلاندى. ئۇنىڭ توققۇز بېشى گاھى زەھەر، گاھى ئوت، گاھى زەھەرلىك تۇتەك، گاھى جۇت ـ شۇۋىر- غان، گاھى شىددەتلىك بوران چىقىرىپ، گاھى ھەر تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ، پەخىرىدىننى چىشلەشكە ئۇرۇنۇپ، زېمىننى تىترىتىپ، ئالەمنى لەرزىگە سالدى. پەخىرىدىننىڭ سېھىر- ئەپسۇنلىرى بولسا ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.

پەخىرىدىن چۆچۈپ، دەرھال ئۇچقۇر ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ، بىر تەرەپكە قاچتى. توققۇز باشلىق ئەجدىھا بىر جۇپ غايەت زور قانات چىقىرىپ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. پەخىرىدىن دەرھال «سېھىرلىك چىراغ ئەپسۇنى»نى ئوقۇدى، شۇ ھامان ئېلىلىپىسسىمان، چەينەككىلا ئوخشايدىغان بىر ئالتۇن جىنچىراغ پەيدا بولۇپ، چەينەكنىڭ جوغىسىدەك بىر ئۇچىدا ۋاللىدە قىلىپ بىر يېشىل يالقۇن پەيدا بولدى، ئارقىدىن يالقۇن ئىچىدىن پۇرۇچ قورچاقچىلىك بىر مۆكگۈزلۈك دىۋە پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى يوغىناپ، بويى ئاسمانغا تۇۋرۈك بولغۇدەك گىگانت مەخلۇققا ئايلاندى ـ دە، توققۇز باشلىق ئەجدىھانى

تۇتۇۋېلىپ، نەچچە پارچە قىلىپ ئۈزۈپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا قارا قويۇنغا ئايلىنىپ، قېچىشقا ئۇرۇنغان يالماۋۇزنىمۇ تۇتۇپ، بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ يەرگە بىرنى تەپتى، يەر يېرىلدى. يالماۋۇزنىڭ بېشىنى شۇ يېرىققا تاشلىدى، ئاندىن يېرىقنى تاش بىلەن تولدۇرۇپ، دەسسەپ چىڭدىۋەتتى. يالماۋۇزنىڭ يىلان تېنىدىن بولسا نۇرغۇن - نۇرغۇن جانىۋارلار — بېلىق تەنلىك قۇشقاچلار، مۈشۈك باشلىق قۇشقاچلار، بويى بىلەكتەك، پاچاقتەك ئادەم تەنلىك كېپىنەكلەر، كىچىك سۇ پەرىلىرى...... يەنە كۆز كۆرۈپ، قولاق ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە، لېكىن تولىمۇ ئوماق ۋە كۆركەم كىچىك مەخلۇقلار چىقىشقا باشلىدى. يەنە تېخى نۇرغۇن - نۇرغۇن قۇرت - قوڭغۇزلار چىقتى. ئارقىدىنلا يەنە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان نەچچە ئون كىچىك يالماۋۇز بىلەن شاياتۇنلار چىقتى.

پەخىردىن بۇلارغا قاراپ، يۈرىكى بىردىنلا دۈكۈلدەپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى - دە، ئۇلار تەرەپكە يەرۋاندەك ئېتىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇ سىرلىق قەلئەگە كېلىش يولىدا تونۇپ كەتكەن ھاۋا رەڭ ئەتىرگۈلدە زاھىر بولغان، ھاۋا رەڭ چاچلىق پەرى قىزمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ھاۋا رەڭ بۇدۇر چاچلىرى بېلىگىچە خۇددى شارقىراتمىدەك يېيىلىپ چۈشكەنىدى. كەڭ كۆپتۈرمە ئېتەكلىك، ھاۋا رەڭ يىپەك كۆڭلەكلىك ئىچىدىكى زىلۋا قامىتى 13 — 14 ياشلاردىكى قىزلارچىلىك بار ئىدى. دۈمبىسىدە گۈل - نەقىشلىرى ئاجايىپ كۆركەم بىرجۈپ ھاۋا رەڭ قانىتى تىنماي لېپىلداپ، ئۇنى مۇئەللەقتە ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىك ئاپتىپى پارلاپ نۇر يېغىپ تۇراتتى.

ئۇ قايرىلىپ قارىغاندا ئۇزۇن - ئۇزۇن ھاۋا رەڭلىك قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى زەڭگەر كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ - چاقناپ، ئالمىدەك مەڭزىلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى.

— سىز ھېلىقى...... — توختاپ قالدى پەخىردىن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا دۇدۇقلاپ.

— شۇنداق، — دەپ كۈلۈمسىرىدى كېپىنەك پەرى ۋۇجۇدىدىن

تېخىمۇ يارقىن نۇرلار چېچىلىپ، ئەتراپتا ئەتىرگۇللەر ئۇنۇپ، شاخلاپ تېزلا غۇنچىلاپ، ئارقىدىن پورەكلەپ ئېچىلدى، ئەتراپ خۇش ھىدقا تولدى.

— بىزنى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى ئۇ، — يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئالىلىبۇرۇن ئۇنىڭ قورسىقىدا ھەزىم قىلىنىپ كېتەتتۇق، شۇنداق قازاغا يولۇققانلارمۇ خېلى كۆپ.

— مەن سىزنى يەنە كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلغان، — دېدى پەخرىدىن، — سىز سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈلنى تۇزۇتۇۋەتكىنىمدىن بەك خىجىلمەن.

— گۈل ھامان تۇزۇيدۇ، — دېدى كېپىنەك پەرى، — لېكىن......

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا كىچىك جانىۋارلار پاراكەندە بولۇشۇپ كەتتى. كېپىنەك پەرىمۇ نېمىدىندۇر خەۋپسىرىگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ، تىلى سۆزگە كەلمەيلا قالدى.

پەخرىدىن ئۆزىمۇ سەل چۆچۈدى، چۈنكى زېمىن تەۋرەۋاتاتتى. ئەتراپتا قارا قۇيۇنلار قوتراپ، ھېلىلا ئۇنۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۇچۇرۇپ كەتتى، قارا بۇلۇت - تۇمانلار يامراپ كېلىشكە باشلىدى.

— يالماۋۇزلار ھەر تەرەپتىن قاپساپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى پەخرىدىن، — سىز دەرھال بىرەر جايغا يوشۇرۇنۇڭ، ئۇلارغا مەن تاقابىل تۇراي.

— ئەمدى يوشۇرۇنۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى كېپىنەك پەرى قايغۇرۇپ، — بۇ يەردە بىزدەك ئاجىزلارغا باشپاناھ بولىدىغان جاي قالمىدى. ھېلىلا زېمىنمۇ چاك - چاكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ، بىز بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، سىز ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىڭ.

— ياق! — دېدى پەخرىدىن قەتئىيلىك بىلەن.

— بىز سىزگە يۈك بولۇپ قالىمىز، — دېدى كېپىنەك پەرى تىترەك ئاۋازدا، — گېپىمگە كىرىڭ.

پەخرىدىن ئۇيدىمەستىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى،

بىر يۇملاق ئالتۇن قەپەس پەيدا بولۇپ، ھېلىقى جانىۋارلارنى سۈمۈرۈۋالدى. كىچىك يالماۋۇزلار بىلەن شاياتۇنلارنىڭ بەزىلىرى ئوت شارىغا، بەزىلىرى يالتىراق قوڭغۇزلارغا ۋە بەزىلىرى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ! — دېدى پەخرىدىن كېپىنەك پەرىگە، — سىزنىمۇ قەپەسكە بەند قىلىشقا مەجبۇرمەن.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ قەپەس كېپىنەك پەرىنىمۇ سۈمۈرۈۋالدى، دېۋە كېلىپ قەپەسنى قولىغا ئالدى.

— قەپەس ساڭا ئامانەت، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇنى كېيىن ماڭا ساق - سالامەت قايتۇرۇپ بەرگىن.

— خوپ خوجايىن، — دېدى دېۋە، ئاندىن ئۇ قەپەسنى كۆتۈرگىنىچە جىنچىراغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يېشىل يالقۇن ئۆچۈپ، جىنچىراغمۇ غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئەمدى يىراقتا تېخىچە ئوت چېچىپ، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى خەتەر ئىچىدە قويغان ئوت شارىغا يېقىنلاپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن تارام - تارام ھاۋا رەڭ نۇر تاراپ، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى ئورىۋالغان ئوت بەلبېغىنى يوق قىلدى. ئوت شارى كەينىدە بىر يول ئىس قالدۇرۇپ، سارقىغان يۇلتۇزدەك پەخرىدىننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كەتتى - دە، دەھشەتلىك پارتلىدى. ئارقىدىنلا يەنە:

— خەپ - خەپ!...... — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ بىرھازادىن كېيىن تىنچىپ قالدى.

— رەھمەت سىزگە خوجايىن، — دېيىشتى شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار يېتىپ كېلىپ، — مەلئۇن يالماۋۇزنىڭ جېنى جەھەننەمگە كەتتى. ھېلىمۇ ۋاقتىدا يوقاتتىڭىز، سەللا كېچىكىپ قالغان بولسىڭىز بىزمۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالاتتۇق، تازا ئوخشىغان كاۋاپ بولۇپ دەڭە، تېخى.

— ماڭا تېتىپ بېقىشقىمۇ پۇرسەت بولماي، كۆلگە ئايلىنىپ كېتەتتىڭلار، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ.

ئۇلار يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى، بىراق ئۇزاققا بارمايلا دەۋرەپ كەلگەن قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار، قوتراپ يۈرگەن قارا قويۇنلار ئىچىدىن گاھ يالماۋۇزلار، گاھ غەلىتە يىرتقۇچ مەخلۇقلار چىقىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمىدى، بىراق پەخرىدىنىنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقى ئۇلارنى ياكى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ، ياكى چېكىندۇرۇپ تۇردى.

ئۇلار شۇ تەرزدە ناھايىتى كۆپ يول يۈردى، يۈرگەندىمۇ مول يۈردى. شاتۇتى مەلىكىنىڭمۇ، مۇشۈك خان قىزلارنىڭمۇ ئۇچقۇدەك ھالى قالمىدى.

— بىرەر جايغا قونايلى! — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ، ئۆزىمۇ ۋېلىسىپىت پېدالىنى تولا تېپىپ خېلى چارچىغانىدى. بىراق، ئۇلارغا قونغۇدەك يەر تېپىشمۇ خېلى قىيىنغا توختىدى، چۈنكى يەر يۈزى توختىماي تەۋرەپ، چاك ـ چاك يېرىلىپ تۇراتتى. يېرىقلاردىن بولسا تۈۋرۈك تومۇقىدا يىلانلار، ھارۋا چاقىدەك يوغان ئۆمۈچۈكلەر، تىمساھتەك چوڭ چايانلار چىقىپ خىرىس قىلىشاتتى. بىرى يوقىتىلسا ئورنىغا يەنە ئونى مىغىلداپ چىقىشاتتى. ئۇلار ئامالسىز يولنى داۋام قىلدى.

بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىغان شاتۇتى مەلىكە بارغانسېرى پەسلىدى، لېكىن قونغۇدەك جاي تاپالمىدى. مۇشۈك خان قىزلارمۇ يەرگە پوككىدە چۈشۈپ كەتكۈدەكلا ھالغا كېلىپ قالدى، پەخرىدىنى ـنىڭمۇ پۇتلىرىدا جان قالمىدى.

ئاخىر ئۇ ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، نېرىدا تۇرغان گۈمبەزدەك يوغان بىر تاشنى كۆردى ـ دە:

— شۇ تاشقا قونايلى! — دېدى ھەمراھلىرىغا. بىراق، يېقىنـ ـلاشقاندا پەخرىدىن ھېلىقى چوڭ تاشتەك كۆرۈنگىنى ئەمەلىيەتتە بىر چوڭ مەخلۇقنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قىلىپ، — توختاڭلار! — دەپ تووۋلىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. تاش يېرىلىپلا ئارىسىدىن قاپقارا بىر تىل شىرتتىدە سوزۇلۇپ چىقتى ـ دە، پاقا چىۋىن تۇتۇپ يېگەندەك ئۇلارنى بىراقلا قامالاپ تۇتۇپ يۇتۇۋەتتى، پەخرىدىنگە سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سېلىشقا پۇرسەت بولمىدى.

شۇ تاپتا ۋىجىك يالماۋۇز ئۆز قەسرىدە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ يۈرەتتى. ئۆز تەختلىرىدە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇشقان باشقا يالماۋۇزلار ئالاقزادىلىككە چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋىجىك يالماۋۇز قايانغا ماڭسا شۇ ياققا پىلدىرلايتتى.

— مېنىڭ ئىشىمغا كاشىلا بولغان قايسىڭ؟ — دەپ توۋلىدى ۋىجىك يالماۋۇز بىر چاغدا شالىنى چاچرىتىپ. ئۇنىڭ شالى ئۆتكۈر زەھەر بولۇپ، چاچرانىدىلىرى چۈشكەنىلا يەرنى ئويۇپ كىرىپ كېتەتتى، — تېز ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىش!......

ئۇنىڭ شۇنداق سەت كاركىرىشى بىلەن تەڭ يالماۋۇز قەسرىدە چاقماق چېقىلىپ، يالماۋۇزلار ئولتۇرغان بىرقانچە تەخت پارتلاپ، قاپقارا قانلار چېچىلدى، ئارقىدىنلا لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى. بۇ تەختلەردىكى يالماۋۇزلار بولسا يەل توپتەك قاڭقىپ كېتىشتى، ئوت ئىچىدىن دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئوت ئۆچكەنىدىلا توختىدى. ھەربىر كۆيگەن تەخت ئورنىدا بىر دۆۋىدىن كۈل قالدى.

يالماۋۇزلاردىن بىرى قولىدىكى يىلانسىمان ھاسىنى شىلتىغانىدى، كۈللەر غايىب بولدى، ئاندىن بۇ يەردىكى تەختى كۈلگە ئايلانغان ۋە كۈلگە ئايلانمىغانلىرى بولۇپ ئالتە يالماۋۇز دەرھال پەگاھقا چۈشۈپ ۋىجىك يالماۋۇز ئالدىدا تىزلاندى.

— بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، — دېيىشتى ئۇلار، — ئاۋۋال پىر - ئۇستاز يىلان تەنلىك يالماۋۇز يول توستى، ئەمدى قارا تاش تىلسىمى ئۇنى ئۆزگە بەند قىلىۋالدى، قارا تاش تىلسىمىنى مەرھۇم بۈزرۈك ئانىمىز بەرپا قىلغان، بىزدە گۇناھ يوق.

— يالماۋۇز شاھ ئالىيلىرى تاپشۇرغان خىزمەتنى ئورۇنلىشىمغا كىمكى توسقۇنلۇق قىلىدىكەن، ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغىنى سىلەرگە ئايان، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز تەرىنى تۈرۈپ، — سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بۇ ئىشقا ھېچقايسىڭلار ئارىلىشىپ قالماڭلار، ھازىر يالماۋۇز شاھ ئالىيلىرىدىن قالسىلا كۈچ - قۇدرىتى ئەڭ زور بولغىنى مەن ئىكەنلىكىمنى ئوبدانلا بىلىپ قالغانسىلەر.

— ھەددىمىز ئەمەس! — دېدى ئالتە يالماۋۇز تەڭلا، ئاندىن ئۇلار بىرلا پىرقىراپ قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ يالماۋۇز قەسرىدىن چىقىپ كېتىشتى. تەنھا قالغان ۋىجىك يالماۋۇز يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى ئەجدىھا يۆگىشىپ تۇرغان مىس ئەينەك پەيدا بولدى.

— مىس ئەينەك ئالۋاستىسى جاۋاب بەر، — دېدى ئۇ، — مېنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقانلار بارمۇ - يوق؟

مىس ئەينەكتە كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر ئالۋاستى چىراي پەيدا بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئالاڭلاپ قارىۋەتتى - دە، ئاندىن شۇنداق دېدى:

— تىمساھ قۇيرۇقلۇق يالماۋۇز ئۆز قەلئەسىدە كىتاب كۆرۈپ، پال سېلىپ، سېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىش قەستىدە يۈرۈپتۇ.

— خەپ! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز چىچاڭشىپ، — تېخى مېنىڭ قەستىمدە يۈرۈپتۇمۇ ئۇ؟

ۋىجىك يالماۋۇز ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، مىس ئەينەك غايىب بولدى، ئارقىدىنلا ئۇ قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تىمساھ قۇيرۇق يالماۋۇزنى بىرتال قىلدا باغلاپ سۆرىگىنىچە قايتىپ كىردى.

— رەھىم قىلغىن! — دەپ پەرياد قىلدى تىمساھ قۇيرۇقلۇق يالماۋۇز.

— ماڭا ھەسەت قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىلەتتىم، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — مانا ئەمدى جاجاڭنى يەيسەن. ئەگەر سېنى ئامان قويسام، ھامان بىر كۈنى مېنى قەستلىمەي قالمايسەن، قولۇمدا يالماۋۇز شاھىمىزنىڭ ئەگىگۈشتەر ئۈزۈكىنىڭ بارىدا ئەدىپىڭنى بەرمىسەم، كېيىن ساڭا كۈچۈم يەتمەي قالىدۇ، ئەمدى ئۆز ئۈۋالىڭ ئۆزۈڭگە، مەندىن رەنجىمە.

— ساڭمۇ ياخشى كۈن يوق! — تولدى تىمساھ قۇيرۇق يالماۋۇز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، — يالماۋۇز شاھ ھامان كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىدۇ...... ھامان......

ۋىجىك يالماۋۇز زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ،

ئىسكىلىت باشلىق ھاسسىنى ئۆزىنىڭغا شىلتىغانىدى، ھاسىدىن قاپقارا نۇر چاقناپ، تىمساھ قۇيرۇق يالماۋۇز توڭگۇزدەك چىرقىرىغىنىچە كىچىكلەپ - كىچىكلەپ چاشقانچىلىك بولۇپ قالدى. ۋىجىك يالماۋۇز دەرھال ئۇنى تۇتۇپ ئاغزىغا تىقتى، ئىشكىكىدىن قاپقارا قان - يىرىك ئېقتىپ تۇرۇپ چايناپ يۇتۇۋەتتى. شۇ ھامان ساقىلى يەنە بىر ھەسسە ئۆسۈپ قالدى، ئاندىن ئۇ تىمساھ قۇيرۇق يالماۋۇزنىڭ تىمساھنىڭ باش ئىسكىلىتى قادالغان سېھرگەرلىك ھاسىسىنى سۇندۇرۇپ، ئاتەشدانغا تاشلىدى. ئاتەشداندىن گۇپپىدە قىلىپ ئالىپىشىل ئوت يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئالىپىشىل تۈتەك چىقتى. تۈتەك ئىچىدىن چىرقىرىغان، ھۆركىرىگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئاجايىپ - غارايىپ جىن - شاياتۇنلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى پەيدا بولۇپ ھەر تەرەپكە تولغىنىپ، ئازاب ئىچىدە قالغاندەك بىر ھالەت زاھىر بولۇپ، ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

— سېنى ھامان قارغىشىم تۇتىدۇ! — شۇنداق ئاۋاز كەلدى ئاخىرىدا، بۇ ئاۋاز ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ قورسىقىدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى ئاتەشداندىن كېلىۋاتامدۇ بىلىپ بولمايتتى.

— ھىم! — دىمىقىنى قېقىپ قويدى ۋىجىك يالماۋۇز ئۆسۈپ، ئۆزىرىپ قالغان ساقاللىرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن تۇتاملاپ، — كۈچ - قۇدرىتىم ئاشتى، بىر دۈشمىنىم ئازلىدى، نېمىدىن قورقاتتىم، ئەمدىكى گەپ......

بىراق، ئۇ تۆت تەرەپكە ئوغرى مۈشۈكتەك قاراپ قويۇپ، گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى - دە، مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئالدىرىماي سالماق قەدەم بىلەن يالماۋۇز شاھىنىڭ تەختىگە يېقىنلا جايدىكى يىرتقۇچ ھايۋان شەكىللىك تەختكە چىقىپ ئولتۇردى ۋە:

— غىزا كەلتۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى كىملەرگىدۇر.

شۇ ھامان بىشىدا تەۋەك كۆتۈرگەن بەش ئۆمۈچۈك بىلەن دۈمبىسىگە چۆگۈن - پىيالە قويۇلغان پەتنۇسلارنى ئېلىۋالغان ئۈچ چايان كىرىپ كەلدى. ئۆمۈچۈكلەر يارىيار ھارۋىنىڭ چاقىدەك چوڭلۇقتا ۋە چايانلار تىمساھتەك يوغانلىقتا ئىدى.

ۋىجىك يالماۋۇز سېھىرگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىۋىدى، تەخت ئالدىدا بىر شىرە پەيدا بولۇپ، تەۋەڭ - پەتنۇسلار ئۇچۇپ كېلىپ ئۈستىگە تىزىلدى. تەۋەڭلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن پېتى سۇدا پىشۇرۇلغان يولۋاس، بىرىدە قاۋان توڭگۇز، بىرىدە بىر ئەجدىھا قاسراق - مۈڭگۈزى بىلەنلا، بۈركۈتمۇ پەي - تىرناقلىرى بىلەن پۈتۈن پىشۇرۇلغانىدى.

— سۇ، قۇرۇقلۇق، ھاۋادىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىدىن تەل، — دېدى ئۆمۈچۈكلەردىن بىرى تولىمۇ يېقىمسىز ئاھاڭدا، — ئۇۋلىغۇدەك جانىۋارلار تېپىلمىغاچقا، نائىلاج قول ئاستىمىزدىكىلەردىنمۇ......

— چۆگۈندىكى نېمە؟ — سورىدى ۋىجىك يالماۋۇز ئۇنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماي.

— بىرىدىكى قان، بىرىدىكى كۆز يېشى، بىرىدىكى زەرداب جانابلىرى، — دېدى چايانلار بىر ئېغىزدىن.

— جانابلىرى ئەمەس، ئالىيلىرى دېيىشىڭ كېرەك، — دەپ ھۆركىرىدى ۋىجىك يالماۋۇز چىچاڭشىپ. ئۇ شۇنداق دەپ قوللىرىنى يىلاندەك سوزۇپلا چايانلارنى بىراقلا قاماللاپ تۇتتى - دە، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى، نالە - پەريادلىرىغا قارىماي ئاغزىغا تىقتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمۈچۈكلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، دىر - دىر تىترەشكىنىچە يەرگە چاپلىشىپلا قېلىشتى.

— چىقىپ كېتىش! — دەپ تۈۋلىدى ۋىجىك يالماۋۇز ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— خوپ ئالىيلىرى! — ئۆمۈچۈكلەر شۇنداق دەپ، كەينىچىلەپ قويۇندەك چىقىپ كېتىشتى.

ۋىجىك يالماۋۇز ئەمدى ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ بىرلا دەم تارتتى. شىرەدىكى «نازۇنېمەتلەر» پەتنۇس، تەۋەڭلىرى، چۆگۈن - پىيالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپلا ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى، ھەتتا شىرەمۇ قالمىدى.

ئۇ ئەمدى قورسىقىنى سىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ، يالماۋۇز شاھىنىڭ تەختىگە چەكچىيىپ قاراپ قويدى، ئاستاغىنە بېرىپ ئولتۇرۇپ

باقماقچى بولدى، بىراق قاتتىق بىر تەۋرىنىش بولۇپ، گۈلدۈر - تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ ھولۇقۇپ كەينىگە ياندى - دە، تەخت ئالدىدا تىزلىنىپ باش ئۇردى:

— گۇناھىمنى تىلەيمەن، گۇناھىمنى تىلەيمەن!

بىرھازادىن كېيىن ھەممە تىنچلىنىپ قالدى. ۋىجىك يالماۋۇز:

— خەپ! — دېگىنىچە بىرلا پىرقىراپ سارايدىن غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئۈچ ھەمراھى بىلەن بىر سارايغا چۈشتى. ساراي ئىچى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، شاھانە جاھازلار بىلەن بېزەلگەنىدى. تۆت تەرەپتىكى تۆت ئىشىكتىن تۆت پەسىل مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ياز پەسلى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشىكتە كۈلۈپ تۇرغان بىر بوت: كۈز پەسلى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشىكتە چىھرىدىن قايغۇ - ھەسرەت چىقىپ تۇرىدىغان بىر بوت؛ قىش پەسلى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشىكتە بولسا ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدىغان، مۇز تەلەت بىر بوت؛ ئەتىياز پەسلى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىشىكتە بولسا مۇلايىمغىنە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر بوت بار ئىدى.

تۆت بوت تەڭلا بۇلارغا قول ئىشارىسى قىلدى. ئارقىدىنلا بىرىنىڭ قولىدا گۈل، بىرىنىڭ قولىدا مېۋە، بىرىنىڭ قولىدا قار قورچاق، بىرىنىڭ قولىدا بىر شاخ چېچەك پەيدا بولدى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قولىدىكىنى ئېلىشقا ئۈندەۋاتقاندەكلا ئىدى.

— ئەجەب بىر يەرگە كېلىپ قاپتىمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بۇنداق جاينىڭ بارلىقىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن.

— ھەرھالدا يالماۋۇزلاردىن قۇتۇلۇپ، شۇنداق ياخشى يەرگە كېلىپ قاپتۇق بولمىسا، — دېدى كۆك كۆز خۇرسەن بولۇپ.

— خۇداغا شۈكرى دېگىنە، — دېدى يېشىل كۆزمۇ سۆيۈنۈپ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا، ئۈستىدىن نېمىنىڭدۇر گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ساراي ئۆگزىسى غايەت زور تۈگمەن تېشىدەكلا كۆرۈندى، تۈگمەن تېشى بولغاندىمۇ تېخى

ئالتۇنـدىن قۇيۇلغـان ۋە گـۆھەرلەر بىـلەن بېـزەلگەن تـۇگمەن تېـشى ئىدى. شۇ تاپتا ئـۇ توختـىمـاي چۆرگـۈلەپ، پىرقـىراپ، ئاسـتا ـ ئاسـتا تۆۋەنلەۋاتاتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېـدى شـاتۇتى مەلـىكە هودۇقـۇپ، — هېلىلا بىزنى يانجىۋېتەمدۇ نېمە؟

— ئەنـسىرىمەڭ مەلـىكە ئـالىيلىرى، — دېـدى كـۆك كـۆز، — خوجايىن بىر ئامالىنى قىلار.

پەخرىدىن شۇ تاپتـا سـارايىنىڭ ھەمـمە تەرەپلىـرىگە نەزەر سېلىپ نېمە قىلىش ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى.

— بىلـدىم، — دېـدى ئـۇ ئـاخىر سـېھىرگەرلىك تـايىقىنى شىلتىپ، — ماڭا يول كۆرسەت!

سـېھىرگەرلىك تايىقـدىكى ئالمـاس يۇلتـۇزدىن بەش تـارام نـۇر چاقناپ، تۆت تارام نۇر تۆت ئىشكتىن كىرىـپ كەتتـى، بىـر تـارام نـۇر بولسا تولغىنىپ ـ تولغىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى.

— تـۆتەيلەن تـۆت ئىـشكتىن كىرىـدىكەنمىز، — دېـدى پەخرىـدىن ھاڭۋىقـىپ قالغـان ھەمراھلىرىغـا، — بىرىمىـز ئۈسـتىدىكى تۇگمەن تېشىغا تاقابىل تۇرىدىكەنمىز.

— بىراق، بىز تۆتلا تۇرساق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

پەخرىدىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىراق، شـۇ پۇرسـەتتە ئـالتۇن تۇگمەن تېشىنىڭ چۆرگۈلىشى تېزلىشىپ، ھېلىلا ئـۇلارنى بېـسىۋالىدىـغاندەك بىر ئەھۋال كۆرۈلۈۋاتاتتى.

— تېـزرەك ئـۇچىڭلار ئـۈچ ئىـشككە مـېڭىڭلار! — دېـدى پەخرىدىننى جىددىيلىشىپ.

— مەن سـوغۇقتىن قـورقىمەن، — دېـدى شـاتۇتى مەلـىكە، — شۇڭا، مەن ياز قەسرىگە كىرىمەن.

— مەن ھەمـمە يەر يېـشىللىققا چۆمـدىغان باھارغـا ئـامراق، — دېدى يېشىل كۆز، — شۇڭا، ئەتىياز قەسرىگە كىرىمەن.

— مەن كۆپكۆك مۇزغا ئامراق، — دېـدى كـۆك كـۆز، — شـۇڭا، مەن قىش قەسرىگە كىرىمەن.

— سىزچۇ خوجايىن؟— سورىدى شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىندىن.

— مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنى ئالدىرىتىپ، — تېززەك يولۇڭلارغا مېڭىڭلار.

ئۇچەيلەن كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، ئۆزلىرى خالىغان ئىشىككە ماڭدى، بىراق ئۈچ ئىشىكتىكى بۇتلار كۆز پەسلى كۆرۈنگەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى كىرگۈزمىدى.

پەخرىدىن دەرھال ئەپسۇن ئوقۇدى، شۇ هامان سول ئالىقىنىدا خاسىيەتلىك چىراغ پەيدا بولۇپ، ۋىللىدە يېشىل يالقۇن پەيدا بولدى- دە، يالقۇن ئىچىدىن دىۋە چىقىپ كەلدى.

— تۇگمەن تېشىغا ئامال قىل، — دېدى پەخرىدىن.

— بۇ دېگەن تىلسىم، — دېدى دىۋە دۇمباق داراڭلىغاندەك بىر ئاۋازدا، — مېنىڭ ھەرقانچە كۈچىگىنىم بىكار، ئەگەر ئۇ تىلسىم بولمىغىنىدا تاغ كۆمتۈرۈلسىمۇ بىر قولۇمدا تىرىۋالاتتىم.

— ئۇنداقتا كۆز پەسلى كۆرۈنگەن ئىشىككە سەن بارغىن، — دېدى پەخرىدىن.

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى دىۋە، — خاسىيەتلىك چىراغدىن يىراقلىشالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ بىر تىلسىم. بىزدەك تىلسىمغا بەند قىلىنغانلار يەنە بىر تىلسىمغا دۇچ كەلگەندە كارغا كەلمەي قالىمىز.

پەخرىدىن ئەمدى ھودۇقۇپ قالدى، چۈنكى ئۈستىدىكى تۈگمەن تېشى قول ئۇزاتسا يەتكۈدەكلا جايغا كېلىپ قالغانىدى.

— كېپىنەك پەرىنى ئىشقا سېلىڭ، خوجايىن، — دېدى دىۋە ئەسكەرتىپ، — ئۇ چوقۇم ئەسقاتىدۇ.

— قەپەسنى چىقار! — دېدى پەخرىدىن ئۈيلىنىپ تۇرمايلا.

دىۋە بىر ئالىقىنىنى ئاچتى، ئالىقىنىدا ئالتۇن قەپەس پەيدا بولدى. پەخرىدىن قەپەسكە سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، قەپەس ئىشىكى ئېچىلىپ، ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئۈچۈپ چىقتى ۋە تەڭگىچىلىك كېپىنەك ھالىتىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بوۋرۇنقى ھالىتىگە كەلدى، ساراي ئىچىنى گۈل ھىدى قاپلىدى.

— كۈز پەسلى كۆرۈنگەن ئىشىكتىن كىرىڭ! — دېدى پەخىردىن، — چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت يوق، بۇ تىلسىمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىڭىزغا موھتاجمىز.

— چۈشەندىم، — دېدى كېپىنەك پەرى، — ئامان بولۇڭ.

ئۇ شۇنداق دەپلا كۈز پەسلى كۆرۈنگەن ئىشىككە قاراپ ئۇچتى. شۇ ھامان تۆت بۇت يىقىلدى، تۈگمەن تېشى يۇقىرىغا ئۆرلىدى، بىراق شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۈك خان قىزلارمۇ، كېپىنەك پەرىمۇ تەڭلا غايىب بولدى.

پەخىردىن دېۋىنى خاسىيەتلىك چىراغ ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، دېۋە كىرىپ كەتكەن ھامان يېشىل يالقۇن ئۆرچۈپ، خاسىيەتلىك چىراغ غايىب بولدى، پەخىردىن تۆت تەرەپكە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. شۇچاغ تۆت ئىشىكمۇ غايىب بولۇپ ئورنىدا تۆت تام پەيدا بولدى، بىرتامدا بىر تۈپ دەرەخ سۈرىتى بار ئىدى، دەرەختە چوڭلۇقى جىنەستىدەك، رەڭگى قاندەك قىزىل مېۋىلەر بار ئىدى، قىزىقىپ ساناپ باققانىدى، دەل 365 تال چىقتى.

پەخىردىن بۇلارنىڭ قايسى خىل مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. لېكىن، دەرەخ ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى، كۆرۈنگىنى تامدىكى سۈرەت ئەمەس، بەلكى راستتىنلا بىر تۈپ دەرەخ ئىدى.

مېۋىلەردىن بىر تال ئۈزۈپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى، دەرەخ ئېگىزلەپ، ئۇنىڭ قولى مېۋە بار شاخلارغا يەتمىدى. كۈمۈشتىن قۇيۇلغان تۈۋرۈكتەك دەرەخ غولىغا يامىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ مېۋىلەردىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن قولىدا بىر ئوقيا پەيدا قىلدى. ئوقنى بەتلەپ دەرەختىكى مېۋىلەرنى نىشانلىدى. شۇ ھامان دەرەختىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى گۆھەرگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار بىر - بىردىن ئېسىل، بىر - بىردىن كۆركەم ۋە نۇرلۇق ئىدى. قايسىسىنى ئېتىپ، قايسىسىنى قالدۇرۇشنى بىلەلمىدى. كۆزلىرى قاماشتى، بېشى قاتتى. شۇ چاغ قولاق تۈۋىدە شاتۇتى مەلىكىنىڭ شۇۋىرلىشى ئاڭلاندى:

— تېزرەك بولۇڭ خوجايىن، تېزرەك!

پەخرىددىن بېشىنى سىلكىۋېتىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلۇۋېتىپ يەنە قارىدى، ئەمدى دەرەختە بىرلا مېۋە قالغىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مېۋە توختىماي شاختىن - شاخقا سەكرەپلا يۇرەتتى. پەخرىددىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئىچىدە تىلسىمنى بويسۇندۇرغۇچى ئەپسۇننى ئوقۇدى - دە، مېۋىنى نىشانلاپ ئاتتى. ئوقمۇ شاخلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۇپ، شۇ مېۋىگە قوغلاپ بېرىپ تەگدى. شۇ هامان پەخرىددىننىڭ ئالدىغا گۆهەرلەر تاراسلاپ، مۆلدۈر ياغقاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. پەخرىددىننىڭ بۇ گۆهەرلەردىن تېرىۋالغۇسى كەلدى - يۇ، لېكىن يەنە هەمراهلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بىر تەرەپكە بۇرۇلدى.

بۇ تەرەپتىكى تامغا 12 قۇش سۈرىتى نەقىشلەنگەن هاۋارەڭ گىلەم ئېسىلغانىدى. قۇشلار ئۇنىڭ قارىغىنىنى كۆرۈپلا جانلىنىپ، قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. گىلەم يۇزى بولسا بىر كەڭ دۇنيادەكلا بولۇپ قالدى. پەخرىددىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلۇۋېتىپ يەنە بىر قارىدى، ئەمدى كۆزىگە بىرلا قۇش كۆرۈندى. قۇشنىڭ كۆزلىرى كۆك ئالماستىن، تۇمشۇق - تىرناقلىرى ئالتۇندىن ئىدى، تېنى ئەتلەستەك رەڭگارەڭ، جۇلالىق پەيلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىر نىشانغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

پەخرىددىن دەرهال ئوقياسىنى بەتلەپ قۇشنى نىشانلاپ ئاتتى. يا ئوقى ۋىژىلداپ بېرىپ قۇشقا تەگدى. شۇ هامان پەخرىددىننىڭ ئالدىغا كۆزلىرى ئالماس، تۇمشۇق - تىرناقلىرى ئالتۇن، پەي - قاناتلىرى رەڭگارەڭ زەر يىپچىلاردىن ياسالغان، تولىمۇ كۆركەم ۋە ئېسىل 12 قۇش تورۇكلاپ چۈشتى. بىراق، پەخرىددىن بۇلارغىمۇ پىسەنت قىلماستىن، يەنە بىر تەرەپكە بۇرۇلدى، بۇ تەرەپتىكى تامدا 30 قۇياش، 30 ئاينى كۆردى. قۇياش ۋە ئايلاردا بىر - بىرىدىن گۇزەل نازىنىن، دىلرەبالارنىڭ چېهرى نۇرلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ هەربىرى ئۇنىڭغا قاراپ بىرخىل جىلۋە - ناز قىلاتتى.

پەخرىددىن بىرهازا هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى، ئۇلارنى ئېتىشقا كۆزى

قىيمىدى، بىراق ئاتىمايمۇ ئامالى يوق ئىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ، — تىلسىمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چىرايلىق يۈزلىرىڭلارنى ئاياپ ئولتۇرماسلىقىم كېرەك، ئەگەر تىلسىمدىكى سۈرەت بولمىغىنىڭلاردا......

ئۇ كېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى - دە، ئوقيانى بەتلىدى، شۇ هامان ئاي ۋە قۇياشلاردىن بىر جۈپلا قېلىپ، قالغىنى غايىب بولدى. پەخرىدىن ئاتقان ئوق ئايىنى تېشىپ ئۆتۈپ، قۇياشقا قادالدى. پەخرىدىننىڭ ئالدىغا 30 ئالتۇن لېگەن ۋە 30 كۈمۈش لېگەن داراڭلاپ چۈشتى.

پەخرىدىن ئەمدى يەنە بىر تامغا يۈزلەندى، تامدا بىر - بىرىدىن رەڭدار ۋە بىر - بىرىدىن كۆركەم 24 تال گۈل بار ئىدى. گۈللەرنىڭ هەربىرىدە بىر كېپىنەك پەرنىڭ گۈزەللىكى مۇجەسسەم ۋە هۆسن - جامالى نامايان ئىدى.

پەخرىدىن بىرهازا ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، شۇ هامان ئۇستىدىكى تۈگمەن تېشى يەنە گۈلدۈرلەپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

پەخرىدىن چۆچۈپ بېشىنى سىلكىۋەتتى، شۇ هامان 24 تال گۈلدىنمۇ بىرسىلا قېلىپ، قالغىنى غايىب بولدى. ئۇ بەتلەنگەن ئوقنى قويۇۋەتكەن هامان، گۈل توزۇپ، ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا گۈل بەرگلىرى ياقۇت، ياپراقلىرى كۈمۈش ۋە شېخى ئالتۇندىن ياسالغان 24 تال گۈل چۈشتى.

ئارقىدىنلا تۆت تام يېرىلىپ، يوچۇقلىرىنىڭ بىرىدىن سوغۇق، بىرىدىن ئىللىق، بىرىدىن قىزىق، بىرىدىن سالقىن شامال گۇرۇلدەپ چىقتى - دە، بىرلىشىپ ئۇستىدىكى تۈگمەن تېشىغا ئۇرۇلدى. تۈگمەن تېشى شىددەت بىلەن گۈلدۈرلەپ، چۆرگۈلەپ - چۆرگۈلەپ يۇقىرىلاپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىسسىق شامال شاتۇتى مەلىكىنى، سوغۇق شامال كۆك كۆزنى، ئىللىق شامال يېشىل كۆزنى، سالقىن شامال كېپىنەك پەرىنى ئۇچۇرۇپ چىققانچە ئۇستىگە ئېتىۋەتتى، ئاندىن پەخرىدىننىڭ ئاياغ ئاستىدىنمۇ بىر قۇيۇن پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئۇستىگە ئۇچۇرۇپ كەتتى.

بىر چاغدا پەخرىدىننىڭ پۇتلىرى يەر يۈزىگە تەگدى، ھەممە يېرى غەلىتە تاشلار بىلەن قاپلانغان بىر جايغا چۈشكىنىنى بىلدى. نېرىدا بولسا ئەجدىھا شەكىللىك بىر غەلىتە تاش شاتۇتى مەلىكىنى چىشلىۋالغان، بىرى يېشىل كۆزنى قاماللىۋالغان، بىرى كۆك كۆزنى تاپىنى ئاستىغا بېسىۋالغانىدى، كېپىنەك پەرى بولسا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى - دە:

— ئۇ قېنى؟ — دەپ سورىدى تەقەززالىق بىلەن.

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەيۇسلىنىپ، — ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قۇربىمىز يەتمىدى، بىز چىقىشىمىزغا ئۇنى بىر قارا قۇش كېلىپ تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى، قۇتقۇزايلى دېسەك قارا قۇشقا مىنىۋالغان يالماۋۇز ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، غەلىتە تاشلارغا جان كىرىپ بىزنى تۇتۇۋالدى، ئامالسىز قالدۇق.

— ئۇ ھازىر نېمە بوپ كەتكەندۇ، — دېدى پەخرىدىن ھەسرەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، — ئۇنى قەپەستىن چىقارمىسام بوپتىكەن......

— بىز راستلا ئامالسىز قالدۇق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە، — بولمىسا......

— سىلەرنى ئەيىبكە بۇيرۇغىلى بولمايدۇ، — دېدى پەخرىدىن مەيۇسقىنە، — بىراق ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلسەم بولاتتى.

— ئۇنى چوقۇم بىر سەۋەب بىلەن تۇتۇپ كەتتى، — دېدى يېشىل كۆز، — بەلكىم ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سىزدىن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولسا كېرەك، خاتىرجەم بولۇڭ خوجايىن، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن، ئەگەر زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بولسا تىرىك تۇتۇپ كەتمەيتتى.

— شۇنداق - شۇنداق، — دېدى كۆك كۆزمۇ، — ئۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، چوقۇم يېنىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇ يەردە دائىم ياۋۇزلار باشقىلارنى گۆرۈگە تۇتۇۋالىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

— ماڭايلى! — دېدى پەخرىدىن ئاخىر كەيپسىزغىنا.
بىراق، شاتۇتى مەلىكىنىڭ شۇ تاپتا ئۇچقۇدەك ھالى قالمىغان، مۇشۇك خان قىزلارمۇ نېمە ئۇچۇندۇر بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەندى. پەخرىدىنگىمۇ ئۇچقۇر ۋېلىسىپىتكە مىنىش خۇشياقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىيادە يۈرۈپ كەتتى.
ئۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر چاغدا غەلىتە بىر بۇلاق يېنىغا كېلىپ قالدى. بۇلاق قارا تاش باغرىدىن قايناپ چىققان، سۈيى ئەينەكتەك سۈزۈك، ئەمما سۈيى بۇلاق كۆزىدىن يا تېشىپ كەتمەيتتى، ياكى تۆۋەنلەپ كەتمەيتتى.
بۇلاقنى كۆرۈپلا ھەممەيلەن ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بىر ھالغا چۈشۈپ، ئۇسساپ چاڭقىغاندەك بولۇپ كېتىشتى.
— سۇ ئىچىۋالامدۇق خوجايىن، — سورىدى شاتۇتى مەلىكە توختاپ.
— قانداق بولار، — دېدى پەخرىدىن تازا ئىشەنچ قىلالماي.
— ئۇسساپ ئاغزىم قۇرۇپ، لەۋلىرىم يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى، — دېدى يېشىل كۆز، — مېنىڭچىغۇ ئىچمەي ئۇسساپ ئۆلگىنىمىزدىن، ئىچىپ باشقا كەلگەننى كۆرگىنىمىز ياخشى ئىدى.
— شۇنداق، — دېدى كۆك كۆزمۇ، — لېكىن، ئاجايىپلا بىر ئىش، بىز ھېچقاچان ئۇسسۇزلۇق ئىچمەيمۇ چاڭقاپ قالماي، بىمالال يۈرۈۋېرەتتۇق، بۇ يەرگە كېلىپلا ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكىنىمىز نېمىسى.
— نېمە بولسا مەيلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە تاقەت قىلالماي، — كەچۈرۈڭ خوجايىن، ئاۋۋال مەن ئىچىپ باقاي.
ئۇ شۇنداق دەپ بۇلاققا ئېڭىشتى، شۇ ھامان بۇلاقتىن يوغان بىر قول چىقىپلا ئۇنى سىقىملاپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن ئېتىلىۋالغان كۆك كۆزمۇ بىللە كىرىپ كەتتى، يېشىل كۆزنى بولسا پەخرىدىن تۇتۇۋالدى.
— توختا! — دېدى ئۇ، — بۇ بىر تىلسىم، سەن كىرمە. مەن كىرىپ تىلسىمنى بويسۇندۇراي، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسام ئەجەب ئەمەس.
ئۇ شۇنداق دەپلا بۇلاققا سەكرىدى، بۇلاق بويىدا يېشىل كۆز

يالغۇز قالدى، بىراق ئۇمۇ هايالسىزلا، «يالغۇز قالغاندىن، نېمە كۆرسەم ئۇلار بىلەن تەڭ كۆرگىنىم تۈزۈك» دېگىنىچە بۇلاققا ئۆزىنى ئاتتى.

شۇ هامان بۇلاق پورۇقلاپ قايناپ ـ تاشقىنلاپ، ئاخىر فونتان بولۇپ ئېتىلدى ـ دە، تۆتەيلەننىڭ هەممىسى سىرتقا چىقىپ قالدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — هەرنېمە بولسا هەممىمىز ساق ـ سالامەت تۇرۇپتىمىز.

— شۇنداق، — دېدى كۆك كۆزمۇ سۆيۈنۈش بىلەن، — يەنە تېخى مەن هازىر پەقەتلا ئۇسسىغاندەك هېس قىلماي ۋاتىمەن.

— بىلەمسىلەر، — دېدى پەخرىدىن، — بۇلاق ئاستىدا بىر لەۋهەنى كۆردۇم، بۇلاق «ساداقەت بۇلىقى» دەپ ئاتىلىدىكەن، دوستلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقىتىنى سىنايدىكەن. بۇ يەرگە كەلگەن هەمراهلاردىن بىرەرسى بۇلاققا چۈشۈپ كەتسە، باشقىلىرى ئۆزىنىلا ئويلاپ هەمراهلىرىنى ئويلىمىسا، هەممىسى شۇ يەردە تاشقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئەگەر يېشىل كۆزمۇ بۇلاققا سەكرىمىگەن بولسا، هەممىمىز تاش هەيكەل بولۇپ بۇلاق ئاستىدا قالاركەنمىز.

— رەهمەت ساڭا، — دېدى شاتۇتى مەلىكە دەرهال يېشىل كۆزنى قۇچاقلاپ.

— كاتتا خىزمەت كۆرسەتتىڭ جۇمۇ، — دېدى كۆك كۆزمۇ.

— ئۇچۇرمىساڭچۇ، — دېدى يېشىل كۆز، — سىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش تۆكۈلدى، تامچىلار يەرگە چۈشۈپلا نۇرلۇق مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ قالدى.

— ۋاه! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — قارا، ئەجەب خىسلەتلىك بولۇپ كەتتىڭغۇ ئەمدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى كۆك كۆزمۇ مەرۋايىتلارنى تېرىۋالغاچ چېقىشىپ، — ئەمدى سېنى پات ـ پات يىغلىتىپ تۇرساق بولغۇدەك جۇمۇ، كۆزۈڭ بايلىق خەزىنىسى بولۇپ قاپتۇ، تېزلا بىزنى بايلىققا كۆمۈۋەتكۈدەكسەن.

— بىراق، ئەمدى كۆپرەك ئېھتىيات قىل، — دېدى پەخىرىدىنمۇ كۆلۈمسىرەپ، — يەنە بىرەر بەتنىيەت سېنى تونۇۋېلىپ، قەپەسكە سولاپ قويۇپ، مەرۋايىت ئۈچۈن كۆندە يىغلىتىپ يۈرمىسۇن يەنە.

— ئۇنداق بولماس، — دېدى يېشىل كۆز، — بۈگۈن يىغلىيالىغىنىمدىن ھەيرانمەن، بىز مۈشۈكلەر ئەزەلدىن يىغلاشنى بىلمەيتتۇق.

— بۇ دېگەن ھەقىقىي شادلىق يېشى، بەخت يېشى دېگىنە تېخى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلاشقاچ يولنى داۋام قىلدى، كېتىۋېتىپ:

— مەنمۇ شۇنداق بىر بۇلاققا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا سەكرەپ چۈشسەم، ئاندىن يىغلىيالايدىغان بولۇپ چىقسام، مېنىڭ كۆز ياشلىرىممۇ مەرۋايىت بولۇپ چۈشسە، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، — دېدى كۆك كۆز خورسىنىپ.

— مانا ساڭا، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

ئۇلار تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئېقىن بويىغا كېلىپ قالدى. ئېقىننىڭ قاق يېرىم بۆلۈكى ئوڭ تەرەپكە، يەنە بىر يېرىم بۆلۈكى سول تەرەپكە ئاقاتتى، بىر ئېقىن ئىچىدە يۆنىلىشى قارىمۇقارشى ئىككى تارام سۇ بار بولۇپ، كەڭلىكى كۆچمەيلا ئاتلاپ ئۆتكۈدەك، لېكىن ئۇزۇنلۇقىدىن باش - ئايىغى كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ ئېقىن غەلىتە بولسىمۇ كۆچمەيلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكۈدەكمىز، چۈشۈپ كەتسەكمۇ بايىقىدەك خاسىيەتلىك بولۇپ چىقىش - چىقماسلىق نامەلۇم، — دېدى كۆك كۆز ئۈمىدسىزلىنىپ. ئۇ شۇنداق دەپ ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىگە سەكرىدى، لېكىن يەرگە چۈشمەستىن، ئېقىن ئۈستىدىكى ھاۋاغا سىڭىشىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى.

— كۆك كۆز! — توۋلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆز تەڭلا يىغلامسىراپ.

— ئۇ تىلسىمغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى پەخىرىدىن ئېقىنغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن.

— ئۇنداقتا بىزمۇ چۈشەيلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە تاقەتسىزلىنىپ.

— ھاجىتى يوق، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇنى ھازىرلا كۆرىمىز، ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان ئېقىندا رەڭگارەڭ نۇرغا چۆمۈلگەن كۆك كۆزمۇ پەيدا بولدى، بىراق ئۇنىڭ بېشى، كۆكرىكى، ئالدى پۇتلىرىلا ئەسلىي قىياپىتىدە بولۇپ، قالغان يېرىمى ئالتۇن گىرۋەكلىك ياقۇت قاسراقچىلار بىلەن قاپلانغان بېلىق تېنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— قاراڭلار، — دېدى ئۇ ئېقىندا پىلتىڭشىپ ئويناقلاپ، — ساھىبجامال مۇشۇك بېلىققا ئايلىنىپ قاپتىمەن، چىرايلىق بوپتىمەنمۇ؟

— سەن ئەسلىدىنلا چىرايلىق ئىدىڭ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ كېتىپ.

— شۇنداقمۇ خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز شادلىنىپ.

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ بىرجۈپ تامچە ياش تۆكۈلدى ۋە ئېقىنغا چۈشۈپلا مەرۋايىتقا ئايلىنىپ، ئېقىن ئاستىغا چۆكتى.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇ مۇشۇك بېلىققا ئايلىنىپ قالغان تۇرسا، ئەمدى بىز بىلەن قانداق ماڭار؟

— سەن مۇشۇ ئېقىندا قالماقچىمۇ؟ — سورىدى يېشىل كۆز جىددىيلىشىپ، — پەقەت بولمىغاندا مەن يۇدۇپ ماڭىمەن جۇمۇ.

— ياق! — دېدى كۆك كۆز، — ھەرگىز سىلەردىن ئايرىلمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بىرلا پىلتىڭلاپ قارشى قىرغاققا چۈشتى ھەم شۇ ھامان ئەسلىگە كېلىپ قالدى.

پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئېقىن ئۈستىدە كىچىككىنە بىر يايسىمان ھەسەن - ھۈسەن كۆۋرۈك پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئۆتەيلى! — دېدى ئۇ.

ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغاندا كۆۋرۈك غايىب بولدى، ئارقىدىنلا تىلسىم ئېقىنمۇ ئۆزىچىلا قۇرۇپ قالدى.

— ئەپسۇس، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بايىقى ئېقىنغا چۈشۈپ بەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدىڭ قەدىرلىكىم.

— ھازىر سەتلىشىپ قاپتىمەنمۇ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى

كۆك كۆز ئۆز ئەپتىگە قاراپ.

— ئۇنداققۇ ئەمەس، — دېدى يېشىل كۆز، — بىراق بايىقى ئەپتىڭ يوق.

— شۇ چاغدىكى ھالىتىڭگە قاراپ مېنىڭمۇ ئىچىڭغا چۈشۈپ باققۇم، ساھىبجامال شاتۇتى بىلىققا ئايلىنىپ باققۇم كەلگەنىدى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— سىزگە تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتلەر بوپ قالار، — دېدى كۆك كۆز، — ھازىرقى تۇرقىڭىزمۇ شۇنداق چىرايلىق، مەن بۇ قېتىم بىر قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشكىنىمنى بىلدىم.

— نېمىگە؟ — سورىدى يېشىل كۆز.

— ئېيتمايمەن، — دېدى كۆك كۆز كۈلۈپ.

— ئېيتمىغىنچۇ قېنى، قانداق قىلىمەنكىن، — دېدى يېشىل كۆز كۆك كۆزنى قوغلاپ، كۆك كۆز قاچتى، ئەمما تۇيۇقسىز بىر قارا ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى دەم تارتىپ كەتتى، ئۇ ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن تېشىپ چىقتىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

— تېز ئامال قىلىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھولۇقۇپ، — ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇلار ھازىرلا ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

— راستتىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— غەم قىلما، مەن تىلسىملارنى بويسۇندۇرۇش ئەپسۇنلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، شۇڭا تىلسىملارنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماي، قايسى تىلسىمنى قانداق بويسۇندۇرۇشنىمۇ بىلىمەن. ھازىر دۇچ كەلگىنىمىز «قارا ئەجدىھا تىلسىمى»، بۇ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلار ئاق كۆڭۈل بولسىلا قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا ئەجدىھا قۇيرۇقىدىن بىر جۈپ قاپقارا مۈشۈك چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ موينىرى قازان قارىسى سۈركەپ قويۇلغاندەكلا ئىدى.

— بىز تىنچ - ئامان يېنىپ چىقتۇق خوجايىن، — دېدى ئۇلار ئوينىاقشىپ.

بىراق، ئۇلار شۇنداق دەۋېتىپ بىر - بىرىگە قاراشتى - دە:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمە ئىش! — تووۋلاپ كېتىشتى ئالاقزادە بولۇشۇپ.

— راستتىنلا سىلەر يېشىل كۆز، كۆك كۆزلەرمۇ؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي.

— ئەمىسە بىز كىم؟ — سورىدى ئۇلارمۇ قايتۇرۇپ.

— سىلەر شۇ يېشىل كۆز، كۆك كۆز ئوماقلىرىم، — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنى پەپىلەپ، — قايغۇرۇپ كەتمەڭلار، ئاق بولساڭ-لارمۇ، قارا بولساڭلارمۇ بىر ئۇچۇن بەرىبىر، پەقەت قەلبىڭلار ئاق بولسىلا بولغىنى.

— توغرا، خوجايىن توغرا ئېيتتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكىمۇ دەرھال تەسەللى بېرىپ، — ئاق كۆڭۈل بولغىنىڭلار ئۈچۈن «قارا ئەجدىھا تىلسىمى»دىن تىنچ - ئامان چىقالىدىڭلار، رەڭگىڭلارنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ كارى چاغلىق.

مۈشۈك خان قىزلار ئەمدى سەل تىنچلىنىپ، ئۆگەيسىز ھالەتتىن قۇتۇلغاندەك بولدى - دە، بىر - بىرىگە قاراپ تىللىرىنى چىقىرىپ قويۇشتى، ئاندىن شوخلۇقنى تاشلاپ، سالپايغان ھالدا يولغا مېڭىشتى.

— بۇ بىز شوخلۇق قىلىپ تېپىۋالغان بالا بولدى، — دېدى يېشىل كۆز، — مېنى كەچۈرگىن، سېنى قوغلىمىسام بوپتىكەن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى كۆك كۆزمۇ، — سەنمۇ رەنجىمە، قاچمىغان بولسام بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمەستى.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ بىر - بىرىگە كۆڭۈل قويۇۋاتقاندا، بىردىنلا ۋۇجۇدىدىن لاپپىدە قىلىپلا بىر قارا تۇتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ قاردەك ئاق ۋە تاۋاردەك پارقىراق رەڭگى - رۇخسارى ئەسلىگە كەلدى، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەللىشىپ، نۇرلىنىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېيىشتى ئۇلار خۇشاللىقىدىن ئويناق-

-شىپ، — ئەسلىمىزگە كەلدۇق.
— تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتىڭلار تېخى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھەسەت قىلغۇاتقاندەك دىمىقىنى قېقىپ.
ئۇلار شۇنداق كېتىۋاتقاندا يەنە بىر پالاكەتكە ئۇچرىدى. بۇ قېتىم سەل ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن شاتۇتى مەلىكىنى ئالدىدىكى كاماردىن چوڭ بىر يىلان چىقىپ يۇتۇپ كەتكەندى.
مۇشۇك خان قىزلار:
— ۋاي مەلىكە، — دەپلا قېلىشتى. ھادىسە چاقماقتەك تېز يۈز بەرگەچكە، ئۇلار قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي تېپىرلاپ قېلىشتى. يىلان بولسا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كامىرىغا كىرىپ كەتكەندى.
— قانداق قىلىمىز خوجايىن؟ — دېدى ئۇلار بەخىرامان كېتىۋاتقان پەخىرىدىنگە تەلمۈرۈپ، — شاتۇتى مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇ-ۋالساق بولاتتى.
— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخىرىدىن كۈلۈپ، — ئۇمۇ ھېلىلا ئالدىمىزغا چىقىدۇ.
دېگەندەك نەچچە قەدەم ماڭمايلا يەنە بىر كاماردىن شاتۇتى مەلىكە ئۇچۇپ چىقتى، بىراق بېشىدىكى ئالتۇن تاجىسى يوق ئىدى.
— ئامانمۇ سىز مەلىكە ئالىيلىرى، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.
— ئەمدى مەن مەلىكە ئەمەس، — دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ، — تاجدىن ئايرىلىپ قالغىنىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟
— ھېچقىسى يوق، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — سىز مەڭگۈ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەلىكە، تاجىڭىزنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىز ئۈچۈن بەرىبىر.
— راستىنلا شۇنداق ئويلامسىلەر؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئىشەنمىگەندەك.
— راست! — دېدى يېشىل كۆز، — بىز سىزنى يەنىلا ھۆرمەت-لەيمىز، يالغان گەپ قىلساق بەتبەشىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغىنى-نىمىزنى بىلىسىزغۇ؟

— سىزگە بولغان ھۆرمىتىمىز ئالتۇن تاجىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇبدانلىقىڭىزدىن، — دېدى كۆك كۆزمۇ تولۇقلاپ.

— ئەمدى مېنى «مەلىكە ئالىيلىرى» دېمەڭلەر، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ياق! — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — بىز سىزنى شۇنداق ئاتاپ كۆنۈپ قالدۇق، يەنىلا......

شاتۇتى مەلىكە ئەمدى كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالمايلا قالدى، تۆكۈلگەن ياشلىرى بولسا يەرگە كۆك ئالماس بولۇپ چۈشتى.

— قاراڭ! — دېدى كۆك كۆز خۇشاللىق بىلەن، — كۆز يېشىڭىز يەرگە ئالماس بولۇپ چۈشتى، تېخى مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ رەڭگىدىكى ئالماس دەڭە.

— شۇنداق، — تەستىقلىدى يېشىل كۆز ئالماسلارنى تېرىۋې-تىپ، — بۇ يەنىلا مەرتىۋىڭىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، نەسەبىڭىزنىڭ ئېسىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

— قويۇڭلار ئۇنداق گەپلەرنى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە تىنچلىنىپ، — بۇ دېگەن مىننەتدارلىق يېشى، مەن تاجسىز قالغاندىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھۆرمىتىمنى قىلىپ، كۆڭلۈمنى ياسىغىنىڭلار ئۈچۈن مىننەتدار بولۇپ تۆكۈلگەن ياش.

— بىز سىزنى راستىنلا چىن دىلىمىزدىن ھۆرمەتلەيمىز، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار.

— بايا يىلان قارنىدا نۇرغۇن شاتۇتىلارنى كۆردۈم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇنىڭ قارنى بىر ئېرەمباغ ئىكەن، باغدا شاخلىرى نەچچە كۈنلۈك يەرگە غۇلاچ يايغان، غولى ئالتۇن، يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن بولغان، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىر چوڭ دەرەخ بار ئىكەن، بۇ دەرەخ شاتۇتىلارنىڭ ماكانى ئىكەن، ئۇلار مېنى ئېپقالماقچى، ئالماس بىلەن بېزەلگەن شاھلىق تاجىسنى كىيدۈرمەكچى بولۇشتى، ئەگەر شۇ تاجنى كىيسەملا شاتۇتىلارنىڭ،

بەلكى ھەممە ئۇچار قاناتلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالىدىكەنمەن ھەم شۇ يەردە تىنچ - خاتىرجەم ياشايدىكەنمەن.

— بىراق، سەن بىزنى تاللىدىڭ، — دېدى پەخرىدىن كۆلۈمسىرەپ، — شۇ سەۋەبلىك بۇرۇنقى مەلىكىلىك تاجىڭدىنمۇ قۇرۇق قالدىڭ.

— ھەئە، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئوڭايسىزلىنىپ، — ماقۇل بولمىغاندىم، تاسلا قالدى ئۇلار ئاچچىقىدا پەي قاناتلىرىمنىمۇ قوشۇپ يۇلۇۋالغىلى، ئاران تەستە قېچىپ چىقتىم، مەن سىلەرنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايدىغان تۇرسام، ئۇ يەردە قالالىتتىممۇ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىدا چولپان يۇلتۇزدەك ئالماس، قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك ياقۇت ۋە يېشىل يوپۇرماقتەك زۇمرەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج پەيدا بولۇپ قالدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى مۇشۇك خان قىزلار بىر ئېغىزدىن.

— بىرگە بولسۇن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە سۆيۈنۈپ.

ئەمدى ئۇلار يولنى كۈلكە - چاقچاق بىلەن كۆڭۈللۈك داۋام قىلدى، بىراق ئۇزاققا بارمايلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى بىر چوڭ ھاڭ توسىۋالدى، ھاڭنىڭ ئاستى كۆز يەتكۈسىز ئىدى ھەم ئاستىدا نېمىلەر بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئېھتىيات قىلايلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بىرەرىمىز چۈشۈپ كېتىپ يۈرمەيلى يەنە.

— ھاجىتى يوق، — دېدى پەخرىدىن، — بۇ قورقۇنچاقلارغىلا ھازىرلانغان توسۇق، خىيالىي مەنزىرە ئىكەن، مېڭىۋېرەيلى.

ئۇ شۇنداق دەپ ھاڭغا قورقماستىن قەدەم تاشلىدى، شۇ ھامان ھاڭ غايىب بولدى.

ئەمدى ئۇلار يولىدا گاھ ئوت بەلبېغى، گاھ ئۆركەشلەپ، داۋالغۇپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا، گاھ ئاستىدا جەسەتلەر سوزۇلۇپ ياتقان ۋە قورقۇنچلۇق سۇ مەخلۇقلىرى، زەھەرلىك سۇ ئوتلىرى مىدىرلاپ يۈرگەن، سۈيى سۈزۈك سازلىقلارغا دۇچ كەلدى، يەنە باشقا نۇرغۇن - نۇرغۇن توسۇقلارمۇ يولۇقتى، بىراق ھەممىسىدىن

بىمالال مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى، ھەممىسى راستتىنلا قورقۇنچاقلارغا ھازىرلانغان خىيالىي مەنزىرىلا ئىدى، خالاس.

— ئەگەر مۇشۇنداق توسالغۇلارلا بولۇپ، باشقا ئىش يۈز بەرمىسە تولىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— ئېھتىيات قىلايلى! — دېدى پەخرىدىن ئەمدى جىددىيلىشىپ، — شۇ تاپتا دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز خىيالىي مەنزىرە ئەمەستەك قىلىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا گاھىلىرى قويدەك يوغان چاشقانلارنى ۋە گاھىلىرى تىمساھلارنى ئات قىلىپ مىنىۋالغان كىچىك يالماۋۇزلار پەيدا بولدى.

— بۇلارغا بىز تاقابىل تۇرايلى خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار جەڭگە تەييارلىنىپ.

— ياق! — دېدى پەخرىدىن، — ئۇلار ئاجىز كۆرۈنگىنى بىلەن ئەڭ ۋەھشىي يالماۋۇزلاردەك قىلىدۇ، پەقەت كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ئاجىز - كىچىك قىياپەتكە كىرىۋالغان گەپ، سىلەر نېرى تۇرۇڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان ھېلىقىلاردىن بىر تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ئورنىدا تاغدەك يوغان ۋە غەلىتە يىرتقۇچلارغا مىنگەن، ئەپتى - ئەڭگىزى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر توپ يالماۋۇز پەيدا بولدى.

— تەۋەللىكىمىزگە كېلىشكە پېتىنغان قايسىڭ؟ — دەپ توۋلىدى ئۇلارنىڭ كاتتىسى، — ئەجەب يۈرىكىڭ يوغانكىنە.

پەخرىدىن جاۋاب ئورنىدا سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، شۇ ھامان ۋىڭىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يالماۋۇزلار مىنىۋالغان تولىمۇ قورقۇنچلۇق گىگانت مەخلۇقلار ئۇلارنى ئۈستىدىن ئۆكتۈرۈپ تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى.

غەزەپلەنگەن يالماۋۇزلار قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، قوللىرىدىكى جادۇگەرلىك ھاسىلىرىنى پەخرىدىنگە قارىتىپ شىلتىدى. پەخرىدىنمۇ ئۇلارغا سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان ئالماس يۇلتۇزدىن بىر تال خاسىيەتلىك ئۇزۇك چىقىپ، ئۇنىڭ سول

قولىنىڭ نامىسىز بارمىقىغا سىيلىنىدى.

يالماۋۇزلارنىڭ سېھىرگەرلىك ھاسىلىرىدىن چاقنىغان نۇر خاسىيەتلىك ئۈزۈكتىن چاقنىغان نۇرغا ئۇرۇلۇپلا غايىب بولدى.

— ئۇنىڭدا خاسىيەتلىك ئۈزۈك باركەن، — دېدى يالماۋۇزلارنىڭ كاتتىسى ھەمراھلىرىغا، — تېز كېتەيلى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ سېھىرجادۇلىرىمىز كار قىلمىغۇدەك.

بىراق، ئۇلار كەينىگە يانغۇچە پەخرىدىنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن ۋاللىدە نۇر چاقنىدى ـ دە، ھەممىسى قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ يولىدا توسالغۇ قالمىدى، لېكىن ئىككى پۇتىغا تايىنىپ ماڭغاندىكى بۇ سەپەر ئانچە ئاۋۇمىدى.

— ئامال قىلىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بۇنداق يۈرۈپ مەنزىلىمىزگە بۇ ئۆمرىمىزدە يېتەلمەيمىز.

پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا خاسىيەتلىك چىراغ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن چوڭ بىر دىۋە چىقىپ:

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن خوجايىن، — دېدى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەتلىك بىر ئاۋازدا.

— بىزنى تېزرەك مەنزىلگە يەتكۈزگىن! — دېدى پەخرىدىن.

دىۋە دەرھال بىر تال موينى يۇلۇۋالدى ـ دە، سۆپكۆچلەپ يەرگە تاشلىغانىدى، شۇ ھامان يەر يۈزىدە گۈل ـ نەقىشلىرى تولىمۇ كۆركەم ۋە ئۆزگىچە ھاۋا رەڭ گىلەم پەيدا بولدى.

— مەرھەمەت قىلىڭ خوجايىن، — دېدى ـ دە، ئۆزى خاسىيەتلىك چىراغقا كىرىپ كەتتى، خاسىيەتلىك چىراغ غايىب بولدى.

تۆتەيلەن ھاۋا رەڭ گىلەمگە چىقىپ، بىمالال پېتىشىپ ئولتۇردى، ھاۋا رەڭ گىلەم يەر يۈزىدىن سىلىققىنە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتتى......

توققۇزىنچى باب

# گۇلستانى ئېرەمگە يەتكۈچە

— بىزنى نەگە ئاپىرىسلەر؟ — دېدى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئاق كېپىنەك قىزنىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ، — بىز قەپەستە بەكلا بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتتۇق، بۇنداق تۇرۇۋەرسەك ئۇزاققا بارمايلا ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز.

— كەچۈرگىن، — دېدى پەخرىدىن مۇلايىملىق بىلەن، — بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن، بىراق سىلەرنى بىخەتەر جايغا يەتكۈزۈپ قويسام دەيمەن، شۇ تاپتا سىلەر ئۈچۈن بىخەتەر جاينىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدىم.

— گۈلستانى ئېرەمگە، — دېدى كېپىنەك قىز، — بىزنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭ، پەقەت شۇ يەرلا ھازىرچە بىخەتەر.

ئۇ شۇنداق دەپ قولىدىكى ئاق تاياقچىنى شىلتىغانىدى، تاياقچە ئۇچىدىن قار گۈلىدەك بىر يۇلتۇز پەيدا بولۇپ، بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، كېپىنەك قىزنىڭ سىماسى غايىب بولدى.

ھاۋا رەڭ گىلەم دەرھال كىچىك يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ئۇچتى، ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، تاغدەك يوغان بىر مەخلۇق چىقىپ يولنى توسىۋالدى. بىراق، پەخرىدىننىڭ سېھرىگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇر ئۇنى تاشقا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ غاردەك ئاغزىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇچار گىلەم نۇر پەيدا قىلغان شۇ تونېلدىن ئۆتۈپ كەتتى.

شۇنداق كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئاسماندا قاش - كىرپىك، چاچ -

ساقاللىرى ۋە تېنىدىكى ھەربىر تال مويىغىچە كۆل رەڭلىك بىر يالماۋۇزنىڭ يېرىم گەۋدىسى پەيدا بولۇپ، شۇنداق دېدى:

— سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىاي يىگىت، يالماۋۇز شاھ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇ ئەسلىگە كەلگەن كۈنى سىرلىق ئالەمدە ھېچكىم ئۇنى يوقىتالمايدۇ، ھەتتا سەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، سەن ھازىرغىچە بىر ئاي ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلىۋەتتىڭ، بىراق مەنزىلىڭ تېخى نەچچە ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتا، ئارتۇق ئىشلارغا ئاۋارە بولۇپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما، ئوڭ تەرەپكە ماڭ، ئوڭغا...... — ئۇ شۇنداق دەپلا ئاستا - ئاستا تۇتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى. ئۈچار گىلەم مۇئەللەقتە چىڭپىدە توختاپ قالدى، ئۇ بۇيرۇق كۈتۈۋاتقاندەكلا ئىدى.

— ھېلىقى جانىۋارلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولماس، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — لېكىن......

— شۇنداق خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ، — بىچارىلەرگە بەك ئۇۋال بولىدۇ.

— بىز يالماۋۇز شاھنى يوقىتىشقا دەخلى يەتمەسلىك ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا رازى، — دېدى شۇ چاغ يەنە بىر كېپىنەك قىزنىڭ سىيماسى غىل - پاللا پەيدا بولۇپ.

— گۈلىستانى ئېرەمگە، — دېدى پەخرىدىن قەتئىيلىك بىلەن.

ئۈچار گىلەم دەرھال بۇرۇنقى يۆنىلىشىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئۆلارنىڭ كەينىدىن:

— ئوڭغا بۇرۇلۇڭلار، ئوڭغا!...... — دېگەن ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئاڭلاندى، لېكىن ئۇلار پەرۋا قىلمىدى.

شۇ ھامان شىددەتلىك قارا بوران چىقىپ، ئۈچار گىلەمنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ، پىرقىرىتىپ ئوڭ تەرەپكە قايدۇرۇۋەتتى. بىراق، پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالغانىدى، بوران سالقىن شامالغا ئايلىنىپ، تېزلا توختاپ قالدى. ئۈچار گىلەم بۇرۇنقىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە ئەسلىدىكى يۆنىلىشىدە ئۇچۇپ كەتتى ھەم بارغانسېرى سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

— ھاماقەت! — دېدى كۆل رەڭ يالماۋۇزنىڭ سىيماسى يەنە پەيدا بولۇپ ئۈمىدسىزلىك بىلەن، — ئۇلارنى ماڭا تاپشۇر! بولمىسا گۈلىستانى ئېرەمگە مەن يەتكۈزۈپ قوياي.

— ياق! — دېدى پەخرىدىن، — سەن يالماۋۇزغا ئىشىنىپ بولمايدۇ.

— دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى دوستۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بىراق، سەن بەك گۆدەككەنسەن، بۇنى چۈشەنمىدىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم پۇشايمان قىپ قالىسەن، بەدەل تۆلەيسەن! — دېدى يالماۋۇز، ئاندىن ئۇ ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلمىدى، ئۇلار قانچىلىك ۋاقىت ئۈچتى، قانچىلىك مۇساپە باستى نامەلۇم، بىر ۋاقىتتا ئاسمىنى قۇياشسىزمۇ يوپيورۇق ۋە بۇلۇت - تۇمانلاردىن خالىي بىر جايغا يەتتى، بىراق يولنى ئەمدى بويى ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تۆۋرۈكتەك ئېگىز بىر ھەيكەل توستى. ھەيكەلنىڭ بىر قولىدا غايەت يوغان گۈرزە، بىر قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان يوغان بىر لېگەن بار ئىدى.

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟ — ھەيۋەتلىك ئاۋاز كەلدى ھەيكەلدىن.

— كىچىك جانىۋارلارنى گۈلىستانى ئېرەمگە يەتكۈزۈپ قويماقچى، — دېدى پەخرىدىن ياڭراق ئاۋازدا جاۋاب قايتۇرۇپ.

— يامانلارغا يول يوق، ياخشىلارغا يول ئوچۇق! — دەپ گۈركىرىدى ھەيكەل يەنە.

شۇ ھامان بىر ئۈچى لېگەنگە، بىر ئۇچى زېمىنغا تۇتىشىدىغان بىر ھەسەن - ھۈسەن يول پەيدا بولدى، ئۈچار گىلەم شۇ يولنى بويلاپ ئۈچۈپ كەتتى ۋە تېزلا لېگەن ئۈستىگە چىقىپ توختىدى.

لېگەن ئۈستىدە بىر شارسىمان سەييارە مۇئەللەقتە ئاستاغىنە پىرقىراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى خۇددى ئالەم بوشلۇقىدىن تۇرۇپ قارىغاندىكى يەر شارىغا ئوخشايتتى.

— مەرھەمەت! — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈچار گىلەم ھېلىقى سەييارە ئاسمىنىدىكى بۇلۇت - تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئىچىگە كىردى.

بۇ يەر ئىسمى جىسمىغا لايىق گۈلىستانى ئېرەم ئىدى. بۇ يەردە پەخرىدىن سىرلىق قەلئەگە بارغۇچە كۆرگىنىدىنمۇ كۆپ گۈللەرنى كۆردى، ھەتتا ئۆمۈچۈك توردەك ھەر تەرەپكە تۇتاشقان تارام ـ تارام كىچىك ئېقىنلار ۋە ئېقىنلاردىكى كىچىك ئاراللارمۇ ئۆزلىرىدىكى ھەممە جانىۋارلار، مەۋجۇداتلار بىلەن بىللىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەكلا ئىدى، بىراق بۇ يەر سىرلىق ئالەمنىڭ ئۆزىدەك كەڭرى ئەمەس، بەلكى سىرلىق ئالەمنى بىر دېڭىزغا ئوخشاتساق، ئۇ شۇ دېڭىزدىكى بىر ئارالدەكلا ئىدى. ھەرقانداق كىشىگە بەكمۇ يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. ئاسمىنىدىكى قۇياشمۇ نۇرسىز، بەلكى لەيلەپ قالغان ئاق شاردەكلا كۆرۈنەتتى. ھىلال ئاي بولسا ئۆزلۈكىدىن تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسىلىپ، گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بۆشۈكتە ئىسقىرتـ ـقاندەك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

پەخرىدىن بۇ يەردە يەنە سىرلىق قەلئەدە ئۇچراتقان سېھىرگەر جانىۋارلارنىمۇ كۆردى. بۇلاردىن بىرلىرى ئىلەڭگۈچ ئۇچسا، بىرلىرى تەپكۈچ تېپىۋاتاتتى، بىرلىرى ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئوينىسا، بىرلىرى تەخسە پىرقىرىتىۋاتاتتى. ئەيتاۋۇر ھەممىسى بىرەر ئويۇن بىلەن مەشغۇل ئىدى، لېكىن كەيپىياتى بەك سۇس ۋە جانسىز، گويا ئۇ ئويۇن خۇشىياقمايۋاتقاندەكلا، ھەممىسىنىڭ چېھرىدە غەم ـ قايغۇ، تولىمۇ روھسىز كۆرۈنەتتى، بىرەرسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى، ھەتتا تىنماي بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرىدىغان زۇۋاندارلاز گۈللەرمۇ ئۇششۇك تەگكەندەك سولىشىپ، جىمپلا قالغانىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى پەخرىدىن ئۆزىگە يېقىنلا يەردىكى كىتاب قولتۇقلىۋالغان قىزىل خورازدىن.

— ئاق مېكىيانچىقىمنىڭ يېنىغا كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى قىزىل خوراز مەيۈسلۈك بىلەن، — ئۇنىغۇ مەن ئەسلەپ تۇراتتىم، لېكىن ئەمدى ماڭا كەلگەندە ئەسلەپ تۇرىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ كىتاب ئارىسىدىن بىر قول ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىققاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى پەخرىدىن يەنە كوچىلاپ.

— تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى قىزىل خوراز يىغلامسىراپ، — يالماۋۇزلار قۇتراپ چىقىشتى، سىرلىق قەلئەمۇ گۇمران بولدى، سېھىرگەر ئۇستازىنىڭ تېخى دېرىكى يوق، بەلكىم سېھىري كۈچ - قۇدرىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بەندكە چۈشۈپ قالغان ياكى باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلغان بولسا كېرەك. ئەگەر بار بولسا ھەم سېھىري كۈچ - قۇدرىتىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلا بولسا، يالماۋۇزلار قۇتراپ چىقىپ ئەسكىلىك قىلالمايتتى. بۇ يەر بىزنىڭ ئاخىرقى پاناھگاھىمىز ئىدى، بىراق قوغدىغۇچىمىز قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇنىسى نامەلۇم، توغرىسى ئۇنىڭدا ئىشەنچ يوق، ئەگەر ئۇمۇ تۈگەشسە ھەممىمىز يالماۋۇزلارنىڭ غىزاسىغا ئايلىنىپ كېتىمىز، نۇرغۇن ياخشىلارنى ئۇلار قارنىغا دەپنە قىلىپ بولدى، يەنە......

— بەلكىم ئۇنداق ئاقىۋەتكىمۇ قالماسسەن، — دېدى پەخرىدىن تەسەللى بېرىپ، — ئۈمىدۋار بولغىن.

ئاندىن ئۇ خاسىيەتلىك چىراغ ئەپسۇنىنى ئوقۇشى ھامان خاسىيەتلىك چىراغ پەيدا بولۇپ، ئىچىدىن چوڭ دىۋە چىقىپ كەلدى.

— قەپەسنى بەر، — دېدى پەخرىدىن.

دىۋە ئالىقىنىنى ئېچىپ قەپەسنى پەيدا قىلدى. پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، قەپەسنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىچىدىكى جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەلدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئارىدىن ئاق كېپىنەك قىز چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپ، — ھەرنېمە بولسا ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇق.

ئاندىن قەپەستىن چىققانلارنىڭ ھەممىسى:

— رەھمەت - رەھمەت! — دېيىشكىنىچە تاراپ كېتىشتى. بەزىلىرى سۇغا، بەزىلىرى گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى، بەزىلىرى ئۇچۇپ كەتتى.

— مەلىكىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېدى ئاق كېپىنەك قىز پەخرىدىننىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كېلىپ.

— مەلىكەڭ كىم، ئۇنىڭغا نېمە بولدى، — سورىدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ، — ئۇنىڭمۇ ئالماس كۆزلۈك تاجىسى بارمىدى؟

— ئۇ ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى، — دېدى ئاق كېپىنەك قىز، — ئۇ بۇ يەردە يوق بولغانىكەن، چوقۇم يالماۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا كېپىنەكلەرنىڭ مەلىكىسى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ تاجىسى يوق.

— خاتىرجەم بول، — دېدى پەخرىدىن قەتئىيلىك بىلەن، — ئۇنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن.

— بىراق، ئۇنى كۆرەلمەسەنمىكىن قەدىرلىكىم، — دېدى قىزىل خوراز ئاق كېپىنەك قىزغا، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن شۇم ئېغىز؟! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقلىنىپ، — بىزنىڭ خوجايىن قۇتقۇزىمەن دېگەندىكىن چوقۇم قۇتقۇزىدۇ.

— بەلكىم شۇنداق بولار، — دېدى قىزىل خوراز، — لېكىن ئۇنىڭغىچە ئۇ كېپىنەك پەرى ھايات بولماسلىقى مۇمكىن.

— نېمىشقا ھايات بولمىغۇدەك، — دېدى پەخرىدىن، — بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەر ئەمەسمۇ؟

— بىخەتەرلىكتە ھازىرچە گەپ يوق، — دېدى ئىلەڭگۈچ ئۈچۈۋاتقان ئاق توشقان سۆزگە قوشۇق سېلىپ، — بىراق يالماۋۇز - يىرتقۇچلار قۇتراپ چىقىپ نۇرغۇن قوۋم - قېرىنداش، دوستلىرىمىزنى يەپ كەتكەن، گۈزەل - ئازادە ماكانلىرىمىزنى خاراب قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ھەممىمىزنى غەم - قايغۇ كېسىلى چىرمىۋالدى، بۇ كېسەل نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ كېپىنەك پەرى ۋە يېڭىدىن كەلگەنلەرگىمۇ يۇقىدۇ، ئاندىن يەنە باشتا يۇققانلار باشتىراق، كېيىن گىرىپتار بولغانلار كېيىنرەك بىر - بىرلەپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقا باشلايمىز. سىز كېپىنەك پەرىلەرنىڭ مەلىكىسىنى قۇتقۇزۇپ كەلگۈچە بۇ يەردە تىرىك جاندىن بىرىمۇ قالمايدۇ.

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قىزىل خوراز، ئاندىن يەنە باشقىلار، گۈلستانى

ئېرەم ئەھلى ھەممىسى كوللېكتىپ يىغا - زارغا چۈشتى. ھەتتا شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۈشۈك خان قىزلارمۇ خۇددى ئاتا - ئانىسى قازا قىلغاندەك ھۆ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاسماندىكى قۇياشتىنمۇ سىماب تامچىلىرىدەك ياش تۆكۈلۈپ، ھىلال ئاينىڭ خورەك ئاۋازىمۇ ھۆڭگىرىگىنىپ يىغلىغان ئاۋازغا ئالماشتى.

— بولدى قىلساڭلارچۇ! — توۋلىدى پەخرىدىن ئۆزىمۇ ئۇلارغا جور بولۇپ يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ.

— ئەمدى بۇ يىغا ئاخىر بىزنىڭ جېنىمىزنى ئېلىپ توختايدۇ، — دېدى بۆشۈكتىكى ھىلال ئاي جۆيلۈگەندەكلا.

— مېنى كەچۈرگىن قەدىرلىكىم، — دېدى ئاق توشقان قىزىل خورازغا، — بۇ يىغىنى باشلاپ قويۇپ ئۆمرۈڭنىڭ كوتا بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولىدىغان بولدۇم.

— بۇنى سەندىن كۆرمەيمەن، — دېدى قىزىل خوراز تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ، — ھەممىسىگە ھېلىقى ياۋۇزلار سەۋەبچى.

— مېنى كەچۈرۈڭلار كۆپچىلىك، — دېدى ئاق توشقان. ئۇ شۇنداق دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ يىغلاپ كەتتى. پەخرىدىن ئۇنىڭ سۇغا چېلىشىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغىنىنى كۆردى.

— سەندىن رەنجىمەيمىز، — دېيىشتى باشقىلار، ئاندىن بىر - بىرى بىلەن رازىلىشىشقا باشلىدى.

— ئۇلار راستتىنلا ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىنگە ئېسىلىپ، — ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالساق بولاتتى خوجايىن، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەييارمەن.

— شۇنداق قىلساق بولاتتى خوجايىن، — دېيىشتى مۈشۈك خان قىزلارمۇ، — ئۇلار ئۈچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە رازى ئىدۇق.

— مەن كىتابىمنىڭ ئارىسىنى ئالا قويماي ئاختۇردۇم، قايتا - قايتا ئاختۇردۇم، — دېدى قىزىل خوراز، — لېكىن، غەم - قايغۇ كېسەللىنىڭ دورىسىنى تاپالمىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا نېمە لازىمى!

ئۇ شۇنداق دەپلا كىتابنى زەپتى بىلەن يەرگە ئاتتى.

— مەندە نېمە گۇناھ، — دېدى كىتابتا بىر ئېغىز پەيدا

بولۇپ، — مەن يا قايغۇ - ھەسرەتتىن خالاس قىلغۇچى ئەپسۇنلارنى بىلمىسەم، مېنى كەچۈرگىن.

— راستتىنلا شۇ ئەپسۇننى بىلىدىغانلار بولسا كۆپچىلىكنى قۇتقۇزالامدۇ؟ — سورىدى پەخرىدىن ئالدىراپ.

— شۇنداق، — دېدى كىتاب جاۋاب بېرىپ، — ئەپسۇس، بۇلاردىن ھېچقايسىسى بۇ خىلدىكى ئەپسۇنلارنى ئۆگەنمىگەن، ئۇلار خۇشال بولۇش ئۈچۈن ئويۇنلارنى ئويناپ باقتى، لەتىپە - يۇمۇرلارنى ئېيتىشىپ باقتى، ئىشقىلىپ، كۆپ ئاماللارنى قىلىپ باقتى، لېكىن......

— بولدى، — دېدى پەخرىدىننىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، — بۇنى ماڭا قويۇپ بەر.

ئاندىن ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان سېھىرگەرلىك تايىقى ئىلگىرى ئۇ ئۆگەنگەن ۋە چېلىشقا ئامراق تەمبۇرغا ئايلاندى، كىتابتىن بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئۈچۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىغىلا قويۇلدى.

— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تەمبۇرنى تىزىغا قويدى - دە، پەدىسىنى تۈزۈۋېلىپ، زەخمەك بىلەن دىلغا ئاراملىق بېغىشلاپ، غەم - قايغۇدىن خالاس قىلغۇچى بىر پەدىگە چېلىشقا باشلىدى.

پەخرىدىننىڭ ياخشى چالالىشىغا تازا ئىشەنچىسى يوق ئىدى، لېكىن چېلىشنى باشلىغاندىن كېيىن بولسا قولىنىڭ ئۇستا سازەندىلەر-نىڭكىدەك ئەپچىل ھەرىكىتىگە ۋە تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن ياڭراۋاتقان ئاجايىپ يېقىملىق كۈيگە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ قالدى، ئۇ بۇنچىلىك ياخشى چالالىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

كۆز ياشلىرى بىلەن يەر يۈزىنى ھۆللەپ يەنە تېخى ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ قېلىۋاتقانلار، ئاستا - ئاستا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدە يىغا-زاردىن توختاپ، ئاخىر تىنچلىنىپ، بىر - بىرلەپ پەخرىدىننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ، گاھىلىرى ئېڭەك يۆلىشىپ، گاھىلىرى بىر - بىرىگە يۆلىنىشىپ ئولتۇرۇپ، تەمبۇر ئاۋازىغا بار ئىشتىياقى بىلەن قۇلاق سېلىشتى. تەمبۇر شوخ ئاھاڭلارغا چېلىنىشقا باشلىغاندا بولسا،

ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى غەم - قايغۇ تۇمانلىرى تارقىلىپ، ئورنىدا خۇشاللىق ئاپتىپى پارلاپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىسى پەيدا بولدى، ھەتتا قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ، ھىلال ئاي قاقاقلاپ كۈلۈشكە، كېپىنەك پەرىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. سولاشقان گۈللەرمۇ ئابىھايات بىلەن سۇغۇرۇلغاندەك جانلىنىپ، ھەممە غۇنچىلىرى قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازلىرى ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراقلار چېچىشتى.

— باركاللا، ياشاپ كەت! قوللىرىڭ دەرد كۆرمىسۇن، رەھمەت! — تۇۋلاشتى پەخرىدىن تەمبۇرنىڭ تارىسىنى چېكىشتىن توختىغاندا كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، — بىز ئەمدى غەم - قايغۇ كېسىلىدىن خالاس بولدۇق.

— بەك ياخشى بولدى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھاياجىنىنى باسالماي پەخرىدىننى قۇچاقلىۋېلىپ، — كۆپچىلىكنى قۇتقۇزدىڭىز خوجايىن، مۇنداقمۇ كارامىتىڭىز بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن.

— ئەمدى ماڭايلىمۇ خوجايىن، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار ئالدىرىتىپ، — چوڭ ئىشىمىزغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن يەنە، خېلى ھايال بولۇپ قالدۇق.

— سىلەر قېپقېلىڭلار، — دېدى پەخرىدىن، — بۇ يەر ھازىرچە سىلەر ئۈچۈن بىخەتەر.

— سىز بىلەن بارغۇمىز بار، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — بىز ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىدايمىز، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە يولۇقساقمۇ مەيلى، ھەرگىز كەينىمىزگە يانمايمىز.

— كۆڭلۈڭلەرنى چۈشىنىمەن، — دېدى پەخرىدىن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، — لېكىن كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئەمدى تېخىمۇ كۆپ خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، ئالمادىس بىرەر زىيان - زەخمەتكە يولۇقۇپ قالساڭلار قاتتىق ئازابلىنىمەن.

— بىز پەقەت خىزمىتىڭىز ئۈچۈنلا يارالغان، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار، — يەنە كېلىپ سېھىرگەر ئۇستازمۇ ئۆز ۋاقتىدا سىزدىن ئايرىلماسلىقىمىزنى تاپىلىغان، بەلكىم سىزگە ئەسقېتىپ قالارمىز.

— شۇنداق قىلايلى خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكىمۇ ئۇلارغا بولۇشۇپ، كۆپىنىڭ كۈچىمۇ كۆپ بولىدۇ ئەمەسمۇ، پەقەت بولمىغاندا ئۇلارنى يىڭنىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ ياقىڭىزغا قادىۋالسىڭىز ئۇلارمۇ تىنچ - ئامان تۇرىدۇ.

— بوپتۇ، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى ئاخىر، شاتۇتى مەلىكىنىمۇ «قال» دېمەكچى بولۇپ تۇرغان پەخىرىدىن ئۇنى ئەسلا قېلىشقا كۆندۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، — ئەمدى ماڭايلى، — دېدى.

— خەير - خوش! خۇداغا ئامانەت، سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز، — دېدى كىچىك سەيياردىكى ھەممە جانىۋارلار، ھەتتا گۈللەرمۇ قوشۇلۇپ بىر ئېغىزدىن، — ئۇتۇق - ئامەت يار بولسۇن!

— ئۇتۇق - ئامەت يار بولسۇن! — دەپ شاۋقۇنلىدى كىچىك تاراملاردىكى ئېقىن سۇلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ.

ھاۋارەڭ گىلەم يەنە تۆتەيلەننى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار سەييارە سىرتىدىكى بوشلۇققىمۇ چىقتى، ئاندىن كەلگەندىكى-دىنمۇ تېز سۈرئەتتە ئاقار يۇلتۇزدەك يۈرۈپ كەتتى.

## ئونىنچى باب

# دەرەخلەر شاھى ۋە تىلسىملار بالاسى

ئۇلار ھەيكەلدىن يىراقلىغانسېرى ئالەم ـ جاھانىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئاخىر قاپقاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىراق، پەخرىدىنىنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىنىڭ ئۇچىدىكى ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر ئۇلارنىڭ يولىغا يورۇقلۇق بېغىشلىدى.

— قانچىلىك ۋاقىتتا سىرلىق دېڭىزغا يېتەرمىز؟ — دېدى پەخرىدىن ئويچانلىق بىلەن.

— بىلمەيمەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بىراق تېزرەك بېرىشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلار شۇنداق كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتە شىددەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئالدىغا ماڭغانسېرى ئاۋاز كۈچەيدى، ئاخىر ئۇلار بىر ھاۋا قايىنىمىغا يولۇقتى، ھاۋا قايىنىمىدا ئۆيدەك ـ ئۆيدەك يوغان تاشلارمۇ قوم ـ شېغىلدەك ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سالدى، لېكىن ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر كار قىلماقتا يوق، بەلكى ھاۋا قايىنىمى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋېتىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇچار گىلەم چىڭقىدە توختاپ قالدى. گويا «قانداق قىلىمەن؟» دەۋاتقاندەكلا ئىدى.

— سېھىر ـ ئەپسۇن كىتابىدىن ئۆزلەشتۈرگەنلىرىمۇ كار قىلمىدى، — دېدى پەخرىدىن، — قارىغاندا بۇ ئۆتكەلگە تەۋەككۇل قىلىپ كىرمىسەك بولمىغۇدەك.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ھەمراھلىرى، — بىز چوقۇم تىنچ-ئامان ئۆتۈپ كېتىمىز.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە مەھكەم يېپىشتى. ئۇچار گىلەم ئەمدى ھاۋا قاينىمى تەرەپكە ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ كەتتى. بىراق، قايناغا كىرگەن ھامان بوراندا قالغان خازاندەك پىرقىراپ، ئۇچۇپ يۈرگەن چوڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپلا يۈردى، ئۇستىدىكى تۆتەيلەنمۇ ئاخىر بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتتى. شۇ ھالدا ئۇلار نەق ئۈچ سوتكىدەك پىرقىراپ يۈرۈپ، ئاخىر ھاۋا قاينىمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئىرغىتىپ تاشلاندى. بۇ چاغدا ھەممىسى ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەنىدى.

بىر چاغلاردا ھوشسىز ياتقان پەخرىدىننىڭ بېشىدا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قولىدا خىرۇستال جام، جامدا زەڭگەر رەڭلىك ياقۇتتەك جىلۋىلەپ تۇرىدىغان سۇيۇقلۇق بار ئىدى. ئۇ جامدىكى سۇيۇقلۇقنى پەخرىدىننىڭ يۈزىگە چاچتى، ئاندىن قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

ئۇ غايىب بولۇشى ھامان پەخرىدىنمۇ ھوشىغا كەلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپلا ھەمراھلىرىنى ئىزدىدى، ھەمراھلىرى بولسا ئۇ يەر، بۇ يەردە ھوشسىز ياتاتتى.

ئۇ قۇتقۇزۇش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغاندى، ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر ئاۋۋال شاتۇتى مەلىكىنى، ئاندىن مۇشۇك خان قىزلارنى ھوشىغا كەلتۈردى.

— خەتەرلىك ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولدۇقمۇ خوجايىن؟— سورىدى شاتۇتى مەلىكە ھۆرپەيگەن پەي قاناتلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ.

— شۇنداق، — دېدى پەخرىدىن، — بىراق، ئۇچار گىلەم ئاشۇ قاينامدا قېپقاپتۇ، ئەمدى سەپىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ چىدام - غەيرىتىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى.

— بىزغۇ، — دېدى كۆك كۆز، — قاناتلىق بولۇپ قالغاندىكىن ئانچە جاپا تارتمايمىز، بىراق سىزگە جاپا بولىدىغان بولدى،

خاسىيەتلىك چىراغ دىۋىسنى چاقىرامسىز يا!

— شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇچقۇر ۋېلىسىپىتكە مىنەي دېسەم تېز يۈرۈشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ۋاقىت قىس بولغان پەيتتە، — دېدى شاتۇتى مەلىكە سۆز قىستۇرۇپ.

پەخرىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، خاسىيەتلىك چىراغ پەيدا بولۇپ ۋاللىدە ياندى - دە، يالقۇن ئىچىدىن بىر دىۋە چىقىپ كەلدى.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن خوجايىن.

— ئۇچار گىلەمنى تېپىپ كەل! — دېدى پەخرىدىن نىرىدىكى ھاۋا قايىنىمىنى كۆرسىتىپ، — شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈچە يوقاپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ خوجايىن، — دېدى دىۋە ھاۋا قايىنىمىغا قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتكىنىڭلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە، ئۇ قايىنامغا كىرىپ كەتكەنلا نەرسە ئۈچ سوتكىغىچە چىقىپ كېتەلمىسە، غايىب بولىدۇ، سىز قايىنامدىن چىقىپ بۇ يەردە يېرىم سوتكىدەك ۋاقىت ھوشسىز ياتتىڭىز، ئۇچار گىلەم ھازىر قايىنامدا ئاللىبۇرۇن غايىب بولدى دېگەن گەپ. تەۋەككۈل قىل دېسىڭىز بەلكىم سىزگە يەنە ئۈچ سوتكا ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ، بەلكىم مەنمۇ شۇ قايىنامغا يەم بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن.

— ئۇنداقتا يەنە بىر ئۇچار گىلەم پەيدا قىل! — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— بۇ ئەمدى قولۇمدىن كەلمەيدۇ، لېكىن بىر ئۇچار ئات پەيدا قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن، — دېدى دىۋە قوللىرىنى ئىشقىلاپ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن بىر ئاق تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى قويۇقلاشتى - دە، ئاق بۇلۇتقا ئايلاندى، ئاق بۇلۇت يەرگە چۈشۈپلا قاردەك ئاق سىرلانغان ياغاچ ئات ھەيكەلگە ئايلاندى.

— ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسىڭىز ئۇچىدۇ، — دېدى دىۋە چۈشەندۈرۈپ، — سول قۇلىقىنى بۇرىسىڭىز توختايدۇ، بىرنى شاپىلاقلاپ قويسىڭىز شامالدەك، ئىككىنى شاپىلاقلاپ قويسىڭىز ئاقار يۇلتۇزدەك،

ئۇچنى شاپىلاقلىسىڭىز خىيالدەك تېز سۈرئەتتە ئۇچىدۇ.

— ئۇنداقتا تۆتىنچى قېتىم شاپىلاقلاپ قويسىچۇ؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — مەنزىلىمىزگە تېخىمۇ تېز يەتكۈزۈپ قويارمۇ؟

— ياق! — دېدى، — دېۋە، — ئۇ چاغدا ئۇ غايىب بولىدۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا خاسىيەتلىك چىراغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، — دېدى شۇ چاغ خاسىيەتلىك چىراغدا يېنىپ تۇرغان يالقۇن بىردىنلا ئادەمنىڭ باش سۈرىتى شەكلىگە كىرىپ، — ئۇنى ئەمدى بىرلا قېتىم ئىشلىتىش پۇرسىتىڭىز قالدى، سىز ئۇنىڭدىن ئىككى ئەڭگۈشتەر سورىدىڭىز، ئەگەر يەنە بىر ئەڭگۈشتەر سورايدىغانلا بولسىڭىز، ئۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇنلاپ بولۇپلا ئەركىنلىككە چىقىدۇ، خاسىيەتلىك چىراغ ئەپسۇنى كۈچىدىن قالىدۇ. ئەسلى ئۇنى ئادەتتىكى ئىشلارغا ئىشلەتمەي، پەقەت قىيىنچىلىق - مۈشكۈلاتلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتسىڭىز بولاتتى، ئەمدى ئويلىنىپ ئىش قىلىڭ، قېپقالغان بىرلا پۇرسەتنى زايە قىلىۋەتمەڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن يالقۇن ئۆچۈپ، خاسىيەتلىك چىراغ غايىب بولدى، پەخرىدىن كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ياغاچ ئاتقا مىندى. ياغاچ ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى تولغاپ بىرنى شاپىلاقلاپ قويغانىدى، ياغاچ ئات شامالدەك تېز ئۇچۇپ كەتتى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ئەگىشىپ ئۇچتى.

— يېتىشەلمىگۈدەك بولساڭلار دەڭلار، — دېدى پەخرىدىن.

— يېتىشىمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — كۈچ - ماغدۇرىمىز خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئۇلار ئەمدى ياندىشىپ ئۇچتى، گاھ يىرتقۇچ قۇشلارغا، گاھ جۇت - شىۋىرغانغا، گاھ مۆلدۈر - چېقىنلارغا ئۇچراپ تۇردى، لېكىن توختىمىدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مۈشكۈلاتلار ئىچىدە ئۇچتى، شۇنداق كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يەر يېرىلىپ، ئۈچ باشلىق بىر ئەجدىھا ئوقتەك شۇڭغۇپ چىقتى - دە، تۆتەيلەننى بىراقلا دەم تارتىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ بولغۇچە پەخرىدىن

سېھىر قىلىپ ئۆلگۈردى - دە، ئەجدىھانىڭ تېنى پارە - پارە بولۇپ، ھەممەيلەن ساق - سالامەت ئۇچۇشنى داۋام قىلدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ياغاچ ئاتنىڭ سۆڭگىچىگە قونۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇ بىر ئەينەك پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ پەي قاناتلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى.

— ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈشكە نېمانچە ئالدىرايدىغانسىز مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يېشىل كۆز كۈلۈپ، — يەنە نېمە خەتەرلەرگە دۇچ كېلىپ نېمە بولۇپ كېتىشىمىز نامەلۇم تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق جىددىيلىكتە كىممۇ سىزگە سەپسالار.

شاتۇتى مەلىكە بىرنېمە دەي دەپ تۇرغانىدى، ئالدى تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن چاقماق چېقىلدى، ئارقىدىنلا يۈزلىگەن يىلاندەك قوللار سوزۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى.

— پەخەس بولايلى! — توۋلىدى كۆك كۆز ھودۇقۇپ.

پەخىرىدىن دەرھال رەزىللىككە قارشى سېھىر - ئەپسۇنلار توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىچىدە ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن نۇر چاقنىغان ھامان قارا بۇلۇتلار تاراپ كېتىپ، مۇئەللەقتە ئۈچ باشلىق، مىڭ قوللۇق بىر يالماۋۇز پەيدا بولدى.

يالماۋۇز بىر بېشىدىن ئوت، بىر بېشىدىن سۇ پۈركۈيتتى، بىر بېشىدىن شىددەتلىك بوران چىقىراتتى. مىڭ قولى بولسا تەڭلا يىلاندەك سوزۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. پەخىرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئوت، سۇ، بورانىنى قايتۇردى، ئەمما يالماۋۇزنىڭ مىڭ قولىغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. يالماۋۇزنىڭ بىر قولى ياغاچ ئاتنى پاچىقىدىن سىقىملىۋالدى، يەنە بىر قولى پەخىرىدىننى تۇتۇۋالغۇچە شاتۇتى مەلىكە چاقماق تېزلىكىدە ئۇنى ياغاچ ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپلا قاچتى. مۇشۇك خان قىزلار بولسا ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يالماۋۇزنىڭ قوللىرىدىن مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە قۇتۇلۇپ چىقىشتى. يالماۋۇز ئۇلارنى

قوغلىمىدى، خۇددى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەكلا ئىدى.
— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بەك قورقۇپ كەتكىنىدىن ھېلىغىچە تېنى جۇغۇلداپ، پەي قاناتلىرى ھۈرپىيىپ كەتكەن شاتۈتى مەلىكە پەخرىدىننى يالماۋۇزنىڭ قولى يەتمىگۈدەك يىراققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن:
— بىلمىدىم، — دېدى پەخرىدىن، — ياغاچ ئاتمۇ يوق بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرساق بولىدىكىن.
— ئۇنىڭغا شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنىنى ئىشلىتىڭ، — دېدى يېشىل كۆز.
— ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ بوش ئەمەسكەن، — دېدى پەخرىدىن، — قىلغان سېھرىمنى ياندۇرۇۋېتەلىدى.
— دېۋىدىن ياردەم سورايلى، — دېدى كۆك كۆز، — بۇ ئاخىرقى قېتىملىق بىر پۇرسەت بولۇپ قالسىمۇ ھېچقىسى يوق، قالغىنىنى باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز.
— ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەلمەسمىزمۇ، — دېدى شاتۈتى مەلىكە، — مەن خوجايىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇچسام بولىدىغۇ.
— سىناپ باقايلى، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ شاتۈتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە مىندى، شاتۈتى مەلىكە كۆككە پەرۋاز قىلدى. ئۇلار مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنى يىراقتىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، بىراق ئۇلار قايسىلا تەرەپتىن ياندىپ ئۆتمەكچى بولسۇن، ھامان يالماۋۇز ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپلا تۇردى.
— قانداق قىلارمىز؟ — دېدى شاتۈتى مەلىكە ئاخىر يەنە يالماۋۇزنىڭ قوللىرىدىن ئاران تەستە قېچىپ قۇتۇلۇپ.
پەخرىدىن ئەمدى ئويلاپ ئولتۇرمايلا خاسىيەتلىك چىراغ ئەپسۇنىنى ئوقۇغاندى، شۇ ھامان خاسىيەتلىك چىراغ پەيدا بولۇپ، بارماقچىلىك ئوت يالقۇنى ۋىللىدە ياندى، يالقۇن ئىچىدىن دېۋە چىقىپ:
— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن خوجايىن، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— بىزنىڭ مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈرۈپ قويماي، سىرلىق دېڭىزغا يەتكۈزۈپ قوي! — دېدى پەخرىدىن.
— كەچۈرۈڭ خوجايىن! — دېدى دېۋە بېشىنى قاشلاپ، — ھېچكىم مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس، ئۇ يول بەرمىسە سىرلىق دېڭىزغا بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ مېنى خاسىيەتلىك چىراغقا بەند قىلغۇچىدىن باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئىش، ئەگەر......
ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ قويۇپ، سۆزىنى توختىتىۋالدى.
— ئەگەر نېمە؟ — سورىدى پەخرىدىن ئالدىراپ.
— ئەگەر راستتىنلا سىرلىق دېڭىزغا بېرىشىڭلار زۆرۈر بولسا، مەن سىزگە يەنە بىر ئەڭگۈشتەر سوۋغا قىلاي، ئۇنىڭ بىلەن مىڭ قوللۇق يالماۋۇزغا تاقابىل تۇرالايسىز، بىراق بۇ ئاخىرقىسى، ئەمدى قولىدىن چىقىرىپ قويماڭ.
ئۇ شۇنداق دەپ ئۇلۇغ قۇلىقىنى كوچىلىدى، شۇ ھامان قولىغا بىر ئالتۇن يا چىقتى، بىراق ئۇقى يوق ئىدى.
كىرىچىنى تارتىسىڭىزلا ئۆزلۈكىدىن ئالماس ئۇچلۇق كۈمۈش ئوق پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئاتسىڭىزمۇ ئۈزۈلۈپ ئالدىڭىزغا چۈشىدۇ.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنى ئات دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى پەخرىدىن دېلىغۇللۇق ئىچىدە، — ئۇ مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرەلەمدۇ؟
— شۇنداق! — دېدى دېۋە كۆرەڭلىك بىلەن، — ماڭا ئىشىنىڭ، بۇ مىڭ قوللۇق يالماۋۇزغا تاقابىل تۇرىدىغان بىردىنبىر ئەڭگۈشتەر. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا قويۇلغان ئامانەت ئىدى، بۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ئوقى ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ، كىرىچىنى تارتقاندىن كېيىن كۆڭلىڭىزدە نىشانغا تېگىشىنى تىلەپ ئاتسىڭىزلا بولىدى، ئۇ نىشانغا توسالغۇسىز دەل تېگىدۇ.
— بىلدىم، — دېدى پەخرىدىن يانى ئېلىپ، — ساڭا كۆپ رەھمەت.

— ئۆنىڭ ئوتتۇرىدىكى بېشىدا، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان چوغدەك كۆزىگە ئېتىڭ، — دېدى دىۋە، ئاندىن، — ئەمدى مەن ئازاد بولدۇم! ئەركىنلىككە چىقتىم! — دەپ تىۋۇلغىنىچە قۇيۇنغا ئايلىنىپلا غايىب بولدى. خاسىيەتلىك چىراغ بولسا چاراسىدە يېرىلىپ كەتتى، ئوت يالقۇنى ئۆچتى.

— ماگايلى! — دېدى پەخرىدىن.

شاتۇتى مەلىكە يەنە ئۆنى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپلا كۆككە ئۆرلىدى.

پەخرىدىن يانىڭ كىرىچىنى تارتتى، خېلىلا كۇچىگەندە ئاندىن يا تولۇن ئاي شەكلىدە كېرىلدى، كىرىچتە ئۆزلۈكىدىن بىر تال ئالماس ئۇچلۇق كۈمۈش ئوق پەيدا بولۇپ، بەتلىنىپ قالدى.

پەخرىدىن مىڭ قوللۇق يالماۋۇزغا يېقىنلاشقاندا، ئۆنىڭ ئوتتۇرىدىكى بېشىدا — قومۇش ياپرىقىدەك قاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياگاقچىلىك چوغ مىسالى يېنىپ تۇرغان يېگانە كۆزىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزدى، ئوقمۇ كىرىچتىن ئايرىلغانچە نىشانغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

يالماۋۇزنىڭ مىڭ قولىدا تەگلا پەيدا بولغان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر...... دېگەندەك خىلمۇخىل مېتاللاردىن ياسالغان مىڭ قالقاننىڭ ھەممىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ دەل چەنلىگەن يەرگە تەگدى. مىڭ قوللۇق يالماۋۇز دەھشەتلىك ھۆركىرىگىنىچە ئۆزىنى ھەرتەرەپكە ئۇرۇپ سەكراتقا چۈشتى. بىرھازادىن كېيىن تىنچىپلا قالدى - دە، ئاغزىدىن كەپتەردەك بىر شەپەرەڭ ئوقتەك ئېتىلىپ چىققانچە ئۇچۇپ كەتتى.

— شەپەرەڭنىمۇ ئات! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى پەخرىدىننىڭ قۇلاقلىرىغا.

ئۇ ئاۋازنىڭ قاياقتىن كەلگىنى، كىمنىڭ ئاۋازىلىقىنى بىلەلمىدى-يۇ، لېكىن شەپەرەڭنى ئېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال كىرىچنى تارتتى، يەنە بىر ئوق پەيدا بولۇپ، شەپەرەڭنى نىشانلاپ ماگدى، چاقماقتەك تېز ئۇچۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان شەپەرەڭ ئاسماندىن غۇيۇلداپ يەرگە چۈشتى. يېشىل كۆز ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن بېرىپ، شەپەرەڭنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلدى. يەر يۈزىدىن يۈزلىگەن قوللار سوزۇلۇپ چىقىپ تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ ھېچبىرىگە

پۈرسەت بولمىدى.

شەپەرەڭنىڭ بويىنىدا بىر ئاچقۇچ بار ئىدى. پەخرىدىن ئاچقۇچنى ئالغانىدى، شەپەرەڭنىڭ ئۆلۈكى ئۆزلۈكىدىن لاپپىدە ئوت ئېلىپ، كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئارقىدىنلا مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنىڭ تېنى بىر ھەيۋەتلىك قەلئەگە ئايلىنىپ قالدى. پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە قەلئە دەرۋازىسىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن ئۆتتى. يەر يۈزىدىن بولسا مىڭلىغان قارا قوللار سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇلار تۇتۇق بەرمىدى، بەلكى ئۇ قوللارنىڭ ھەممىسى پەخرىدىننىڭ سېھرگەرلىك تايىقىدىن نۇر چاقنىغان ھامان تاشقا ئايلىنىپ، قېتىپلا قالدى ھەم ئۇلار قەلئەنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا يەتكەندە ئۆۋۈلۈپ، قۇم - شېغىلغا ئايلىنىپ توزۇپ كەتتى، تۆمۈر دەرۋازىدا بولسا ئاتنىڭ كاللىسىدەك شىر بېشى شەكىللىك بىر چوڭ قۇلۇپ بار ئىدى.

— ئاچقىن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى پەخرىدىننىڭ قۇلاقلىرىغا.

پەخرىدىن سەل تېڭىرقاپ قالدى. نامەلۇم بىرسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەنلا قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىش بىرئاز تەۋەككۈلچىلىك بولامدۇ قانداق دېگەن ئويلار بىلەن دەرۋازىنى ئاچقۇسى كەلمىدى.

— يولىمىزغا ماڭايلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىرىتىپ، — ھېلىقى سېھرگەر ئەۋلىيا مىڭ قوللۇق يالماۋۇزنىڭ قەلئەسىگە كەلگەندە يانداپ ئۆتۈپ كېتىشىمىزنى تاپىلىغان، دەرۋازىنى ئېچىپ قويۇپ يەنە بىر بالاغا قالمايلى يەنە.

پەخرىدىن ئۈندىمەستىن قەلئە دەرۋازىسىغا قاراپ ئويغا پاتتى. كۈچلۈك قىزىقىش قۇلۇپنى ئېچىشقا دەۋەت قىلسا، ئېھتىيات تۇيغۇسى ئاچماسلىققا، تېزرەك كېتىشكە ئۈندەيتتى.

ئاخىر ئۇنىڭ ئېھتىيات تۇيغۇسى ئۈستۈن كېلىپ، شاتۇتى مەلىكىگە ئۇچۇشنى بۇيرۇدى، بىراق ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەلئە دەرۋازىسىغا ئاخىرقى قېتىم قارىغىنىدا، سىرلىق ھېجىيىپ تۇرغان بىر چىرايىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى.

— توختا! — دېدى پەخرىدىن كەسكىنلىك بىلەن، —

كەينىڭگە يان.

شاتۇتى مەلىكە تازا خۇشىياقمىغاندەك كەينىگە بۇرۇلدى، بىرنېمىلەرنى غۇدۇراپمۇ قويدى، بىراق پەخىردىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، توغرىسى پەرۋا قىلمىدى.

ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا بارغان ھامان پەخىردىن ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالدى، شۇ ھامان قەلئەدىن گۇلدۇر - قاراسلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئاۋازنىڭ دەھشەتلىكلىكىدىن ئۈركۈگەن شاتۇتى مەلىكە پەخىردىننى ئېلىپلا چاقماق تېزلىكىدە قەلئەدىن يىراقلىدى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ بار كۈچى بىلەن ئۇچۇپ ئۇلارغا ئاران يېتىشتى.

شۇ چاغ قەلئە ۋۇلقان پارتلىغاندەك دەھشەتلىك پارتلىدى، تاش- تۇپرىقى ھەر تەرەپكە چاچرىدى، ئارقىدىنلا:

— خەپ، خەپ توختا! — دېگەن يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر تۇتەك تومان كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، يالماۋۇز بېشى شەكلىگە كىردى.

پەخىردىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، تۇتەك - تومان تاراپ كېتىپ، يالماۋۇز بېشى غايىب بولدى، ئارقىدىنلا قەلئە ئورنىدىكى زېمىن قاراسلاپ يېرىلىپ، ئارىسىدىن بىر توپ قاردەك ئاق كىيىملىك پەرىزاتلار ئۇچۇپ چىقىشتى - دە:

— رەھمەت، رەھمەت ساڭا ئادەمزات، — دېگىنىچە ئاق كەپتەرلەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

— توۋا قىلدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — سېھىرگەر ئەۋلىيا نېمىشقا قەلئە ئىشىكىنى ئاچماڭلار دېگەن بولغىيتتى.

— ماڭايلى! — دېدى پەخىردىن ئۇنى بوشىقىنە شاپىلاقلاپ قويۇپ.

شاتۇتى مەلىكە كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بولسا بىر تۈگۈن پەيدا بولۇپ قالدى.

— سىز نېمىشقا تۇيۇقسىز قارارىڭىزنى ئۆزگەرتتىڭىز خوجايىن، — سورىدى ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ.

— بىرسىنىڭ سىرلىق ھىجايغان سىماسى غىل - پاللا كۆرۈنۈپ

قالـدى، ــ دېـدى پەخرىـدىن، ــ بىـز يولىمىزغـا ماڭغانـدا ئۇنـىڭ خۇشـال بـولغىنى مانـا مەن دەپ بىلىنـىپلا قالـدى، شـۇڭا قەلـئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

ــ ئۇ نېمىشقا بىزگە قەلـئە دەرۋازىـسىنى ئاچماڭلار دەيدۇ؟ ــ شاتۇتى مەلىكە خېلىغىچە ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق غۇدۇرىـدى، ــ يـاكى ھېلىقى ئاق كىيىملىـك پەرىزاتلارمۇ ئەسكى نىيەتلەردىن بولغىيمىـدى، لېكىن......

ئـۇ ئويلىغانـىرى كاللىـسى گادىرمـاچ بولـۇپ قالغانـدەك ھـېس قىلىپ، ئاخىر:

ــ بولدىلا، ــ دېـدى ـ دە، بـار كـۈچى بىـلەن تېز ئۇچۇشـقا تىرىشتى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن پەخرىدىن يەر يۈزىدە يېگانە بىر دەرەخنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سىرلىق قەلـئە غايىـب بولـۇپ، سىرلىق ئـالەمنى قـارا بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلىغان، يالماۋۇزلار قوتراپ چىققانـدىن بويان ھـېچ يەردىـن بۇنـداق بـۈك ـ باراقسان دەرەخنـى كـۆرمىگەن، كـۆرگەنلىرى ساپلا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن كۆسەيدەك ياكى قـۇرۇپ قاقشال بولـۇپ قالغانلىرى ئىدى.

ــ ئـاۋۇ دەرەخ تـۈۋىگە قونـايلى! ــ دېـدى پەخرىـدىن، ــ بەلكىم ساڭمۇ ھاردۇق يەتكەندۇ.

ــ ئۇمـۇ بىـر تىلـسىم بولـۇپ قالمىـسىلا بولاتتىغـۇ، ــ دېـدى شاتۇتى مەلىكە.

ئۇ تـۆۋەنلەپ ـ تـۆۋەنلەپ دەرەخ سايىـسىغا قونـدى، دەرەخنىـڭ سايىـسى ئالاھـازەل نەچـچە مىـڭ غـۇلاچ يەرگـىچە چۈشـەتتى، سـايە چۈشكەن يەرلەر شۇ تاپتا ئۆزگىچە بىر دۇنيا بولۇپ كۆرۈندى.

دەرەخ ئەتراپىدا بۇلدۇقلاپ ـ تاشقىنلاپ تۇرىـدىغان بىـر سۈزۈك بـۇلاق، بۇلاقتـا بولـسا ئـۈزۈپ تاشلاپ قويغانـدەكلا غـولى يـوق، ئەممـا ھەرتال گۈل بەرگـى بىـر خىـل رەڭـدە جـۇلالاپ، نۇرلىنىپ تۇرىـدىغان نەچچە تـال نىلـۇپەر گـۈلى ۋە ئويناقـشىپ، پىلـتىڭلاپ يـۈرگەن بىـر نەچچە تال ئالتۇن بېلىق بـار ئىـدى. بـۇلاق ئەتراپـى غـۇر ـ

غور شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل چۆپلۈك بولۇپ، چۆپلۈكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە يەنە كۆپ خىل رەڭدە پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرمۇ بار ئىدى.

— ۋاھ! — دېدى مۇشۈك خان قىزلار چۆپلۈككە قونۇپلا نەچچىنى يۇمىلاپ، ئېغنىۋېتىپ، — گۈلىستانى ئىرەمدىن باشقىمۇ مۇنداق ياخشى جاي بار ئىكەنغۇ، تېخى سىرلىق ئالەمنىڭ ھەممە يېرىنى يىرگىنىشلىك قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلاپ، يالماۋۇزلار ئاياغ ئاستى قىلىپ، چەيلەپ ھەممە گۈزەل نەرسىلەرنى نابۇت قىلغان، تىنچ ـ ئاسايىشلىق پۈتۈنلەي يوقالغان چېغى دەپتىمىز تېخى.

— قارشى ئالىمەن! — دېگەن مۇلايىم، ئەمما بوغۇق ئاۋاز كەلدى شۇ چاغ.

شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۈك خان قىزلار چۆچۈپ ھەر ياققا قارىدى، بىراق سۆزلىگۈچىنىڭ كىملىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— دەرەخ سۆزلەۋاتىدۇ، — دېدى پەخرىدىن.

— شۇنداق، مەن سۆزلەۋاتىمەن، — دېگەن ئاۋاز كەلدى يەنە دەرەخنىڭ ئېغىزىغىلا ئوخشاپ قالغان بىر كامىرىدىن خىرىلدىغان كۈلكە ئاۋازى قوشۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۈمۈش تەڭگىلەردەك يوپۇرماقلىرى جىرىڭلاپ، شاخلىرى شىلدىرلاپ كەتتى.

— سىز كىم؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە دەرەخنىڭ نەچچە ئون ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يەتكۈدەك غولىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، — سىزدەك يوغان دەرەخنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن.

— سەن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەر تېخى كۆپ مەلىكە، — دېدى دەرەخ يەنە خىرىلداپ كۈلۈپ، — مەن دەرەخلەر شاھى، سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— بىز سىرلىق دېڭىزغا بارماقچى، — دېدى پەخرىدىن.

— سىرلىق دېڭىز سىرلىق ئالەمدىكى ئەڭ خەتەرلىك جاي، — دېدى دەرەخلەر شاھى، — بارمىغىنىڭلار تۈزۈكمىكىن، سەن ئۈچۈن مېنىڭ سايەم ئەڭ بىخەتەر، راھەتبەخش بىر ئارامگاھ، بۇ يەردە قېلىڭلار، سىلەرنىڭ ھېلىقى ئەسكىلەردىن ئەمەسلىكىڭلارنى كۆرۈپ

تۇرۇۋاتىمەن، سىلەرگە كىرەكلىك مەئىشەتلەرنى ھازىرلاپ بېرىمەن.

— ھەممەتلىرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئالىيلىرى، — «ئۇ دەرەخ بولسىمۇ شاھ بولغاندىكىن ھۆرمەت سۆزلىرىنى ئىشلىتىشىم كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى پەخرىدىن، — بىراق سىرلىق دېڭىزغا بارمىسام بولمايدۇ، سىرلىق ئالەمنىڭ تىنىچ - خاتىرجەملىكى ۋە قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن چوقۇم بېرىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ.

— سەن تېخى ياشكەنسەن، ياشلار تەجرىبىسىز، ئاق كۆڭۈل ھەم ساددا كېلىدۇ، — دېدى دەرەخ شاھ خورسىنىپ، — ئەمما، رەزىل كۈچلەردىن بولغان يالماۋۇزلار بولسا بەك ھىيلىگەر، بەتنىيەت، ساختىپەز بولىدۇ. ساڭا ئوخشاشلارنى ئوڭايلا ئالداپ، پالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ. ھېزى بول، ساڭا بىر تال يوپۇرمىقىمنى بېرەي، بىر ئىشتا زادىلا چارىسىز قالمىساڭ ئالدىراپ ئىشلەتمە.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ سىلكىنىۋىدى، بىر تال يوپۇرمىقى ئۈزۈلۈپ چۈشتى، پەخرىدىن يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئىشتان يانچۇقىغا سالدى - دە، دەرەخ شاھىغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

— ئەگەر ئۆتەلمىگۈدەك توسۇققا ياكى تاقابىل تۇرالمىغۇدەك مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلسەڭ قايتىپ كەل، — دېدى دەرەخ شاھ خوشلىشىۋېتىپ، — سېنى ھەرقاچان پاناھىمغا ئالىمەن. يالماۋۇز شاھ كەلسىمۇ سايەمگە يېقىنلىشالمايدۇ، مەن ئۆزۈمنى ھەم سايەم چۈشكەنلا يەردىكى ھەممە نەرسىنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەك سىرلىق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە.

— سۆزلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، — دېدى پەخرىدىن.

شاتۇتى مەلىكە دەرەخ سايىسىدىن چىققانچە يەنە پەخرىدىننى ئېلىپ، كۆزلىگەن تەرەپكە ئۇچتى. ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن بىر چوڭ قارا بۇلۇت پەيدا بولدى، بۇلۇت ئۈستىدە بولسا قاپقارا تاشتىن ياسالغان بىر ئوردا سارايى بار ئىدى. ئوردا سارايىنىڭ دېرىزىلىرىدىن سۈتتەك ئاق بەدەنلىك ساھىبجامال قىزلار يېرىم يالىڭاچ گەۋدىسىنى چىقىرىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ھاياسىزلىق بىلەن پەخرىدىننى يېنىغا چاقىرىشاتتى.

— نومۇسسىز شەرمەندىلەر! — دېدى شاتۇتى مەلىكە غەزەپ بىلەن، — سىزنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان خوجايىن.

— كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ، — يولۇڭغا مېڭىۋەر.

قارا بۇلۇت ئۇلارنى خېلىغىچە قوغلاپ ئۇچتى، يېرىم يالىڭاچ قىزلارمۇ توختىماي ناز - كەرەشمە قىلىپ، ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن نېمىلەرنىدۇر كۆرسىتىپ، پەخرىدىننى سارايغا كىرىشكە دەۋەت قىلىشتى، بىراق پەخرىدىن ئەمدى ئۇلارغا قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شاتۇتى مەلىكىمۇ ئۇلاردىن ئۆزاپ كېتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تېز ئۇچتى. قارا بۇلۇت ئاخىر ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدى.

ھېلىقىلارنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى يىلان ئىكەن، — دېدى يېشىل كۆز يېتىپ كېلىپ.

— ئۇلارنىڭ تىللىرى زەھەرلىك يىلانلارنىڭ تىلىكەن، — دېدى كۆك كۆزمۇ.

— ئىشقىلىپ، ياخشى نېمىلەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەرنېمە بولسا......

ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا يەر يۈزىدە ۋولقان پارتلىدى، ۋولقاندىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل لاۋا چاچراندىلىرى ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ قويۇش خەۋپى تۇغۇلدى.

— بۇنىڭغا مەن تاقابىل تۇراي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ.

ئۇ شۇنداق دەپ پەنجىسىدە سېھىرگەرلىك تايىقىنى پەيدا قىلدى-دە، يەڭگىل سىلكىدى، شۇ ھامان لاۋا چاچراندىلىرى رەڭگارەڭ گۈل بەرگىلىرىگە ئايلىنىپ ھاۋادا لەيلەپ قالدى.

— قالتىس - قالتىس! سېھرىگەرلىككە ماھىر بوپقاپسىز مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار سۆيۈنۈپ.

— نەدىكىنى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە قىلغان ئىشىدىن تازا رازى بولمىغاندەك، — خوجايىندەك قالتىس كارامەتلىك بولالىغان

بولسام ياخشى بولاتتى، ئوتقا، سۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار ۋە سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىدىن ئازراقلا بىلىمەن شۇ.
— شۇمۇ خېلى چوڭ ئىش، — دېدى كۆك كۆز، — بىزگە قارىغە، خوجايىنىنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۆچالايدىغان بولۇپ قالغاندىن باشقا، ھېچ ئىشقا كېرەككە كەلمەيمىز، باشقا ماھارىتىمىزمۇ يوق.
— توختاڭلار! — دېدى شۇ چاغ پەخرىدىن نېمىدىندۇر خەۋپسىرەپ. بىراق، سۆزى ئاخىرلاشقۇچە ئۇلار نېمىگىدۇر ئۇسسۇۋېلىپ يەرگە موللاق ئاتتى، تۆۋەندىن بولسا تۆت ئەجدىھا بېشى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۆتەيلەننى بىردىن يۇتۇپ كەتتى.
دىمىقىپ ھوشىدىن كەتكەن پەخرىدىن بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ، قاپقاراڭغۇ غاردەك بىر جايغا چۈشۈپ قالغىنىنى ھېس قىلدى، ئەتراپىنى سىپاشتۇرغانىدى، ھەر ھالدا سېھىرگەرلىك تايىقى قولىغا ئۇرۇندى.
— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى قولىغا ئېلىپ، — تەلىيىم باركەن، بۇنى يىتتۈرۈپ قويمىدىم.
ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سالدى، شۇ ھامان ئەتراپ ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، بۇ جاي بىر غار ئىدى.
«قايسى تەرەپكە ماڭسامكىن» دەپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز بىر تەرەپتىن شىپىر - شىپىر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. چۆچۈپ شۇ تەرەپكە كۆز تىكىپ تۇرغانىدى، مىڭلىغان چايان، ئۆمۈچۈك ۋە قىرىقئاياغلار يېتىپ كەلدى. بۇلاردىن چايانلار چوڭ قىسقۇچ پاقىدەك، ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تېنى تۈپتەك ۋە قىرىقئاياغلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرەر غۇلاچتەك كېلەتتى.
پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، ئۇلۇغ بىر ئوت پەيدا بولۇپ، بۇ گېزەندىلەر تەرەپكە گۈرۈلدەپ يامراپ، ئۇلارنى بىر باشتىن كۆيدۈرۈپ ماڭدى، پەخرىدىن شۇ ئوتقا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. گېزەندىلەرنىڭ كۆيگىنى كۆيۈپ، قاچقىنى قېچىپ ھەممىسى يوق بولدى. پەخرىدىن بولسا يولدا گاھى تىك تاغلارغا ياماشتى، گاھى دەريا - ئېقىنلاردا ئۈزدى، گاھى ئوت بەلباغلىرىدىن

ئۆتتى، گاھى يەر يۈزىدە پىيادە، گاھى ئۇچار ۋېلىسىپىتتە ھاۋادا يۈردى، ئاجايىپ مۇشكۈلات - خەتەرلەر ئىچىدە ئالاھازەل بىر كېچە - كۈندۈزدەك ماڭغاندىن كېيىن، تۆت يولنىڭ تۇتاشقان يېرىگە يەتتى. تۆت يول بۇ يەردە تۇتىشىپ، بىرلا چوڭ غار يولنى ھاسىل قىلغانىدى.

«ھەمراھلىرىم بەلكىم مۇشۇ يوللاردىن كېيىن قالار» دەپ ئويلىدى پەخرىدىن.

ئۇ شۇ يەردە ساقلىماقچىمۇ بولدى، بىراق يەنە ئۇلارنىڭ خەتەرگە يولۇققان - يولۇقمىغىنىنى، مۇشۇ تەرەپكە ماڭغان - ماڭمىغىنىنى بىلەلمەي، كۆپ خاتىرجەمسىزلەندى، ئاخىر سېھرگەرلىك تايىقنى يەڭگىل سىلكىۋىدى، بىر ئوت شارى پەيدا بولۇپ، بىر غار يولغا كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ ئوت شارىغا ئەگىشىپ كىرىپ كەتتى.

بار كۈچى بىلەن يۈگۈرگىنىچە ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى، سېھرگەرلىك تايىقىدىكى ئالماس يۇلتۇزدىن پارلاق نۇر چاقناپ يولنى يورۇتۇپ بەردى.

شۇ ھالدا كۆپ يۈردى، بىر چاغدا نېرىدىن مياڭلىغان، چىرىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئاخىر كۆك كۆز، قاپقارا ۋە قاۋان توڭگۇزدەك ھەر يوغان چاشقانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان بىر جايغا يەتتى. بۇ يەردە تىنىما - كاتتىكى چىقىپ كەتكەن ئونلىغان قارا چاشقان گاھىلىرى ئۆلۈك، گاھىلىرى چالا ئۆلۈك ھالەتتە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بىراق، كۆك كۆزنىڭ قاردەك ئاق، زىلۋا، نازۇك تېنىمۇ ھەممە يېرىگە قىزىل گۈل چەكتۈرۈۋالغاندەك نەچچە يېرىدىن چىشلىنىپ، تاتىلىنىپ، زېدىلىنىپ قانلىرى شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ۋە قارىغۇسىز بىر ھالەتتە ئىدى.

ئۇنىڭ شۇ ئەپتىگە قاراپ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك بولۇپ قاتتىق ئازابلىنىپ، غەزىپى قايناپ - تاشقان پەخرىدىن دەرھال سېھرگەرلىك تايىقنى زەپتى بىلەن شىلتىغانىدى، بىر ئوت چىقىپ چاشقانلارغا ياماشتى. ھايالسىزلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇياققا كېلىۋاتقانلىرى قاچتى، لېكىن ئوت يالقۇنلىرى ئەمدى

ئوت ئەجدىھالىرىغا ئايلىنىپ، گۈرۈلدىگىنىچە ئۆلارنىمۇ قوغلاپ كەتتى.
كۆك كۆز بولسا پەخرىدىننى كۆرۈپلا:
— خوجايىن! — دېدى يىغلامسىراپ ھالسىزغىنە، — ھەر ھالدا ئامانكەنسىز، ئاخىر كەلدىڭىز.
ئۇ شۇنداق دەپلا كۆل ئۈستىگە يىقىلدى، جاراھەتلىرىگە كۆل يېپىشىپ، تېخىمۇ قارىغۇسىز بىر ھالەتكە كېلىپ قالدى.
— كۆك كۆز! — پەخرىدىن ئىنتىك بىرپىلا ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ باغرىغا باستى، ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپلا قالغانىدى.
— ماڭا قارىماڭ، — دېدى كۆك كۆز تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، — بۇ ھالىم بىلەن سىزگە كۆرۈنۈشنى خالىمايمەن، بۇ غارغا چۈشۈپلا ھېلىقىلارغا يولۇقتۇم، تەڭ كېلەلمەيدىغىنىمنى ھېس قىلىپ بۇياققا قاچتىم، غار ئىچىدە ئۇچۇش مۇمكىن بولمىدى، ئاياغلىرىمنىڭ يۇگۈرۈكلۈكىگە تايىنىپ ساق بىر كېچە - كۈندۈز قاچتىم. بىراق، مەلئۇنلارمۇ توختىماي قوغلاپ ھارغان چېغىمدا يېتىشىۋالدى، ئامالسىز ئېلىشىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. بۇرۇنقى پاكىز، گۈزەل قىياپىتىمنىڭلا خاتىرىڭىزدە ساقلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەپسۇس، ئاخىرقى تىنىقىم قالغاندا سىزگە شۇنداق سەت، كۆرۈمسىز ھالەتتە كۆرۈنۈپ قالدىم، كەلگىنىڭىزغۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بولمىسا سىزنى يەنە بىر كۆرۈش نېسىپ بولماي ئارماندا كېتەتتىم.
ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار پەخرىدىننىڭ قۇچىقىغا مەرۋايىت بولۇپ تۆكۈلۈپ، تېزلا بىر ئوچۇم مەرۋايىت بولدى.
— بولدى سۆزلىمە، — دېدى پەخرىدىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.
— بۇ مەرۋايىتلارنى ساقلاپ قويۇڭ، مەندىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — دېدى كۆك كۆز يەنە، — مېنى ئەسلەپ تۇرارسىز.
— ياق! — دېدى پەخرىدىن، — سەن ئۆلمەيسەن. ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كۆز چانقىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك كۆك كۆزنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى، شۇ ھامان كۆك كۆزنىمۇ ئۈستىگە كۆز يېشى ئەمەس، بەلكى ئابىھايات تۆكۈلگەندەك بولۇپ،

جاراھەتلىرى سەللىمازا ساقىيىپ، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ بېجىرىم ھالىتىدە ئۆرە بولدى، ھەتتا ئۇستىدىكى قان يۇقلىرى، چاپلاشقان كۈلمۇ غايىب بولۇپ، قاردەك ئاق، كۆركەم ھالىتى ئەسلىگە كېلىپ قالدى.

— مەن ئۆلمەيدىغان بولدۇم، — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ، ئارقىدىنلا كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالىتىدە پەخرىدىننىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى - دە، — رەھمەت خوجايىن، ماڭا يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭىز، — دېدى مەڭزلىرى ئەڭلىك سۈركىۋالغاندەك قىزارغان ھالىتىدە ئۆزىنى نېرىغا قاچۇرۇپ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ ئۇيالغان ھەم سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

پەخرىدىنمۇ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ بىر مۇشۇكنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قويغىنىدىن رەنجىپمۇ كەتمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۆك كۆزنى سۆيۈپ قويغۇسى كەلدى، بىراق يەنە ئوڭايسىزلىنىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى - دە، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىپلا بىر بوي ئەينەك پەيدا قىلىپ:

— قارا! — دېدى خۇشلۇقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بالېت ئارتىسدەك تولىمۇ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە پىرقىراپ يۈرگەن كۆك كۆزگە، — بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، مويلىرىڭدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ.

— راستىما! — دېدى ئاخىر ئوڭايسىز ھالدىن قۇتۇلغان كۆك كۆزمۇ ئەينەكتىكى ئەكسىگە تويماي قاراپ.

— شۇنداق، سېنى ھېچقاچان بۇنداق گۈزەل ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم. ئەمدى ماڭايلى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆز نېمە بوپكەتتىكىن بىلمىدىم.

كۆك كۆز دەرھال پەخرىدىنگە ئەگىشىپ ماڭدى، پەخرىدىن بايا كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى، ئۆلارنىڭ كۆڭلىدە ئىككى ھەمراھىنىڭ ئەندىشىسى بولغاچ قەدەملىرى تولىمۇ تېز بولدى. ئاخىر ھېلىقى تۆت يول تۇتاشقان جايغىمۇ كەلدى، بىراق شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆز يوق ئىدى.

— ئۇلار قېنىدۇ، — دېدى كۆك كۆز ئەنسىزلىك بىلەن، — ئۇلارمۇ بىرەر پالاكەتكە يولۇققانمىدۇ، تىرىكمىدۇ ياكى ......

ئۇ شۇنداق دەپ ھۇ تارتىپ يىغلىۋەتتى، خۇددى ھازىرلا بىر قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتكەندەك ھازا ئېچىشقا تەييارلاندى.

— ئاغىنىڭنى ئۇششۇتمىگىنە، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا بۇنداق قىلغىنىڭ قاملاشمىدى، تېزرەك ئاۋۇ غار يوللىرىغا كىرىپ كۆرۈپ باقايلى.

— ئىككىمىز بىردىن يولغا كىرەيلى خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز دەرھال يىغىدىن توختاپ، — مەنمۇ...... — بىراق، ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ گەپ گېپىغا تۇرۇپ قالغاندەكلا توختاپ قالدى، چۈنكى بىر غار يولىدىن شاھانە تەختىراۋان كۆتۈرۈۋالغان تۆت دانە چوڭ ئاق چاشقان چىقىپ كېلىۋاتاتتى. تەختىراۋاندا بولسا يېشىل كۆز تۇز پەيلىرىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ، پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇراتتى، شېرىن خىيال قوينىغا غەرق بولغاندەك چېھرىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى.

ئاق چاشقانلار تەختىراۋاننى يەرگە قويدى، يېشىل كۆزمۇ كۆزىنى ئېچىپلا، ئۆزىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالغان پەخرىدىن بىلەن كۆك كۆزنى كۆردى - دە:

— سىلەرنىمۇ كۆرىدىكەنمەن، — دېگىنىچە چاچراپ تۇرۇپ، پەخرىدىننىڭ قوللىرىغا يۈزلىرىنى سۈركىدى، ئاندىن كۆك كۆزنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يالاپ كەتتى.

— بولدى قىلە، — دېدى كۆك كۆز ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ، — سەندىن ئەنسىرەپ تېخى بايىلا يىغا - زار قىلغانىدىم، ھازىر بولسا سېنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ تۇرغان، بىراق دۆلىتىڭ بەك كاتتا بولۇپ كېتىپتىكەنغۇ سېنىڭ، بىھۇدە غەم يەپ، كۆزۈمنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ يۈرۈپتىمەن.

— شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى يېشىل كۆز خۇشاللىق بىلەن، — بىلەمسەن، مەن بىر توپ ئاق چاشقانلار بار يەرگە بېرىپ قالدىم، ئۇلار خۇددى ئادەملەردەك ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىكەن، تولىمۇ ئەدەپ -

قائىدىلىك ئىكەن، تېخى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك كۆركەم-ئازادە ئوردا-سارايلىرىمۇ بار ئىكەن. ئوردا - سارايىنىڭ سىرتى بولسا ئاۋات بازار، ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان گۈزەل شەھەر ئىكەن. ئۇلار مېنى تەزىم-تەۋەززۇ بىلەن ئالقىش - تەنتەنىلەر ئىچىدە كۈتۈۋالدى. نېمىشقا دېسەڭ، مەن ئەجدىھا دەم تارتقاندا ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەنچە ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا بارماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوردىسى ئالدىدىكى مەيدانغا چۈشۈپتىمەن. شۇ چاغ ئۇلار دۆلەت قۇشىنى ئۇچۇرۇپ، قازا قىلغان مەرھۇم شاھنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى تاللاتقۇزۇۋاتقانىكەن، دۆلەت قۇشى كېلىپلا مېنىڭ بېشىمغا قوندى، ئۇچۇرۇۋەتسەم يەنە قوندى، شۇ چاغ مەيدانغا يىغىلغان ئاق چاشقانلار قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپ مېنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىشىپ، شاھلىق تاج كىيدۈرۈپ، ئاق چاشقانلار مەملىكىتىنىڭ شاھانە تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشتى. بىراق، مېنىڭ كۆڭلۈم سىلەرنى تارتىپ تۇرغاچقا شاھلىق تەختىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، سىلەرنى ئىزدىمەكچى بولدۇم، ئاخىر ئۇلار مېنىڭ سەممىي-ساداقىتىمنى نەزەرگە ئېلىپ، مېنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا سېلىپ قويۇشتى، مانا ئاخىر سىلەرنىمۇ تېپىۋالدىم، بىراق شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ياخشىغۇ! — دېدى كۆك كۆز يىغلامسىراپ، — ساڭا ئامەت كەپتۇ، ئاق چاشقانلارغا شاھ بوپسەن، بىراق ماڭا بولسا ئاپەت، ئەگەر خوجايىن ۋاقتىدا كېلىپ قۇتقۇزمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن قاۋان توڭگۇزلاردەك غالجىر قارا چاشقانلارغا خامتالاش بولۇپ، جېنىمدىن ئايرىلاتتىم، شۇ چاغدا مەن تارتقان ئازاب - كۈلپەتلەرنى خۇدا ساڭا كۆرسەتمىسۇن.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى يېشىل كۆز دەرھال دوستىنى باغرىغا بېسىپ، — سېنى تېخى ماڭا ئوخشاش بىر ئامەتكە يولۇققاندۇ دەپ يۈرۈپتىمەن.

— شاتۇتىمىزنى تاپايلى، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇ نېمە كۈننى كۆرۈۋاتىدىكىن.

ئۇلار دەرھال تۆتىنچى بىر يولغا ماڭدى، بار كۈچى بىلەن

يۈگۈرۈپ توختىماي يۈردى. ئالاھازەل يېرىم كۈندەك ماڭغاندىن كېيىن بىر كەڭ دالىغا چىقىپ قالدى. بۇ يەر ئاجايىپلا بىر ۋادا ئىدى، قەدەممۇ قەدەم بىر بۇلاق ئۇچراپلا تۇراتتى، بىراق بۇلاق سۇلىرى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغان بىلەن يەنە ئۆزىگە سىڭىشىپ كېتىدىغاندەكلا تېشىپ چىقمايتتى ياكى ھېچبىرىدىن بىرەر تارام ئېقىن ھاسىل بولمىغانىدى.

— بۇ قانداق جاي ئەمدى، — دېدى يېشىل كۆز.

— ئېھتىيات قىلىڭلار، — دېدى پەخىردىن، — بۇلاقلاردا بىر گەپ بار.

شۇ چاغ كۆك كۆز بىر بۇلاقتىكى ئەكسىگە قاراپ توۋلىۋەتتى:

— ۋاي خۇدايىمەي، مەن شۇنداق سەت، بەتبەشىرە بولۇپ قالدىممۇ ئەمدى؟

پەخىردىن ئۇ قارىغان بۇلاققا قارىدى، ئۇمۇ بىر ۋەھشىي يالماۋۇزدەك كۆرۈندى.

— بۇ مەن ئەمەس، — توۋلىۋەتتى يېشىل كۆزمۇ، — بۇ بىر مۇشۇك ئالۋاستىغۇ.

— بۇ ئادەمنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بۇلاقكەن، — دېدى پەخىردىن، — ھەرگىز سۇيىگە تېگىپ كەتمەڭلار.

ئۇلار بۇلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇلاقلار شەيتان ئەينەكلەردەك ئۇلارنى خىلمۇخىل كۆرسىتەتتى. گاھىلىرى شۇنداق سەت، بەتبەشىرە، گاھىلىرى شۇنداق ساھىبجامال - خۇش قامەت، گاھىلىرى قېرى - ئاجىز، گاھىلىرى ياش - نەۋقىران، گاھىلىرى ياۋۇز يالماۋۇزلاردەك، گاھىلىرى ئاق كۆڭۈل - مېھرىبان پەرىشتىلەردەك...... ئەيتاۋۇر، ھەر قىسما، ھەر خىل كۆرسىتەتتى. ئۇلار ھېچبىرىگە يېقىن يولىمىدى، شۇنداق كېتىۋېرىپ نېرىدىن پەي قاناتلىرى ئەتلەستەك رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ نۇرلىنىپ تۇرغان، تۇزدىنمۇ گۈزەل، سۇمۇرغدىنمۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر تۇتىقۇشنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلاقتىكى شولىسىغا قاراپ ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا مەست-مۇستەغرەق بولۇپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭدىن بىزنىڭ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ

باقايلى، كۆردىمكىن، ــ دېدى كۆك كۆز.

ــ ئۇ بىزنىڭ شاتۇتى مەلىكمىزنىڭ ئۆزى شۇ، ــ دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ.

مۈشۈك خان قىزلار بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي شاتۇتىغا يېقىنلاشتى، شاتۇتى بولسا بۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى، بەلكى بۇلاققا قارىغىنىچە گاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ، گاھ پەي قاناتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىدىن زوقلىنىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ــ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى! ــ چاقىردى يېشىل كۆز.

بىراق، شاتۇتى ئاڭلىمىغاندەك يەنە بۇلاقتىكى ئەكسىگە قاراپ قاناتلىرىنى قېقىپ قويدى.

ــ ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە، ــ دېدى كۆك كۆزمۇ ئەجەبلىنىپ، ــ بىزنىڭ شاتۇتى مەلىكمىز نېمىشقا بىز كەلسەكمۇ كارى بولماي تۇرىدۇ؟

ــ ئۇ سېھىرلىنىپ قاپتۇ، چوقۇم بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ قالغان گەپ، ــ دېدى پەخرىدىن، ئاندىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، شۇ هامان شاتۇتىنىڭ تېنىدىن ئالىيېشىل تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سىدام شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك هالىتى ئەسلىگە كەلدى، شاتۇتىمۇ شۇ چاغدىلا بىر سىلكىنىپ هوشىنى تېپىۋالغاندەك بولدى - دە، پەخرىدىنلەرگە قاراپ تاشلاندى ۋە:

ــ سىلەرنىمۇ كۆرىدىكەنمەن - هە؟ ــ دېدى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ.

ــ سىلگە نېمە بولدى مەلىكە ئالىيلىرى، ــ دېدى يېشىل كۆز ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ــ بىلمەيمەن، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە ئېسەدەپ تۇرۇپ، ــ ئەجدىها قارنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىغۇدىم، خۇداغا شۈكرى، هېچنېمە بولمۇدۇم، بەلكى بۇلاقلاردىن بىرىگە چۈشۈپ كەتتىم، مىگىبىر مۇشەققەتتە پالاقلاپ بۇلاق بويىغا چىقىۋېلىپ قارىسام تولىمۇ قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە يالماۋۇز باشلىق قۇشقا ئايلىنىپ قاپتىمەن. بۇلاقتىكى ئەكسىمگە قاراپ جان -

پىنىم چىقتى، ئۆز ئەكسىمدىن ئۆزۈم ئۈركۈپ قاچتىم، ئاندىن باشقا بۇلاقلارنى ئارىلىدىم، باشقا بۇلاقلاردىمۇ ئوخشىمىغان ھالىتىمنى كۆردۈم، گاھى كۈلدۈم، گاھى يىغلىدىم، گاھى قورقتۇم، گاھى مەيتۈن بولدۇم، ئەيتاۋۇر خىلمۇخىل ھېسسىياتتا بولدۇم، ئاخىر بايىقى بۇلاققا كەلگەندە ئاجايىپ رەڭدار - كۆركەم، جۇلالىق ھالىتىمنى كۆردۈم - دە، تەۋەككۈل قىلىپ سۈيىگە چۆمۈلدۈم، شۇ ھامان بەتبەشىرە ھالەتتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل قىياپەتكە كىرىپ تولىمۇ سۆيۈندۈم، ئەمدى كېتەي دەپ تۇرسام، بۇلاقتىن بويى بىر غېرىچچە كېلىدىغان قورچاقچىلىك بىر جىن چىقتى، ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى.

— بۇلاق سۈيىدىن ئىچىۋال، — دېدى ئۇ، — بۇلاقتا كۆرۈنگەن ۋە ھازىر ۋۇجۇدۇڭدا زاھىر بولۇپ تۇرغان گۈزەل قىياپىتىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ، بولمىسا ھېلىلا يەنە بۇرۇنقى بەتبەشىرە قىياپەتكە كىرىپ قالىسەن.

— راستىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ — دېدىمەن ئىككىلىنىپ.

— شۇنداق! — دېدى كىچىك جىن، — ھازىر دۇنيادا ھېچقانداق جانىۋار سەنچىلىك گۈزەل ئەمەس. سۇمۇرغ، توزلارمۇ سېنى كۆرسە ساڭا ھەۋەس قىلىدۇ. ئويلاپ باق، يەنە بايىقىدەك بەتبەشىرە ھالىتىڭگە قايتىپ قالساڭ ھەمراھلىرىڭنىڭ ئالدىغا قانداق بارىسەن، سېنى كىممۇ ياخشى كۆرىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدىم مەنمۇ ئۆز ئىچىمدە، — مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم شۇنداق بەتبەشىرە قىياپەتكە كىرىپ قېلىش تۇرسا......

شۇ ئوي بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىچتىم، لېكىن ئىچكەندىن كېيىنلا كۆزۈمگە بۇلاقتىكى ئەكسىمدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس بولدى، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەكسىگە بارغانسېرى مەھلىيا بولۇپ، قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىپ، سۆيۈنۈپ، بۇلاق بويىدىلا پىرقىراپ يۈرىدىغان بولدۇم، ھەتتا سىلەرمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپسىلەر.

شۇ چاغ بۇلاقتىن ئۇ ئېيتقاندەك قورچاقچىلىك بىر جىن چىقىپ:

— ئىچىڭلار، گۈزەللىك بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچىڭلار، جاھاندا

تەڭداشسىز گۈزەل رۇخسار، خۇش قامەتكە ئىگە بولىسىلەر، ئىچىڭلار، گۈزەللىك بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن ئىچىڭلار، پۇرسەت غەنىيمەت، كېيىن پۇشايمانغا قالماڭلار...... — دېدى چاڭىلداپ سۆزلەپ.
— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن، — بىز بۇلىقىڭنىڭ سۈيىگە موھتاج ئەمەسمىز.
— يوقال! — دەپ تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ھېلىلا ئۆزىنىڭغا ئېتىلىدىغاندەك غەزەپلىك ئەلپازدا، — نەچچە كۈندىن بېرى مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭمۇ يېتەر.
شۇ ھامان ئۇماققىنە كىچىك جىن تولىمۇ ياۋۇز تەلئەتلىك بەتبەشىرە ئالۋاستىغا ئايلاندى - دە، شاتۇتى مەلىكىگە تاشلاندى، بىراق پەخرىدىننىڭ سېھرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمەي قارا تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى، ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك بۇلاق بولسا بىر سېسىق سۇ ئازگىلى بولۇپ قالدى.
— كېتەيلى، — دېدى پەخرىدىن، — ھېچقايسى بۇلاققا قارىماڭلار! — ئاندىن ئۇ يەنە سېھرگەرلىك تايىقنى يەڭگىل سىلكىدى، بىر ئوت شار پەيدا بولۇپ ئۇلارغا يول باشلىدى.
ئۇلار ئاخىر غار يولىغىمۇ كىردى، تۆت يولنىڭ تۇتاشقان يېرىگىمۇ يەتتى، ئاندىن تۆت يولنىڭ تۇتىششىدىن ھاسىل بولغان بەشىنچى يولغا كىردى. بىراق، بۇ يولدا يەنە كۆپ مۇشكۈلاتلارغا يولۇقۇپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئوت شارىغا ئەگىشىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر مەھەلدە بىر سارايغا چىقىپ قالدى.
سارايىنىڭ تاملىرى قارا گىرانىت تاش ئىدى، ھەممە يېرىدە ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان قارا تۇتەك - تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى. تورۇسقا بەش دانە باش سۆڭەكىدىن ھاسىل بولغان چىراغدان ئېسىلغان، باش سۆڭەكلىرىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن سوزۇلۇپ چىققان پىلىكلەر پىلىلداپ كۆيۈپ، سارايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.
شۇ چاغ سارايىنىڭ تۆرىدە يانپاشلاپ ياتقان يىرتقۇچ ھايۋان تەخت ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر يالماۋۇز موماي ئايان بولدى.

— قارشى ئالىمەن، قارشى ئالىمەن، — دېدى ئۇ قېقىلداپ كۈلۈپ، — كېلىڭلار قوزىلىرىم، بۇگۈن ناشتىلىقسىز قالغانىدىم، ئۆز ئايىغىڭلار بىلەن كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ كالاچىتەك ئاغزىدىن ئىس پۈۋلىدى، شۇ ھامان شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۆشۈك خان قىزلارنى بىر قارا ئوت قاپسىۋالدى، بىراق پەخرىدىنگە كار قىلمىدى.

پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالدى، ھەمراھلىرىنى قاپسىۋالغان ئوت غايىب بولۇپ، ئۇلار دەرھال پەخرىدىننىڭ كەينىگە ئۆتىۋالدى.

— قالتىس، قالتىس! — دېدى يالماۋۇز موماي يەنە قېقىلداپ كۈلۈپ، — بۈگۈن ھەقىقىي رەقىبىمگە دۇچ كەلگەندەك قىلىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ يولۋاستەك بىر قارا مۆشۈككە ئايلاندى ـ دە، پەخرىدىنگە ئېتىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت، بۇرۇنلىرىدىن تۈتەك پۈركۈلۈپ تۇراتتى. قۇيرۇقى ئورنىدا بىر زەھەرلىك يىلان كۈشۈلداپ، سويلاپ تۇرسا، ھەربىر تال مويىدىن زەھەر تېمىپ، چۈشكەنلا يەرنى پېژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ، ئويۇپ كىرىپ كېتەتتى. ھىڭگىيىپ تۇرغان خەنجەردەك چىشلىرى بولسا ھېلىلا چايناپ پۈركۈۋېتىدىغاندەك ۋەھىمە سالاتتى، تىرناقلىرى بولسا پولات ئارىدەك ئىدى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىدىن مۆشۈك خان قىزلارمۇ خېلىلا ئەيمىنىپ، شۈمشىيىپ قېلىشتى، شاتۇتى مەلىكىنىڭ پەيلىرى ھېلىلا تۇزۇپ كېتىدىغاندەك تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ھۇرپىيىپ، تېنى جۇغۇلدىماقتا ئىدى.

پەخرىدىن چاققانلىق بىلەن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن نۇر چاقناپ، قارا مۆشۈك دەرھال چېكىندى، ئاندىن ئۇ توققۇز باشلىق قارا يىلانغا ئۆزگەردى، توققۇز ئاغزىدىن تەڭلا زەھەر پۈركۈدى. بىراق، پەخرىدىننىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇردىن ئەينەكتەك بىر سۈزۈك قالقان پەيدا بولۇپ، پۈركۈلگەن زەھەرنى قايتۇردى، قارا يىلان تۇرۇپلا يەنە ئۈچ باشلىق، ئالته بىلەكلىك دىۋىگە ئايلىنىپ ئېتىلىپ كەلدى. بىراق، يەنىلا پەخرىدىننىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇرغا دۇچ كېلىپ

چىكىندى. پەخىردىن ئەمدى ئۆنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن، ئۆزلەشتۈرگەن ئەپسۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يالماۋۇز موماينى يوقىتىشقا تىرىشتى. شۇ ھامان سېھىرگەرلىك تايىقىدىكى ئالماس يۇلتۇزدىن دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر يىرتقۇچ ھايۋان چىقىپ كەلدى - دە، يالماۋۇز مومايغا ئېتىلدى، يىرتقۇچنىڭ تېنى شىردەك كېلەتتى - يۇ، لېكىن مويلىرى تۆمۈر تىكەن، چىشلىرى خەنجەر، تىرناقلىرى قاسساپنىڭ ئىلغىسىدەك، تەلەتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۈچ باشلىق دىۋە ئالتە قولىغا ئالتە خىل قورال ئېلىپ، ھەممىسىنى تەڭلا ئىشقا سالدى. لېكىن، يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ بىر تال مويىغىمۇ كار قىلمىدى، يىرتقۇچ مەخلۇق بولسا چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ، دىۋىنىڭ گېلىدىن چىشلىدى - دە، نەچچە پارچە قىلىپ، يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئۆنىڭ قورسىقىدىن يالماۋۇز مومايىنىڭ نالە - پەريادلىرى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى، يىرتقۇچ ھايۋان بولسا ساراي ئىچىنى نەچچە ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، پەخىردىنگە قاراپ بىر چەكچىيىپ قويۇپ، كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ئاسلاندەك بولۇپ، سارايدىكى بىر كامارغا كىرىپ غايىب بولدى.

— ئۇ نېمانچە ۋەھشىي مەخلۇق - ھە، خوجايىن، — سورىدى شاتۇتى مەلىكە تىترەپ تۇرۇپ، — بىزنىمۇ يەپ قويامدىكىن دەپ بەك قورققاندىم.

— ئۇ مەن «سىرلىق ئەپسۇنلار توپلىمى» دىن ئۆزلەشتۈرگەن بىر ئەپسۇننى ئوقۇغاندا پەيدا بولدى، — دېدى پەخىردىن، ئۆنىڭمۇ شۇ تاپتا چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

شۇ چاغ ئۆنىڭغا «سىرلىق ئەپسۇنلار توپلىمى»نى ئېلىشقا دەۋەت قىلغان ياۋۇز تەلئەتلىك سېھىرگەرنىڭ سىيماسى غىل - پال پەيدا بولدى - دە:

— سىرلىق ئەپسۇنلارنى ئىشلىتىشكە تېخى نائۇستىكەنسەن يىگىت، — دېدى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۆنى ئىشلەتكۈچى تاش يۈرەك، زالىم، دۈشمەنلىرىگە مېھىر - شەپقەت دېگەن نەرسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان، ھەرقانداق پاجىئەگىمۇ قىلچە پىسەنت

قىلمايدىغان بولۇشى كېرەك. بىراق، سەن ئۇنداق بولالمايدىكەنسەن، شۇڭا سىرلىق ئەپسۇنلارنى كۆپ ئىشلەتمە، پەقەت ئامال بولمىغاندا ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، بولمىسا سېھرىي كۈچنى تىزگىنلىيەلمەي، ئۆزۈڭمۇ بالاغا قالغۇدەكسەن.

پەخرىدىن ئۇندىمەستىن باش لىڭشىتتى. شۇ هامان سېھرگەر-نىڭ سىيماسى غايىب بولدى. شۇ چاغ سارايىنىڭ تام - تورۇسلىرى چاراسلاپ يېرىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغىلا كۆمتۈرۈلىدىغاندەك بىر هالەت زاهىر بولدى.

— قانداق قىلىمىز خوجايىن، — دېدى هەمراهلىرى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ.

پەخرىدىن دەرهال سېھرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، ئۇنىڭدىن بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز پەيدا بولۇپ، ساراي تېمىنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. پەخرىدىن هەمراهلىرى بىلەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئەگەشتى. ئۇلار يېقىنلاشقان هامان يېرىق يوغىناپ يەنە بىر لەخمە يولى پەيدا بولدى، ئۇلار لەخمىگە چىققان هامان سارايمۇ گۈمۈرۈلۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. خارابىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە گۈلدۈر - قاراسلىغان، نېمىلەرنىڭدۇر سۇنغان، چېقىلغان، پارتلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى، ئارقىدىن ئۇلار چىققان لەخمىمۇ بىر باشتىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— تېزرەك قاچايلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە هودۇقۇپ، — كۆمۈلۈپ قالمايلى يەنە.

تۆتەيلەن بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى، سەللا توختاپ قالغۇدەك بولسا لەخمە ئۈستى ئۇلارنىڭ بېشىغىلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار هاسىراپ - هۆمۈدەپ، هېرىپ - چارچاپ كەتسىمۇ زور چىدام - غەيرەت بىلەن يۈگۈردى، خۇددى مۇسابىقىلەشكەندەك يۈگۈردى. يۈگۈرۈشتە مۈشۈك خان قىزلار تولىمۇ چاققان، شاتۇتى مەلىكە بولسا پالاكەترەك ئىدى، هېلىلا كەينىدە قېلىپ، خەتەرگە يولۇقىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئاخىر پەخرىدىن كېتىۋېتىپ شەكىل ئۆزگەرتىش ئەپسۇنى ئوقۇدى. شاتۇتى مەلىكە شۇ هامان ئالتۇن تاجلىق

بىر مۈشۈككە ئۆزگەردى ـ دە، مانا ئەمدى ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، بىراق مۈشۈككە ئۆزگەرگىنىگە نارازى بولغانىدەك خېلىغىچە غۇدۇراپ ماڭدى.

ئۇلار شۇ ھالدا يېرىم كۈندەك لەخمىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ، ئاخىر لەخمىنىڭ بېشىغىمۇ يەتتى، ئەمما چىقىپلا ئۆزلىرىنى توختىتىشقا ئۈلگۈرەلمەي، كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇققا موللاق ئاتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# قورقۇنچلۇق سىرلىق دېڭىز

تۆۋەندە قارا بۇلۇت، كۆل رەڭ تۇتەك ـ تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭمۇ تۆۋىنىدە بولسا نېمە بارلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، لېكىن شۇ چاغ مۇشۇك خان قىزلار قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇچۇپ كەلگىنىچە پەخرىدىننىڭ ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇۋالدى، پەخرىدىن سېھرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، نۇر چاقنىغان ھامان شاتۇتى مەلىكە مۇشۇك سىياقىدىن ئەسلىي شاتۇتى ھالىتىگە قايتتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئۇ پەخرىدىننى يەنە دۈمبىسىگە مىندۈرۈۋېلىپ، — سىرلىق دېڭىزغا يەتكەندەك قىلامدۇق نېمە خوجايىن؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، — دېدى پەخرىدىن تۆۋەنلىگەنسېرى، تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز ۋە تىك قىرغاقلارغا ئۇرۇلغاندىكى شاۋقۇن ئاۋازىنى تىڭشاپ.

شۇ چاغ بۇلۇت ـ تۇمانلار ھەر تەرەپكە تاراپ، تۆۋەندىن لوڭڭىدە چوڭ بىر يىرتقۇچ مەخلۇق كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇركۈپ، ھودۇقۇپ كەتكەن شاتۇتى مەلىكە ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ پەخرىدىننى تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— مېنى يەم قىلىپ بەرگۈڭ بارمۇ ـ نېمە؟ — دېدى پەخرىدىن چېقىشىپ.

— توۋا دەڭ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە قىيىدىغاندەك، — مېنى شۇنداق بەتنىيەت چاغلامسىز، — ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا تۆۋەندىن

يەنە بىرسىدىن بىرسى يوغان ۋە غەلىتە يىرتقۇچ مەخلۇقلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار بار كۆچى بىلەن ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپ ئامان قالدى.

— قانداق قىلىمىز خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە جىلى بولۇپ، — بەك ئېگىز ئۇچساق تۆۋەندە نېمىلەر بارلىقىنى كۆرەلمىسەك، تۆۋەنلەپ ئۇچساق يىرتقۇچلارغا يەم بولۇش خەۋپى تۇرسا، تازىمۇ بىر ئىش بولدىغۇ بۇ؟ مەنزىلىمىزنى تېپىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغاندەكلا.

پەخرىدىن ئىچىدە غەلىتە مەخلۇقلارغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن نۇر چاقنىدى، لېكىن سىرلىق دېڭىز مەخلۇقلىرى سەللا ئۈركۈدى خالاس، لېكىن تازا ئۈنۈمى بولمىدى، بەلكى ئۇلار غالجىرلاشقاندەك ئارقا - ئارقىدىن تېخىمۇ ئېگىز ئوقچۇپ چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم باشلىدى.

— سېھىرگەر ئەۋلىيا سىرلىق دېڭىز مەخلۇقلىرىنىڭ باشقا غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بەك ياۋۇز، قورقۇنچلۇق ئىكەنلىـكىنى، تاقابىل تۇرماقنىڭ بەسى مۇشكۈللىكىنى ئېيتقانىدى، — دېدى قورقۇپ جان - پېنى چىقايلا دەپ قالغان شاتۇتى مەلىكە، — ئۇلار راستىنلا بەك يامانكەن خوجايىن.

— قانداقمۇ قىلارمىز، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ قايغۇـ رۇپ، — بۇيەردىكى ھەممىسى بىزگە ھازىرغىچە يولۇققان غەلىتە مەخلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ ۋەھشىيلىرى ئىكەن، ھەتتا خوجايىنىنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىمۇ كار قىلمىدى.

پەخرىدىن ئۈندىمەستىن ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، سېھىرگەرلىك تايىقىنىڭ ئۇچىدىن ئالىيېشىل تۇتەك - تۇمان چىقىپ، تۇتەك - تۇمانلار ئارىسىدىن يەنە تاۋۇزدەك - تاۋۇزدەك يالماۋۇز باشلار، ئۈچ باشلىق ئەجدىھالار، قوش باشلىق يىرتقۇچ قۇشلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئەپتى - ئەڭگىزى، قان - يىرىڭ تېمىپ تۇرغان يىرگىنچلىك ئېغىزلىرىغا قاراپ، پەخرىدىنمۇ، ھەمراھلىرىنىمۇ سۈر

باستى، سۆزلەپلا تۇرىدىغان شاتۇتى مەلىكىمۇ جىمپلا قالدى.

ئالاھازەل ھېلىقىلاردىن ئۇن نەچچىسى چىققاندىن كېيىن، تۇتەك - تۇمانلار غايىب بولدى - دە، ئۇلار بىر توپ غالجىر ئىت ھاۋشىغاندەك يېقىمسىز ۋە دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ تۆۋەنگە شۇڭغۇدى. خۇددى ئۇلاردىن ئۈركۈگەندەك تۇتەك - تۇمانلارمۇ تارىلىپ كېتىپ، بىر دېڭىز يۈزى ئايان بولدى، بىراق بەكمۇ تۆۋەندە ئىدى، شۇڭلاقىمۇ تاغدەك - تاغدەك دولقۇنلاپ داۋالغۇشلىرى كۆرۈنۈپ، قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پەخرىدىن سېھىر بىلەن پەيدا قىلغان يىرتقۇچلار دېڭىز يۈزىگە يېقىنلاشقان ھامان يەنە دېڭىزدا شىددەتلىك قايناملار ھاسىل بولۇپ، قايناملاردىن تاغدەك - تاغدەك يوغان بەستلىك غەلىتە مەخلۇقلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ھەممىسى ئاسماندىن چۈشكەن لوقمىلارنى يۇتۇش قەستىدە ئىدى، بىراق ئۇيلىمىغان يەردىن ھېلىقىلار دېڭىزدىن چىققانلا مەخلۇقنى چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە خامتالاش قىلىپ، سۆڭەك - قىلتىرىقلىرىنىمۇ قالدۇرماي يىغىشتۇرۇپ بولدى، ئاندىن يېڭىدىن - يېڭى ئولجىلارغا تاشلاندى.

پەخرىدىن «ئۇلارنىڭ قارنىغا پۈتۈن دېڭىز مەخلۇقاتلىرى قاچىلانسىمۇ يەنىلا ھېچنېمە يېمىگەن - ئىچمىگەندەك بىر ھالدا يۈرەمدۇ نېمە» دەپ ئويلاپمۇ قالدى ھەم تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، ھېلىقى مەخلۇقلار ئۆزىدىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ھەسسە يوغان مەخلۇقلاردىن نەچچە ئوننى يېگەن بولسىمۇ تۇرقى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى.

توساتتىنلا دېڭىز يۈزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، لەختە - لەختە گۆشلەر بىلەن تولدى، بارا - بارا دېڭىزدىن چىقىدىغان غەلىتە مەخلۇقلارمۇ غايىب بولۇپ، ئەمدى ھېلىقىلار دېڭىز ئۈستىنى ئايلىنىشقا، ئۇلجا ئىزدەشكە باشلىدى، ئاخىر دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ قالغان گۆش پارچىلىرىمۇ قالمىدى، ئەمدى دېڭىز سۈيى ھەر تەرەپكە دولقۇنلاپ تارىلىشقا باشلىدى، ئۇلار گويا ھېلىقى مەخلۇقلاردىن قېچىۋاتقان غايەت چوڭ سۇ ئەجدىھالىرىدەكلا بىر ھالدا ئىدى، بىراق ھېلىقى مەخلۇقاتلار

قوغلاپ يۈرۈپ، دولقۇنلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى - دە، دېڭىزنى ئاسمان - پەلەك داۋالغۇتۇپ داشقازاندەك پورۇقلىتىپ قاينىتىۋەتتى، ھېسابسىز جانىۋارلارنىڭ ئۆلۈكى دېڭىز يۈزىنى بىرلا ئالدى.

پەخرىددىن قاتتىق چۆچۈپ، سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ھېلىقىلارنى يىغىشتۇرۇۋالماقچى، دېڭىزنى تىنچىتماقچى بولدى، بىراق ئەمدى ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى يەتمىدى، شۇنداقتىمۇ توختىماي ئەپسۇن ئوقۇپ تۇردى، بىر چاغدا ھېلىقى يىرتقۇچلار دېڭىزدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىشىپ، يەنە دېڭىز يۈزىنى ئايلىنىپ، جانىۋارلارنىڭ دېڭىز يۈزىنى بىرلا ئالغان ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئۆلۈكلىرىنى دەم تارتىشتى، دېڭىز سۈيىمۇ قوشۇلۇپ تۆۋەندىن سۇ ناسوسىدا پۈركۈلگەندەك ئۇلارنىڭ گېلىغا كىرىپ كېتىشكە باشلىدى - دە، ئاخىر خېلىلا پەسلەپ ئازىيىپ، ھەتتا بىرمۇنچە جايلاردا دېڭىزنىڭ تېگى ئېچىلىپلا قالدى.

«پۈتۈن دېڭىزنى قۇرۇتۇۋېتەمدۇ نېمە؟» دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك.

شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ، مۇشۇك خان قىزلارنىڭمۇ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ، ھېلىلا كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان، تەنلىرى كۈز شامىلىدا قالغان ياپراقتەك تىترەپ، تۈك - پەيلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قېلىشقانىدى.

— ھېلىلا موللاق ئېتىپ چۈشىدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە يىغلامسىراپ.

— بەرداشلىق بەر، — دېدى پەخرىددىن، — ھېلىقى يىرتقۇچلار ھېلىلا يوقىلىدۇ.

ئاخىر ھېلىقىلار دەم تارتىشتىن توختاشتى، لېكىن دېڭىزنىڭ دۆڭرەك يەرلىرىنىڭ تېگى پۈتۈنلەي ئېچىلىپلا قالغان، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئاراللار پەيدا بولغان، يوشۇرۇن خادا تاشلار مارجان تاش مۇنارلاردەك چوقچىيىپ چىقىپ قېلىشقانىدى، قالغان دېڭىز سۈيىدە بىرەر جانلىق مەۋجۇدات بارلىقى قىلمايتتى.

— ئۇلار بەك يامانكەن خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز

دۇدۇقلاپ، ــ ئەمدى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالماس - ھە؟

ــ ئۇنىداق بولماس، ــ دېدى پەخرىدىن ئىشەنچسىزلىك بىلەن، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ پېشانىسىدىن تەر تامچىلىرى چىپىلداپ تۆكۈلمەكتە ئىدى، يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەيتتى.

بىراق، ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ھېلىقى يىرتقۇچلار ئەمدى دېڭىزدا يېگۈدەك نەرسە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دېڭىزغا يۇقىرىغا قاراشتى - دە، پەخرىدىن بىلەن ھەمراھلىرىغا قاراپ خىرىس قىلىشتى. ھېلىلا ئېتىلىپ كېلىپ، بۇلارنىڭمۇ تىنتما - كاتىڭنى چىقىرىپ، خامتالاش قىلىدىغاندەكلا ئىدى.

ــ قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە يىغلامسىراپ.

پەخرىدىن يەنىلا ئۇندىمەستىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى چىڭ سىقىملاپ، يۈز بەرگۈسى خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى.

ــ غەيرەتلىك بول! ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئۇلار قورققانلىقىڭنى ھېس قىلىپلا قالسا تۈگەشكىنىڭ شۇ......

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سىرلىق ئەپسۇنلار تۇپلىمىنى ئېلىشقا دەۋەت قىلغان ھېلىقى ياۋۇز تەلەت سېھىرگەرنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى.

ــ چۈشەندىم، ــ شىۋىرلىدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ تەمكىنلىك بىلەن نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى بىر شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن كۈچلۈك نۇر چاقناپ، يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

ــ يوقىلىڭلار، تېز يوقىلىڭلار! ــ دەپ توۋلىدى پەخرىدىن قەھر بىلەن.

شۇ ھامان ھېلىقى يىرتقۇچ مەخلۇقلار تولغىنىپ - تولغىنىپ، چىرقىرىشىپ، ھۆركىرىشىپ، بىرھازا جان تالىشىپ، ئاخىر ھەممىسى تۈتەك - تۇمانغا ئايلىنىپ تاراپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ تۆۋەنگە موللاق ئاتتى، چۈنكى قورقۇنچىدا ئۇلارنىڭ قانات قاققۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى.

پەخرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى يەنە شىلتىدى، شۇ

هامان ئۇلارنىڭ ئاستىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت پەيدا بولۇپ ھەممىسى بۇلۇت ئۇستىگىلا چۈشتى. شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ سوزۇلۇپ يېتىۋېلىشتى.

— ئۇھ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، — قورقۇپ جېنىم چىقايلا دېدى، تا ھازىرغىچە ئۇلاردەك ۋەھشىي ياۋۇز مەخلۇقاتلارنى كۆرمەپتىكەنمەن، تېخى سىرلىق دېڭىز مەخلۇقلىرىنى ئەڭ يامىنى دەپ يۈرۈپتىمەن.

— بىز ئىلگىرى يولۇققان يىرتقۇچلارمۇ، يالماۋۇزلارمۇ بۇلارغا دۇچ كەلسە مۇشۇككە يولۇققان چاشقاندەك بولۇپ قېچىشتىن باشقىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغىدەك، — دېدى كۆك كۆز.

— ئەمدى دېڭىزدىكى سەپىرىمىز تىنچ داۋاملىشارمۇ؟! — دېدى يېشىل كۆز.

شۇ چاغ يىراق - يىراقلاردىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغان، شىددەتلىك بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا شۇ تەرەپتىن قارا بۇلۇت - تۇمانلار كەلكۈندەك يامراپ كېلىشكە باشلىدى.

— مانا ساڭا جاۋاب، — دېدى شاتۇتى مەلىكە تەئەددى بىلەن، ئاندىن ئىرغىپ تۇردى - دە، — ئۇستۇمگە مېنىڭ خوجايىن، يولغا چىقايلى، — دېدى پەي قاناتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

— ئۇچار ۋېلىسىپىتكە مىنسەممىكىن، — دېدى پەخرىدىن، — ساڭا بەك جاپا سېلىپ قويىدىكەنمەن.

— سىز ئۇچۇن قانچىلىك جاپا چەكسەم ئەرزىيدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە نارازى بولۇپ، — ئۇچار ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭ نەرى ياخشىكىن، بىلمىدىم، تېزلىكىمۇ ماڭا يەتمەيدۇ، مەندىن خۇشىڭىز كەتتىمۇ، يا.

پەخرىدىن ئەمدى ئارتۇق گەپ قىلمايلا شاتۇتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە چىقتى. مۇشۇك خان قىزلارمۇ دەرھال ئۇچۇشقا تەييارلاندى، يېڭى بىر خەۋپنىڭ شەپىسى ئۇلارغا يېڭىدىن كۈچ - غەيرەت بېغىشلىغاندەكلا ئىدى.

ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈچۈپ كەتتى، كەينىدىن قارا بۇلۇت - تۇمانلار دەۋرەپ كېلىۋاتاتتى، بەلكى ھېلىلا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى قاپسىۋالىدىغاندەكلا ئىدى.

پەخىرىدىن دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، قارا بۇلۇت - تۇمانلار چېكىنىدى، بىراق قارا بۇلۇت - تۇمانلار چېكىنگىنى بىلەن ئىچىدىن ھەددى - ھېسابسىز جىن - ئالۋاستى، يالماۋۇزلار چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قارا شەپەرەڭگە، بەزىلىرى ئۈچقۇر چاشقانلارغا، بەزىلىرى تازقارىلارغا ۋە بەزىلىرى پاشا، قارا ھەرىلەرگە مىنىۋالغانىدى. شەپەرەڭلىرى تېنى ئېيىقتەك، قانىتى كېمىنىڭ يەلكىنىدەك يوغان، چاشقانلىرى قاۋان توڭگۇزدەك چوڭ، پاشا، قارا ھەرىلىرىمۇ كارامەت يوغان مەخلۇقلار ئىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا خىلمۇخىل قورال - ياراغلار بار ئىدى.

مۇشۇك خان قىزلار دەرھال جەڭگە تەييارلاندى. شاتۇتى مەلىكىمۇ سېھىرگەرلىك تايىقىنى چىڭ قامالاپ، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشقا ھازىرلاندى، بىراق بايىقى جىن - ئالۋاستى، يالماۋۇزلار قوشۇنىنىڭ كەينىدىنلا توققۇز باشلىق ئۈچقۇر ئەجدىھا قوشۇلغان بىر قارا تۆمۈر ھارۋا چىققاندا بولسا، ئۇلارنىڭ غەيرىتى يەنە بوشىشىپ، قانات قېقىشلىرى ئاستىلاپ قالدى. چۈنكى، ھارۋىدا چاچ ئورنىدا زەھەرلىك يىلانلار باش سۆڭىكىنى تېشىپ چىققان بىر ئىسكىلىت كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن باش سۆڭىكى بېكىتىلگەن قارا تۆمۈر ھاسىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاماردەك كۆز، ئېغىز - بۇرۇن، قۇلاقلىرىدىن ئۆمۈچۈك ۋە چايانلار كىرىپ - چىقىپ، مىغىلدىشىپ يۈرەتتى.

— ئىسكىلىت يالماۋۇز ئىكەن، — دېدى يېشىل كۆز ھولۇقۇپ، — ئۇ يالماۋۇز شاھنىڭ رەقىبى، سېھىرگەر ئۇستازغۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دۈشمىنى، ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىكىنە، سېھىرگەر ئۇستاز بار ۋاقىتتا ئۇ يوقاپلا كەتكەنىدى، ئۇزاق زامانلارغىچە ئىز - دېرىكى بولمىغان.

— چوقۇم خوجايىننى كۆزلەپ كەلگەن گەپ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىق بىلەن، — يالماۋۇزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشەمدۇ نېمە؟

شۇ چاغ ئىسكىلىت يالماۋۇز ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان گۆلدۇرماما گۆلدۈرلەپ، ئاسماندىن مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرلەرنىڭ ھەر دانىسى ۋاسكېتبول توپىدەك كېلەتتى. بىراق، پەخرىدىننىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇر ئۇنىمۇ، ھەمراھلىرىنىمۇ خەتەردىن ساقلىدى.

ئىسكىلىت يالماۋۇز ئىككىنچى قېتىم ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان بىر تەرەپتىن سۇ ئەجدىھالىرى سۇ پۈركۈپ، بىر تەرەپتىن ئوت ئەجدىھالىرى ئوت پۈركۈپ، بىر تەرەپتىن قارا ئەجدىھالار بوران ـ چاپقۇن چىقىرىپ، بىر تەرەپتىن قوڭۇر ئەجدىھالار قۇم ـ تۇپراق، تاش ـ شېغىل سورۇپ، ئالەمنى مالەم قىلغۇدەك ھەيۋە بىلەن يېتىپ كېلىشتى. ئەمما، پەخرىدىننىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىكى ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر چەمبىرىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھەممىسى غايىب بولۇشتى.

ئەمدى ئىسكىلىت يالماۋۇز ئۈچار نەيزە، ئۈچار ئوقلارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى، بىراق بۇلارمۇ كار قىلمىدى، يەنە نۇرغۇن سېھىر ـ جادۇلىرىنى ئىشقا سالدى، بىراق پەخرىدىننىڭ بارمىقىدىكى سېھىرلىك ئۈزۈك ۋە ئۇ ئىشلەتكەن كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇش ئەپسۇنلىرى سەۋەبلىك مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئۆز قوشۇنىغا ئىشارەت قىلىشى بىلەن جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، توپ ئاۋازى گۈمبۈرلەپ، جىن ـ ئالۋاستى، يالماۋۇزلار قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— سىلەر ئۆزۈڭلەرنى مۇھاپىزەت قىلساڭلارلا بولىدۇ، — دېدى پەخرىدىن مۇشۇك خان قىزلارغا، ئاندىن ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، بىراق ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر ئىسكىلىت باشلىق ھاسىدىن تارالغان نۇر بىلەن ئۇچرىشىپ شىددەتلىك پارتلاش يۈز بەردى، پەخرىدىن سىرلىق ئەپسۇنلارنى ئىشقا سېلىشنى ئويلىدى، لېكىن يەنە ئاقىۋەتتىن قورقتى، باشقا ئەپسۇنلىرى بولسا ئىسكىلىت يالماۋۇزغا تەڭ كېلەلمىدى، كۆپ تىرىكەشتى، شۇ چاغ زادىلا ئىشلىتىپ باقمىغان چۈشۈن ئەپسۇنى

ئېسگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ هامان قولىدا بىر قاپاق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، هەددى ـ هېسابسىز چۈشن گىژىلداپ چىقىپ، بىرى ئون، ئونى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ كۆپىيىپ، بۇركۇتتەك يوغىناپ، ئىسكىلىت يالماۋۇزنىڭ لەشكەرلىرىگە تاشلاندى. ئالەمنى گويا چۈشن بالاسى قاپلىدى، ئارىدا كارامەت دەهشەتلىك ۋە قانلىق بىر جەڭ بولدى. ئاقىۋەت چۈشنلەر ئىسكىلىت يالماۋۇزنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يوقاتتى ـ دە، ئاندىن كىچىكلەپ، بۇرگىدەك ـ بۇرگىدەك بولۇپ، يەنە قاپاققا كىرىپ كېتىشتى، قاپاقمۇ غايىب بولدى.

تەنها قالغان ئىسكىلىت يالماۋۇز يەنە ئىسكىلىت باشلىق هاسىسىنى شىلتىغانىدى، شۇ هامان ئالەم ـ جاهاننى قىزىللىق قاپلاپ، هەممە تەرەپتە ئاسمان ـ پەلەك ئوت يالقۇنلىرى پەيدا بولدى، ئاسماندىن قىپقىزىل چوغ ـ لاۋا يېغىشقا باشلىدى. بىراق، پەخرىدىندىن بۇرۇن شاتۇتى مەلىكە سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالغانىدى، ئوت ـ لاۋا يېغىنى گۈل ـ چېچەك يامغۇرىغا ئايلىنىپ قالدى.

— مەن ئوتقا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، — دېدى ئۇ سۆيۈنۈش بىلەن، — ئەمدى كارامىتىمنى كۆرسىتىدىغان ياخشى پۇرسەت كەلدى.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا گۈل ـ چېچەكلەر بىردىنلا يىلان ـ چايان، قارا هەرە ...... دېگەندەك زەهەرلىك هاشاراتلارغا ئايلىنىپ قالدى. تۆۋەندىن ئوت يالقۇنلىرى ئوت ئەجدىهالارغا ئايلىنىپ، يەنە هۇجۇمغا ئۆتتى، شاتۇتى مەلىكە بولسا ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي تىلى تۇتۇلۇپلا قالدى.

ئەمدى پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالغانىدى، بىر بوران چىقىپلا زەهەرلىك هاشاراتلارنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئوت ئەجدىهالىرىمۇ غايىب بولدى. بىراق، شۇ پۇرسەتتە ئاسماندىن بىر تاغ غارقىراپ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنى بېسىۋالىدىغاندەكلا بىر هالەت شەكىللەندى. شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ئالاقزادە

بولۇشۇپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. بىراق، تاغ پەخرىدىنىنىڭ بېشىغا كېلىپلا قۇمغا ئايلىنىپ تۇزۇپ كەتتى، كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى، پەخرىدىنىنىڭ سېھىرگەرلىك تايىقىدىن نۇر چاقناش بىلەن تەڭلا، يەنە قۇم - توزانلارمۇ غايىب بولۇپ، ھاۋا سۈزۈلدى، ئۇنىڭغىچە بىر ئىسكىلىت قول كېلىپ پەخرىدىنىنىڭ بېلىدىن قاماللاپ ئالدى، پەخرىدىن دەرھال سېھىر قىلدى، ئىسكىلىت قول بىر قوناق شېخىغا ئايلىنىپ، قاراسلاپ سۇنۇپ كەتتى.

ئارىدا يەنە كۆپ جەڭلەر بولدى، ئەمما پەخرىدىنىنىڭ سېھىرىنى ئىسكىلىت يالماۋۇز قايتۇرۇپ تۇردى، ئۇنىڭ قىلغان سېھىر - جادۇلىرىمۇ پەخرىدىنگە كار قىلمىدى. ئاخىر ئىسكىلىت يالماۋۇز غەلىبە ئۈمىدى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، تىكىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇچار ئەجدىھانىڭ تىزگىنىنى تارتتى، ئۇچار ئەجدىھا كەينىگە قايرىلىپ، تۆمۈر ھارۋىسىنى سۆرەپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ، — ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، سىرلىق ئالەمگە ئاپەت بولىدۇ.

پەخرىدىن دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ، ئىسكىلىت يالماۋۇزنىڭ ئارقا مېڭىسىنى چەنلەپ ئاتتى، ئوق بارغانچە بېرىپ ئىسكىلىت يالماۋۇزنىڭ بېشىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، شۇ ھامان ئىسكىلىت باشتىكى ئوق تەگكەن تۆشۈكتىن ھەرىدەك بىرنېمە چىقىپ كەتتى، بىراق يەنە بىر ئوق ئۇنىمۇ جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى، مانا ئەمدى ئىسكىلىت يالماۋۇزنىڭ تېنى بوغۇم - بوغۇملىرىدىن ئاجراپ، بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى، ئارقىدىنلا لاپ قىلىپلا يالغىن ئېچىدە قېلىپ، بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندى. يالغىن ئىچىدىن نۇرغۇن ھايۋانات، ھاشارات، ئۇچار - قاناتلارنىڭ، جىن - ئالۋاستى، دىۋە - پەرىلەرنىڭ، ھەتتا گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ ئىسكەتىدىكى، تاش- داڭگال قىياپىتىدىكى نەرسىلەرنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرى ئۇچۇپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىشتى. ئاخىرىدا نەچچە ئون يالماۋۇزنىڭ ئەرۋاھىمۇ چىقىپ، ئاندىن ئوت ئۆچتى. توققۇز باشلىق ئۇچار ئەجدىھا بولسا، پەخرىدىنىنىڭ سېھىرى بىلەن توققۇز باشلىق بىر قۇشقاچقا

ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.
— بۇ مەلئۇن ئۆزىنىڭ يالماۋۇز قېرىنداشلىرىدىنمۇ بىرمۇنچىسىنى يېۋەتكەنىكەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — نېمىدېگەن ياۋۇز - ھە؟!
— سىرلىق ئالەم ئاخىر بۇ مەلئۇندىن قۇتۇلدى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار تەنتەنە قىلىشىپ.
ئەمدى ئۇلار بىمالال سەپىرىنى داۋام قىلدى، نۇرغۇن ئاراللارغا باردى، ھەممىسى دېڭىز سۈيى پەسلىگەندە پەيدا بولغان يېڭى ئاراللار بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق يېڭى ئەھۋال يوق ئىدى.
— غېرىب ئارال زادى نەدىدۇ؟ — دېدى پەخرىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ يۈرۈپ ئىزدەپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن جىلى بولۇپ، ئۇنىڭ يول تېپىش سېھرى بۇ يەردە ئىشلىمىگەنىدى.
شۇ چاغ سامادىن بىر قارا يۇلتۇز سارقىپ چۈشۈپ، ۋىژىلداپ بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.
— قوغلايلى! — دېدى پەخرىدىن.
شاتۇتى مەلىكە ۋە مۇشۇك خان قىزلار بار كۈچى، جان جەھلى بىلەن قارا يۇلتۇزنى قوغلاپ ئۇچتى. ساق ئۈچ سوتكا ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە توختىماي قوغلاپ يېتىشۋالاي دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىنى شەكلى، ھالىتى غەلىتە بۇلۇتلار توستى، قارا يۇلتۇز شۇ بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ غايىب بولدى.
پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، غەلىتە قىياپەت - ىتىكى بۇلۇت - تۇمانلار بىرھازاغىچە پورۇقلاپ قاينىغاندەك بىر ھالەت پەيدا قىلىپ، ئاخىر ئاستا - ئاستا تاراپ كەتتى. يىراقلاردا قويۇق تۇمان ئىچىدىن بىر ئارال غۇۋا كۆرۈندى. بۇ تەرەپ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرى بولسا كېرەك، باشقا جايلاردا دېڭىزنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەرەپتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى.
— تاپتۇق! — دېدى پەخرىدىن خۇشال بولۇپ.
— قانداق بىلدىڭىز خوجايىن، — سورىدى شاتۇتى مەلىكە ئەجەبلىنىپ.
— ئۇنىڭ بۇ كەڭ بىپايان دېڭىزدا يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىنى

كۆرمىدىڭمۇ، ــ دېدى پەخىرىدىن، ــ ئىلگىرى كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىرلىق ئەپسۇندىن پەيدا بولغان مەخلۇقاتلار، دېڭىز سۈيىنى سۈمۈرۈۋالغاندا پەيدا بولغان يېڭى ئاراللار ئىدى.

ــ ئۇنداقتا يېتىپ كەپتۇق - دە! ــ چۇرقىرىشىپ كەتتى مۇشۇك خان قىزلارمۇ خۇشال بولۇپ.

ئۇلار شۇ خۇشاللىقىدا غەيرەتلىنىپ تېخىمۇ تېز ئۇچۇشقا تىرىشتى، ھەممىسى ئارالغا قونۇشقا شۇنچە تەقەززا ئىدى، بىراق قېرىشقاندەك ھېلىقى ئارال بىلەن ئارىلىقى پەقەتلا قىسقارمىدى، ھەرقانچە تېز ئۇچقانىدىمۇ ئارالغا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغاندەك، ئۇلار قانچىلىك يېقىنلاشسا ئارالمۇ شۇنچىلىك يىراققا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەكلا ئىدى.

ــ توختا! ــ دېدى پەخىرىدىن ئاخىر جىلى بولۇپ، ــ بۇنداق ئۇچقانىنىڭ پايدىسى يوق.

ــ قانداق قىلىمىز؟

پەخىرىدىن ئۇنىدىمەستىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، ئالماس يۇلتۇزدىن بىر ئوت شار چىقتى - دە، بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

ــ ئەگىشەيلى! ــ دېدى پەخىرىدىن.

ئوت شارى گاھ ئۆڭغا، گاھ سولغا، گاھ كەلگەن تەرەپكە، گاھ ئالدىغا ئۇچۇپ، خۇددى بىر سىرلىق ئوردا ئىچىدە كېتىۋاتقاندەكلا يول باشلىدى.

ــ ئۇ نېمىشقا ئۇدۇل يولغا باشلىمايدىكىنە، ــ دېدى بېشى ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالغان شاتۇتى مەلىكە.

پەخىرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقىنى يەنە شىلتىغانىدى، شۇ ھامان دېڭىز ئاسمىنىدىن بىر تۇتەك - تۇمان تارالغاندەك بولۇپ، بۇلۇت - تۇمانلار ئارىسىدا تولىمۇ ئەگرى - توقاي يوللارنىڭ بارلىقى ئايان بولدى. يوللارنىڭ ئىككى تەرىپى گويا بۇلۇتتىن ھاسىل بولغان سېپىل ئىدى.

ــ ئەجەب بايا بۇ بۇلۇت - تۇمانلار ئۇچرىمىغانىدى، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە ھەيران بولۇپ.

— بەلكىم، — دېدى پەخرىدىن، — ھەقىقىي غېرىب ئارالغا ماڭغانلارغىلا بۇ توسۇق تاملار ئۆچرىسا كېرەك. ھېلىقىدەك ئېزىتقۇ ئارالغا ماڭغانلارنى بولسا ھېچنېمە توسمايدىكەن، بۇمۇ بىر تىلسىمات دۇنياسى ئوخشايدۇ.

— بۇلۇت سېپىلغا تېگىپ كەتسەك نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە قىزىقىپ.

— ۋاي! — دەپ قالدى شۇ چاغ يېشىل كۆز مياۋلاپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى بۇلۇت سېپىلغا يېپىشىپ قالغانىدى، ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ئاجرىمىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە چۆچۈپ، — ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك، بىچارىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسۋېتىشكە توغرا كېلىپ قالامدۇ نېمە؟

پەخرىدىن سېھرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، كۆرۈنمەس بىر قول تارتقاندەكلا يېشىل كۆزنىڭ قۇيرۇقى بۇلۇتتىن ئاجرىدى، لېكىن بىرمۇنچە قۇيرۇق مويلىرى بۇلۇتقا چاپلىشىپ قالدى.

— ھېلىمۇ ياخشى قۇيرۇقۇڭنىڭ ئۇچى سەللا تېگىپ كەتكەنىكەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ۋايساۋاتقان يېشىل كۆزگە تەسەللى بېرىپ، — باشقا يېرىڭ تېگىپ كەتكەن بولسا قانداق قىلاتتۇق، ئەمدى قۇيرۇقۇڭنى پۇلاڭشىتماي تۇر.

ئۇلار بۇلۇتتىن ھاسىل بولغان تام - سېپىللار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ئۇچتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئاندىن بۇلۇت - تۇمانلاردىن خالىي، ئاسمىنى سۈپسۈزۈك بىر بوشلۇققا چىقتى، يىراق چىققان ھامان تۆۋەندىن بىر كۈچ ئۇلارنى ماگنىتتەك تارتىشقا باشلىدى، يىراقتا بولسا دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ چىققان مۇناردەك بىر ئارال كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىختىيار تىزگىنىنى قولدىن بېرىپ قويغاندەك شىددەت بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى، تۆۋەندىكى دېڭىز يۈزى قارىغان كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەھشەتلىك قاينام ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەكلا بىر ئەلپازدا ئىدى. ۋەھىمىگە چۈشكەن

شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار چۇرقىرىشىپ كەتتى. قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە تىرىشتى، ئەمما كار قىلمىدى.

— سېھىرگەرلىك تايىقىڭنى دەرھال ئىشقا سال، — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە، — سەن سۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسۇنلار توپلىمىنى ئۆزلەشتۈرگەنغۇ، تېز بول، سىناپ باق!

— راست، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئېسىگە كېلىپ، ئاندىن ئۇ ئاغزىغا كەلگەنلا بىر ئەپسۇننى ئوقۇدى. سېھىرگەرلىك تايىقىدىن قىپقىزىل رەڭدار شارلار چىقىپ دېڭىز يۈزىنى بىر ئالدى، بىراق ھايالسىزلا ھەممىسى قايىنامغا يەم بولدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يېشىل كۆز تەقەززالىق بىلەن، — ھازىر شار ئوينايدىغان ۋاقىتمۇ؟

— ھولۇقۇپ ھېچ نەرسىنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— تېزرەك ئەسلىگە! — دېدى كۆك كۆز.

— جىددىيلەشتۈرمەڭلار، — دېدى پەخرىدىن.

شاتۇتى مەلىكە يەنىلا جىددىيلەشكىنىدىن ئوقۇيدىغان ئەپسۇننى ئېسىگە ئالالمىدى، ئۇلار بولسا قايىنامغا يېقىنلىشىپلا قالدى. قايىنام ئەتراپىدا نەچچىلىگەن كۆزلەر ئۇلارغا چەكچىيىشىۋاتقاندەك ھالەتلەر پەيدا بولدى.

— دىققىتىڭنى يىغ، — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىنى يەپىلەپ، — كىرەكلىك ئەپسۇننى چوقۇم ئېسىڭگە ئالالايسەن، تۆۋەنگە قارىما.

شاتۇتى مەلىكە ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر ئەپسۇننى ئوقۇدى، شۇ ھامان قايىنام بىر فونتانغا ئايلىنىپ، دېڭىز سۈيى شارىدە يۇقىرىغا چىچىلدى، چېچىلغان سۇنىڭ كۈچىدە ئۇلار ھەرھالدا خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، لېكىن ھەممەيلەن سۇغا چىلىشىپ كەتتى.

— يەنە قاملاشتۇرالمىدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەيۇسلىنىپ.

— بىراق، ھەر ھالدا كۆز ئالدىمىزدىكى خەتەردىن ئازراق

بولسمۇ قۇتۇلدۇق، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشى قۇرۇدى.
ئۇلار ئەمدى مەنزىلىگە قاراپ بىمالال ئۇچۇپ كەتتى، بىراق ئارىلغا ئازلا قالغاندا دېڭىز سۈيى بىردىنلا يەنە ۋاراقشىپ قايناپ كەتتى.
— پەخەس بولايلى! — دېدى پەخرىدىن جىددىيلىشىپ، — دېڭىز ئاستىدىكى ۋولقان ھازىرلا پارتلايدىغان ئوخشايدۇ.
شاتۇتى مەلىكە ۋە مۇشۇك خان قىزلار دەرھال بار كۈچى بىلەن تېز ئۇچتى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ بولۇشى شىددەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاسمانغا قىزىق سۇ، لاي - لاتقا ۋە لاۋا ئېتىلدى.
— ئۇھ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەرھالدا بۇ خەتەردىنمۇ ئامان قاپتىمىز.
بىراق، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دېڭىز سۈيى يەنە تۇيۇقسىزلا شىددەتلىك قايىنام ھاسىل قىلىپ، تۆۋەندىكى بىر ئورەككە كىرىپ كېتىشكە باشلىدى.
— دېڭىز سۈيىنى مۇشۇ ئورەك دەم تارتىپ بولامدۇ نېمە، — دېدى كۆك كۆز، — ئۇ تېگى يوق بىر ھاڭ بولسا كېرەك.
— بىزگە پۈركۈمىسىلا مەيلىغۇ، — دېدى يېشىل كۆز.
شۇ چاغ قايىنام غايىب بولۇپ، ئورەكتە سۇ بۇلدۇقلاشقا باشلىدى.
— تېز ئۇچۇڭلار! — دېدى پەخرىدىن، — راستتىنلا سۇ پۈركۈيدىغان بولدى.
ئۇلار تېز ئۇچتى، بۇ يەردىن سەللا يىراقلىغان ھامان، ئورەكتىن شىددەت بىلەن سۇ پۈركۈلدى. پۈركۈلگەن سۇ بولسا ھاۋادىلا ئەجدىھا شەكلىگە كىرىپ ئۇلارنى قوغلىدى.
— تېز بول! — دېدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە، — سېھرىڭنى ئىشقا سال.
شاتۇتى مەلىكە دەرھال ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇپ، سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى. سۇدىن ھاسىل بولغان غايەت يوغان ئەجدىھا بىردىنلا ئۇنچە - مارجان بولۇپ چېچىلىپ كەتتى، ئۇلار ئەمدى ئارالغا بىمالال يېقىنلاشتى. شۇ چاغ يىراقلاردىن نېمىلەرنىڭدۇر ئارقىمۇئارقا

پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ سىرلىق ئالەمنىڭ بىر تەرىپى سۇس قىزىللىقتا پۈركەندى.

— ئۇ تەرەپتە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقاندۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئەنسىزلىنىپ، — گۈلستانى ئېرەمگە بىر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى پەخرىدىن، — گۈلستانى ئېرەم ئۇ تەرەپتىدەك قىلمايتتى.

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يالماۋۇز شاھنىڭ قورقۇنچلۇق كاللىسى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرۇن، كۆز - قۇلاقلىرىدىن دوزاخنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغاندەكلا قىپقىزىل ئوت يېنىپ تۇراتتى.

— كۈچ - قۇدرىتىم ئەسلىگە كەلدى، — دەپ توۋلىدى ئۇ يالماۋۇزلارغا ھەيۋە بىلەن، — ئۇچ ئاي توشتى، ئەمدى بىرىپ گەۋدەمنى تېپىۋالماقچىمەن، ماڭا ئەگىششكە جۈرئەت قىلالايدىغانلار ھەم ئەگىششنى خالايدىغانلار مېڭىڭلار! قورقۇنچاق، غەيرەتسىزلەر، ئەگىششنى خالىمايدىغانلار قېلىڭلار، تېز بىر قارارغا كېلىڭلار، سىرلىق دېڭىزغا بارىمىز.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقان ھامان تۈنجى بولۇپ ۋىجىك يالماۋۇز توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆچۈپ كەلدى - دە:

— مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرى، مەن ھەرقاچان ئالىيلىرىنىڭ سەممىي - ساداقەتمەن ئىتى، — دېدى خۇشامەت ئاھاڭىدا، — ئالىيلىرى باشلىغان ھەرقانداق يولدىن باش تارتمايمەن، ھەرقاچان ئالىيلىرىنىڭ سايىسىمەن.

— ياخشى! — دېدى يالماۋۇز كاللا بوغۇق ئاۋازدا، — بايىقى كارامىتىمنى كۆردۇڭلار، ئەمدى ھەرقانداق توسالغۇ مېنى مەقسىتىمگە يېتىش يولىدىن توسۇپ قالالمايدۇ. قېنى، ماڭا يەنە ئەگىشىدىغانلار بارمۇ؟

شۇ ھامان يالماۋۇزلار توپىدىن يەنە تۆت - بەش سەردار ئايرىلىپ چىقتى، غەلىتە مەخلۇقلاردىن بىر بۆلۈكى ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلدى، قالغانلار جايىدا مىت قىلىشمىدى.

— ياركاللا! — دېدى يالماۋۇز كاللا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن باشلىغان يولغا مېڭىشنى خالىمايدىغانلارمۇ خېلى باركىنا، يۈرىكى نېمانچە يوغىناپ كەتتى بۇلارنىڭ.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ شامال چىقاردى، شامالغا يولۇققان غەلىتە مەخلۇق، چەرەندە - پەرەندىلەر ھەممىسى بىردىنلا تاش ھەيكەللەرگە ئايلىنىپ، بۇ زېمىن غايەت زور سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىخانىسىغىلا ئوخشاپ قالدى. قارا بۇلۇت ئۈستىدىكى ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى خالىمىغان يالماۋۇزلار بولسا، سېھرىلىك شامالغا قارشى سېھىر ئىشلىتىپ ئامان قالدى، لېكىن ھامان قۇتۇلالمايدىغانلىقلىرىغا كۆزى يېتىپ:

— بىزنى كەچۈرۈۋەتسىلە ئالىيلىرى، سىرلىق دېڭىزغا بېرىشقا جۈرئەتسىزلىك قىپتۇق، بۇ ھەرگىز ئۆزلىرىگە ساداقەتسىزلىكىمىزدىن ئەمەس، بىز سىلى باشلىغان ھەرقانداق يولغا مېڭىشقا رازى، — دېيىشتى بۇلۇت ئۈستىگىلا تىزلىنىشىپ.

— ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ئالىيلىرى، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ شىۋىرلاپ، — ئۇلار ھازىر ئۆلۈمدىن قورقۇپ بويسۇنغاندەك قىلغان بىلەن، ھامان پۇرسەت تاپسىلا يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ، ئاڭلىشىمچە، بۇلار ئىسكىلىت شاھقا ئەگىشىش كويىدا يۈرۈۋېتىپتىمىش.

— بۇنىڭغا يول قويغىلى بولسۇنمۇ؟ — دېدى يالماۋۇز كاللا.

ئۇ شۇنداق دەپ ئاغزىنى مىدىرلىتىشقا باشلىدى، شۇ ھامان ئىلگىرىكىدىنمۇ قاتتىق ۋە دەھشەتلىك چاقماق چېقىلىپ، تۆت تەرەپتىن يەنە ئوت ئەجدىھالىرى پەيدا بولۇپ ئوت پۈركۈپ، ھېلىقى يالماۋۇزلارنىڭ خېلى كۆپىنى پارە - پارە قىلىپ، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى، يامانراقلىرىدىن بىرقانچىسى قاچتى. بىراق، ۋىجىك يالماۋۇز ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە قوغلاپ يېتىشىپ بېرىپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يالماپ يۇتۇۋەتتى، شۇ ھامان ساقلى يەنە نەچچە ھەسسە ئۆزىرىپ ئۆسۈپ بېلىگە يۆگەشتى، ھەر نەپەستە ئاغزى - بۇرنىدىن تۈتەك ۋە كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدىغان تولىمۇ

قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە كەلدى، ئاندىن ئۇ يالماۋۇز كاللىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ:

— كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى كۈچۈكلىنىپ، — كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ مۇناپىقلارنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم.

— ماڭايلى! — دېدى يالماۋۇز كاللا ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، — شۇ تاپتا ھەممىدىن بەك سىرلىق دېڭىزغا ئالدىراۋاتىمەن.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز يەنە ھەجىيىپ تۇرۇپ، — پىلانىمىز بويىچە ھېلىقى ئادەمزاتنىڭ نىشانغا يېتىشكە ئازلا قالدى، ئەگەر سەللا تەخىر قىلىسىلا بىزگە ئاۋارىچىلىك ئازراق بولاتتى. ئەگەر بىكار ساقلاپ تۇرۇشنى خالىمىسىلىرى زۇلمەتكە بېرىپ ئابىھايات بۇلىقىدىن سۇ ئەكەلگەچ تۇرساقمۇ بولىدۇ، ئۇ يەرگە بېرىشقا ئالىيلىرىدىن باشقىلارنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — بىراق، ھېلىقى ئادەمزاتنىڭ نىيىتى ئۆزگىرىپ قالامدۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم، ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى ئۆزگىرىپ قالسا بۇ مەن ئۈچۈن ئەجەللىك بىر خاتالىق بولىدۇ.

— كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن ئالىيلىرى، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز دەرھال، — ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چوقۇم سېھىرگەر ئەۋلىيانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ئۇنى بىز بەلگىلىگەن يولغا باشلايدۇ، پىلانىمىزنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئىشەنچىم كامىل، خاتىرجەم بولغايلا.

— ئۇلارنى ھەرۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇر، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر چاتاق چىقىپ قالسا تۇگەشكىنىڭ شۇ، تىرىك تۇرۇپلا جەھەننەم ئازابى تارتىسەن.

— جان رىشتىم ئۆزلىرىگە باغلانغان ئالىيلىرى، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — بوگۇنكى كۈنۈممۇ ئالىيلىرىنىڭ شاراپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ، بۇلارنى ھەرقاچان ئېسىمدە تۇتىمەن ھەم ھەرقاچان سىلى ئۈچۈن سەممىي - ساداقىتىم بىلەن جان پىدا قىلىمەن.

— ئۇنداقتا ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم، مەن ھازىرلا ماڭدىم، —

يالماۋۇز كاللا شۇنداق دەپلا بىر قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ، قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ يەنە، — مەن قايتىپ كەلگۈچە ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇڭلار، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاڭلاشتىڭمۇ؟ — تووۋلىدى يالماۋۇزلار ۋە باشقىلارغا ۋىجىك يالماۋۇز ھەيۋە بىلەن، — يالماۋۇز شاھ ئالىيلىرى ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈشنى تاپىلىدى.

— بىراق، نېمە ئىش ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بولمىسا، — دېيىشتى يالماۋۇزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ.

— بۇ ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان سىر، شۇڭا ھەممىڭلار مېنىڭ تاپشۇرۇقۇمنى ئورۇنلاشنى بىلسەڭلارلا بولغىنى، ھازىر شۇنداق پەرمان قىلىمەن، ھەممىمىز سىرلىق دېڭىزغا بارىمىز، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز.

— بىراق، بىزدە سىرلىق دېڭىزغا بارغۇدەك كۈچ - قۇدرەت بارمۇ؟! — سورىدى يالماۋۇزلاردىن بىرسى خاتىرجەمسىزلىنىپ، — ئۇ يەرگە بېرىش بىز ئۈچۈن جان بىلەن ئويناشقانلىق، ياخشىسى يالماۋۇز شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يوقاپ كەتكەن ئىسكىلىت شاھ شۇيەردە پەيدا بوپتۇمىش، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساقمۇ ھېچقايسىمىزغا ئامانلىق يوق.

— سەن ئۆكتە قوپماقچىمۇ، تەڭداشسىز يالماۋۇز شاھىمىزنىڭ پەرمان ئۈزۈكى قولۇمدا، ئەدەپ - جازايىڭنى بېرىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلمىسام بولمىغۇدەك، — ۋىجىك يالماۋۇز شۇنداق دەپلا، دەرھال ئۇنىڭغا قارىتىپ جادۇگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىدى، ھېلىقىسىمۇ چاققانلىق بىلەن جادۇگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىدى، ئىككى ھاسىدىن بالقىغان نۇر ئۇچرىشىپ، ئارىلىقتا چاقماق چېقىلىپ، ئوت يالقۇنلىرى چېچىلىشقا باشلىدى.

— قاراپ تۇرامسىلەر، — دېدى ھېلىقى يالماۋۇز تېرىكىشۋېتىپ ھەمراھلىرىغا، — بۇ قارا نىيەت ئەبلەخ تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ھەممىمىزنى يوقاتماقچى.

— گالۋاڭلىق قىلىشما، — دەپ ھەيۋە قىلدى بارغانسېرى

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەۋاتقان ۋىجىك يالماۋۇز پوپوزا قىلىپ، — ھەممىڭ بىر بولساڭمۇ ماڭا تەڭ كېلىشەلمەيسەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىرىڭ ئۆز پۇتۇڭغا پالتا چاپقانلىق بولىدۇ خالاس، ئەقىل - ھوشۇڭ بىلەن ئىش قىلىش.

— ھۇ يارىماس ئەبلەخ، — دېدى يالماۋۇزلاردىن بىرى ئۇنىڭغا تىل سېلىپ، — قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭدىن شۇم غەرىزىڭنى بىلىپ بولغانمىز، سەن يالماۋۇز شاھنىڭ قولى بىلەن بىزنى جايلاۋاتىسەن، ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈرۈۋاتىسەن، ئاخىر سىرلىق ئالەمگە ئۆزۈڭ خوجا بولماقچىمۇ، بۇنىڭغا بىز كۆزلىرىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇراتتۇقمۇ؟

ئۇ شۇنداق دەپلا جادۇگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىغانىدى، ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ ئەتراپىدا شۇ ھامان بىر قاپقارا نۇر چەمبىرىكى پەيدا بولۇپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلدى.

— بىرلىشەيلى! — توۋلىدى ھېلىقى يالماۋۇز ھەمراھلىرىغا، — سىلەرمۇ ئۇنىڭ باشقا ھەمشىرىكلىرىمىزگە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى كۆرگەنغۇ، بىر - بىرلەپ يەمچۈك بولۇشنى كۈتۈپ تۇرماقچىمۇ سىلەر؟!

— ياق! — شۇ ھامان باشقا يالماۋۇزلارمۇ غەزەپ بىلەن گۈرۈلدىگىنىچە تەڭلا جادۇگەرلىك ھاسىلىرىنى ۋىجىك يالماۋۇزغا شىلتىدى، رەڭگارەڭ نۇرلار تارىلىپ، ھەممىسى بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى. گاژ - گۇژ، غاژ - غۇژ...... قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، ھەر تەرەپتە چاقماق چېقىلدى، بۇلۇت - تۇمانلاردىن ئەجدىھادەك نەرە تارتقان ئاۋازلار ياڭراپ، تۆۋەندە تاغۇتاشلار پارتلاشقا، زېمىن بۆشۈك كەبى تەۋرىنىپ، چاك - چاك يېرىلىشقا باشلىدى، ھەممە تەرەپتە لاۋۇلداپ يانغىنلار پەيدا بولۇپ، ئاسمان يۈزى قىزىللىققا پۈركەندى، غەلىتە مەخلۇقلارمۇ يالماۋۇزلارنىڭ ئىشارىتى بىلەن تەڭ ۋىجىك يالماۋۇزغا خىرىس قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن سۇ، بەزىلىرىنىڭكىدىن ئوت، بەزىلىرىنىڭكىدىن زەھەرلىك تۈتەك پۈركۈلۈپ، بەزىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن قارا قۇيۇن، بەزىلىرىنىڭكىدىن قار - شىۋىرغان چىقتى، بەزىلىرى پەيلىرىنى ئوق قىلىپ ئاتتى، ئىشقىلىپ، ھەممىسى تەڭلا

ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ۋىجىك يالماۋۇزغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ۋىجىك يالماۋۇز بولسا دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئاغزى بېسىقماي ئەپسۇن ئوقۇپ تۇردى. ھېلىقىلار-نىڭ ھۇجۇمى كار قىلمىدى، بەلكى ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ بېلىگە يۆگەشكەن ساقىلى يېشىلىپ، ھەر تەرەپكە مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يىلان بولۇپ سوزۇلۇپ، غەلىتە مەخلۇقلار، چەرەندە - پەرەندىلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي چىرمىۋالدى - دە، چىشلەپ، بوغۇپ، نەشتەر سېلىپ...... ئۆلتۈردى ۋە ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇۋەتتى، ئارقىدىنلا يەنە يالماۋۇزلارغا ياماشتى. يالماۋۇزلار ھودۇقۇپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندى، شۇ پۇرسەتتە ۋىجىك يالماۋۇز تولۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ جادۇگەرلىك ھاسىسىدىن كۈچلۈك نۇر چاقناپ، باشقا يالماۋۇزلارنىڭ سېھىر - جادۇ قورالى بولغان ھاسىلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغان يالماۋۇزلار نائىلاج دەسسەپ تۇرغان قارا بۇلۇتلىرى ئۈستىگە موك چۈشۈپ باش ئۇرۇپ، يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشكە مەجبۇر بولدى، بىراق ۋىجىك يالماۋۇز پەرۋا قىلماستىن يەنە جادۇگەرلىك ھاسىسىنى شىلتىغاندى، شۇھامان يالماۋۇزلارنىڭ پۇت - قوللىرى قارا - كۆك نۇر چەمبىرى بىلەن چۈشىلىپ قالدى.

— ھۇ يارىماسلار! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — مېنىڭ شۇنچە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۆكتە قوپۇشتۇڭ - ھە، ئەمدى جېنىڭنى ماڭا تاپشۇرۇش، ئۆز ۋاقتىدا يالماۋۇز شاھ ئالدىدا ھەممىڭ مۆتىۋەرلەردىن ئىدىڭ، كۈچ - قۇدرەتتە مەندىن ئۈستۈن تۇرۇشاتتىڭ - ھە، شۇڭا دائىم مېنى ۋىجىك، ئاجىز كۆرۈپ كەمسىتىشەتتىڭ، ھاقارەتلەپ، بوزەك قىلىشاتتىڭ، ھەتتا قول ئاستىمدىكىلەرمۇ شۇ سەۋەبتىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشكەن، بۇ ماڭا بەك ئەلەم بولغانىدى، مانا ئەمدى ماڭا پۇرسەت كەلدى، مەندىن رەھىم - شەپقەت تىلەيدىغان، ماڭا باش ئۇرىدىغان ۋاقتىڭلارمۇ بولۇپ قالدىكەن، بىراق مېنىڭ ئەزەلدىن بىرەرسىگە رەھىم - شەپقەت قىلغىنىمنى كۆرۈشكەنمىدىڭ، بىز يالماۋۇزلارنىڭ دەل ياخشىلىقنى

بىلمەيدىغان، شەپقەتسىز، تاش يۈرەكلىكىمىز، قارا كۆڭۈللۈكىمىز تۈپەيلى يالماۋۇز بولۇپ قالغىنىمىزنى بىلىشمەيتتىڭمۇ، بۈگۈن سەنلەرنى سەنلەر زىيانكەشلىك قىلغان ئاجىزلارنىڭ، ئاق كۆڭۈل جانۋارلارنىڭ قارغىشى تۇتتى.

— سېنىمۇ ھامان قارغىش تۇتىدۇ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا سەن بىزدىنمۇ ئۆتە زەھەرخەندە ئىدىڭ، يالماۋۇز شاھ قايتىپ كەلسە سەنمۇ چوقۇم بىزدىنمۇ بەكرەك يامان ئاقىۋەتكە قالىسەن، چوقۇم!...... — ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يالماۋۇزلار ئەمدى يالۋۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى تىللاش - قارغاشقا چۈشتى، — بىز چوقۇم دوزاختا كۆرۈشىمىز، ساڭا شۇ يەردىن ئەڭ ياخشى ئورۇن ئېلىپ قويىمىز، سېنى شۇيەردە كۈتىمىز!......

— بىراق، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — سىلەر بىكار ئاۋارە بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن، يالماۋۇز شاھنىڭ كاللىسى ئابھايات ئېلىپ قايتقۇچە مەن ئاللىبۇرۇن......

ئۇ شۇنداق دەپ بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك تۆت ئەتراپىنى ھىدلاپ توختاپ قالدى، ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ يالماۋۇزلارنى بىردىن - بىردىن تۇتۇپ ئاغزىغا تىقتى، ئۇنىڭ كالاچتەك ئاغزى ھەر قېتىم بىر يالماۋۇزنى يەيدىغان چېغىدا چوڭ تاغارنىڭ ئاغزىدەك يوغىناپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن يالماۋۇزلارنىڭ نالە - پەرياد، قارغىشلىرى يىراقلارغىچە تارقىلىپ تۇردى، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلماي، جاۋغايلىرىدىن قاپقارا قان - يىرىڭلارنى ئېقىتىپ تۇرۇپ چايناپ يۇتتى، ئاخىر ھەممە يالماۋۇزنى يەپ بولغىنىدا بىردىنلا بەدىنى يەل بەرگەندەك يوغىناشقا باشلىدى - دە، يوغىناپ - يوغىناپ، تاغدەك بەستلىك بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ، ئاندىن ئالەمنى زىلزىلىگە سېلىپ، گۈمبۈرلىگەن سادا بىلەن تەڭ پارتلاپ كەتتى. شۇ ھامان ھاۋادا نۇرغۇنلىغان يالماۋۇزلار ۋە غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ، چەرەندە - پەرەندىلەرنىڭ روھ - ئەرۋاھلىرى پەيدا بولۇپ، ھەممىسى پارتلاشتىن كېيىن پەيدا بولغان چوڭلۇقى ئادەمنىڭ پاچىقىدەك بىر قاپقارا تۈكلۈك

قۇرتنى ئورنىۋالدى، قۇرتنىڭ بېشى يوغان، قۇيرۇقى ئىنچىكە ئىدى، كۆزلىرى پىيالىدەك كېلەتتى.

— توي، ئەسكىلىك قىلغانغا توي! نەپسانىيەتچىلىك قىلغانغا توي! بەتنىيەتلىك قىلغانغا توي!...... — ئەرۋاھلار تۇكلۇك قۇرتنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ، بىرھازاغىچە شۇنداق ئالىتاغىل تووۋلاشتى، ئاخىر تۇكلۇك قۇرتنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر شامال ئۇلارنى تۇتەك - تۇماندەك تارقىتىۋەتتى.

بىراق، ئۇ ئەمدىلا «ئۇھ!» دەپ تۇرۇشىغا يېنىدا تۇيۇقسىزلا توققۇز باشلىق چوڭ بىر يىلان پەيدا بولۇپ ئۇنى چىرمىۋالدى، سېھرىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان تۇكلۇك قۇرت سىياقىدىكى ۋەجىك يالماۋۇزغا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ناھايىتىمۇ قىيىنغا توختىدى، ئالاھازەل بىرەر سوتكىدەك ئېلىشىپ، ئاخىر ئۇ غالىب كەلدى. يىلاننىڭ توققۇز بېشىنى بىر - بىرلەپ چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ، ئەمدىلا تېنىنىمۇ يالماپ يۇتۇپ تۇرۇشى، تۇيۇقسىز يەنە بىر تۇتەك قۇيۇن پەيدا بولۇپ، قۇيۇن ئىچىدىن يالماۋۇز كاللا ئۇچۇپ چىقتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — گۇركىرىدى ئۇ تۇكلۇك قۇرتقا.

— ئۇلار خائىنلىق قىلدى ئالىيلىرى، — دېدى تۇكلۇك قۇرت يىغلامسىرىغاندەك، — سىلى كەتكەن ھامان ھەممىسى يۈز ئۆرۈدى.

— ئۇلار قېنى، سەن قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالدىڭ؟

— ئۇلارنى جازالاپ، ھەممىسىنى يوقاتتىم، بىراق ئاخىر ئۆزۈممۇ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

— يالغان! — ھۆركىرىدى يالماۋۇز كاللا قەھر بىلەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ دەھشەتلىك چىقتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، ئالەم زىلزىلىگە كەلدى.

— يالغان سۆزلەشكە ھەددىم ئەمەس، ھەددىم ئەمەس، — دېدى تۇكلۇك قۇرت تۇگۈلۈپ - تىترەپ تۇرۇپ.

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — مەن يىراقلىغان ھامان ئۇلارنى سىرلىق دېڭىزغا ئېلىپ بارماقچى بوپسەن، ئاندىن باھانە - سەۋەب تېپىپ، ئۇلارنى يوقىتىش كويىغا كىرىپسەن.

ئۇلارنىڭ كۆچ - قۇدرىتىنى ئۆزۈگگە مۇجەسسەم قىلىپ، ئۆزۈگنى كۆچلەندۈرمەكچى بوپسەن. نىيىتىڭ بەك قارا، تولىمۇ قۇۋ - ھىيلىگەر نىمىكەنسەن، ھەتتا مەنمۇ خېلىغىچە ساڭا ئالدىنىپ كەپتىمەن. ھۇ مەرەز، سەن قول ئاستىمدىكى ھەممىسىنىڭ كۆچ - قۇدرىتىنى ئۆزۈگگە يىغىۋېلىپ، سىڭۈرەلمەي، ئاقىۋەتتە مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان تۇرۇپ، يەنە ئۇلار مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى دەيسىنا، قارىنىڭ يېرىلغاندىكى ئاۋاز پۈتۈن سىرلىق ئالەمنى لەرزىگە سالدى، روھ - ئەرۋاھلارنىڭ قارغىشلىرى ھەممە تەرەپكە ئاڭلاندى، ھەتتا شۇنچە يىراققا كەتكەن مېنىمۇ غەپلەتتىن قۇتۇلدۇردى، ئەمدى سەنمۇ كۆرگۈلۈكۈگنى كۆرۈپ باق.

ئۇ شۇنداق دەپ بىرلا سىلكىنگەنىدى، شۇ ھامان قولىقىدىن قىسقۇچ پاقىدەك بىر قارا چايان چىقىپ، تېنى قارا ئالتۇندەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان، ئاجايىپ چوڭ بىر چايانغا ئايلاندى - دە، تۆكلۈك قۇرتنى قىسقۇچلىرىدا قىسىپ مىجىدى، تۆكلۈك قۇرتنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن قاپقارا قان - يىرىڭ ئېقىپ، ئىچىنىشلىق نالە - پەريادى جاھاننى بىر ئالدى، لېكىن ئۇ ئۆلمىدى، ئارقىدىن چايان تۆكلۈك قۇرتقا قاسساپنىڭ ئىلغىسىدەك نەشتىرىنى سانچىدى، تۆكلۈك قۇرت گاھ قىزىرىپ، گاھ سارغىيىپ، گاھ كۆكىرىپ، گاھ قارىداپ، خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ، ئېغىز - بۇرۇن، كۆز - قۇلاقلىرىدىن ئاليېشىل زەرداب ئېقىپ، تېنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى...... قارا چايان ئۇنى يەنە بولدى قىلماي خىلمۇخىل قىيناقلارغا ئالدى، يالماۋۇز كاللا بولسا تۆكلۈك قۇرتنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئاخىر ئۇ بىرلا پۈۋلىۋىدى، قارا چايان قولىقىغا ئۆچۈپ كىرىپ كەتتى، تۆكلۈك قۇرت بولسا ئۆتمىتۆشۈك پوستىلا قالغان ھالىتىدە قارا بۇلۇت ئۈستىدىن تۆۋەنگە، خەنجەر تىغىدەك قىرلىق تاشلار ئۈستىگە چۈشۈپ تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتتى، لېكىن ھايالسىزلا يەنە يالماۋۇز كاللىنىڭ پۈۋلەپ قويۇشى بىلەن تەڭ، بىر پۈتۈن بولۇپ مىدىرلاشقا باشلىدى.

— ھالىڭ قانداقراق؟ — سورىدى يالماۋۇز كاللا مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە تۆۋەنلەپ چۈشۈپ.

— تـوۋا قىلـدىم، — دېـدى تۆكلـۈك قـۇرت ئـارانغىنە ئـاۋاز چىقىرىپ.

— ئېيتە، ھېلىقى ئادەمزاتنى قەيەرگە باشلاپ قويدۇڭ؟

— ئـۇ بىـز دېيىـشكەن پىـلان بـويىچە كېتىۋاتـىدۇ، — دېـدى تۆكلۈك قۇرت ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

— يالغان! — تووۋلىۋەتتى يالماۋۇز كاللا يەنە غەزەپ بىـلەن، — تېخى بۇرنۇڭغا سۇ كىرمەپتۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ دەھـشىتىدىن يەنە چاقماق چېقىلىـپ، نەچچە-لىگەن قـورام تاشـلار تاراسـلاپ يېرىلىـپ پـارە - پـارە بولـۇپ چېچىلىـپ كەتتى، زېمىن سىلكىنىپ توختىدى.

— ھەددىـم ئەمەس...... — دېـدى تۆكلـۈك قـۇرت لاغىلـداپ تىترەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا ماڭا يول باشلا! — دېدى يالماۋۇز كاللا ئەمدى سەل پەسـكويغا چۈشـۈپ، ئانـدىن ئاغزىـدىن بىرھـازاغىچە ئىـس پۈۋلـدى، تۆكلـۈك قـۇرت ئىـس - تـۈتەك ئىچىـدە تىرىلىـپ، مـدىرلاپ قوپـۇپ، ۋىجىك يالماۋۇزغا ئايلاندى.

— ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز تىزلىنىپ باش ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— قۇدرىتىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلا بولىدى، — دېدى يالماۋۇز كاللا، — سەن مەلئۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بىز يالماۋۇزلار تائىپىسىدىن پەقەت سەن ۋە مەنىلا قېپقاپتۇق، بەزىلەر ھېلىقى ئادەمزاتنىڭ قولىدا يوقىلىپتۇ، ئۇنىڭ يوقاتقانلىرىغۇ ئوخشاشلا مېنىڭمۇ دۈشمەنلىرىم، ماڭا بويسۇنمايدىغان باشباشتاقلار ئىدى. بىراق، سېنىڭ يوقاتقانلىرىڭ بولسا مېنىڭ ئادەملىرىم، قانات - قۇيرۇقلىرىم، سەن ئۇلارنى قىرقىپ تۈگەتتىڭ، ئۇلار بولمىسا مەن كىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن، شاھلىقىمنىڭ نېمە مەنىسى؟

— ئەپۇ قىلغايلا ئالىيلىرى، — دېـدى ۋىجىك يالماۋۇز قايتا - قايتا بـاش ئـۇرۇپ، — كـالتە پەملىك قىپتىمەن، بىراق كامالى - قۇدرەتلىرى بىلەن يەنە بىر گۇرۇھ يالماۋۇز تائىپىسنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرۈش سىلى ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس.

— جۆيلۈمە! — تووۋلىدى يالماۋۇز كاللا ھۈرپىيىپ، — نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن، ئەمدى قېپقالغان ھەرقانداق بىر يالماۋۇز ياكى يىرتقۇچ مەخلۇقات، چەرەندە - پەرەندىلەرنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگىشكە رۇخسەت يوق، ھەتتا ئۇ ئەسلىدىكى بىزنىڭ قوۋمىمىزدىن بولمىسىمۇ، دۈشمەنلەشكەنلەردىن بولسىمۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن لازىم.

— چۈشەندىم ئالىيلىرى، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز ئورنىدىن تۇرۇپ، — مۇبارەك تەنلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، سىرلىق ئالەمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، تىرىك قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىمەن.

— ئەگىشىپ ماڭ! — دېدى يالماۋۇز كاللا ئەمدى ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، ئاندىن ئۇ قارا قۇيۇن بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

# قۇتۇلۇش يولى نەدە

بۇ چاغدا پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئارالغا يەتكەنىدى، ئارال دېڭىز يۈزىدىن نەچچە مىڭ غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بىر تاش تۈۋرۈككىلا ئوخشايتتى، ئەمما ئۇنىڭدا مىڭلىغان كامار بولۇپ، ھەر كامارنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇشقاچ پاتقۇدەكلا بار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ كامارلاردا سان-ساناقسىز قۇشقاچلار ياشايتتى، قۇشقاچلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالماس تۇمشۇق، تۆمۈر تىرناقلىق ئىدى، پەيلىرى بولسا قوش تىغلىق پىچاقنىڭ ئۆزى ئىدى.

پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئارالغا يەتكەن ھامان قۇشقاچلار كامار - كامارلاردىن ئۇچۇپ چىقىپ، قاغىدەك - قاغىدەك يوغىناپ، قارا بۇلۇتتەك ئارالنى قاپسىۋالدى، ئۇلارنىڭ ۋەھىمىلىك سايراشلىرى ئالەمنى بىر ئالاتتى، ئۇلار ھېلىلا ئېتىلىپ كېلىپ، چوقۇلاپ، تاتىلاپ، قاناتلىرىدا سوقۇپ، ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدىغاندەكلا بىر ئەلپازدا ئىدى.

ئۇلارغا قاراپ شاتۇتى مەلىكە تىترەشكە باشلىدى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ شۇمشىيىپ قېلىشتى، گەرچە ئۇلار قۇشقاچ تۇتۇش ماھىرلىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئارالنىڭ بۇ قۇشقاچلىرىنى تۇتۇش ئەمەس، بىرەر تال پېيىگە چېقىلىشمۇ ئەجەللىك خاتالىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى.

— بىر ئامال قىلىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ.

— پەخرىدىن ئۆندىمەستىن سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىدى، لېكىن قىلغان سېھرى قۇشقاچلارغا كار قىلمىدى، ئۇلارغا ھېچنېمە تەسىر قىلمايدىغاندەكلا ئىدى.

پەخرىدىن ئەمدى سەل ئويلىنىۋېلىپ، چۈشەن ئەپسۇننى ئېسىگە ئالدى - دە، دەرھال ئىچىدە شىۋىرلاپ ئوقۇدى. ئالماس يۇلتۇزدىن چاقنىغان نۇر ئىچىدە بىر قاپاق پەيدا بولدى، ئاندىن قاپاق ئارىلىدىن يىراقلارغا ئۇچۇپ بېرىپ ئاغزى ئېچىلدى - دە، ئىچىدىن گىژىلدىشىپ سان - ساناقسىز چىۋىنلەر ئۇچۇپ چىقىپ، بۇلۇت - تۇمانلارنى ھاسىل قىلدى، شۇ ھامان ئالماس تۇمشۇقلۇق قۇشقاچلار ھەممىسى تەڭلا چىۋىنلەر توپىغا قاراپ ئۇچتى، پەخرىدىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئارالغا قونۇشقا تەييارلاندى، بىراق ئارالدا نە بىر قورۇلۇش، نە بىر چوڭراق تۆشۈك - غار كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، بىر ئاقار يۇلتۇز پەيدا بولۇپ، ئارالنى چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ، ئاندىن بىر كامارغا كىرىپ كەتتى، كاماردىن بىر ئەجدىھا چىقىپ ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ تۇردى.

— كىرەيلى! — دېدى پەخرىدىن.

ئەجدىھانىڭ ۋالىلداپ تۇرغان خەنجەردەك چىشلىرىغا قاراپ شاتۇتى مەلىكىنىڭ تېنى شۈركۈندى، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆزىنى يۇمۇپلا تەۋەككۈل قىلىپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئەجدىھانىڭ خەنجەردەك چىشلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھامان گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزى يۇمۇلۇپ قالدى، پەخرىدىن بىلەن ھەمراھلىرى بولسا بىر سارايغا چىقىپ قالدى.

سارايىنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت ئىشىكى بار ئىدى. ئىشىكلەرنىڭ بىرىگە ئاق، بىرىگە قارا سىرلىق قۇلۇپ سېلىنغانىدى، قالغان ئىككى ئىشىك ھاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، بىرىدە تۇپرىقى ئىپار - ئەنبەر ۋە تاشلىرى مارجان، گۇل - گىياھلىرى بۇك - باراقسان، سۆزۈك بۇلاقلىرى تاشقىنلاپ تۇرىدىغان جەننەت مەسەللىك بىر باغۇ - بوستان؛ بىرىدە بولسا تاش - تۇپرىقى زالىملارنىڭ باغرىدىنمۇ قاتتىق، ئاب - سۈيى دەردمەنلەرنىڭ كۆز يېشىدىنمۇ شورلۇق،

ھېچقانداق جانلىق مەخلۇقات ۋە يېشىللىقتىن ئەسەر يوق بىر تاپ - تاقىر دەشت - باياۋان كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كىرگىن! — شۇنداق سادا كەلدى تورۇستىن، — خالىغان بىر ئىشىككە كىرگىن.

پەخرىدىن تورۇسقا قارىدى، تورۇستا توختىماي تور توقۇپ، تور يېيىۋاتقان قازاندەك بىر چار ئۆمۈچۈك بار ئىدى.

— ئۇچۇق ئىشىككە كىرسەڭ نېمىلەرگە يولۇقۇشۇڭ ناھايىتى ئېنىق، قۇلۇپلاقلىق ئىشىكلەردىن كىرسەڭ قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭ نامەلۇم، كىرگىن، لېكىن بىرسىگىلا كىرىسەن، — دېگەن ئاۋاز كەلدى يەنە چار ئۆمۈچۈكتىن.

— قارا قۇلۇپ سېلىنغانغا كىرەيلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — سېھىرگەر ئەۋلىيا شۇ قارا قۇلۇپلۇق ئىشىكتىن كىرىشىمىزنى، ئۇ يەردىن بىر باشسىز گەۋدىنى تېپىشىمىزنى، كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشىمىزنى تاپىلىغان، شۇنداق قىلساق يالماۋۇز شاھ يوقىلىپ، سىرلىق ئالەمدە تىنچ - خاتىرجەملىك ئەسلىگە كېلىدىكەن.

پەخرىدىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلى ئاق قۇلۇپلۇق ئىشىككە تەلپۈنەتتى.

— بىز تۆت، — دېدى ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلەلمەي، — بۆلۈنۈپ ھەممە ئىشىككە بىردىن كىرىپ باقايلى!

— ئۇچۇق ئىشىكلەردىن بىرى ھالاۋەت ئىشىكى، بىرى رىيازەت ئىشىكى ئىكەنلىكى ئېنىق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە تالىشىپ، — شۇڭا، ئۇلاردىن كىرىپ بېقىشنىڭ ھاجىتى يوق، قارا قۇلۇپلۇق ئىشىككىلا كىرەيلى، سىزنى قۇتۇلدۇرۇشىمىزغا يول كۆرسەتكەن، ياردەمدە بولغان سېھىرگەر ئەۋلىيا قارا قۇلۇپلۇق ئىشىكتىنلا كىرىشىمىزنى، يالماۋۇز شاھنىڭ گەۋدىسىنى تېپىشىمىزنى، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمىزنى تاپىلىغان، ئەگەر ئۇ يول كۆرسەتمىگەن، ياردەمدە بولمىغان بولسا، سىزنى قۇتۇلدۇرۇش بىز ئۈچۈن بىر خام خىياللا بولۇپ قالاتتى، سىرلىق دېڭىز، غېرىب ئارال دېگەنلەرنى تېخىمۇ بىلمەيتتۇق، بىز يەنىلا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى

بويىچە ئىش كۆرەيلى، ھەربىر ئىشككە بىردىن كىرسەك، كىرگەن جايدا بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپلا قالساق يار - يۆلەكسىز قالىمىز.
ئۇ شۇنچە كۆيۈپ - پىشىپ چۈشەندۈرۈپ، پەخرىدىننى قارا قۇلۇپلۇق ئىشىكتىن كىرىشكە دەۋەت قىلدى، پەخرىدىن بولسا يەنىلا ئاق قۇلۇپلۇق ئىشىككە تارتىنىپ قېلىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى.
ئاخىر مۇشۇك خان قىزلار ئېغىز ئاچتى:
— ئىككىگە بۆلۈنەيلى خوجايىن، — دېيىشتى ئۇلار، — بىر بۆلۈكىمىز ئۇنىڭغا، بىر بۆلۈكىمىز بۇنىڭغا كىرەيلى، كىرگەندىن كېيىن نېمىلەرگە يولۇقىمىز بۇ بىزگە قاراڭغۇ، ھەر ئىشىككە بىردىن كىرسەك راستتىنلا بىر خەتەرگە يولۇقۇپ قالساق يار - يۆلەكسىز قالىمىز.
— بىرىڭلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭلار، — دېدى پەخرىدىن ئاخىر، — بىرىڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار، ئاندىن يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشايلى!
— ئىشقىلىپ، مەن قارا قۇلۇپلۇق ئىشىككە كىرىمەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە رەنجىگەندەك.
— كىرگىن، — دېدى پەخرىدىن ئۇنى پەپىلەپ، — بەلكىم ئېيتقىنىڭ توغرىدۇ، ساڭا ئامەت تىلەيمەن، لېكىن يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكىنى ئالدىراپ بىرىسىگە بېرىۋەتمە، ئالدىنىپ قالىدىغان ئىش يۈز بەرمىسۇن.
— خاتىرجەم بولۇڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، ئاندىن ئۇ قارا قۇلۇپلۇق ئىشىككە قاراپ ماڭدى، يېشىل كۆز ئۇنىڭغا ئەگەشتى، بىراق يېقىنلاشقان ھامان قارا قۇلۇپ بىردىنلا قاپلاندەك قارا مۇشۇككە ئايلاندى - دە، شاتۇتى مەلىكىنىمۇ، يېشىل كۆزنىمۇ «ھاپ!» قىلىپلا يۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ قارىنىدا بولسا شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆزنىڭ تېپىرلاشلىرى بىلىنىپ، نالە - پەريادلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
پەخرىدىن چۆچۈپ دەرھال سېھرىگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سالدى، لېكىن قىلغان ھەممە سېھىر - ئەپسۇنلىرى كار قىلمىدى. تىت - تىت بولۇپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ تۇرغىنىدا كۆك كۆز:

— بۇ بىر تىلسىم بولمىسۇن يەنە، — دېدى ئەسكەرتىپ.

پەخىردىن سەل ئىككىلىنىپ ئېسىنى يىغىپ، سارايىنىڭ ھەممە يېرىگە نەزەر سالدى، بۇ يەردە ھېلىقى چار ئۆمۈچۈكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ، ئۆمۈچۈكنى ئېتىشقا ھازىرلاندى.

— توختا ئادەمزات، — دېدى چار ئۆمۈچۈك دىرىلدەپ تىترەپ، — ساڭا ئۈچ سوئال سوراشقا پۇرسەت بېرەي، ماڭا چېقىلما، قايسى قارا كۆڭۈل ساڭا بۇ ئەجەللىك قورالنى ھەدىيە قىلغىنىنى بىلمىدىم، بولمىسا ماڭا باشقا ھەرقانداق قورال ياكى سېھىر - ئەپسۇن كار قىلمايتتى، بىلەمسەنكىن، مەن مۇشۇ خەزىنىنىڭ باش قوغدىغۇچىسى، ئەگەر قولۇڭدا خاسىيەتلىك ئۈزۈك بولمىغاندا كىرگەن چېغىڭدىلا سېنى «زەھەرلىك تور ئەپسۇنى» بىلەن بەند قىلىپ، گۆشۈڭنى بىر ۋاقلىق غىزا قىلاتتىم، پەقەتلا ئىسكىلىتىڭ قالاتتى. ئىلگىرى يالماۋۇزلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن بىرسىنى ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ئىسكىلىت يالماۋۇز» دەپ ئاتىلىپ، ئىسكىلىت ھالىتىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان، يالماۋۇز شاھىنىڭ كاللىسىمۇ، باشقا يالماۋۇزلارمۇ شۇ سەۋەبلىك بۇ يەرگە كېلىش تۈگۈل يېقىنلىشىشقىمۇ پېتىنالمىغان، بىراق ئاشۇ ئۈزۈكۈڭدىن، خاسىيەتلىك ئوقيارىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ساڭىمۇ، ھەمراھلىرىڭغىمۇ چېقىلمىدىم، بولمىسا بۇ يەرگە كىرگەنلەردىن ئۈچ مىنۇتقىچە بەندكە چۈشمىگىنى بولمىغان، توققۇز مىنۇتتىن ئارتۇق تىرىك تۇرغانلارمۇ بولمىغان.

— بولدۇ، — دېدى پەخىردىن، — ساڭا رەھىم قىلاي، بىرىنچى سوئالىمغا جاۋاب بەر، قارا مۇشۇكنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن ھەمراھلىرىمنى قانداق قۇتقۇلدۇرىمەن؟

— ئۈزۈكىڭنى قۇربان قىل! — دېدى چار ئۆمۈچۈك، — قارا مۇشۇك سىرلىق ئالەمدىكىلەردىن كىملا بولسۇن، قانچىلىكى بولسۇن ھەممىنى يېۋېتىدۇ، بىراق سېنى يېيەلمەيدۇ، يەپ كەتسىمۇ سىڭۈرەلمەي قارنى يېرىلىپ كېتىدۇ، چۈنكى سەن ئەسلى سىرلىق ئالەمگە مەنسۇپ ئەمەس، بۇ سىردىن مەنلا خەۋەردار، تېز بول، ۋاقىت ئۆزىرىپ كەتسە

شاتۇتى بىلەن مۈشۈكۈڭ ھەزىم بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ھازىرچە تىرىك.

پەخرىدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىدى، بىراق باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئوقيانى كۆك كۆزگە بېرىپ:

— ئۇنىڭ سۆزى يالغان چىقسا ئىككىلەنمەستىن ئاتقىن، بىز ئۇچۇن قىساس ئالغىن، — دېدى جېكىلەپ.

— ئۇنىڭ سۆزى راستتىنلا ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز، — ئورنىڭىزدا مەن يەم بولاي، بەلكىم ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتەرمەن، ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا قىساسىمىزنى سىز ئېلىڭ، سىزدىن كېيىن قالسام ماڭىمۇ ياخشى كۈن يوق.

پەخرىدىن ئۇنى پەپىلەپ قويۇپ ئوقيانى زورىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن قارا مۈشۈككە ئېتىلدى، ئەمما قارا مۈشۈك ئۇنىڭدىن قاچتى، پەخرىدىن قوغلاپ تۇتالمىدى، جىلى بولۇپ تۇرغىنىدا كۆك كۆز ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن قارا مۈشۈكنى تۇتۇۋالدى، ئىككىسى بوغۇشۇپ، چېلىشىپ كەتتى، پەخرىدىن شۇ پۇرسەتتە بېرىپ، قارا مۈشۈكنىڭ ئاغزىنى قايرىپ ئاچتى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قارا ئۆڭكۈر ئايان بولدى، ئىككىلەنمەستىن بېشىنى تىققانىدى، تېنىمۇ قوشۇلۇپ كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى ئاڭلىنىپ، ئۇ ھوشىدىن كەتتى. بىر چاغدا بىرسىنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلىنىپ ھوشىغا كەلدى، شاتۇتى مەلىكە ئۇنى قاناتلىرىدا يەلپۈپ، مۈشۈك خان قىزلار چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يىغلامسىراپ، — ئاخىر ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز خوجايىن، مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭىز.

— ئەمدى بىمالال كىرسەڭ بولغۇدەك، — دېدى پەخرىدىن قۇلۇپسىز قالغان ئىشىكنى كۆرۈپ.

شاتۇتى مەلىكە يېشىل كۆزنى تارتقۇشلاپ، قۇلۇپسىز ئىشىككە قاراپ ماڭدى، شۇ ھامان ئىشىك بىر قارا شىرنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى دەم تارتىپ كەتتى.

پەخرىدىن ئەمدى ئۆمۈچۈكتىن ئىككىنچى سوئالنى سورىدى:

— ئاق قۇلۇپلۇق ئىشىك ئىچىدە نېمە بار؟

— سېھىرگەر بوۋاينىڭ جەسىتى، — دېدى چار ئۆمۈچۈك، — قالغىنىنى كىرسەڭ بىلىسەن.

— بۇ قۇلۇپنى قانداق ئاچىمەن؟ — سورىدى پەخىردىن ئاخىرقى سوئالىنى.

— ئۇنى يېشىشىڭ كېرەك، — دېدى چار ئۆمۈچۈك، ئاندىن ئۇ بىرلا سىلكىنىپ چوڭ بىر كېپىنەككە ئايلاندى، ئۇنىڭ بىر قانىتى قارا، بىر قانىتى ئاق، گەۋدىسى ئادەم باشلىق ئىدى، پېشانىسىدە بىر تال ئالمىدەك نۇرلۇق چىراغ يېنىپ تۇرغان شاخلىق مۈڭگۈزىمۇ بار ئىدى.

— ئازاد بولدۇم، ئازاد بولدۇم! — دەپ توۋلىدى ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، — ئەمدى تىلسىم مۇئەككىلى بولۇپ تۇرۇشۇم ھاجەتسىز.

ئۇ شۇنداق دەپ قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇپ كېتىشكە ھازىرلاندى.

— توختا! — دېدى پەخىردىن، — نېمشقا بۇ يەردىن بۇرۇنلا كەتمىگىنىڭنى، بۇ تىلسىماتنى كىم بەرپا قىلغىنىنى ئېيتىپ بەر.

— ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم، — دېدى شاخ مۈڭگۈزلۈك كېپىنەك، — ئەمدى ئۇقيارىڭمۇ ماڭا كار قىلمايدۇ، مېنى ئاۋارە قىلما. ئەگەر يەنە بىر سوئالىڭغا جاۋاب بېرىپ قويسام بۇ يەردىن مەڭگۈ كېتەلمەي قالىمەن، مېنى كەچۈرگىن ئادەمزات، ساڭا ئامەت تىلەيمەن.

ئۇ بارغانسېرى تېز قانات قېقىپ، ئاخىر بىر ئاق - قارا ئارىلاش تۇتەككە ئايلاندى - دە، ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى.

پەخىردىن ئاق قۇلۇپلۇق ئىشىككە قاراپ ماڭدى، شۇ ھامان ئاق قۇلۇپ كۆك كۆزگە ئوپئوخشاش بىر مۈشۈككە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بوغۇشۇپ، چىشلىشىپ كەتتى. پەخىردىن قايسىسى كۆك كۆز، قايسىسى قۇلۇپتىن ئۆزگەرگەن مۈشۈكلۈكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئۇلارنىڭ تۇرقى ئوخشاشلا بولۇپ قالماي، ھەتتا مياڭلاشلىرىمۇ ئوخشاش ئىدى.

ئاخىر پەخرىدىن سېھىرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سالدى، ئىككىلا مۈشۈكنىڭ پۇتلىرى چۇشلىپ قالدى.
— يېشىل كۆز، — دېدى پەخرىدىن.
— لەببەي خوجايىن، — مۈشۈكلەردىن بىرسى ئالدىراپ جاۋاب بەردى، پەخرىدىن دەرھال ئۆزىگە سېھىر قىلىپ، بىر ئاق يولۋاسقا ئۆزگەردى - دە، ھېلىقى جاۋاب بەرگەن مۈشۈكنى «ھاپ!» قىلىپلا يۇتۇۋەتتى، ئاندىن بىر سىلكىنىپلا ئەسلىگە كېلىۋالدى.
— پەم - پاراسىتىڭىزگە ئاپىرىن خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز خۇشال بولۇپ، — بىراق بۇ لەنىتى قورسىقىڭىزنى ئاغرىتىپ قويارمۇ؟
— ھېچنېمە يېمىگەندەكلا تۇرىمەنغۇ، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ.
ئاندىن ئۇلار قۇلۇپسىز ئىشىككە قاراپ بىمالال ماڭدى. ئىشىك دەرھال بىر ئاق شىرغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى دەم تارتىپ كەتتى.
شۇ تاپتا شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆز بىر قارا تاش تاۋۇت ئالدىدا تۇراتتى، تاش تاۋۇتنىڭ ئۇستى قاپقىقى سۇپسۈزۈك خىرۇستال بولۇپ، تاۋۇتتا يولۋاس پۇتلۇق، كەسلەنچۈك قۇيرۇقلۇق، شەپەرەڭ-ىنىڭكىدەك قاناتلىق، قارا تىكەندەك مويلۇق، مايمۇن تەنلىك بىر باشسىز گەۋدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.
— مانا بۇ يالماۋۇز شاھنىڭ گەۋدىسى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە خۇشال بولۇپ، — ئاخىر ئۇنى تېپىۋالدۇق، تېز تاۋۇتنى ئېچىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالايلى، رەزىللىككە تولغان بۇ يۈرەك كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلگە ئايلانغاندىلا سېرلىق ئالەمدىكى قارا بۇلۇت - تۇمانلار يوقىلىپ، تىنچ - ئاسايىشلىق ئەسلىگە كېلىدۇ.
— بىراق، تاۋۇتنى قانداق ئاچىمىز، — دېدى يېشىل كۆز خىرۇستال قاپقاقنى ئىتتىرىپ بېقىپ، — ئۇنىڭ ۋەزنى تاغدەك ئېغىرمۇ-نېمە؟
— بىلمىدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكىمۇ ھەپىلىشىپ بېقىپ، — مەن ئۆزلەشتۈرگەن سېھىر - ئەپسۇنلارنىڭ بۇ ئىشقا پايدىسى تەگمەيدۇ، نېمە قىلساق بولاركىن.

ئۇلار خېلىغىچە ھەپىلىشىپ، ئامال - چارە ئىزدەپ باقتى، ئاخىر لەسسىدە بولۇپ قېلىشتى، شۇ چاغ تورۇستىن كىمنىڭدۇر مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئاڭلاندى:
— ھۇ يارىماسلار!
— كىم؟ — شاتۇتى مەلىكە ئەندىكىپ تورۇسقا قارىدى، تورۇستا بولسا قىسقۇچ پاقىدەك چوڭ بىر چايان تورۇسقا ئويۇلغان نەقىشتەكلا تۇراتتى.
— مەن، — دېدى چايان، — تاۋۇتنى ساقلىغۇچى مۇئەككەل.
— ياخشى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئەجەب ئوبدانلا ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلدىڭ، تېز تاۋۇتنى ئېچىپ بەر، بولمىسا سېھىرگەر ئەۋلىيانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ سېھىر - ئەپسۇنى بىلەن سېنى تاشقا ئايلاندۇرغۇزۇۋېتىمەن.
— ئىشەنمەيمەن، — دېدى چايان يەنىلا مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — سىرلىق ئالەمدە ھېچقانداق «سېھىرگەر ئەۋلىيا» دېگەندەكلەر بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا سېھىر - ئەپسۇن كار قىلمايدۇ.
— شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە جىلى بولۇپ، — بولمىسا......
— بولمىسا مەن ئۇنى بويسۇندۇراي، — دېدى يېشىل كۆز، — بەلكىم ئۆتكۈر تىرناقلىرىم كارغا كېلىپ قالار.
— بولدى قىل، — دېدى چايان پوككىدە يەرگە چۈشۈپ، — تاۋۇتنى ئېچىپ بېرەي، لېكىن مېنى ئازاد قىلىشقا ۋەدە بېرىڭلار.
— سېنى قانداق ئازاد قىلىمىز؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە ئەجەبلىنىپ.
— پوستۇمنى پارە - پارە قىلىۋەتسەڭلارلا بولغىنى، — ئۇ شۇنداق دەپ قۇيرۇقىنى لىككىدە كۆتۈرۈپلا خىرۇستال قاپقاققا نەشتەر ئۇردى، ئاۋۋال خىرۇستال قاپقاقا، ئاندىن قارا تاش تاۋۇتقا دەز كەتتى، كېيىن تاغ پارتلىغاندەك دەھشەتلىك بىر سادا بىلەن تەڭ تاۋۇت پارە - پارە بولۇپ كەتتى.
— بۇ تاۋۇتنى مېنىڭ نەشتىرىمدىن باشقا ھېچ نەرسە

ئاچالمايتتى، ــ دېدى چايان، ــ بىراق، بۇ ئارال بىنا بولۇپ، تىلسمات پەيدا قىلىنغان، مەن بۇ يەردە تاۋۇتنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە بەلگىلىنىپ بەند قىلىنغاندىن بىرى، ھېچكىمنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتكەن ئەمەس، قانچىلىك ۋاقىت بولغىنىنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرنىڭ كىرەلىگىنىڭلارغا قارىغاندا تىلسماتنىڭ ۋاقتى توشۇپتۇ، ئەمدى مېنى ئازاد قىلىڭلار، ئەركىنلىككە قانچىلىك تەشنالىقىمنى بىلمەيسىلەر.

ــ ئۇنىڭغا ياردەم قىل، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە يېشىل كۆزگە، ــ سەن بۇنداق ئىشلارنىڭ ماھىرىغۇ.

يېشىل كۆز شۇ ھامان چاقماقتەك بىرىپ چايانغا چاڭگال سالدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ تىتما ـ كاتىڭىنى چىقىرىۋەتتى، چايانىنىڭ تىتىلىپ كەتكەن پوستىدىن بىر چار كېپىنەك ئۇچۇپ چىقتى، ئۇمۇ ئادەم باشلىق، لېكىن شاخ مۈڭگۈزلۈك ئىدى، شاخ مۈڭگۈزلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇچىدا بىردىن ئالمىدەك چىراغ يېنىپ تۇراتتى.

چار كېپىنەك:

ــ ئازاد بولدۇم، ئازاد بولدۇم! ــ دەپ تۈۋلىغىنىچە قاناتلىرىنى لىپىلدىتىپ، ساراي ئىچىنى نەچچە ئايلاندى ـ دە، تۈتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى.

ــ ئەمدى يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكىنى ئال، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە، ــ بۇ ئىشقا يەنىلا سەن مۇۋاپىق.

بىراق، يېشىل كۆز يېقىنلاشقۇچە باشسىز گەۋدىنىڭ كۆكرىكىدىن بىر چوڭ قارا چاشقان ئېتىلىپ چىقىپ، ئەنسىز چىرىلدىغىنىچە ساراي ئىچىدە چاقماق تېزلىكىدە ئۇيان ـ بۇيان چېپىشقا باشلىدى، شۇھامان يېشىل كۆز ئۇنى قوغلىدى، ئالاھازەل بىرەر سائەتچە قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىر چاشقاننى تۇتۇۋالدى، چاشقان جان ـ جەھلى بىلەن قىچىشقا ئۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ــ چىڭ تۇت، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە، ــ ئۇنى سېھىرگەر ئەۋلىياغا تاپشۇرىمىز.

ــ خوپ، مەلىكە ئالىيلىرى، ــ دېدى يېشىل كۆز خۇشاللىق

بىلەن، — يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكى ئەسلىي رەزگى قارا چاشقان ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئاندىن ئۇلار تاشقىرىقى سارايغا چىققاندىن ئىشىكنى ئىزدەپ مېڭىشتى.

يەنە بىر سارايدا شۇ تاپتا پەخرىدىنمۇ خىرۇستال قاپقاقلىق بىر ئاق تاش تاۋۇت يېنىدا تۇراتتى، تاۋۇتتا بولسا ئۇ چۈشىدە كۆرگەن سېھىرگەر بوۋاي ئۇخلاۋاتقاندەكلا ياتاتتى. پەخرىدىن تاۋۇتنى ئېچىشقا كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاۋۇت ئېچىلمىدى، سېھىر-ئەپسۇنلىرىمۇ، قول بىلەن كۆچەپ ئېتتىرىشلىرىمۇ بىكار كەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — ئۇ سوئال نەزەرىدە كۆك كۆزگە قارىدى، لېكىن ئۇ ئۆزى ئامال قىلالمىغان يەردە كۆك كۆز نېمە قىلىپ بېرەلىسۇن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولغاندەكلا يەرگە قارىۋالدى، بىراق ئۇ يەر يۈزىدە تىنىمسىز يۈگۈرۈپلا يۈرگەن بىر ئالىيپشىل مويلۇق چاشقاننى كۆردى، چاشقاننىڭ چوڭلۇقى گۆلچىلىكلا كېلەتتى.

— ئۇنى تۇتايلى خوجايىن! — دېدى ئۇ چاقماق تېزلىكىدە قوغلاپ خېلى ئۇزاقتا چاشقاننى تۇتۇپمۇ ئالدى.

— مېنى ھېچنېمە قىلالمايسىلەر، — دېدى چاشقان، — بىراق، ئازاد قىلىشقا ۋەدە بەرسەڭلار ياردەم قىلىمەن.

— چوقۇم سېنى ئازاد قىلىمەن، — دېدى پەخرىدىن.

— ساڭا ئۈچ قېتىملا ياردەم قىلىمەن، — دېدى چاشقان، — قېنى ئۆزۈڭ سورا.

— ئاۋۋال تاۋۇتنى ئېچىپ بەر، — دېدى پەخرىدىن، — ئاندىن بۇ تىلسىم ئارالنى كىم، نېمىشقا بەرپا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەر، ئاخىرىدا سېھىرگەر ئۇستازنى ھوشىغا كەلتۈر.

— ئاخىرقى تەلىپىڭ ئېشىپ كەتتى، — دېدى چاشقان چىرىلداپ، — ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى سەن بىلەن سۆزلەشتۈرەلىشكە تەكلىپ قىلىمەن، قالغان ئىككى تەلىپىڭ بولسا سۆزسىز ئورۇنلىنىدۇ.

چاشقان چىرىلداپ تۇرۇپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى شۇۋىرلىدى، شۇ ھامان ئالىيېشىل چاقماق چېقىلىپ، تاۋۇت تاغ پارتلىغاندەك دەھشەتلىك سادا ئىچىدە پارتلاپ، پارە - پارە بولۇپ كەتتى، ئاندىن چاشقان:

— ئاڭلا ئادەمزات، سىرلىق ئالەمدە ئىلگىرى يالماۋۇز شاھ ۋەكىللىكىدىكى قارا كۈچلەر بىلەن سېھرگەر بوۋاي ۋەكىللىكىدىكى ئاق كۈچلەر گۇرۇھى بولغان، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تولىمۇ ئۇزاق ۋە دەھشەتلىك داۋام قىلغان، ئاقىۋەت ئىش شۇ دەرىجىگە بارغانكى، يالماۋۇز شاھ تېنىدىن ئايرىلدى، سېھرگەر بوۋاي كۈچ - قۇۋۋىتىدىن جۇدا بولدى، ئاخىر ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا سىرلىق دېڭىزدا بۇ سىرلىق غېرىب ئارالنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تېنىنى بۇ ئۆيگە، يالماۋۇز شاھنىڭ تېنىنى يەنە بىر ئۆيگە بەند قىلدى، مەقسىتى بۇلارنى قارا كۈچلەرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ئەگەر يالماۋۇز شاھ گەۋدىسىگە ئىگە بولۇۋالسا قايتىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، سىرلىق ئالەمنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانىغا ئايلىناتتى، ئەگەر كىمكى سېھرگەر بوۋاينىڭ جىسمىغا ئېرىشسە ئۇمۇ ئوخشاشلا يالماۋۇز شاھ بىلەن تەڭ تۇرغۇدەك سېھرىي كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولاتتى. سېھرگەر بوۋاي ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلاپ يېتىپ، ئاخىر تىلسىم بىنا قىلىش ئارقىلىق قارا كۈچلەرنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئامالىنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەم تىلسىمنىڭ قولۇڭدا بويسۇندۇرۇلۇشىنى بەلگىلىگەن، مانا ئاخىر سەن كەلدىڭ، ئەمدى تىلسىمات سېنىڭ قولۇڭدا بويسۇن- دۇرۇلدۇ، مانا بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتى، ئەمدى مېنى ئازاد قىل، — دېدى قاتتىق چىرىلداپ.

— تېخى سېھرگەر ئۇستازنىڭ ئەرۋاھىنى تەكلىپ قىلمىدىڭ، — دېدى پەخرىدىن.

— مېنى كەچۈرگىن ئوغلۇم، — دېدى شۇ چاغ مۆئەللەقتە سېھرگەر بوۋاينىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — سېنى كۆپ رىيازەت چېكىشكە مەجبۇرلاپ قويدۇم، مېنى ئەپۇ قىلغىن! سېنى ئاۋارە قىلىشىم سېنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي - كۈن، سائىتىڭ

بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەل شۇ ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگۈچى پەقەت سەن بىرلا. مەنمۇ مىڭ يىل مۇقەددەم دەل شۇ ئاي، شۇ كۈن، شۇ ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەن، ھەتتا مىنۇت، سېكۇنت، بىرەر دەقىقىمۇ ئىلگىرى - كېيىن ئەمەس ھەم دەل شۇ دەقىقىلەر مېنىڭمۇ ھاياتلىق شامىم ئۆچكەن ۋاقىت ئىدى. مەن ئورۇنلاپ بولالمىغان ۋەزىپىلەر تەبىئىيلا ساڭا يۈكلەندى، ئەسلىي سېھرگەرلىك كىتابلىرى كۇتۇپخانىسىغا كىرگەن تۇنجى كۈنىلا سېھرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقىشىڭ كېرەك ئىدى، ئۇ چاغدا تەبىئىيلا سىرلىق ئالەمگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغىنىڭ، نېمە قىلىشىڭ لازىملىقىنى بىلىۋالاتتىڭ، مۇنچە كۆپ ئەگرى - توقايلىقلارغا ئۇچرىمايتتىڭ، ئەپسۇس، شۇ بىر نۇقتىنى ئەسكەرتىپ قويالمىغانلىقىم ناھايىتى چوڭ خاتالىق بولۇپ، تاسلا قالدىڭ بۇ يەرگە كېلىشنى ۋە قانداق قىلىشنى بىلەلمىگىلى، تەلىيىمىزگە بەزى رەقىبلىرىمىزنىڭ شۇم غەرىزى بىزگە پايدىلىق رول ئويناپ، سېنىڭ ئاخىر بۇ يەرگە كېلىشىڭگە ياردەم قىلدى، ھازىر ۋەزىپىنى تاماملاشقا ئازلا ۋاقتىڭ قالدى ئوغلۇم، ساڭا ئامەت تىلەيمەن، قىلغانلىرىڭ كىشىنى پەخىرلەندۈرىدىغان ئىشلار، كېيىنچە ئەسلىسەڭمۇ پۇشايمان قىلمايدىغىنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەمدى مەڭگۈلۈك ۋىدالىشى-ۋالايلى.

— بىراق، سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىڭىزدىن قالغاندىن كېيىن يەنە قانداق قىلىپ بۇ ئاجايىپ تىلسىماتنى بەرپا قىلالىدىڭىز ئۇستاز، — سورىدى پەخرىدىن ئالدىراپ.

— سەن سېھرگەرلەر كۇتۇپخانىسىدا سۈرەتلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان سېھرگەر ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە شۇنداق بولدى، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى، يەنە تېخى سىرلىق كىتابمۇ بار، — دېدى سېھرگەر بوۋاينىڭ سىيماسى چېھرىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلەپ تۇرغان ھالىتىدە ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ غايىب بولۇپ كېتىۋېتىپ.

ئاخىر ئۇنىڭ سىيماسىمۇ، يېقىملىق ئاۋازىمۇ پۈتۈنلەي غايىب بولدى، پەخرىدىن كۆزلىرىگە غىل - غىل ياش ئېلىپ، قاراپلا قالدى.

— مېنى ئازاد قىل! — دېدى شۇ چاغ چاشقان.
— نېمە قىلىشمىز كېرەك؟ — دېدى پەخرىدىن.
— تېرەمنى تىنتۇەتسەڭلا بولغىنى، — دېدى چاشقان چىرىلداپ، — مەن بۇ چاشقان پوستىدىن جاق تويدۇم، ئۇنى باشقىلار يىرتىۋەتمىگۈچە قۇتۇلالمايمەن.
— بۇ ئىشقا مەن ماھىر، — دېدى كۆك كۆز خۇشاللىق بىلەن.
ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن چاشقاننىڭ ئالىيېشىل مەخمەلدەك تېرىسىنى تىتما - تالاڭ قىلىۋەتتى، چاشقان پوستىدىن بىر ئالىيېشىل تۇتەك چىقىپ، يىغىلىپ - يىغىلىپ، قاناتلىرى ئالىيېشىل، تولىمۇ رەڭدار، ئۈچ شاخ مۆڭگۈزلۈك، ئادەم باشلىق بىر چوڭ كېپىنەككە ئايلاندى، ئۇنىڭ ھەر تال شاخ مۆڭگۈزىدە بىر تالدىن ئالمىدەك نۇرلۇق چىرىغى بار ئىدى.
— ئازاد بولدۇم، ئازاد بولدۇم! رەھمەت سىلەرگە، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۆي ئىچىنى نەچچە ئايلىنىپ چىقتى - دە، قاناتلىرىنى بارغانسېرى تېز لىپىلدىتىپ، يەنە ئالىيېشىل تۇتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى.
شۇ چاغ سىرتتىن شاتۇتى مەلىكە بىلەن يېشىل كۆزنىڭ تووۇلىغىنى ئاڭلاندى:
— خوجايىن، بارمۇ سىز؟
پەخرىدىن دەرھال ھازىرلا پەيدا بولغان بىر ئىشىك بىلەن سارايغا چىقتى، يېشىل كۆز بىر كۆمۈردىن ئويغاندەكلا قارا يۇرەكنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇراتتى، شاتۇتى مەلىكە بولسا سېھىرگەرلىك تايىقنى يۇقىرىغا شىلتىپ، توختىماي شىۋىرلاپ ئەپسۇن ئوقۇۋاتاتتى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى پەخرىدىن ئەجەبلىنىپ.
— يۇقىرىغا قاراڭ! — دېدى يېشىل كۆز.
پەخرىدىن يۇقىرىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى، يۇقىرىدا ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر قاينامنى كۆردى، شاتۇتى مەلىكىنىڭ سېھىر - ئەپسۇنى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازا ۋاقىتلىق توختىغانىدى.

— بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتەيلى! — دېدى پەخرىدىن، — بولمىسا سۇ ئاستىدا قالغۇدەكمىز.

— ئامال قىلىڭ خوجايىن! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — سېھرىي كۈچۈم ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن.

دېگەنىدەك ئۇنىڭ سېھرگەرلىك تايىقىدىن چاقنىغان نۇر بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتاتتى.

پەخرىدىن دەرھال سېھرگەرلىك تايىقنى ئىشقا سالدى، لېكىن كۆپ ئۇنۇمى بولمىدى، ھەر تەرەپكە نەزەر سالدى، سارايدا ئىلگىرى كۆرگەن ئىشكىلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئۇ ئامالسىز يول تېپىش ئەپسۇنىنى ئوقۇدى، سېھرگەرلىك تايىقىدىن نۇر چاقنىدى، ئەمما ھېچقانداق نىشان كۆرسەتمەيلا ئۆچتى، دېمەك يول يوق ئىدى.

شۇ چاغ قايىنامدا بىر كىشىنىڭ چىرايى پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا:

— يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكىنى ماڭا ئېتىپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە ئېتىلىپ قالغان ئىشكىلەرنى ئېچىپ بېرىمەن، مەن سىلەرنىڭ نىجاتچىڭلار، — دېگەن ئاۋازى كەلدى.

— سېھرگەر ئەۋلىيا! — توۋلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە خۇشاللىق بىلەن، ئاندىن ئۇ پەخرىدىنگە، — ئۇ ئىلگىرى بىزگە سىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتكەن، ياردەم قىلغان، يەنە تېخى سىرلىق دېڭىزغا بېرىشنى، بۇ ئارالنى تېپىشنى، تىلسىم خەزىنىدىن يالماۋۇز شاھنىڭ گەۋدىسىنى تېپىپ، يۈرىكىنى ئېلىشنى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشىمىزنى تاپىلىغان، بىز يۈرەكنى ئۇنىڭغا بېرەيلى، ئۇ چوقۇم بىزنى قۇتۇلدۇرىدۇ.

— شۇنداق قىلايلى خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆزمۇ، — ئۇ ئىلگىرى راستىنلا......

— ياق! — دېدى پەخرىدىن غەزەپ بىلەن، ئۇ ھېلىقى سېھرگەر ئەۋلىيانىڭ ئەسلىي بىر يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى، — سىلەر ئالدىنىپسىلەر، ئۇ دېگەن يالماۋۇز، پەقەت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋالغان شۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھەيران بولۇپ، — ئەگەر ئۇ يالماۋۇز بولسا نېمىشقا سىزنى قۇتقۇزۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

— يالماۋۇز بۇ تىلسىمنى مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق بويسۇندۇرماقچى بولغان، چۈنكى ئۇ تىلسىمنىڭ مېنىڭ نامىمغا باغلانغىنىنى بىلىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ مېنى قۇتقۇزۇشۇڭلارغا ياردەم قىلغان بولۇپ، سىلەرنىڭ ئىشەنچىڭلارغا ئېرىشىشۋالغان، ئاخىرىدا يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكىنى قولغا چۈشۈرۈۋالماقچى بولغان، ئۇ بۇنى يېۋالسىلا يالماۋۇز شاھنىڭ ھەممە سېھرىي كۈچىگە ئېرىشەلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوۋۇ تۈلكىنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى، سىلەر ئۇنىڭ ھەققىي ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈپ باقمىدىڭلار، — دېدى پەخىرىدىن.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ سېھرگەرلىك تايىقىنى شىلتىدى، ھېلىقى چىراي شۇ ھامان ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ بەتبەشىرە سۆرۈن تەلەتىگە ئۆزگەردى.

— يۈرەكنى ماڭا بېرىش دەيمەن، — دېدى ئۇ ھەيۋە بىلەن، — بولمىسا سىلەرنىڭ بۇ قاينام ئاستىدا قالغىنىڭلار قالغان، چىقىدىغان ئىشىكلەرنى ئاللىبۇرۇن يوق قىلىۋەتتىم، جان كېرەك بولسا يۈرەكنى بېرىڭلار.

— ئالدامچى! ساختىپەز! بەتنىيەت!...... — شاتۇتى مەلىكە غەزەپ بىلەن ۋىجىك يالماۋۇزنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاشقا باشلىدى، — بۇ يۈرەككە ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلما.

— مەن سېھرىي كۈچۈمنى ئاشۇرۇۋالغاندىلا ئۆزۈمنى ئىككىگە بۆلگەن، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر بۆلۈكۈم ھازىر يالماۋۇز شاھنىڭ كاللىسىغا ھەمراھ، بىر بۆلۈكۈم بولسا ھامان سىلەرگە يىراقتىن ئەگىشىپ يۈرگەن، ئۇ مانا ھازىرقى مەن، ئەگەر سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىم بۇ تىلسىم ساراي ئىچىگە ئۆتىدىغان بولسا، شۇ جاۋۇلداق ئاغزىڭنى مەڭگۈلۈك يۇمغۇزۇۋېتەتتىم، تېز بول، يۈرەكنى بەر، ئەگەر يالماۋۇز شاھنىڭ كاللىسى يېتىپ كەلسە، سەنلەرگە تېخىمۇ ياخشى كۈن يوق، ماڭىمۇ شۇ، يۈرەكنى تېز تاپشۇرۇشماساڭ يالماۋۇز شاھنى يۈرىكىگە ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن،

ئۇنى سىلەر بىلەن قوشۇپلا تىلسىم سارايغا دەپنە قىلىۋېتىمەن.

— قانداق قىلىمىز خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە پەخىردىنگە تەلمۈرۈپ، — تېز بىر قارارغا كېلىڭ، بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىدى.

— يۈرەكنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى! — دېدى پەخىردىن، — سىرلىق ئالەمنىڭ تىنچلىنىشى ئۈچۈن بۇ قارا يۈرەك كۆيۈپ كۈل بولسۇن، ئۇنى بىرىۋەتكىنىمىز بىلەنمۇ بۇ يالماۋۇزنىڭ بىزگە ياخشىلىق قىلىشى ناتايىن.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئەمدى مەن بۇ ئالدامچى مەلئۇننىڭ دامىغا چۈشمەيمەن، ئۇنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتەيلى!

پەخىردىن سېھرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، بىر يانغىن پەيدا بولدى، يېشىل كۆز قارا يۈرەكنى ئوتقا تاشلىدى، يۈرەك پىژىلداپ كۆيۈۋېتىپ توختىماي سەكرىدى، شۇ ھامان بىرسىنىڭ ئالەمنى بىر ئالغان نالە - پەريادى ھەم يەنە بىرسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ياخشى قىلدىڭلار، بەك ياخشى قىلدىڭلار، — دەپ توۋلىدى ۋىجىك يالماۋۇز، — يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكى كۈلگە ئايلانغان ھامان ئۇنىڭ كاللىسىمۇ تۈتۈنگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، سىرلىق ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمدى مەن بولىمەن، شاھلىق تاجىسىنى مەن كىيىمەن، گەرچە يالماۋۇز شاھنىڭ يۈرىكىنى يەپ ئۇنىڭ ھەممە سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆزۈمگە مۇجەسسەم قىلالمىساممۇ، يەنىلا قالغان سېھرىي كۈچۈم بۇنىڭغا يېتەرلىك، چۈنكى ئەمدى رەقىبىم يوق، سىلەر بولساڭلار بۇ تىلسىم سارايغا بەند قىلىنىسىلەر، تىلسىم ساراي سىلەرنىڭ گۆرۈستانىڭلار بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، كۈلكىسى بىلەن تەڭ قاينام شىددەت بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

پەخىردىن سېھرگەرلىك تايىقىنى ئىشقا سېلىپ، ھەمراھلىرىنى بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى، ئۆزىمۇ بېلىققا ئايلىنىۋالماقچى بولدى.

شۇنداق بولغاندا سۇ ئىچىدە بولسىمۇ هايات قالىمىز دەپ ئويلىغانىدى، بىراق بۇنىڭغا تازا ئىشەنچىسى يوق ئىدى، ۋىجىك يالماۋۇز دېگەن مەلئۇن بۇنىڭغا يول قويامتتىمۇ.

دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە بىر ياندىن ۋالىلىدە نۇر چاقناپ، بىر ئىشىك پەيدا بولۇپ ئېچىلىپ، سىرتىدا يۇلتۇز باشلىق سېھىرگەرلىك تايىقى تۇتۇپ تۇرغان هاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئايان بولدى.

— تېز بۇ ياققا چىقىڭلار! — دېدى ئۇ تەقەززالىق بىلەن.

پەخىرىدىن دەرهال شۇ ئىشىك بىلەن چىقىپ كەتتى، ئۇستىدىن ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ:

— ياق - ياق! — دەپ تووۇلغان ئەلەملىك ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

ئۇلار ئىشىكتىن چىقىپلا نۇردىن هاسىل بولغان بىر تونېلغا كىرىپ قالدى.

— تېزرەك مېڭىڭلار، — دېدى هاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئالدىدا يول باشلاپ.

پەخىرىدىن هەمراهلىرى بىلەن ئەگەشتى، هاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنى بەك سۆيۈندۈردى هەم هەيران قالدۇردى.

— سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

— سېھىرگەر ئۇستازىنىڭ شاتۇتىسى مېنى يالماۋۇزنىڭ زىنداندىن قۇتۇلدۇردى، — دېدى هاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى، — هەم بۇ يەردە سېھىرگەر ئۇستازىنىڭ سىلەر ئۈچۈن بىر نىجاتلىق يولى پەيدا قىلىپ قويغانلىقىنى، سىلەرنى شۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەچىقىشىمنى تاپىلىدى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەرنېمە بولسا ئۇ نىجاتلىق يولى هازىرلاپ قويغانىكەن، بولمىسا بىزمۇ ئەرۋاهقا ئايلىنىپ قالاتتۇق.

ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن نۇر تونېلىدىن چىقتى،

لېكىن چىقىپلا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى بىر قارا قولنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنى نۇر تونېلىنىڭ ئاغزىدا كۈتۈپ تۇرغان ۋىجىك يالماۋۇز تۇتۇۋالغانىدى.

— ئۇنى قويۇۋەت! — توۋلىدى پەخرىدىن غەزەپ بىلەن.

— ياق! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز سوزۇپقىنە، — ئۇ دېگەن مېنىڭ كوزىرىم، سېھىر قىلىمەن دېگۈچى بولما، بولمىسا ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭ تۈگىشىدۇ.

— ئىپلاس! — تىللىۋەتتى پەخرىدىن ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— سەن ھازىر مېنىڭدىن كۈچلۈك، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — چۈنكى، يالماۋۇز شاھ يوقىلىش ئالدىدا سېھىري كۈچ - قۇدرىتىمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن، يەنە بىر بۆلۈكىمنىمۇ يوق قىلىۋەتكەن، سەن ھازىر مېنىڭ بىردىنبىر رەقىبىم، ئەگەر بۇ كېپىنەك پەرىلەر مەلىكىسى سەن ئۈچۈن مۇھىم بولسا ھەم ئۇنى ئۆلمىسۇن دېسەڭ ئۇنتۇش ئالمىسىنى يېگىن، بۇ ئالما سەن ئۆزلەشتۈرگەن ھەممە سېھىر - ئەپسۇنلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، شۇ چاغدىلا مەن بۇ ئەسىرىمنى قويۇۋېتىمەن.

— ياق - ياق! — توۋلىدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى، — ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەڭ، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇنى......

بىردىنلا ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى، تېنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىشقا باشلىدى.

— قويۇۋەت! — توۋلىدى پەخرىدىن ئالدىراپ، — ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزسەڭ مەنمۇ سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

— مەن دېگەندەك قىل! — دېدى يالماۋۇز تەھدىت بىلەن، — ئۇنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالدى، سەللا قىسسام ئۆلىدۇ، ئەگەر مەن دېگەندەك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئۇمۇ جەھەننەمگە ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە كېتىدۇ، بەلكى مەندىن بۇرۇنراق كېتىپمۇ قالار.

— قويۇۋەت! — دېدى پەخرىدىن، — سەن دېگەندەك قىلىمەن.

— قەسەم قىل! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — سىرلىق ئالەمدە قەسەم قىلىنغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، قەسەم قىلغۇچى كېيىن يېنىۋالماقچى بولسىمۇ پايدىسى يوق، مەن قەسىمىڭنى ئاڭلاپ ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىمەن.

— قەسەم قىلىمەن، — دېدى پەخىرىدىن دەرھال، — چوقۇم ئۇنتۇش ئالمىسىنى يەيمەن، مانا ھازىرلا، ئەمدى ئۇنى قويۇۋەت.

— ياخشى قىلدىڭ، — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ.

شۇ ھامان پەخىرىدىنىنىڭ قولىدا بىر تال كۆك ئالما پەيدا بولۇپ قالدى، ئالما گويا يېشىل قاشتاشتىن ئويۇپ ياسىغاندەكلا ئىدى.

— يېگىن! — دېدى ۋىجىك يالماۋۇز، — بۇ يەردە قەسەم قىلغۇچى قەسىمىنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ ھېچ يەرگە مىدىرلىيالمايدۇ.

— خوجايىن! — توۋلىدى ھەمراھلىرى يىغلامسىراپ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى پەخىرىدىن كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئالمىنى ئاغزىغا ئاپاردى، بىر چىشلىگەن ھامان بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، قۇلاق تۈۋىدە بولسا ۋىجىك يالماۋۇزنىڭ يىرگىنىشلىك سەت كۈلكىسى ئاڭلاندى......

## ئون ئۈچىنچى باب

# قايتىش كېرەكمۇ ياكى......

بىر چاغدا يۈزىگە تۆكۈلگەن مۇزدەك تامچە ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى، كۆزىنى ئاچقانىدى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى كۆردى. ئۇلار ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى، تۇرغان يېرى بولسا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىر مارجان خادا تاش ئىدى.

— ئۇ قېنى؟ — سورىدى پەخرىدىن شاتۇتى مەلىكىگە تەلمۈرۈپ.

— كەتتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ دۇدۇقلاپقىنە، — يالماۋۇز خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي سەت قاقاقلاپ كۈلۈپ، بىخۇدلىشىپ قالغاندا ئۇ ھەممە سېھرىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى سېھرگەرلىك تايىقىغا مۇجەسسەم قىلىپ، ئۇنى يالماۋۇزنىڭ يۈرىكىگە تىقىۋەتتى، يالماۋۇز بولسا جان تالىشىۋېتىپ، ئۇنى، ئۇنى ......

ئۇلارنىڭ ئۇنى ئېچىگە چۆشۈپ كەتتى، كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىت بولۇپ تۆكۈلدى.

— ئۇ سىزنى سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ.

— ئۆزى قېنى؟ — تۇۋلىۋەتتى پەخرىدىن چاچراپ تۇرۇپ شاتۇتى مەلىكىنى بوغۇۋېتىدىغاندەكلا بىر ئەلپازدا.

— ئۇ سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ كەتتى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھەسرەت بىلەن، — ئۇ يالماۋۇزنىڭ سىزگە زىيانكەشلىك

قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنداق ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇردى، بىراق ئۆزىمۇ...... ئۆزىمۇ يالماۋۇزنىڭ قولىدا......

پەخرىدىن ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى، شۇ ياشنى كۆرمىگەن ئادەم شۇ تاپتا ئۇنى بىر ھەيكەلمىكىن دەپ قالاتتى.

ئۇ خېلى ئۇزاققىچە شۇنداق تۇردى. كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، مىتمۇ قىلماي، كىرپىكمۇ قاقماي، ھەتتا نەپەس ئالغان - ئالمىغىنىمۇ نامەلۇم بىر ھالەتتە ئىدى.

— خوجايىن! — بوشقىنە چاقىردى ئاخىر شاتۇتى مەلىكە تەخىرسىزلىنىپ.

بىراق، پەخرىدىندىن ئىنكاس بولمىدى.

— خوجايىن! — شاتۇتى مەلىكە ئەمدى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى، بىراق يەنىلا ئىنكاس بولمىدى. ئاخىر شاتۇتى مەلىكە قاناتلىرى بىلەن باشتا بوشراق، كېيىن بەكرەك شاپىلاقلاپ توۋلاشقا باشلىدى، سىلكىدى، — خوجايىن، خوجايىن!

مۇشۇك خان قىزلارمۇ تەڭلا توۋلاشتى.

— خوجايىن، گەپ قىلىڭە!

بىراق، پەخرىدىندىن يەنىلا ئىنكاس بولمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇپ قالغاندەك توختاپلا كەتكەنىدى. شاتۇتى مەلىكە ئاخىر ئۇنىڭ كۆكسىگە قۇلاقلىرىنى يېقىپ تىڭشاپ باقتى - دە، بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

— ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ ......

شۇ ھامان مۇشۇك خان قىزلار ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ يىغا - زارغا چۈشتى، بىردەمدىلا بۇ يەردە ئۆلارنىڭ قان - قېرىندىشى ئۆلگەندەك ھازا ئېچىلدى. يىغلاۋېتىپ شاتۇتى مەلىكە چىرايلىق پەيلىرىنى يۇلۇشقا، مۇشۇك خان قىزلار ئۇماق يۈزلىرىنى مورلاشقا باشلىدى. بىراق، شۇ چاغدا بىردىنلا ئاسماندا دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭراپ، قارا بۇلۇت - تۇمانلار قۇتراشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ئالەم - جاھانى

زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، چاقماق چېقىلدى، كەينىدىنلا يەنە چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر تۆكۈلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، پەخرىدىنىڭ كىيىملىرى تېنىگە چاپلىشىپلا قالدى.

— قانداق قىلىمىز شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى؟ — دېدى كۆك كۆز بىردىنلا يىغىدىن توختاپ، — ئەمدى سىزنىڭلا ئاغزىڭىزغا قارايدىغان بولدۇق، بىرنېمە دەڭە؟!

— قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن! — توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ئېسەدەپ تۇرۇپ، — مەنمۇ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى، يولىۋورۇق كۆرستىشى بويىچە ئىش قىلىپ كۆنگەن تۇرسام، ھازىر يىغلاشتىن باشقا نېمىمۇ قىلالايمەن.

كۆك كۆز يېشىل كۆزگە قارىدى، بىراق ئۇمۇ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئامالسىزلىقىنى بىلدۈردى.

— ئىسست! — دېدى كۆك كۆز ئاخىر ئاچچىق بىلەن، — يارامسىزلىقىمىزدىن ھېچ ئىش قىلالماي، قاراپ تۇرۇپلا خوجايىنىنىڭ مۇبارەك تېنىنى مۇشۇ دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىدىغان بولدۇق. ئەسلى ئۇ قاشتېشىدىن ياسالغان ئېسىل مەقبەرە ئىچىدە گۈل-چېچەكلەرگە پۈركىنىپ يېتىشى كېرەك ئىدىغۇ، بىراق بىز ئۇنى......

— كاپشىما! — توۋلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە ھۆرپىيىپ، — كىم ئۇنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىمەن دەپتۇ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئۇ بۇ يەرگە تاشلىنىپ قالمايدۇ. تېز بولۇش، ئۇنى مېنىڭ دۈمبەمگە ئېلىپ قويۇش، ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن.

— تېز بولايلى! — دېدى يېشىل كۆزمۇ ئالدىراپ، — دېڭىز سۈيى ئۆرلەۋاتىدۇ.

ئاندىن ئۇ دەرھال كۆك كۆز بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ پەخرىدىننى شاتۇتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە ئالدى. شاتۇتى مەلىكە پەيلىرى چاپلىشىپ كەتكەن قاناتلىرىنى مىڭ تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىددەتلىك يامغۇر، دەھشەتلىك گۈلدۈرماما-چاقماقلارغا پىسەنت قىلماي ئۇچۇپ كەتتى. مۇشۈك خان قىزلارمۇ ھەممە كۈچىنى،

غەيرىتىنى قاناتلىرىغا يىغىپ ئەگىشىپ ئۇچتى. گاھ شاتۇتى مەلىكىنى، گاھ ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى پەخرىدىننى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇچاتتى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا شۇ تاپتا ئۆز جىنىنى ئاسراش خىيالى يوقتەكلا ئىدى.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئۇچۇشى ئۇزاققا بارمىدى، چۈنكى شاتۇتى مەلىكىنىڭ سول قانىتىغا چاقماق چۈشۈپ يارىلاندۇردى، ئارقىدىن مۇشۈك خان قىزلارمۇ يارىلاندى، ئەمدى ئۇلار يامغۇرغا قوشۇلۇپلا دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى. دېڭىزمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈ-ۋاتقاندەك شىددەتلىك قاينام ياساپ، كۆۋەجەپ، ئاسمان - پەلەك دولقۇنلاپ، ئۇلارنى دولقۇنلىرى بىلەن سوقۇپ چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، دېڭىزدا غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قالمىغىنى.

— غەيرەت قىلىڭ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى مۇشۈك خان قىزلار بار كۈچى بىلەن شاتۇتى مەلىكىنى يۇقىرىغا ئىتتىرىپ ئۆرلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، — غەيرەت قىلىڭ، بەرداشلىق بېرىڭ!

— ئۇنى سىلەرگە تاپشۇراي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يىغلا-سىراپ، — سىلەر ئەكېتىڭلار، مەن بولالمىدىم، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.

— ياق! — دېدى كۆك كۆز، — بىز ھەرگىز ئايرىلالمايمىز، ھەرنېمە بولساق تەڭ كۆرىمىز.

— مەن كۆتۈرەي، — دېدى يارىسى يەڭگىلرەك يېشىل كۆز پەخرىدىننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇچۇشقا ئۇرۇنۇپ، — سەن شاتۇتى مەلىكىگە ھېزى بول، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتمىسۇن. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىمۇ پەخرىدىننى كۆتۈرۈپ ئۇچقۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت قالمىغانىدى.

ئۇلار بارغانسېرى پەسلەپ، بىردىنلا ئۇن سىلىپ يىغلاپ كېتىشتى، ئاخىر پۇتلىرى دېڭىز دولقۇنلىرىغا تېگەي دەپ قالدى، ھەرقانچە كۈچەپمۇ يۇقىرى ئۆرلەشكە ئاجىزلىق قىلىشتى. يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ، شارىلداپ قۇيۇلۇپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئەتراپىدىلا چاقماقلار چېقىلىپ تۇراتتى.

دەل شۇ خەتەرلىك مىنۇتلاردا سامادا ھاۋارەڭ نۇر چېچىپ

تۇرىدىغان بىر كۆك يۇلتۇز پەيدا بولدى ھەم ئۇلارغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى.

ئۇ يېقىنلىغاندا شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سىيماسىنى كۆردى. يۇلتۇز ئۇنىڭ ھاۋا رەڭ يىپەكتەك چاچلىرىنى باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئاجايىپ نەپىس ئالتۇن تاجىسىدا پارلاق نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى بولسا بىر كۆلەڭگە ئىدى.

— غەيرەتلىك بولۇڭلار! — دېدى ئۇ ئارامبەخش مۇزىكىدەك يېقىملىق بىر ئاھاڭدا، — سىلەر چوقۇم ھازىرقى بۇ خېيىم - خەتەردىنمۇ ئامان قالىسىلەر، پاتلا شۇنداق بولىدۇ، قارا يامغۇر ھېلىلا توختاپ قالىدۇ، گۈلدۈرماما - چاقماقلارمۇ تىنچىيدۇ، ئىلگىرى ئەڭ ياۋۇز يالماۋۇزلار ئالدىدا، يىرتقۇچ مەخلۇقاتلار، خەتەرلىك تىلسىماتلارغا، يەنە باشقا مۇشكۈلاتلارغا يولۇققاندا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقۇڭلار، شىجائىتىڭلار قېنى؟ سىرلىق ئالەمدىكى قارا بۇلۇتلار يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ بولايلا دەپ قالدى، ھېلىلا سىلەرنى ئاجايىپ يارقىن رەڭلەردىكى خاسىيەتلىك بۇلۇتلار كېلىپ باغرىغا ئالىدۇ، سىرلىق ئالەمدىكى تىنچ - ئاسايىشلىق سىلەرگە قۇچاق ئاچىدۇ.

— بىراق...... بىراق...... — دېدى شاتۇتى مەلىكە يىغلامسىراپ، — ئىلگىرى ئۇ بىزگە ئۈمىد بېغىشلايتتى، ئۇ كۈچ - غەيرەتىمىزنىڭ مەنبەسى ئىدى، ھازىرچۇ، بىز ھازىر ئۇنىڭدىن......

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە شاتۇتى مەلىكە، — دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئۇ قولىدىكى كۆك يۇلتۇز باشلىق ھاۋارەڭ سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، كۆك يۇلتۇزدىن سانسىزلىغان چېكىتتەك ئۇششاق كۆك يۇلتۇزلار پەيدا بولدى، ئۇلار گويا ھاۋا رەڭلىك ئوت ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇچقۇندەك بۇ يۇلتۇزلار شاتۇتى مەلىكە ۋە مۇشۇك خان قىزلارنىڭ يارىلانغان جىسمىغا قوندى. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ يارىسى سەللىمازا ساقىيىپ، كۈچ - غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئەمدى يەڭگىل ئۇچۇپ كېلىپ

پەخرىدىننىڭ چىڭ يۇمۇۋالغان لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويدى. شۇ دەم پەخرىدىن ھاياتبەخش سەلكىن شامال يۈزلىرىدىن سىيپاپ ئۆتكەندەك ئەندىكىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. بىراق، بۇ چاغ ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سىيماسى يامغۇرلۇق ھاۋاغا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدى.

— كەتمەڭ، توختاپ تۇرۇڭ! — توۋلىدى پەخرىدىن ئۇنىڭ بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ تەلمۈرۈپ.

بىراق، پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان كۆك يۇلتۇزمۇ، ئاشۇ كۆك يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، شەھلا كۆزلەرمۇ ئاخىر غايىب بولدى.

پەخرىدىن خېلىغىچە تېڭىرقاپ قالغاندەك ئۈن - تىنسىز تۇرۇپلا قالدى.

— خوجايىن، سىز ئەسلىي ھاياتكەنسىز - دە؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھاياجانلىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ.

— خوجايىن! — دېيىشتى مۇشۈك خان قىزلارمۇ تەڭلا ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، — راستتىنلا ھاياتكەنسىز.

ئۇلارنىڭ مەرۋايىت بولۇپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى دېڭىزغا چۈشتى، دېڭىزمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالغاندەك دەھشەتلىك داۋالغۇپ، ئاسمان - پەلەك دولقۇنلاشلىرى ئاستا - ئاستا پەسلەپ، ئاخىر تىنچلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى.

— ھەي! — توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ئىككىسىنىڭ پەخرىدىنگە يېپىشىۋالغىنىغا ھەسەت قىلغاندەك، — خوجايىندىن نېرى تۇرۇش، ئىككىڭنىڭ ئېغىرلىقىڭنى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق جۇمۇ مېنىڭ، ھېلى قۇيرۇقلىرىڭنى ئۈزۈۋالماي يەنە.

— كەچۈرۈڭ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى مۇشۈك خان قىزلار ئەمدى ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئاندىن ئۇلار پەخرىدىنىدىن ئاجراپ ئۆچۈپ كېتىشتى، بىراق ئۇلارنىڭ شۇنچە خۇشلۇقىنىڭ ئەكسىچە پەخرىدىن تولىمۇ كەيپسىز بىر ھالەتتە ئىدى.

— ئۇ كەتتى، — دېدى پەخرىدىن ھەسرەتلىنىپ، ئاندىن

هالسىزلانغاندەك بولۇپ، شاتۇتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە تاشلاندى.

— غەيرەتلىك بولۇڭ خوجايىن! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇ سىزنى دەپ يالماۋۇز بىلەن تەڭ تۇگەشتى، بايىقى ئۇنىڭ ئەرۋاھى.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ! — دېدى يېشىل كۆزمۇ تەسەللى بېرىپ، — ئۇ يەنە سىزنى كۆرگىلى كېلىشى مۇمكىن، سىرلىق ئالەمدىكى ئەرۋاھلار بىرەرسىگە تارتىشىپ قالسىلا خېلىغىچە يوقاپ كەتمەيدۇ.

— شۇنداق! — تولىمۇ يىرگىنىشلىك بىر ئاۋاز كەلدى شۇ چاغ شالاڭلىشىپ قېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن، ئارقىدىنلا ۋېجىك يالماۋۇزنىڭ بەتبەشىرە كۆلەڭگىسى پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلىدى، — سىرلىق ئالەمدىكى ئەرۋاھلار ئاسانلىقچە يوقالمايدۇ، بولۇپمۇ ساڭا ئوخشاش تارتىشىدىغان ئادىمى بارلار، ساڭا تارتىشىدىغان كېپىنەك پەرىلەر مەلىكىسىلا ئەمەس، يەنە مەنمۇ بار، سېنى هامان بىر كۈنى ئەرۋاھلار سېپىگە قوشۇۋالىمىز.

ئۇ شۇنداق دەپ قاغا قاقىلدىغاندەك سەت كۈلگىنىچە جادۇگەرلىك هاسىسىنى شىلتىغانىدى، هاسىدىن يا ئوقىدەك بىر دەستە قارا نۇر چىقىپ، پەخرىدىنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇلدى، بىراق ئوق خۇددى پولات قالغانغا تېگىپ قاڭقىپ كەتكەن ئوق مىسالى قايتىپ كەتتى. پەخرىدىنىڭ ياقىسىدىن مەرۋايىتتەك بىر تال سۈزۈك شەبنەم يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتتى.

— ياق - ياق! مۇمكىن ئەمەس، — ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى ۋېجىك يالماۋۇز، — سەن ئۆلۈشۈڭ كېرەك، سەنمۇ يوقىلىشىڭ كېرەك...... ياق!......

بىردىنلا ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك سىماسى ئەلەڭگۈپ - ئەلەڭگۈپ شامالغا يولۇققان تۇتەك - تۇماندەك تاراپ كەتتى. ئارقىدىنلا يامغۇرمۇ پەسلەشكە، ئاسمان سۈزۈلۈشكە باشلىدى، گۈلدۈرماما - چاقماقمۇ ئاجىزلاپ ئاخىر چىپپىدە توختىدى.

— ئۇ نېمە خوجايىن، — سورىدى مۇشۇك خان قىزلار ئۇنىڭ ياقىسىدىكى شەبنەمنى كۆرسىتىپ، — ئەجەب يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ چۈشۈپ كەتمەپتا؟

ئۇلارنىڭ يالماۋۇزنىڭ سىماسىغا قاراپ تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ھېلىلا ئېتىلىدىغاندەك خىرىس قىلىپ تۇرغان ئەلپازىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— دوستۇمنىڭ كۆز يېشى، — دېدى پەخىرىدىن ئۆيچانلىق بىلەن، — ئۇ مەن كەلگەن دۇنيادىن قالغان بىردىنبىر يادنامە.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە چوڭقۇر تىنىپ، — ياخشىمۇ ئۇنىڭ بولۇپ قالغىنى، بولمىسا يالماۋۇزنىڭ ئەرۋاھى سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان بولاتتى. مېنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇچىلىك ئەمەس - دە، ئۆلگەنىدىمۇ يامان نىيىتىدىن، ئەسكىلىكىدىن يانمىغىنىنى قارىمامدىغان بۇ لەنىتىنىڭ.

— سېھىرگەرلىك تايىقىڭىزنى ئىشقا سالغانتىڭىز بولمىسا، — دېدى كۆك كۆز، — بىراق، ئۇنىڭدىن رەڭگارەڭ سالىيۇتلارلا ئېتىلدى شۇ، لېكىن بۇ سالىيۇتلار يامغۇر......

— بولدى قىل! — دېدى شاتۇتى مەلىكە زەردە بىلەن.

— خاپا بولماڭ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يېشىل كۆز، — ئەمدى سىرلىق ئالەمدە سىزنى بېسىپ چۈشىدىغان سېھىرگەر قالمىدى.

— شۇنداقمۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە خۇشال بولۇپ، — ئەگەر گېپىڭ يالغان چىقىپلا قالسا چىرايلىق بۇرۇتلىرىڭنى بىر تال - بىر تالدىن يۇلۇۋالىمەن جۇمۇ!

ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئەمدى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ غەيرىتى ئېشىپ، تېخىمۇ تېز ئۇچۇپ، تىنىق سۇدەك تىنچ- لىنىپ قالغان سىرلىق دېڭىز ئاسمىنىدىن قۇرۇقلۇق ئاسمىنىغا چىقتى.

— خەير - خوش، سىرلىق دېڭىز! — توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ئېگىز قىرغاقتا بىردەملىك ئارام ئېلىشقا قونغاندىن كېيىن.

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار! — دېگەن ئاۋاز كەلدى دېڭىزدىنمۇ شاۋقۇنلىغاندەك.

— ۋاي خۇدايىمەي، دېڭىزنىڭمۇ جېنى بارمۇ نېمە؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە چۆچۈپ.

— شۇڭا، ئۇ سىرلىق دېڭىز - دە، — دېدى يېشىل كۆز.

— رەڭدار، كۆركەم بۇلۇتلار! — توۋلىدى شۇ چاغ كۆك كۆز خۇشاللىقىدىن سەكرەپ - ئويناقشىپ.

ئاسمان يۈزى سۈزۈلۈپ، قارا بۇلۇت - تۇمانلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان، قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ، ئالەم - جاھاننى ئاپتاپقا چۆمدۈرگەنىدى. توپ - توپ ۋە رەڭگارەڭ پاختا دۆۋىسىدەك بۇلۇتلار كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ھەممىسىدە قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇنلار پەيدا بولغان بولۇپ، پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك ئىدى. يەر يۈزىدىن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان شاردەك رەڭگارەڭ كۆپۈكچىلەر كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار بەلگىلىك ئېگىزلىككە يەتكەندە گاھىلىرى ۋىلىقلاپ، گاھىلىرى قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلارنى ياڭرىتىپ، ئېتىلىپ كېتەتتى. ئارقىدىنلا يەنە ۋىشىلداپ رەڭگارەڭ ساليۇتلار ئېتىلىشقا باشلىدى، سامادىن بولسا رەڭگارەڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار سارقىپ چۈشۈپ پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ-لىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندە يېنىك پارتلاپ، يۇلتۇز چاچقۇسى بولۇپ چېچىلدى، شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈش - مەنزىرە ئاجايىپ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى.

شۇ چاغ چوڭ بىر سۇت رەڭ شاتۇتى ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا شاتۇتى مەلىكىگە تاشلىنىپ، قاناتلىرىدا ئۇنى قۇچاقلاپ، كۆز ياشلىرى بىلەن باش - كۆزنى نەملەپ، تۇمشۇقلىرىنى سۈركەپ كەتتى ۋە توختىماي:

— باتۇر قىزىم، ئوماق قوزام، مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن. ئاھ! مېنىڭ يۈرەك پارەم، سەن ھەم سېنىڭ خوجايىنىڭ يەنە ئاۋۇ بىر جۈپ مۈشۈكمۇ بار تېخى، بىزنىڭ نىجاتكارىمىز، سىرلىق ئالەمنىڭ نىجاتكارى، ياشاڭلار، مەڭگۈ ياشاڭلار!

باشتا سەل تېڭىرقىغان شاتۇتى مەلىكە بىردىنلا ئۆز ئانىسىنى تونۇدى - دە، ئۇمۇ ئانىسىغا مەھكەم چاپلاشتى، ئالماس بولۇپ تۆكۈلگەن ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن قۇچىقىنى تولدۇردى. ئاندىن:

— راستتىنلا سىز مېنىڭ ئانامما، چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن - ھە؟ خۇداغا شۈكرى، — دېدى شىۋىرلاپ.

ئارقىدىنلا يەنە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغمىغاندەك سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىشقا باشلىدى. ھەر قېتىم شىلتىغاندا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ۋاللىدە نۇر چاقناپ، سانسىزلىغان سالىيۇتلار ئېتىلدى. رەڭگارەڭ يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلار چېچىلدى، ئاجايىپ كۆلكىلىك ھەجۋىي سۈرەتلەر ھاسىل بولدى، رەڭگارەڭ شارلار پەيدا بولۇپ، شامالدا ئۇچۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى پەخىردىن ئانا - بالا شاتۇتىلارغا، — ئاخىر تىنچ - ئامان كۆرۈشتۇقلار، بىراق مەن......

ئۇ بىردىنلا يەنە گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى، يۈرىكى بولسا نېمىگىدۇر تارتىنىشقاندەك بولۇپ قالدى.

— بىراق دەيسىزغۇ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بىزدىن يوشۇرىدىغان بىرەر سىرىڭىز يوقتۇ؟

— بەلكىم خوجايىنمۇ ئۆز ئانىسىنى سېغىنغان چېغى، — دېدى ئانا شاتۇتى كۈلۈپ، — ئۇنىڭمۇ تۇغۇپ مىڭبىر جاپالار ئىچىدە چوڭ قىلغان ئانىسى بار - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىز شاتۇتىلارنىڭ بالىسىدەك تۇخۇمدىن چىقمايدۇ، تېزلا چوڭ بولۇپمۇ كەتمەيدۇ، ئۇلارنى تۇغقاندىن كېيىن بېقىپ، پەرۋىش قىلىپ، مۇشۇنچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئانىلىرىنىڭ چەككەن جاپاسىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مېھرى بىزنىڭكىدىنمۇ چوڭقۇر.

— بىراق، — دېدى پەخىردىن خىيالچانغىنە، — ئۇنىڭ چىرايىنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، يەنە تېخى...... يەنە تېخى كىملەردۇر......

— يەنە تېخى ئاتىڭىز، ئاكا - ئۇكىڭىز، ئاچا - سىڭىللىرىڭىز، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز، يەنە تېخى دوست - بۇرادەرلىرىڭىز...... — دېدى ئانا شاتۇتى، — چوقۇم شۇنداق بىر تالاي يېقىن كىشلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن.

— توختا! — دېدى پەخرىدىن، — ياقامدا بىر تال چوغ باردەكلا قىلىدۇ، توغرا، بىر تال چوغ. ئۇ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، ۋاي، ھەممە يېرىمگە ئوت كەتكەندەك بولۇۋاتىمەن، بۇ نېمە ئىش ئەمدى.
پەخرىدىن بىردىنلا تىنچسىزلىنىپ، نېمە ئۈچۈندۇر بىئارام بولۇپ، تېپىرلاپلا قالدى.
— نېمە بولدىڭىز خوجايىن؟ — شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار تەڭلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ پەرۋانە بولۇپ كېتىشتى، پەخرىدىن بولسا ئاخىر كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ تىنچىدى.
— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەرنېمە بولسا ئوڭشىلىپ قالدىڭىز.
— ياقىڭىزغا قاراپ باقايلى! — دېدى ئانا شاتۇتى، — چوغ بار دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز.
ئۇلار كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا قارىدى، ياقىدا بىر داغ بار ئىدى، داغدىن بولسا بىر گۈلخاننىڭ ھارارىتى كېلىۋاتاتتى.
— سىزنى ئارامسىزلاندۇرغان مانا مۇشۇ، — دېدى ئانا شاتۇتى، — ئۇ نېمە داغ بولغىيتتى؟
داغ بىردىنلا چوڭىيىشقا باشلىدى، چوڭىيىپ - چوڭىيىپ ئاخىر ئالىقاندەك بولدى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدە دوستى ئادىلجاننىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئۇ: «قايتىپ كەل، قايتىپ كەل!» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ سىماسى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ، ئورنىدا چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، ئاق لېچەك ئارتىپ، جايىنامازدا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنىڭ سىماسى پەيدا بولدى: «ئاھ ئۇلۇغ خۇدا، ئوغلۇمغا ئۆزلىرى باشپاناھ بولغايلا، ئۇ تىنچ - ئامان قايتىپ كەلگەي!» دەپ تىلەك تىلەۋاتاتتى.
— ئانا! — پەخرىدىن تووۋلىۋەتتى ھەم ئاشۇ سىماغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. بىراق، ئۇنىڭ قۇچاقلىغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان شاتۇتى مەلىكە بولدى.
— خوجايىن، خوجايىن، نېمە بولدىڭىز؟ — ئۇنى پەپىلىدى شاتۇتى مەلىكە.

پەخرىدىن ھوشىنى يىغىپ ئۇنى قويۇۋەتتى، ئانىسىنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولغان، لېكىن يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. يۈرىكى گويا ھېلىلا كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ، قۇشقا ئوخشاش ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى.

— ئانام، — دېدى پەخرىدىن ھاياجانلىنىپ، — مەن ئۇنى ئەمدى ئەسلىيەلەيدىغان بولدۇم، ئۇ مېنى ئۇنتۇماپتۇ، تىنچ - ئامانلىقىمنى تىلەۋېتىپتۇ.

— توغرا، — دېدى ئانا شاتۇتى، — قايسىبىر ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان يۈرەك پارىسىنى ئۇنتۇپ قالسۇن؟ ئۇنى ھېچكىم، ھېچ نەرسە قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. سىزنى بايا كۆيدۈرگەن ئوت سېغىنىش ئوتىكەن، سىرلىق ئالەمگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئەسلىدە ئېلگىرىكى ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ، يېپيېڭى ئادەم بولاتتىڭىز. بىراق، ئۆز دۇنيايىڭىزدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزگە تۇتاشقان دىل رىشتىڭىز تۈپەيلى، ياقىڭىزدىكى ئاشۇ ئۆچمەس داغ تۈپەيلى ئۇلارنى تولۇق ئۇنتۇپ كېتەلمەيسىز.

— مەن ئەمدى قايتىمەن، — دېدى پەخرىدىن بوشقىنە.

— نېمە؟ — شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۈك خان قىزلار خۇددى چايان چاققاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— ئانامنىڭ قېشىغا قايتىمەن، — دېدى پەخرىدىن يەنە، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلدى.

— يىغلىماڭ خوجايىن! — دېدى شاتۇتى مەلىكە دەرھال ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — سىز دېگەن ھازىر راۋۇرۇس بىر ئەزىمەت يىگىت، كىچىك بالىدەك يىغلاش پەقەتلا ياراشمايدىكەن.

— شۇنداق خوجايىن، — دېيىشتى مۇشۈك خان قىزلارمۇ، — ئۆتكەنكى باتۇرلۇقىڭىز قېنى، شۇ تاپتا سىزنىڭ بۇ تۇرقىڭىزنى كۆرگەنلەر يالماۋۇزلار، يىرتقۇچ مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشقانلىقىڭىزغا، سىرلىق تىلسىملارنى بويسۇندۇرۇپ، كۈرمىڭ خەتەر - مۇشكۈلاتلارنى يەڭگىنىڭىزگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ.

— مەن ئىشىنىمەن، — شۇ چاغ مەيىن شامال بىر خۇش ھىد بىلەن مۇزىكىدەك يېقىملىق، لېكىن تولىمۇ مۇڭلۇق بىر ئاۋاز ئېلىپ كەلدى.

ھەممەيلەن ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىغانىدى، كۆز ئالدىدا ئاستا-ئاستا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى. ئۇ مۇئەللەقتە ھەسرەتلىك كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى، قولىدا بولسا تاۋاقتەك ئېچىلغان، گۈل بەرگلىرى ئاسمان رەڭگىدە بىر ئەتىرگۈل بار ئىدى.

پەخرىدىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىگە ئۇمتۇلدى، بىراق قوللىرى ھاۋانى قۇچاقلاپ قالدى.

— مەن ھازىر بىر ئەرۋاھ، — دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى بارا - بارا يىراقلاپ، — سىز بىلەن ئاداققى خوشلاشقىلى كەلدىم، ئۆز دۇنيارىڭىزغا قايتقاندا مېنى ئەسلەپ قويارسىزمۇ؟

— كەتمەڭ! — توۋلىدى پەخرىدىن ئۇنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگۈدەك سىيماسىنى قوغلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، — مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى سۆيىمەن، مەندىن ئايرىلماڭ......

ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ چېھرى قۇياشتەك پارلاپ، لەۋلىرىدە بەخت تەبەسسۇمى، شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قولىدىكى ئەتىرگۈل تۇزۇپ، ئۇنىڭ سىيماسىمۇ غايىب بولدى. توزۇغان گۈل بەرگلىرى لەيلەپ - لەيلەپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى، پەخرىدىن يېگىباشتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قاراپلا قالدى.

— تېز گۈل بەرگلىرىنى تۇتۇۋېلىڭ! — توۋلىدى ئانا شاتۇتى.

پەخرىدىن سەل ئېسىنى يىغىپ، گۈل بەرگلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا قول سوزدى، بىراق بىر تاللا گۈل بەرگىنى تۇتۇۋالىدى، قالغانلىرى يەرگە چۈشۈپ بولغانىدى. يەردىن تېرىۋالاي دېگۈچە ھەممىسى يەرگە سىڭىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى. ئارقىدىنلا گۈل بەرگلىرى چۈشكەن يەردىن نەچچە ئون تۈپ گۈل كۆچىتى كۆكلەپ چىقىپ، ھەممىسى تۇخۇمدەك ھاۋارەڭ غۇنچە باغلىدى، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ

كۈلگەن بىر سادا بىلەن تەڭ پورەكلەپ ئېچىلدى. گۈل بەرگلىرى ئارىسىدىن ھاۋا رەڭلىك كېپىنەكلەر ئۇچۇپ چىقىشىپ، ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىشتى.

پەخرىدىن ئالىقىنىدىكى گۈل بەرگىگە قارىدى، ئۇنىڭدا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سولغۇن، ئەمما تەڭداشسىز گۈزەل چېھرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس زاھىر بولۇپ تۇراتتى.

— ئۇنى سۆيۈپ قويۇڭ! — دېدى ئانا شاتۇتى.

پەخرىدىن گۈل بەرگىنى ئاۋايلاپقىنە سۆيدى، سولىشىپ قالايلا دەپ قالغان گۈل بەرگى شۇ ھامان ھازىرلا ئۈزۈۋېلىنغاندەك بىر ھالغا كەلدى.

— خالىسىڭىز ئۇنى تىرىلدۈرەلەيسىز، — دېدى ئانا شاتۇتى.

— راستىما! — دېدى پەخرىدىن قايتىدىن روھلىنىپ، — ئېيتقىنا، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— راست، — دېدى ئانا شاتۇتى ئىشەنچ بىلەن، — بىراق بۇ بەك مۈشكۈل بىر ئىش.

— ھەرقانچە مۈشكۈل بولسىمۇ مەيلى، — دېدى پەخرىدىن ئانا شاتۇتىنى تۇتۇۋېلىپ، — ماڭا ياردەم قىل، يول كۆرسەت، مەن ئۇنى چوقۇم تىرىلدۈرىمەن!

— راستتىنلا شۇنداق قىلامسىز؟ — سورىدى ئانا شاتۇتى دەرگۇمان بولۇپ، — سىز ئۆز دۇنيارىڭىزغا قايتماقچىدىڭىزغۇ؟

— نېمانچە ئەزمىلىك قىلىدىغانسەن، — دېدى پەخرىدىن رەنجىگەندەك.

— تېز ئېيتقىنا ئانا، — دېدى شاتۇتى مەلىكىمۇ، — خوجايىنىنىڭ ئىرادىسىگە ئىشەن، بىزمۇ كېپىنەك پەرىنىڭ تىرىلىشىنى، ئارىمىزغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ئايىمايمىز.

— بىراق، — دېدى ئانا شاتۇتى، — ئۇ بۇ ئىشقا تۇتۇلۇپلا قالسا كۆپ ۋاقتى كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۆز دۇنياسىغا قايتىشقا ئۈلگۈرەلمەسلىكى مۇمكىن.

— راستتىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ — دېدى پەخرىدىن سەل پەسكويغا چۈشۈپ.

— شۇنداق، — دېدى ئانا شاتۇتى، — سىز كېپىنەك پەرىلەر مەلىكىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن گۈل بەرگىنى ئابىھايات بۇلىقىغا ئاپىرىشىڭىز كېرەك، ئابىھايات بۇلىقىغا بېرىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى بىلمەيسىز، سەللا ھايال قالسىڭىز سىرلىق ئالەمنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ قېلىپ، ئۆز دۇنيارىڭىزغا مەڭگۈ قايتالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

پەخرىدىن بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ شۇ تاپتا ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىۋاتقاندەك ئىدى.

بىر تەرەپتىن ئانىسى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى:

— قايتىپ كەل ئوغلۇم، تېز قايتىپ كەل، سېنى سېغىندىم......

يەنە بىر تەرەپتە بولسا ھاۋارەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سولغۇن سىيماسى:

— مېنى دەپ ئۆز دۇنيارىڭىزغا قايتىش پۇرسىتىنى قۇربان قىلىۋەتمەڭ، كېيىن پۇشايمان قىلىسىز...... — دەۋەتقاندەكلا قىلاتتى.

— جان قۇتقۇزۇش مۇھىم! — شۇ چاغ كىمنىڭدۇر ۋەزمىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

پەخرىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، بىراق گەپنى كىمنىڭ قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمىدى. ھېلىقى ئاۋاز ھەمراھلىرىنىڭ ئىنچىكە، ئەمما يېقىملىق، ئەركىلىگەندەك ئاۋازىغا پەقەت ئوخشىمايتتى ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەممىسى ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۇندىمەستىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، بىرەرسىمۇ گەپ قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

— جان قۇتقۇزۇش مۇھىم! — ھېلىقى ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى.

پەخرىدىن بىردىنلا ئاۋاز ئۆز كۆكرىكىدىن، يۈرىكىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— توغرا، — دېدى ئۇ ئەمدى قەتئىيلىك بىلەن، — ئابىھايات بۇلىقىغا بارىمەن، ماڭا يول كۆرسەت.

ئانا شاتۇتى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئاۋۋال قەلئەگە قايتىڭ، ئاندىن كۈتۈپخانا ئەسلىگە كەلگەنلا بولسا، «سېھىرگەرلىك تارىخى» كىتابلىرىنى تېپىڭ. باشقا كىتابلار غايىب بولسىمۇ، ئۇلا ساقلىنىپ قالاتتى، بۇ كىتابلاردىن ئىلگىرى زۇلمەتكە بارغانلارنىڭ رىۋايەت - ئەپسانىلىرى، ھېكايىلىرىنى ئوقۇڭ، ئاندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيسىز، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— نېمە؟ — تووۋلىۋەتتى پەخرىدىن ئەندىكىپ.

— سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىدىن يىپ ئۇچى ئىزدەڭ، — دېدى ئانا شاتۇتى تەئەججۇپ بىلەن، — سىرلىق قەلئە كۈتۈپخانىسىدىكى باشقا ھەممە كىتابلار قەلئە يوقالغاندا تەڭلا يوقىلىپ كەتكىنى ئېنىق، لېكىن سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرى بولسا ھامان ساقلىنىپ قالىدۇ.

— بىراق، بىراق...... — دېدى پەخرىدىن لەسسىدە بوشىشىپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرى ھەممىسى كۆيۈپ كەتكەن، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم.

— ئىسىت! — دېدى ئانا شاتۇتى قانىتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ.

— تولا ئەزمىلىك قىلماي باشقا يول كۆرسەتكىنە ئانا، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئانىسىنى ئالدىرىتىپ، — خوجايىنىنى ئۈمىدسىز-لەندۈرمە!

— ئۇنداقتا بۇنىڭدىن خەۋەردار بىرسىنى تېپىش كېرەك، — دېدى ئانا شاتۇتى.

— تاپالارمىزمۇ؟ — دېدى پەخرىدىن مەيۈسقىنە، — قەيەردىنمۇ ئىزدەرمىز.

— سەن ئابىھايات بۇلىقىغا بېرىشنى قويۇپ، ئۆز غېمىڭنى قىل! — دېدى شۇ چاغ كىمدۇر بىرى.

— كىمسەن؟ — تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە تۆت تەرەپكە قاراپ.

شۇ ھامان يەردىن پۇررىدە قىلىپ ئالتۇن رەڭلىك بىر تۇتەك - تۇمان كۆتۈرۈلدى - دە، يىغىلىپ - يىغىلىپ، ئالتۇن رەڭلىك چوڭ بىر شاتۇتىغا ئايلاندى.

— ماڭا بىئەدەپلىك قىلغان قايسىڭ؟ — تووۇلىدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

— مانا مەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ توگلۇق بىلەن.

— ۋاھ! — دېۋەتتى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، — نېمىدېگەن گۈزەل، مەن ياقتۇرۇپ قالدىم.

— نېمىنى؟ — تووۇلىدى شاتۇتى مەلىكە زەردە بىلەن، — ئەجەب ئالىجوقا سۆزلەيدىغۇ بۇ؟

— ئەلۋەتتە سېنى، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — مەن تېخى سېنىڭ ياتلىق بولمىغان بولۇشۇڭنى ئۇمىد قىلىمەن.

— ئۇ تېخى ياتلىق بولمىدى شاھزادە ئالىيلىرى، — دېدى ئانا شاتۇتى تەۋەزۇ بىلەن.

— ئانا، نېمە دەۋاتىسەن، — تووۇلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە، — ياتلىق بولۇش دېگەن قانداق گەپ؟

— توي قىلىش دېگەن گەپ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېيىشتى مۇشۇك خان قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! — تووۇلىدى يەنە شاتۇتى مەلىكە جىلى بولۇپ، — مەن ئەمدى بۇنداق تېتىقسىز گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

— بۇ سېنىڭ رايىڭغا باقىدىغان ئىش ئەمەس قوزام، — دېدى ئانا شاتۇتى ئۇنى پەپىلەپ، — شاھزادىنىڭ ئۆزىگە جورا تاللاش هوقۇقى بار. بىلەمسەن، سېھىرگەر ئۇستاز ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا شۇنداق هوقۇقنى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئۇنى خوجايىنىڭ سىرلىق ئالەمگە ئاپىرىپ ئەكېلىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن مەلىكە، ئۇ بولسا شاھزادە، سالاھىيىتىڭلارمۇ تازا ماس كېلىدۇ دېگىنە، ئۇ تاللىغانىكەن، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشۇڭ كېرەك.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى يېشىل كۆز.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ شۇنچە كېلىشكەن شاھزادىكەن دېگىنە، — دېدى كۆك كۆز، — يەنە......

— بىراق، مەن خوجايىننى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام، —

دېۋەتتى شاتۈتى مەلىكە ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — مەن ئۇنىڭغا......

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئانا شاتۇتى بىلەن مۇشۇك خان قىزلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى، پەخرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىنىڭ دىماقلىرىدىن ھەسەت ئوتى يېلىنجاپ، پەيلىرى ھۈرپىيىپ كەتتى، ئۇ ھېلىلا پەخرىدىنگە ئېتىلىدىغاندەك بىر ئەلپازدا ئالىيىپ قويدى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس قوزام، — دېدى ئانا شاتۇتى شاتۇتى مەلىكىنى باغرىغا بېسىپ، — ئۇ دېگەن ئادەمزات، سەن دېگەن قۇش، ھەركىم ئۆز خىلىدىكىلەر بىلەن جۈپ بولىدۇ.

شاتۇتى مەلىكە تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، ئانىسىنىڭ قاناتلىرى ئاستىغا بېشىنى تىقىۋالدى.

— كېتەمسەن - يوق؟ — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەخرىدىنگە توڭلۇق بىلەن، — سېنى ئۆز ماكانىڭغا ئاپىرىۋەتسەم مەنمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ بولاتتىم.

— ھازىرچە قايتمايمەن، — دېدى پەخرىدىن، — ئابىھايات بۇلىقىغا بارىمەن.

— نېمە؟ — ئەندىكىپ كەتتى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — سەن سىرلىق ئالەمدە مەڭگۈ قالماقچىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى پەخرىدىن ئويچانلىق بىلەن، — مېنىڭ قايتقۇم بار، لېكىن ھازىر......

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، ئاندىن قولىدىكى گۈل بەرگىنى كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سالدى.

— ھازىر قايتىۋېلىشىڭنىڭ دەل پەيتى ئىدى، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى ئەپسۇسلانغاندەك، — يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە سىرلىق ئالەمنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدۇ، ئاندىن مىڭ يىلدىن كېيىن بىر ئېچىلىدۇ.

— مېنى ئابىھايات بۇلىقىغا باشلاپ بارغىن! — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — بۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلىپ بولغىنىڭ بولسۇن.

— ئۇ بارىمەن دەپلا بارغىلى بولىدىغان يەردە ئەمەس، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — بەلكىم بۇ يولدا ھاياتىڭدىن ئايرىلىشىڭ مۇمكىن.

— ماڭايلى! — دېدى پەخرىدىن، — باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، ھەرگىز سەندىن ئاغرىنمايمەن.

— خەير، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — مەن سېنى باشلاپ باراي، — ئاندىن ئۇ شاتۇتى مەلىكىگە قاراپ:

— مېنى كۈتۈڭ، قايتىپ كېلىپلا سىزنى ئەمىرىگە ئالىمەن، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ! — تولۇلىدى شاتۇتى مەلىكە پەي قاناتلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ھېلىلا ئۇنى چوقۇۋالىدىغاندەكلا، — مەن مەڭگۈ خوجايىنىغا تەئەللۇق، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن.

— توغرا، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ، — بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمىز، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز.

— سىلەر بارساڭلار بولمايدۇ، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — يولنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك، مۇشكۈللۈكىنى بىلمەيسىلەر، سىلەر يولدا بىزگە يۈك بولۇپ قالىسىلەر.

— بارىمىز! — شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار تەڭلا تۇۋلاشتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى يەنە «بارماڭلار!» دەيدىغانلا بولسا، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى يۇڭۇزلىۋېتىدىغاندەكلا بىر ھالەت چىقىپ تۇراتتى.

— ماقۇل! — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى ئامالسىز.

— مانا بۇ گېپىڭىز بولىدۇ، — شاتۇتى مەلىكە ئەمدى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن گەپ قىلدى.

ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى سېھىرگەرلىك تايىقنى شىلتىغانىدى، ھاۋادا ئالتۇن رەڭلىك بىر يۇلتۇز پەيدا بولۇپ، چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، پەخرىدىن سىرلىق ئالەمگە ئولتۇرۇپ كەلگەن ئالتۇن رەڭلىك پەيتۇنغا ئايلاندى.

— مەرھەمەت! — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى.
— ئىسسىت، — دېدى پەخرىدىن ئىچىدە، — ئۇچار ۋېلىسىپىت پەسىنىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسامچۇ، ئاسماندا ئۆزۈم ئۇچۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋالاتتىم، — دېدى.
ئاندىن ئۇ پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇردى، پەيتۇندا يەنە ئۈچ كىشىلىك ئورۇن بار ئىدى.
— سىلەرمۇ چىقىڭلار! — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى.
شاتۇتى مەلىكە تارتىنماستىن چىقىپ، پەخرىدىننىڭ يېنىغا جايلاشتى، مۇشۇك خان قىزلار ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇنلاشتى.
— خەير - خوش! — دېدى ئانا شاتۇتى، — ئامان بولۇڭلار، ئۇلارنى تىنچ - ئامان قايتۇرۇپ كېلەرسىز شاھزادەم.
— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — ئۇلارنى بار كۈچۈم بىلەن قوغدايمەن.
— خوش ئانا! — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۆزۈڭنى ئاسرا!
— باتۇر قىزىم، — دەپ شىۋىرلىدى ئانا شاتۇتى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن.
ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۇنى ئېپقالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن پەيلىدىن ياندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەچكە توسۇمىغانىدى.
ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەيتۇنغا ئات ئورنىدا ئۆزىنى قوشۇپ، ئۇنى سۆرىگىنىچە كۆككە پەرۋاز قىلدى، سۈرئىتى ئاجايىپ تېز ئىدى. ئاسماندا يولۇققان رەڭدار بۇلۇتلار ئۇ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەندە چۆچۈپ، پىتىراپ كەتكەن قوي پادىسىدەك ھەر تەرەپكە تاراپ كېتەتتى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار بولسا بۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى......

# ئىككىنچى قىسىم

# ئابىهايات بولىقىنى ئىزدەش

## بىرىنچى باب

# زۇلمەتكە سەپەر

ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت توختىماستىن ئۇچتى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ زېرىكىپ، جىمىپلا قېلىشتى، بىراق تۇيۇقسىز ئاسماندا سان - ساناقسىز نۇرلۇق يۇلتۇزلار پەيدا بولغاندا ئۇلار يەنە جانلىنىپ قېلىشتى، چۈنكى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىنىڭ قاناتلىرى تېز - تېز ھەرىكەتلەنگەندە چىققان شامال سوققان ھامان بۇ يۇلتۇزلار كۈمۈش قوڭغۇراقلاردەك جىرىڭلاپ كېتەتتى.

ئۇلار يەنە بىر چاغدا كۆك قەرىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئالتۇن لېگەنىدەك تولۇن ئاينى كۆردى، يېقىنلاشقانسېرى ئاي چوڭىيىپ باردى، بىراق يېنىغا بارغاندا تۇيۇقسىز ھىلال ئاي شەكلىگە كىرىپ، بىر ئېغىز پەيدا بولدى - دە، سورىدى:

— قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— دەل سىزنىڭ يېنىڭىزغا، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى مۇئەللەقتە چىپپىدە توختاپ، — بىزگە ئابىھايات بۇلىقىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز.

— ئۇ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — سورىدى ھىلال ئاي مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇ ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنى تىرىلدۇرمەكچى، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى قانىتى بىلەن پەخرىدىنى ئىما قىلىپ.

— ھە! — دېدى ھىلال ئاي خۇشاللىق بىلەن، — ئۇ ھېلىقى

نىجاتكارىمىزكەنغۇ؟ بولىدۇ، بىراق سەن ئۇنى بۇ خەتەرلىك يولغا ئېلىپ ماڭماسلىقىڭ، نەسىھەت قىلىپ توسۇشۇڭ كېرەك ئىدى. خەير، ئاتقان ئوق يانمايدۇ، بارغىن، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ماڭغىن! ئۇ سېنى قېرى مېكىياننىڭ يېنىغا يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى مېنىڭكىدىنمۇ كۆپرەك، ئۇ يول كۆرستەلىسە ئەجەب ئەمەس.

— رەھمەت، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، ئاندىن ئۇچۇشقا تەمشەلدى، ھىلال ئاي ئاغزىدىن تۇخۇمدەك بىر تاشنى پۈركۈدى.

— ئۇنى ئېلىۋال يىگىت، — دېدى ھىلال ئاي، — ئۇ ساڭا زۇلمەتتە ئەسقاتىدۇ، ئاندىن قايتىشىڭدا خەتەرگە يولۇقساڭلا تاشلىۋەت.

— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن تاشنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

شۇ چاغ ھىلال ئاينىڭ ئاغزىدىن يەنە بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئۇچۇپ چىقتى - دە، بىر تەرەپكە ۋىژىلداپ يۈرۈپ كەتتى، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى دەرھال پەيتۇننى سۆرەپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇلارنىڭ سۈرئىتى يەنىلا ئاجايىپ تېز ئىدى.

ئۇلار تاڭ ئاتقان مەزگىلدە ئاندىن غايەت يوغان تاغدەك بىر ئالتۇن رەڭلىك بۇلۇتقا دۈچ كېلىپ توختىغانىدى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزمۇ غايىب بولدى. بۇلۇت ئۈستىدە بولسا پەي قاناتلىرى رەڭدار ئەتلەستەك بىر گىگانت مېكىيان تۇخۇم بېسىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تۇخۇملىرىمۇ پەي قاناتلىرىدەك رەڭدار ۋە نۇرلۇق، ھەربىرى ۋاسكېتبول توپىچىلىك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق گۆھەر تۇخۇملار ئىدى.

— مەرھابا! — دېدى قېرى مېكىيان قاقاقلاپ، — نېمىشقا كەلگىنىڭلارنى بىلىمەن، ئەپسۇس، مەنمۇ زۇلمەتكە قانداق بېرىشنى بىلمەيمەن. سېھىرگەرلىك تارىخى كىتابلىرىنى ئاززاق ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا كەلگۈسىدە بىر ئادەمزاتنىڭ زۇلمەتكە بارىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەت يېزىلغانىكەن.

— ئۇ كىتابلاردا زۇلمەتكە بارغانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرمۇ

بولغىيتتى، ــ دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى.

ــ تـوغرا، ــ دېـدى قېـرى مېكىيـان، ــ بىرسـى ئېـسىمگە كەلدى، ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ــ كىم ئۇ؟ ــ سورىدى پەخرىدىن ئالدىراپ.

ــ سۇمۇرغ، ــ دېـدى قېـرى مېكىيـان، ــ بېـسىۋاتقىنىم دەل شـۇنىڭ تۇخـۇملىرى. ئـۇ ھەرقېـتىم توققـۇز تۇخـۇم تۇغـىدۇ، بىـراق بىرىسىدىنلا ئۆزىگە ئوخشاش سۇمۇرغ چىقىدۇ، قالغـانلىرى بولـسا ماڭـا ئوخشاش توخۇ بولىدۇ، ئانـدىن چۈجە سۇمۇرغ ئۇنىڭغا، باشقىلىرى ماڭا تەئەللۇق بولىدۇ. بەك قېرىپ كەتكىنىم ئۈچۈن تۇغماس بولۇپ قالغـانمەن، سـۇمۇرغ بولـسا تۇخـۇم تۇغالىغـان بىـلەن ماڭـا ئوخـشاش سەۋرچان ئەمەس. شۇڭا، تۇخۇم بېسىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئـۇ ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ساياھەتكە بېرىشقا ئامراق، شۇ سەۋەبلىك جېنىدىن ئايرىلمىسىلا بولاتتىغۇ، ئەگەر ئـۇ ئۆلسە جاھانـدا سـۇمۇرغنىڭ نەسلى قۇرۇيـدۇ، ئاسـتىمدىكى تۇخۇمـدىن چۈجە چىقىشى ئۈچۈن يەنە 300 يىل كېرەك، ئۇنىڭغىچە جاھانـدا سـۇمۇرغ بولمىسا قانـداق بـولغىنى ـ ھە؟!

ئـۇ شـۇنداق بىرھـازا كوتۇلـدىۋېتىپ، ئانـدىن بىـر تـال پېيىنـى چوقۇلاپ يۇلۇۋالدى ـ دە:

ــ پۇف! ــ قىلىپلا ئۇچۇرۇۋەتتى، ــ ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ــ دېدى ئۇ، ــ سىلەرنى سۇمۇرغنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ.

ــ رەھمەت! ــ دېدى پەخرىدىن.

ــ رەھمىتىڭ ئۈچۈن مانا بۇنىمۇ ئال! ــ دېـدى قېـرى مېكىيـان بېسىۋاتقان تۇخۇملىرىـدىن بىرنـى قـانىتى ئـارقىلىق ئېلىـپ، پەيتـۇن ئېچىـگە تاشـلاپ، ــ زۇلمەتــتىن قايتقىنىڭــدا خەتەرگە يولۇقــساڭ تاشلىۋەت. سۇمۇرغ چىقىدىغان تۇخـۇمنى بېرىۋەتمىگەنـدىمەن ئىلاھىم، تولىمۇ ئەدەپلىك، سۆيۈملۈك بالا ئىكەنسەن، شـۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يـۈرەك پارىلىرىمـدىن بىرسـىنى بېرىـۋەتتىم ـ دە، سـاڭا، قـورۇق قايتۇرۇشـقا قانداقمۇ كۆزۈم قىيسۇن.

پەخرىـدىن تۇخـۇمنى ئـالاي دېگـۈچە، تۇخـۇم ئـۆزىلا گۈلـدەك

كىچىكلەپ قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئىشتان يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى.

ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەيتۇنىنى سۆرەپ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدىنمۇ تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەيگە ئەگەشتى. بار كۈچى بىلەن ئۇچۇپ، ئاران يېتىشتى. قېرى مېكىياننىڭ كوتۇلداشلىرى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

بىر چاغدا ئۇلار يېڭى بىر دۇنياغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، چۈنكى ئاسماندا نە بىر پارچە بۇلۇت، نە باشقا بىر ئاسمان جىسمى كۆرۈنمەيتتى، خۇددى ئۇلاردىن باشقا مەۋجۇدات يوقتەكلا ئىدى. ھەممە تەرەپ كۆپكۆك ئاسمان، تۆۋەندىكى قۇرۇقلۇقمۇ غايىب بولۇپ، ئورنىدا كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقى قالغاندەكلا.

ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۇچتى، ئاخىر يىراقلاردا تاغدەك يوغان بىر ئاق بۇلۇتنى كۆردى. بۇلۇت ئۈستىدە شاخلىرى ئالتۇن ۋە يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن بولغان، ھەر شېخىدا يۈزلەپ تاۋۇقتەك ـ تاۋۇقتەك چوڭلۇقتىكى، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، غولى تۈپتۈز ئۆسۈپ، ئۇچىدىن غايەت يوغان كۈنلۈكتەك شاخ يايغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە كۆركەم ھەيۋەتلىك بىر دەرەخ بار ئىدى.

مېكىياننىڭ پېيى شۇ بۇلۇتقا بېرىپ قوندى، ئارقىدىنلا ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىمۇ پەيتۇنىنى سۆرەپ ئۇچۇپ بارغانچە بۇلۇتقا قوندى ـ دە، ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، ئۇ بەكلا چارچىغانىدى.

پەخىردىن پەيتۇندىن چۈشمەكچى بولدى. بىراق:

ــ چۈشمە! سەن دەسسىسەڭ بۇلۇتقا پېتىپ قالىسەن، پېتىپلا قالساڭ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، ــ دېگەن ئاۋاز كەلدى دەرەختىن.

پەخىردىن ئامالسىز ئورنىدا ئولتۇرۇۋەردى، دەرەخنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەمراھلىرىمۇ پەيتۇندىن چۈشمىدى.

ــ سۇمۇرغ قاياققا كەتتى؟ ــ سورىدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى.

ــ بىلمەيمەن، ــ دېدى دەرەخ، ــ لېكىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

دېگەندەك ھايالسىزلا بىر تەرەپتىن بوران چىقىپ كەتتى،

ئارقىدىنلا بوران ئىچىدىن پەي قاناتلىرى ئەتلەستەك رەڭدار ۋە كۆركەم-
ھەيۋەتلىك بىر سۇمۇرغ ئۇچۇپ كەلدى.

ئۇ ئۇچۇپ كەلگەنچە دەرەخ سايىسىغا قوندى - دە، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىنى قاناتلىرىدا يەلپۈدى. ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى ئەمدى روھلىنىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— قېرى مېكىيان سالام ئېيتتى، ئۇ بىزنى زۇلمەتكە يولغا سېلىپ قويۇشۇڭىزنى تاپىلىدى، — دېدى سۇمۇرغقا.

— سەن بارساڭ بولمايدۇ، — دېدى سۇمۇرغ، — ماكانىمنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانغا بىرسى بولۇشى كېرەك.

— بۇ يەرگە يەنە كىم كېلەتتى، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — يالماۋۇزلارنىڭ ھەممىسى يوقالغان تۇرسا.

— زۇلمەتتىن چىقىپ قالغان چەرەندە - پەرەندىلەر، — دېدى سۇمۇرغ، — خاسىيەتلىك دەرىخىمنى يۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن، سەن ئورنۇمدا قېلىپ، خاسىيەتلىك دەرىخىمنى مۇھاپىزەت قىل.

— ماقۇل، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى نائىلاج، — ئۇلارنى ساقا تاپشۇردۇم ئەمىسە، ماڭا ھەممىسىنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشىڭ كېرەك.

— كەچۈرگىن! — دېدى سۇمۇرغ، — مەن پەقەت ئۇلارنى زۇلمەتكە يەتكۈزۈپلا قويالايمەن، كېيىنكى ئىشلارغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، ئەگەر ئالاھىدە زۆرۈرىيەت بولمىسا بارماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— بارىمەن، — دېدى پەخرىدىن، — ئابىھايات بۇلىقىغا بېرىشىم كېرەك، بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم.

— ئۇنداقتا بىر سېنىلا ئېلىپ باراي، — دېدى سۇمۇرغ، — ھەمراھلىرىڭ قېپقالسۇن، ئۇلار بارسىمۇ ھېچقانداق ياردىمى تەگمەيدۇ.

— بۇ نېمە گەپ؟ — تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ھۆرپىيىپ، — مېنى بوش چاغلاۋاتامسەن، مەنمۇ سېھىرگەرلىكنى ئۆگەنگەن، خوجايىنىغا ئەسقېتىشىمدا گەپ يوق، مېنى بارما دېگەندىن كۆرە، بوغۇپ قويغىنىڭ خوپراق.

— بىزنىڭمۇ خوجايىن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، — دېدى مۈشۈك خان قىزلارمۇ بىر ئېغىزدىن، — يەنە بارما دەيدىغان بولساڭ ئۆزۈڭگە ھېزى بول.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى سۇمۇرغ غۇدۇراپ، — بۇلارغا نېمە جىن چاپلاشتى ئەمدى.

— ئامال يوق، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — ئۇلارغا نەسىھەت كار قىلمايدۇ، سەن ئۇلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ بار.

ئاندىن ئۇ پەيتۇندىن بوشاندى، سۇمۇرغ ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئۈچۈشقا تەمشەلدى.

— توختا، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — لايىقىم بىلەن خوشلىشىۋالاي.

ئۇ شاتۇتى مەلىكىگە:

— ساق - سالامەت قايتىپ كېلىڭ، مەن بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا ۋەدە بېرىڭ، راستىنىلا سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنى كۈتىمەن، سىزگە مەڭگۈ سادىق بولۇشقا قەسەم قىلىمەن، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ئوھۇش، نېمە دەيدىغانسىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە خىجىل بولغان ھەم ئاچچىقلانغان ھالدا، — مەن تېخى ئۇنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان تۇرسام.

— ئاستا - ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنى پەپىلەپ، — ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ قويما! قارا، ئۇ ھەم جاسارەتلىك، ھەم كۆركەم، تېخى شاتۇتىلارنىڭ شاھزادىسى، ئۇ سېنى چوقۇم بەختلىك قىلىدۇ.

— سىز كېيىن مېنى راستىنىلا تاشلىۋېتەمسىز؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەيۈسلىنىپ.

— ئامان - ئېسەن كېلەلىسەكلا ئۆز دۇنيارىمغا قايتىمەن، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇ چاغدا مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ئۇنىڭ ساڭا بولغان ئەقىدىسى، مېھىر - مۇھەببىتىنى قەدىرلىگىن.

شاتۇتى مەلىكە ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىغا قايرىلىپ قاراپ قويۇپ،

ئاندىن جىممىدە بولۇپ قالدى.
— «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك بىر - بىرىڭلارغا خويمۇ ماس كېلىسىلەر، — دېدى كۆك كۆز شوخلۇق بىلەن، — شىۇ تاپتا مېنىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇكجانلاردىن بىرەرسى بولسىچۇ كاشكى.
— مەندىن ئاشقاندا ساڭا بولىدۇ، — دېدى يېشىل كۆز چېقىشىپ.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدىنمۇ، سۇمۇرغمۇ، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىمۇ كۈلۈپ كەتتى، خاسىيەتلىك دەرەختىنىمۇ كۈلكە ساداسى ياڭراپ، ياپراقلىرى جىرىڭشىپ كەتتى، ھەتتا شاتۇتى مەلىكىمۇ كۈلۈپ سالدى - دە:
— يۈزى قېلىنلار، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارنى قاناتلىرىدا سوقۇپ.
— بۇنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى، شۇ چاغ ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى ئۇنىڭغا بىر نۇرلۇق يۇلتۇزنى سۇنۇپ، — سېھىرگەرلىك تايىقى بىلەن بۇ يۇلتۇز مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەگگۈشتەرلىرىم ئىدى، سېھىرگەرلىك تايىقنى بەرسەم سىز ئۇنى ئىشلىتەلمەيسىز، بىراق بۇ يۇلتۇز ھامان سىزگە ئەسقېتىپ قالىدۇ.
شاتۇتى مەلىكە يۇلتۇزنى خالار - خالىمىغان ھالدا ئالدى، يۇلتۇز ئۇنىڭ كۆكرىكىگە چاپلاشتى.
— كەتتۇق، — دېدى سۇمۇرغ، — ئەمدى خوشلىشىپمۇ بولغانسىلەر، — ئاندىن ئۇ پەيتۇننى سۆرەپ ئۇچۇپ كەتتى، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ قالدى.
شۇ چاغ دەرەختىن بىر تال ھال رەڭلىك گۈل ئۈزۈلۈپ، ئۇچۇپ كەلگەنچە پەخىرلىنىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتتى.
— بۇ مېنىڭ سوۋغىتىم، قايتىشىڭلاردا خېيىم - خەتەرگە يولۇقساڭلار ئەسقاتىدۇ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى ئۇلارنىڭ كەينىدىن.
سۇمۇرغ باشتا ئاستا ئۇچقان بولسا، بارغانسېرى سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئاخىر شىددەتلىك بوران چىقىرىپ، ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە

ئۈچتى، ئۈچقانسېرى سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلەشتى، تېزلا كۆك ئاسمان بوشلۇقىدىن چىقىپ، كۆل رەڭ تۇس ئالغان بىر بوشلۇققا يەتتى. بارغانسېرى بۇ كۆل رەڭ تۇس قويۇقلىشىپ، ئالەم ـ جاھان قارامتۇل تۇس ئالدى، ئاخىر ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ھەم ھاۋا سوۋۇپلا كەتتى، بىر چاغدا جۇت ـ شىۋىرغان ئۇشقىرتىشقا باشلاپ، بارغانسېرى كۈچەيدى.

— ئەجەب توڭلاپ كەتتىما، — دېدى شاتۇتى مەلىكە زارلىنىپ.

— بىزمۇ شۇ، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار.

شۇ چاغ پەيتۇننىڭ دېرىزىلىرىدە سۈزۈك خىرۇستال ئەينەك پەيدا بولۇپ، جۇت ـ شىۋىرغانى پەيتۇن ئىچىگە كىرگۈزمىدى، بىراق پەيتۇننىڭ ئىچى ئالىبۇرۇن مۇزخانىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

توڭلىغىنىدىن چىشلىرى كىرىشىپ، ئېڭەكلىرى جاقىلداپ كەتكەن پەخرىدىننىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئاي تېشى كەلدى ـ دە، ئۇنى يانچۇقىدىن ئالدى. شۇ ھامان ئاي تېشى پەيتۇن ئىچىنى پارلاق نۇر ـ ئاپتاپقا چۆمدۈردى، ھەممەيلەن ئوبدانلا ئىسسىپ، جانلىنىپ قېلىشتى، بىراق ئۇلار دېرىزە سىرتىغا قاراپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىشتى، چۈنكى پەيتۇن سىرتىدا ئىلگىرى كۆرگەن، يولۇقتۇرغانلىرى-رىدىنمۇ ياۋۇز ۋە قورقۇنچلۇق بەتبەشىرە ئالۋاستىلار ۋە ئۇزۇلگەن يېرىدىن قان ـ يىرىڭ تېمىپ تۇرغان يالماۋۇز باشلار پىرقىراپ يۈرۈشەتتى، خىرىس قىلىشاتتى، بارا ـ بارا ئاي تېشىنىڭ يورۇقى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەيتۇنغا جەلپ قىلدى. بىردىنلا پەيتۇنغا نېمىلەرنىڭدۇر ئۇرۇلغان، ئۇسكەن تىۋىشلىرى، دەھشەتلىك قىيا ـ چىيا، ھۆركىرەش، چىرقىراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، پەيتۇنمۇ نەچچە قېتىم ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى.

تۆتەيلەن پەيتۇن ئىچىدە بىر يەرگە يىغىلىپ، تۈگۈلۈپلا قېلىشتى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۇچۇش سۈرئىتىنىڭ خېلىلا ئاستىلاپ قالغىنىنى ھېس قىلدى، پەيتۇن ھېلىلا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك سىلكىنىپ جالاقلاشقا باشلىدى.

شۇ ھالەتتە ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدەك توختىماي ئۈچتى،

ئاندىن ئالەم - جاھانى قىزىللىققا پۈركەنگەن بىر بوشلۇققا يەتتى. ھېلىقى بەتبەشىرە ئالۋاستىلار، يالماۋۇز باشلار غايىب بولدى، ئاندا - ساندا يوقالماي قالغانلىرى لاپپىدە ئوت ئېچىدە قېلىپ كۆيۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادلىرى ۋە تېنىنىڭ كۆيگەندىكى پىژىلداشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.

— قەيەرگە كېلىپ قالغاندىمىز؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

بىراق، ھېچكىم بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى، ھەممىسىنى قاتتىق سۇر باسقان، قورقۇنچ قاپلىغانىدى. يەنە بىر چاغدا ئۇلار پەيتۇننىڭ دېرىزىسى سىرتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت يالقۇنلىرىنى كۆردى، پەيتۇنمۇ قىزىپ كېتىۋاتاتتى، پەيتۇندىكىلەرگە ئەمدى ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، دەرھال تۇرۇپ كېتىشتى، ھەممىسى پۇتى كۆيگەن توخۇدەكلا بولۇپ قالدى، چۈنكى تۇرۇۋالغان بىلەن دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرى پىژىلداپ كۆيۈپ كاۋاپ بولايلا دەپ قالغانىدى.

— خوجايىن، سىزنى ھاپاشلىۋالايلى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار.

— كۆتۈرەلمەيسىلەر، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ، — ياخشىسى، مېنىڭ دۈمبەمگە چىقىۋالسۇن.

— ياق، — دېدى پەخرىدىن، — سىلەرنى مەن قۇچىقىمغا ئېلىۋالاي، بۇ بالاغا مەن گىرىپتار قىلغاندىكىن، نېمە بولسام مەن بولۇشۇم كېرەك.

ئۇلار شۇنداق تالىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ئاي تېشىدىن كۆلكە ساداسى ياڭرىدى - دە، پەيتۇن ئىچى سالقىنلاپ، دەسسەپ تۇرغان يەردىكى قىزىق ھارارەتمۇ پەسلىدى.

— ئامان قالىدىغان بولدۇق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە مەمنۇن بولۇپ.

ئۇلار ئەمدى جايىدا بىمالال ئولتۇرۇشتى، پەيتۇن ئىچى خېلى بەك سوۋۇنلىشىپ، ھەتتا ئۇلار توڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى، لېكىن ھېچكىم ۋايسىمىدى، بەلكى:

— كاۋاپ بولۇپ قالغاندىن توڭلاپ ئۆلگىنىمىز ياخشىراق، —

دېدى شاتۇتى مەلىكە.

سىرتتا بولسا ئوت يالقۇنلىرى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ئوت دېڭىزى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى.

— سۇمۇرغ ھېچنېمە بولمىغاندۇ - ھە؟! — دېدى يېشىل كۆز، — ئۇ تۇگەشسە بىزمۇ .......

— ئۇ ھېچنېمە بولمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇنىڭغا خەتەر يەتكەن بولسا بىزمۇ ئامان قالمايتتۇق، قارىغاندا ئۇنىڭغا ئوت يالقۇنلىرى كار قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئوت دېڭىزىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇچتى. ھاۋا بوشلۇقىدا قىزىللىق سۇسلىشىپ، ئالەم - جاھان ئاقىرىشقا باشلىدى. ئوت يالقۇنلىرى غايىب بولۇپ، ئەمدى شىددەتلىك يامغۇرغا دۇچ كەلدى. يامغۇر تامچىلىرى پەيتۇننىڭ ئۈستىگە تاراسلاپ تېگىپ، ھېلىلا تېشىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، بىراق تېشىۋېتەلمىدى. ئۇلار بارغانسېرى يامغۇرلۇق ھاۋادا ئەمەس، بەلكى ئاسماندىن قۇيۇلۇۋاتقان شارقىراتما ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. دېرىزىدىن سۇلار كۆرۈنەتتى، ھايالسىزلا دېرىزە سىرتىدا ئاجايىپ - غارايىپ بېلىقلار كۆرۈنۈپ، بارغانسېرى چوڭ ۋە غەلىتە بېلىقلار، كېيىن يەنە بەتبەشىرە سۇ مەخلۇقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بەزىلىرى غاردەك ئېغىزلىرىنى ھاڭگىرقاي ئېچىپ، پەيتۇننى شۇنداقلا يۇتۇۋەتمەكچى، بەزىلىرى غايەت زور ئامبۇردەك قىسقۇچلىرىدا قىسىپ مىجىۋەتمەكچى ۋە يەنە بەزىلىرى نەچچە ئونلىغان يىلاندەك قوللىرىدا باغاشلىماقچى بولدى. نەچچە قېتىم پەيتۇن قاتتىق غېرىسلاپ كەتتى، قورققىنىدىن دېرىزە تەرەپكە قاراشقا ئەمدى جۈرئىتى قالمىغان پەخرىدىن ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر - بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇن - تىن چىقارغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى، يۈرەكلىرى بولسا ھېلىلا كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈكۈلدەپ ئەنسىز سوقاتتى.

پەخرىدىن كۆڭلىدە بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشنى تىلەپ، ھەمراھلىرىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى سىلاپ - پەپىلەپ

ئۇلتۇردى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز شۇ ھالدا ئۆتتى، بۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۈچ يىلدەك بىلىندى، ئاندىن ئۇلار يەنە سۇ ئىچىدىن يامغۇرلۇق ھاۋا بوشلۇقىغا چىقتى، كېيىن يامغۇرسىز بىر قاراڭغۇ بوشلۇققا كىرىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇقتا قارا قۇيۇنلار قۇترايتتى، قۇيۇن ئىچىدە سۆرۈن تەلەت ئەرۋاھلار پىرقىراپ يۈرۈشەتتى. بارغانسېرى قارا قۇيۇن شىددەتلىك قارا بورانغا ئۆزگەردى، بوران پەيتۇننى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى، تېخى بوران ئىچىدە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە بەتبەشىرە ئەرۋاھلار پىرقىرىشىپ، قولاقنى پالەك قىلىۋەتكۈدەك سەت چىرقىرىشىپ يۈرەتتى. گاھى ـ گاھى پەيتۇندىكىلەرگە خىرىس قىلاتتى. ئۇلارغا قارىغان ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ قالاتتى. ھەممەيلەن قولاقلىرىنى ئېتىۋېلىشتى. پەيتۇننىڭ قاتتىق سىلكىنىشى ۋە بەزىدە ئوڭدا ـ دۈمدە بولۇپ كېتىشى ئۇلارنى خېلىلا ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

بىر چاغدا پەيتۇننىڭ ئۈستىگە تاغ يېقىلغاندەكلا بىر ئەھۋال يۈز بەردى. پەيتۇندىكىلەر ھوشىدىن كېتىشتى، خېلى بىر ۋاقىت ئۆتۈپ ھوشىغا كەلگىنىدە ئۇلار ئالەم ـ جاھاننى ئالىيېشىللىق قاپلىغىنىنى كۆردى، بىراق بۇ ئالىيېشىللىق ئادەمنى تولىمۇ سەسكەندۈرۈپ، قۇسقۇسىنى كەلتۈرەتتى.

— يەنە قانداق جايغا كېلىپ قالغاندىمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يىغلامسىراپ.

ھېچكىم ئۈندىمىدى، ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەيتتى ھەم جاۋاب بەرگۈدەك ھەپسىلىسىمۇ قالمىغانىدى.

بىر چاغدا «شالاققىدە» قىلىپلا دېڭىزغا قان ـ يىرىڭلار چېچىلدى، قان ـ يىرىڭ ئىچىدە تولىمۇ يىرگىنىشلىك قۇرتلار لۆمشۈپ تۇراتتى.

پەخىرىدىنىنىمۇ، ھەمراھلىرىنىمۇ ھۆ تۇتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاران ـ ئاران بېسىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، قولاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشتى. سىرتتا بولسا ئاجايىپ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ـ قىرقىرىغان ئاۋازلار، شالاق ـ شۇلۇق، پالاق ـ پۇلۇق

قىلغان سادالار، يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە - پەريادلار، نىمىلەرنىڭدۇر پىژىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گاھىلىرى تېخى پەيتۇننى يۇتۇپ كەتمەكچى، گاھىلىرى قاماللىنىۋالماقچى بولاتتى. گاھىلىرى ئېغىز- بۇرۇنلىرىدىن زەھەر پۈركۈپمۇ قوياتتى. پەيتۇن نەچچە قېتىم ئۆكتۈرۈلۈپ، نەچچە - نەچچە قېتىم چاقپەلەكتەك پىرقىراپ كەتتى، ئىچىدىكىلەرنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ، بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، تېزلا ھوشىنى يوقاتتى. شۇ ھالدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا پەخرىدىن ھوشىغا كېلىپ، سىرتقا قارىغانىدى، كۆزلىرى قاماشتى، دەرھال يۇمۇۋالدى، بولمىسا قارىغۇ بولۇپ قالىدىغاندەك ئىدى، قۇلىقىغا نىمىلەرنىڭدۇر ۋىژىلدىغان، ۋىشىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

— كۆزۈڭلەرنى ئاچماڭلار، — دېدى پەخرىدىن ئەمدىلا ھوشىغا كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىغا، ئاندىن ئۆزىمۇ شاتۇتى مەلىكىنىڭ قانات ئاستىغا بېشىنى تىقىۋالدى، شاتۇتى مەلىكمۇ بېشىنى يەنە بىر قانىتى ئاستىغا تىقىۋالدى.

سىرتتا كۈمۈش رەڭلىك سۈيۈقلۇقلار ھەر تەرەپكە لۆمشۈپ ئېقىپ تۇراتتى، گاھى ئېقىنلار تۈيۈقسىز شىر شەكلىگە، گاھىلىرى ئادەم شەكلىگە، گاھىلىرى ئەجدىھا، گاھىلىرى بېلىق ۋە باشقا مەخلۇقلار شەكلىگە كىرىپ، پەيتۇنغا يامىشىپ، پەيتۇننى يۇتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، پەيتۇنغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. سۇمۇرغ بولسا ۋۇجۇدىدىن ئالتۇن رەڭلىك نۇر ياغدۇرۇپ، كۈمۈش رەڭلىك سۈيۈقلۇقنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماي، مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئىچىدە پەيتۇننى سۆرەپ ئۇچۇشنى داۋام قىلاتتى. شۇ ھالەتتە ئۇچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، ئاندىن پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان بىر توپا قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. بۇ قايىنام ئىچىدە گاھى تاغدەك - تاغدەك قورام تاشلار كېلىپ پەيتۇنغا ئۇرۇلۇپ، قۇم - شېغىل بولۇپ توزۇپ كەتسە، گاھى ئاستىدىن نىمىلەردۇر فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. گاھى قۇم - توپا قايىنىمىدىن توپىدىن ھاسىل بولغان دىۋىلەر چىقىپ پەيتۇنغا زەرب بىلەن پەنجە ئۇرسا، گاھى يىرتقۇچ

مەخلۇقلار يالماپ كېتەتتى، بىراق ئاخىر ئۆزلىرى تۇزۇپ كېتەتتى. پەخرىدىنمۇ، ھەمراھلىرىمۇ يەنىلا باش - كۆزىنى پۈركەپ، ھېچنېمىنى كۆرمەس، ئاڭلىماس بولۇپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. شۇ ھالدا يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۈچتى، ئاخىر پەيتۈننىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، دېرىزە سىرتىدا بىر مۆدھىش زېمىننى كۆردى، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى چويۇندىن، دەل - دەرەخلىرى قارا تۆمۈردىن ئىدى. دەرەخلەرنىڭ يەلپۈگۈچتەك يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە قىسقۇچ پاقىدەك چايانلار يېپىشىپ ياتاتتى. مېۋە ئورنىدا خىلمۇخىل، يىرگىنىشلىك ھاشارەتلار بار ئىدى. تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان ئېقىنلاردا قاپقارا سىياھ ئاقاتتى، سىياھ ئېقىنىدا بولسا ئەجدىھادەك قۇرتلار لۆمشۈپ يۈرەتتى. گاھى - گاھى يىرتقۇچ سۇ مەخلۇقلىرى لوڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ ياكى پىلتىڭشىپ چىقىپ قالاتتى. ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت، كۈل رەڭ تۇمانلار لەيلەپ يۈرەتتى. گاھى - گاھى چاقماق چېقىلىپ، تۇرۇكلاپ مۆلدۈر يېغىپ كېتەتتى. لېكىن، ياغقان مۆلدۈرلەر مۇز بولماستىن، بەلكى چويۈن شارچە ئىدى. يەرگە چۈشكەن بۇ چويۈن شارچىلارنى تېزلا نېمىلەردۇر يەپ كېتەتتى.

پەيتۈن ئىشىكى ئېچىلدى، پەخرىدىن پەيتۈندىن سەل ئىككىلە-نىپرەك چىقتى. بىر يۈزىگە مۇزدەك سوغۇق، بىر يۈزىگە ئوتتەك قىزىق ھارارەتلىك شامال ئۇرۇلدى.

— زۇلمەتكە كەلدۇق، — دېدى سۇمۇرغ، — ئەمدى مەن قايتىپ كېتەي.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى پەخرىدىن، — ئامان بولساق يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

— كەچۈرگىن! — دېدى سۇمۇرغ بىر تال پېيىنى يۇلۇپ بېرىپ، — بۇ ئاخىرقى ياردىمىم بولۇپ قالسۇن. ئۇ خاسىيەتلىك پېيىم ئىدى، ساڭا ئەسقېتىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ خەتەر - مۇشكۈلاتلارغا يولۇققانىدا ساڭا يول باشلىغۇچى بولىدۇ، ھەرگىز قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما، ساڭا ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولاي دېسەم، بۇ ئىقلىمدا رەقىبلىرىم كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمەن، ئۆزۈڭمۇ پەخەس بولغىن، بۇ يەرنىڭ

نەقەدەر خەتەرلىك جايلىقنى دېمىسەمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ماڭغانسېرى تېخىمۇ كۆپ مۇشكۇلاتلارغا، تېخىمۇ ئېغىر خېيىم - خەتەرلەرگە، تېخىمۇ ياۋۇز غەلىتە مەخلۇقلارغا يولۇقىسەن، ئەگەر ئابىهايات بۇلىقىغا بېرىشقا كۆزۈڭ يەتمىسە هازىرلا سېنى يەنە قايتۇرۇپ كېتەي.

— هازىرغىچە قىلغان ياردىمىڭمۇ يېتەرلىك، — دېدى پەخرىدىن، — ساڭا قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈمنى بىلمىدىم. خوش، ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن، مەن بۇ يەرگە كەلگەنكەنمەن ئابىهايات بۇلىقىغا بارماي تۇرۇپ قايتمايمەن.

سۇمۇرغ باش لىڭشىتىپ قويۇپلا ئۇچۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

## ئىككىنچى باب

# قىيىن تاللاش

— ئۇ نېمە، قاراڭلار؟! — تۇۋلاپ كەتتى كۆك كۆز يىراقتىن يۈملاپ - يۈملاپ كېلىۋاتقان بىر كاللەك نەرسىنى كۆرسىتىپ.

پەخىرىدىن زەن سېلىپ قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدى.

كېلىۋاتقىنى قاپقارا توپتەكلا بىرنېمە ئىدى، لېكىن چوڭلۇقى ھاۋا شارىدەك بار ئىدى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە ھەممە يېردە ئېغىزلار بارلىقىنى، ھەر ئاغزىدا ئىككى رەت ئۆتكۈر چىشلارنىڭ ھىڭگىيىپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ يۈملاپ ئۆتكەنلا يەردىكى نە تاش - داڭگال بولسۇن، نە دەرەخ - چاتقال بولسۇن ھەممىسىنى يالماپ - غاجاپ، پاك - پاكىز يەپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدىكى ھەممە نەرسە ئۆزىنى قاچۇرۇش كويىدا بولاتتى، تاش - داڭگاللار يۈملاپ قاچاتتى، دەرەخ - چاتقاللار يۆتكىلىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ ئېقىنلارغا يولۇقمايتتى، يولۇققاندىمۇ ئۈستىدىن چاقماق تېزلىكىدە قاڭقىپ - سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

— ئېھتىيات قىلايلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھودۇقۇپ، — تېز ئۈستۈمگە مىنىۋېلىڭ خوجايىن، بۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتەيلى.

— ئۇچۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەستەك، — دېدى پەخىرىدىن.

شۇ تاپتا يىراقتىنلا ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ، ئۇچرىغانلا نەرسىنى دەم تارتىپ، كىتتەك يوغان، بېلىقسىمان، قاناتلىق مەخلۇقلار بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە تېپىرلاپ.

— توختا، — دېدى پەخىرىدىن تەمكىنلىك بىلەن، شۇ چاغ ئۇنىڭ قولىدىكى سۇمۇرغ پېيى ۋاللىداپ تۇرغان قىلىچقا ئۆزگىرىپ قالغانىدى، ئۇ قىلىچ بىلەن ھەرقانداق ھۇجۇم قىلغۇچىنى پارە - پارە قىلىۋېتىشكە تەييارلاندى.

توپتەك مەخلۇق ئاۋۋال يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھەممە ئاغزى تەڭلا ئېچىلغان، ھەممىسىدىن شۆلگەي ئېقىپلا تۇرغان ھالەتتە ئىدى. پەخىرىدىنىنىڭ چاپقان قىلىچى ئۇنىڭغا تېگىش بىلەن تەڭ ئۇ ۋاققىدە ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ئىچىدىن قاپقارا سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقتى. پارچىلانغان تېنى بولسا ئىككى تەرەپكە چۈشۈپ، ھېلىلا تىرىلىپ قالىدىغاندەك مىدىرلاشقا باشلىدى، ئەمما تىرىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭدىن ئەتراپتىكى بايىلا قاچقان تاش - چالمىلار ئەمدى يۇملىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ مۇردىسىغا ئولاشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كالاچتەك ئېغىزلار ئېچىلغانىدى، ئۇلار تالىشىپ - تارتىشىپ، خىرقىرىشىپ - چىرقىرىشىپ يۇرۇپ بىردەمدىلا توپتەك مەخلۇقنىڭ جەسىتىنى پاك - پاكىز يەپ بولۇشتى، ئاندىن بۇرۇنقى جايلىرىغا بېرىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇشتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە قورققىنىدىن پەيلىرى ھۇرپىيىپ، — بۇ يەرنىڭ تاش - چالمىلىرىمۇ جېنى بار مەخلۇقلاركەنغۇ، ھەممە نېمىسىدىن ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك.

— توغرا دېدىڭىز شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يېشىل كۆز، — تەلىيىمىزگە ئاسماندىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بىز بىلەن كارى بولماي كېتىپ قالدى.

— ئۇلار بەلكىم ئۇچۇپ يۈرگەن جانلىقلارنىلا يېسە كېرەك، — دېدى كۆك كۆز.

ئۇلار شۇنداق سۆزلەشكەچ مېڭىپ كەتتى. بىراق، نەچچە قەدەم مېڭىشىلا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا بىر قارا بۇلۇت ئۇچۇپ كەلدى. پەخىرىدىنىنىڭ قولىدىكى قىلىچ شۇ ھامان چوڭ بىر كۈنلۈككە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىكلەندى. بۇلۇتتىن تۆكۈلگەن چويۇن

شارچىلار كۈنلۈككە چۈشۈپ، ئىككى تەرەپكە چاچراپ كەتتى.

— بىر - بىرىمىزگە يېقىن ماڭايلى، — دېدى پەخرىدىن.

ھەمراھلىرى دەرھال بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك مېڭىشتى، قارا بۇلۇت كەتكەن ھامان قىلىچ ئەسلىگە كېلىپ، بىر تەرەپكە ئېگىلدى، ئۇلار قىلىچ ئېگىلگەن تەرەپكە ماڭدى. بىراق، يەنە تۆت قەدەم ماڭمايلا بىر ياندا قورام تاشتەك مىت قىلماي ياتقان بىر مەخلۇق چاقماق تېزلىكىدە قوزغالدى - دە، «ھاپ!» قىلىپلا يېشىل كۆزنى يۇتۇۋالدى. بىراق، ئۇ تېپىرلاپ - تېپىرلاپ قارنى يېرىلدى - دە، ئىچىدىن يېشىل كۆز قارا پاتقاقتەك سۈيۈقلۈققا مىلەنگەن ھالدا چىقىپ كەلدى ۋە بىرلا سىلكىنىپ پاكىزلاندى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى پەخرىدىن، — قىلىچ بىلەن چاپاي دېسەم سېنىمۇ زەخىملەندۈرۈپ قويارمەنمىكىن دەپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قېلىپتىمەن.

— ئۇھ! — دېدى يېشىل كۆز، — ھېلىمۇ ئالماس تىرناقلىق بولۇپ قالغىنىم، نەدىن كەلگەن كۈچ - قۇۋۋەتكىن، ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپتىمەن.

— ياخشى قىلدىڭ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۇنى قاناتلىرىدا پەپىلەپ.

— كۆرەڭلەپ كەتمە، — دېدى كۆك كۆز ھەسەت قىلغاندەك.

ئۇلار ھەر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن باستى، بىراق بىر كىچىك ئېقىنغا يېقىنلىششى بىلەن ئېقىندا لۆمشۈپ يۈرگەن يىرگىنىشلىك قۇرتلاردىن بىرسى شاررىدە قىلىپلا قاپقارا سۈيۈقلۇق پۈركۈدى. ھېلىمۇ ياخشى قىلىچ قالقانغا ئۆزگىرىپ توسۇۋالغىنى، قارا سۈيۈقلۇق چۈشكەنلا يەرنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرەتتى. تامچىلار چۈشكەن بىرنەچچە تاش - چالمىلار بولسا نەچچە پىرقىراپ - يۇملاپ، ئاندىن يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ماكچىيىپ قالدى - دە، قان - يىرىڭغا ئايلىنىپ يەرگە سىڭىپ كەتتى.

— يارەببىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەممىدىن خەتەرلىكى ماۋۇكەنغۇ.

قالقان ئەمدى ئېقىن ئۈستىگە كۆۋرۈك بولۇپ ئۆزگەردى. پەخىردىن ھەمراھلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ھامان يەنە قىلىچقا ئايلىنىپ ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قالدى.

شۇ چاغدا ئاسماندىن قى - چۇ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بىر توپ قارا قۇش ئۇچۇپ كەلدى، بىراق ئۇلار تېنى يوق، قولىقى ئورنىدا بىر جۈپ قانىتىلا بار، مويلىرى قاپقارا شىر باشلىرى بولۇپ، قاناتلىرىدىكى پەيلەر ئۆتكۈر بىسلىق پىچاقلار ئىدى.

پەخىردىن قىلىچىنى كۆك كۆزگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، يانى قولىغا ئېلىپ قاناتلىق باشلارنى نىشانلاپ ئوق ئۈزدى. ھەر ئوقتا بىردىن قاناتلىق شىر بېشى مەخلۇق يەر چىشلىدى - دە، قالغانلىرى ئۈركۈپ يىراقلاپ كېتىشتى. تۆۋەنگە چۈشكەن باشلارنى بولسا بىرسىنى دەرەخ، بىرسىنى ئېقىندىكى قۇرتلار، قالغانلارنى تاش - چالمىلاردەك كۆرۈنگەن مەخلۇقلار يەپ تۈگەتتى.

پەخىردىنلەر يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ھەر قەدەمدە دېگۈدەك كۆتۈلمىگەن خەتەرلەرگە يولۇقۇپ تۇراتتى، ئۇلار شۇنداق كېتىۋېتىپ ئاخىر بىر گۈلزارلىققا يەتتى، گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نە غولى، نە يوپۇرمىقى يوق، ھەممىسى يەر ئاستىدىكى يىلتىزلاردىنلا غۇنچىلاپ، قازاندەك، داستەك پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىر گۈللەر ئىدى. بىراق، ھەممىسىنىڭ گۈل بەرگى قارا تۆمۈردىن بولۇپ، پۇرىقى دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆڭۈلنى ئاينىتقۇدەك زەھەرلىك ئىدى.

— بۇ گۈلزارلىق غەلىتىكەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — مېنىڭ پەقەتلا كىرگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

قىلىچ گۈلزارلىقنى نىشان قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى.

— ئامال يوق، — دېدى پەخىردىن، — ئىمكان بار گۈللەرگە تېگىپ كەتمەي ئۆتۈپ كېتەيلى!

ئۇلار ئېھتىيات بىلەن گۈلزارلىققا قەدەم قويدى، ئەمما قېرىشقاندەك ئوتتۇرىسىغا بارغاندا كۆك كۆزنىڭ قۇيرۇقى بىر گۈلگە تېگىپ كەتتى، شۇ ھامان گۈل يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇلۇپ چىقىپ، «ھاپ!» قىلىپلا ئۇنى يۇتۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە غۇنچە بولۇپ

تۇگۇلۇۋالدى، يىلتىزى يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شاتۇتى مەلىكە هودۇقۇپ.

— ئۆزى چىقالارمىكىن؟ — دېدى يېشىل كۆز، بىراق شۇنداق دېگەن بىلەن تازا ئىشەنچىسى يوقتەك ئىدى، چۈنكى غۇنچە مىت قىلماي تۇراتتى.

— زەھەرلىنىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

پەخىردىن ئۇندىمەستىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچىنى غۇنچىنىڭ يىلتىزى بىلەن تۇتاش يېرىگە سالدى، قىلىچ ياغنى كەسكەندەك كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. يىلتىزىدىن ئايرىلغان غۇنچىنىڭ گۈل بەرگلىرى تېزلا سولىشىپ، ئىككى تەرەپكە قايرىلدى - دە، ئارىسىدىن كۆك كۆز يۇمىلاپ چىقتى، ئۇ هوشىدىن كەتكەنىدى. يېشىل كۆز ئۇنى يۆلەپ تۇۋۇلدى:

— كۆزۈڭنى ئاچ، كۆزۈڭنى ئاچ!

كۆك كۆز كۆزىنى بىرھازادىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئاچتى - دە:

— ئۇھ! ھەرھالدا ئۆلمەپتىمەن، ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىۋىدىم، — دېدى خورسىنىپ.

— نېمىشقا تىرناقلىرىڭنى ئىشقا سېلىپ، گۈلنى پارە - پارە قىلىۋەتمىدىڭ؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە ئۇنى ئەيىبلىگەندەك.

— ۋاي ئىشقا سالالمىدىغان، — دېدى كۆك كۆز، — بىراق، ئالماستەك تىرناقلىرىمۇ گال پىچاقتەك بولۇپ قېلىپ كارغا كەلمىدى. دىمىقىمغا بىر ئاچچىق ھىد كىرىۋىدى، بەدەنلىرىمۇ بوشىشىپ، تېزلا تېرىكەشكۈدەك ھاليمۇ قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

— بولدى، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى! — دېدى پەخىردىن، — ئۇنىڭ ئامان قالغىنى ھەممىدىن ئەۋزەل ئىش بولدى.

ئۇلار تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ گۈلزارلىقتىن چىقىۋالدى. شۇ چاغ ئاسماندا بىر توپ قارا قۇش پەيدا بولدى. ئۇلار گۈلزارلىق ئاسمىنىغا يەتكەن ھامان گۈللەرنىڭ بەرگلىرى ئارىسىدىن ئەۋرىشىم

تىللار سوزۇلۇپ چىقىپ، پاقا، چىۋىن، پەرۋانىلەرنى تۇتۇپ يېگەن مىسالى ئۇلارنى يالماپ كەتتى.

— ھەرنېمە بولسا ئۇچۇپ ئۆتۈشكە ئۈرۈنماپتىكەنمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

ئۇلار گۈلزارلىقتىن چىقىش ئالدىدا تۆت باشلىق، سەككىز قوللۇق، ئىككى پۇتلۇق بىر يالماۋۇز پەيدا بولدى، ئۇنىڭ تۆت بېشى تۆت تەرەپكە قارايتتى.

— مېنىڭ گۈلۈمنى ئۈزۈۋەتكەن سەنمۇ؟ — دەپ توۋلىدى ئۇنىڭ باشلىرى تەڭلا. ئۇنىڭ بىر بېشى ئۇيغۇرچە، بىر بېشى خەنزۇچە، بىر بېشى ئىنگلىزچە، يەنە بىر بېشى پەخرىدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەيتتى، بىراق ھەممىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاشتەك قىلاتتى.

— مەن، — دېدى پەخرىدىن تەمكىنلىك بىلەن.

— باتۇرلۇقۇڭ ئۈچۈن مۇكاپاتلايمەن، گۈلۈمنى ئۈزۈۋەتكىنىڭ ئۈچۈن جازالايمەن، شۇڭا بۇ يەردىن تېزرەك كەت، ئىككىنچى گۈلزارلىقىمغا يولىغۇچى بولما، — دېدى ھېلىقى يالماۋۇز يەنە تۆت خىل تىلدا تەڭ سۆزلەپ، — مۇكاپاتىم جازانى بىكار قىلىش، جازايىم مۇكاپاتتىن مەھرۇم قىلىش.

— رەھمەت! — دېدى پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋېتىپ.

— نېمە دېدىڭ؟ — توۋلىدى تۆت باشلىق يالماۋۇز قۇيۇندەك پىرقىراپ كېلىپ.

— رەھمەت دېدىم، — دېدى پەخرىدىن.

— بۇ يېڭى گەپكەن، — دېدى تۆت باشلىق يالماۋۇز، — بىزنىڭ بۇ ئىقلىمدا ئەزەلدىن بۇنداق سۆز بولغان ئەمەس، بۇ يېڭى گەپنى ئۆگىتىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن سېنى مۇكاپاتلايمەن. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ تۆت بېشى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بىرھازا مەسلىھەتلەشتى، ئاندىن ئۇ يەرگە قاتتىق بىرنى تەپتى، شۇ ھامان يەر يېرىلىپ، يېرىقتىن بىر قارا چۈمۈلە چىقتى.

— ئۇنى ئېلىۋال، — دېدى يالماۋۇز، — ساڭا ئەسقاتىدۇ.
پەخىرىدىن چۈمۈلىنى ئاۋايلاپ ئالدى، كىچىككىنە بىر چۈمۈلە گويا بىر موزاينىڭ ئېغىرلىقىدا بار ئىدى، ئۇ زورۇقۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى، يالماۋۇز بىرلا پىرقىراپ كۆزدىن غايىب بولدى.
— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كېتىۋېتىپ، — ھەرھالدا ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىمىدۇق.
بىراق، ئۇزاققا بارمايلا زېمىن تەۋرەپ، سىلكىنىشكە باشلىدى، دۈپۈر - دۈپۈر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا يىراقتىكى بىر ئېگىز دۆڭ كەينىدىن بىر توپ يىرتقۇچلار چىقىپ كەلدى، سانى ئالاھازەل بىرەر مىڭچە كېلەتتى. ھەربىرىنىڭ جاۋغىيىدا پىل چىشىدەك قورالى بار ئىدى. بۇ چىشلارغا تېگىپلا كەتكەن نەرسە مەيلى تاش، مەيلى دەرەخ، مەيلى مەخلۇقات بولسۇن ھەممىسى پارە - پارە بولۇپ، ئارقىدىنلا لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنى ھېچنېمە توسۇيالمايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان ئېقىنلاردىكى يىرگىنىشلىك قۇرتلارمۇ، يىرتقۇچ بېلىقلارمۇ ئۈركۈپ ئېقىن ئاستىدىكى قاپقارا لاي - لاتقا ئارىسىغا چۆكۈۋېلىشتى.
پەخىرىدىن ئېغىرلىق قىلغان چۈمۈلىنى يەرگە قويۇپ، قىلىچىنى قولىغا ئالدى، ئۇقيانى كۆك كۆزگە بەردى. چۈمۈلە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا تىمساھتەك ئۆزىرىپ، كالىدەك يوغىنىدى - دە، بىرلا دەم تارتىپ ھېلىقىلارنى يىغىشتۇردى. بىراق، يوغىناپ قارنى يېرىلىپ كەتمەستىن، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ كىچىكلەپ، كىچىك سىرىق چۈمۈلىچىلىك بولۇپ قالدى، ئاندىن پەخىرىدىنىڭ پۇتىغا ياماشتى. پەخىرىدىن ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئاشماستىن، بەلكى يېنىكلەپ، بۇرۇنقىنىڭ يېرىمىچىلىك بولۇپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ، ئەمدى زورۇقمايلا ئېلىپ مۈرىسىگە قوندۇرۇۋالدى.
ئۇلار ماڭدى - ماڭدى، قىلىچ كۆرسەتكەن نىشانغا كېتىۋەردى، ئاخىر كەڭ بىر دەرياغا يېتىپ كەلدى. دەريادا قارامتۇل، ئەمما سۈپسۈزۈك بىر ئېقىن ئاۋازمۇ چىقارماستىن، تىپتىنچ ئاقاتتى. سۇ ئىچىدە بېلىق تەنلىك يالماۋۇزلار ئۈسسۈل ئويناۋاتقان ئىدى، ئۇلارغا

ئىت باشلىق بېلىقلار غەلىتە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن نەغمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. يەنە تېخى شىر - يولۋاس باشلىق بېلىقلار سۇ ئاستىدىكى سۇ ئۆتلىرىنى يەپ يۈرەتتى، سۇ ئۆتلىرى يېيىلىپ بولۇشىغا يەنە يېڭىلىنىپ ئۆسۈپ چىقاتتى.

— ئۇچۇپ ئۆتەيلى! — دېدى شاتۇتى مەلىكە دەرياغا قاراپ.

بىراق، دەل شۇ چاغدا:

— ئۇچۇپ ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇنداق، — دېگىنىچە ياۋاش - مۆلايىملىق بىلەن سۇ ئۆتلىرىنى يەپ يۈرگەن شىر باشلىق بېلىقلاردىن بىرسى ئوقتەك شۇڭغۇپ چىقىپ، دەريا ئاسمىنىدا خېلىلا ئېگىزدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قوش باشلىق بىر چوڭ قۇشنى چىشلەپلا يەنە سۇغا چاقماقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا قارشى قىرغاقتىكى دەريا لېۋىگە كېلىپ، سۇغا بېشىنى ئۇزاتقان تاغدەك يوغان يىرتقۇچ مەخلۇقنى بېلىق تەنلىك يالماۋۇزلاردىن بىرسى قوللىرىنى يىلاندەك سوزۇپلا قۇچاقلاپ - قاماللاپ سۇغا ئەكىرىپ كەتتى - دە، باشقا يالماۋۇزلار بىلەن تېزلا قاساپ، ھېچنېمىسىنى قويماي يەپ تۈگەتتى، ئاندىن ئۇلار يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ ئېغىزلىرىدىن ئۇستىخانلارنى پۈركۈپ چىقارغاندى، ئىت باشلىق بېلىقلار تالىشىپ كەتتى.

— قانداق قىلىمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە قاتتىق چۆچۈپ، — ئۇچۇپمۇ، كېچىپمۇ ئۆتەلمىگۈدەكمىز.

— بىلمىدىم، — دېدى پەخرىدىن.

— چۈمۈلىنى قويۇپ بېرەيلىچۇ، — دېدى يېشىل كۆز، — ئۇ يەنە كارغا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

پەخرىدىن ئىشەنچسىزلىك بىلەن مۈرىسىدىكى چۈمۈلىنى ئېلىپ دەريا لېۋىگە قويىۋۇەتتى. چۈمۈلىنى كۆرگەن دەريادىكى ھەممە مەخلۇقات چاقماق تېزلىكىدە ئىككى تەرەپكە قاچتى، ھەتتا دەريا سۈيىمۇ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ شارىلداپ ئېقىپ، ئوتتۇرىسى قۇرۇقدىلىپ ئېچىلىپلا قالدى، چۈنكى چۈمۈلە يەرگە چۈشۈپلا كىتتەك يوغىناپ ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ دەم تارتقانىدى، دەريانىڭ يۇقىرى -

تۆۋەن ئىقىنلىرىمۇ ئىچىدىكى ھەممە مەخلۇقاتلىرى، ھەتتا سۇ ئوتلىرىنىڭ يىلتىزلىرىغىچە قوشۇلۇپ قومۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى. ئالاھازەل بىر ئەر سائەتتەك ئاغزى يۇمۇلماي دەم تارتىپ، ئاخىر دەريانى تەلتۆكۈس قۇرۇقداپ قويدى.

— ئەمدى ئۆتەيلى، — دېدى پەخرىدىن چۇمۇلىگە قاراپ قويۇپ.

چۇمۇلە شۇ تاپتا ئەسلىگە كەلمەي، ھېلىلا قارنىدىكى ھەممە نېمىنى ياندۇرىدىغاندەكلا تۇراتتى.

شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىننى ئۇستىگە ئېلىپ ئۇچتى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ قاناتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. بىراق، ئۇلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى ھامان ھەر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان بېلىق تەنلىك قۇشلار، قاناتلىق شىر-يولۋاس باشلىرى، قاناتلىق ئەجدىھالار قى - چۇ قىلىشىپ، ئوقتەك شۇڭغۇپ كېلىشتى. پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىدەك تىرناقلىق پەنجىلىرى ۋە ئالماستەك ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى، خەنجەر چىشلىق ئېغىزلىرىنىڭ خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئۇلارنى چېپىپمۇ، ئېتىپمۇ ئۆلگۈرمەيتتى، شاتۇتى مەلىكە دەرھال دەريا قېشىغا تاشلاندى، مۇشۇك خان قىزلارمۇ قاناتلىرىنى يىغىپ ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ جەڭگە ھازىرلاندى، بىراق جەڭ قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىدى، چۈنكى چۇمۇلە ئەمدى ھاۋاغا قاراپ ئاسماندىكى غەلىتە ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ، بۇلۇت - تۇمانلارغىچە دەم تارتىشقا باشلىغانىدى.

پەخرىدىن ئەمدى ھەمراھلىرى بىلەن يۈگۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈۋالدى. ئۇلار دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا دەسسىگەن ھامان چۇمۇلە شارىلدىتىپ قارنىدىكى دەريا سۈيىنى ياندۇردى. بىراق، سۇدىن باشقىسى خۇددى ئۇنىڭ گېلىدىكى نامەلۇم سۈزگۈچتىن ئۆتەلمىگەندەك قارنىدا قالدى، خېلى ئۇزاقتا سۇنى ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىچىكلەپ - كىچىكلەپ غايىب بولدى.

— ئىستەي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئەجەب كارغا كېلىدىغان ياخشى ياردەمچىمىز ئىدى.

— ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالمىساق بولاتتى، — دېدى يېشىل

كۆز، — مەن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئىزدەپ باقايمۇ يا.
— بولدى قىل، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇ قانچە كۆپ يېگەنسېرى شۇنچە كىچىكلەپ، يەڭگىللەپ قالىدىكەن، بەلكىم ھازىر تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتكەندۇ.
ئۇلار قىلىچ كۆرسەتكەن نىشانغا قاراپ ماڭدى، تۇيۇقسىز بىر ياندىكى تونۇرنىڭ ئاغزىدەك كاماردىن شىددەت بىلەن ۋولقان ئېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە قىپقىزىل لاۋا چېچىلدى، بىراق قىلىچ بىر چېدىرغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى ئىچىگە ئېلىۋالدى. لاۋا چېدىر ئۇستىگە چۈشۈپ، ئىككى يانغا سىرغىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ۋولقان ئاغزىدىن پۈتۈن تېنى قىپقىزىل چوغدەك ۋە تۇلۇمغىلا ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق چىقىپ، بىر تەرەپكە ئىرغاڭلاپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇ يىراقلىشى ھامان چېدىر يەنە قىلىچقا ئايلىنىپ، پەخرىدىننىڭ قولىغا چىقتى.
ئەمدى ئۇلارنىڭ ماڭار يولىنى ئوت قاپلىغان، زېمىن چوغلانغانىدى، نەچچە قەدەمدە بىر گاھىلىرى تونۇر ئاغزىدەك، گاھىلىرى ئاپقۇرنىڭ ئاغزىدەك ۋولقان ئېغىزلىرى ئۇچراپ تۇراتتى، پات - پات ۋولقانلار ئېتىلىپ تۇراتتى.
— ئوتقا مەن چارە قىلاي، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆرەڭلىك بىلەن، ئۇ ئۆز بىگىسىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكىنىگە خۇشال ئىدى. بىراق، ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىرگەرلىك تايىقىنى ھەرقانچە شىلتىسىمۇ پايدىسى بولمىدى، جىلى بولغىنىدىن سېھىرگەر-لىك تايىقىنى چۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى.
— مەيۈسلەنمە، — دېدى پەخرىدىن ئۇنى پەپىلەپ، — بۇ يەردە سەن ئۆزلەشتۈرگەن سېھىر - ئەپسۇنلار كارغا كەلمىسە كېرەك، لېكىن ھامان ئەسقاتىدۇ.
— شۇنداق، — دېدى كىمدۇر بىرى قېقىقلاپ كۈلۈپ، — زۇلمەتكە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ سېھىر - جادۇسى ئانچە ئىشلىمەيدۇ، پەقەت ئەڭ كۈچلۈك جادۇگەرلەردىن بولمىسىلا، ئەمدى ئۇمىدىڭلارنى ئۈزۈۋېڭلار قوزىلىرىم، سىلەر ھازىر مېنىڭ قىممەتلىك ئولجىلىرىم.

— گەپ قىلغان قايسىڭ؟ — تووۇلىدى شاتۇتى مەلىكە سېھىرگەر- لىك تايىقىنى يىغىشتۇرۇپ.

— ئۇستىگە قارا، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندا لەيلەپ كېلىۋاتقان بىر كۆل رەڭ بۇلۇت توختاپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاندەك ئىمارەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئىشىكتىن ئۆزى ئۇچ غېرىچ، ساقىلى توققۇز غېرىچ، سويمىدەك بېشىغا قازاندەك قىزىل سەللە ئورىۋالغان ۋە قىزىل تون كىيىپ، قىزىل يۇلتۇز باشلىق ھاسىغا تايىنىۋالغان، چىرايى مايمۇنىغىلا ئوخشايدىغان بىرسى چىقىپ كەلدى - دە، پەخىرىدىنگە قارىتىپ ھاسىسىنى شىلتىدى، بىراق قىزىل يۇلتۇزدىن چاقنىغان قىزىل نۇر پەخىرىدىنگە يېقىنلىغان ھامان پەخىرىدىننىڭ قولىدىكى ئۇزۇكتىن بىر ئاق نۇر چاقنىدى، قىزىل نۇر غايىب بولدى.

— نېمە! — چىرقىرىۋەتتى بۇلۇت ئۇستىدىكى سېھىرگەر چايان چاققاندەك، — سېھىر - جادۇ كار قىلمايدىكەن - دە، بىراق ھېچقىسى يوق. ئۇ شۇنداق دەپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى، ھەر قېتىم قەدەم يۆتكىگىنىدە تاپىنى ئاستىدا بىر پەشتاق پەيدا بولۇپ تۇردى. ئۇ پەشتاقلاردىن ئالدىرىماي چۈشۈۋاتقاندا پەخىرىدىن ئوقيانى بەتلىدى، ئۇنىڭ قاشىسىز ماڭلىيىغا قارىتىپ ئاتتى. سېھىرگەر ئوق تەگكۈچە قىزىل تۇتەككە ئايلىنىپ كەتتى، بىراق يەنە يىغىلىپ ئەسلىگە كەلگۈچە ئاسماندا قاش - كىرپىكسىز، چاچ - ساقالسىز، بىر قارا باش پەيدا بولۇپ، «ھاپ!» قىلىپلا بۇلۇتنى گۇمبەز - پەشتاق ۋە سېھىرگەر بىلەن قوشۇپلا يۇتۇۋەتتى - دە، بىر قارا تۇمانغا ئايلىنىپ تاراپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى قورقۇپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان شاتۇتى مەلىكە، — بۇ ئاپەتتىنمۇ قۇتۇلدۇق.

ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن بىر توپ چۈمۈلىلەر مىغىلداپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار ماڭغان يولىدىكى ھەممە نەرسىنى پاك - پاكىز يەپ ماڭاتتى. شۇ سەۋەبتىن بېسىپ ئۆتكەن يېرى ئەينەكتەك تۇپتۇز، سىپسىلىق بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى

بىلەكتەك بولۇپ، بېشى بىلەن تېنى ۋە پۇتلىرى ئادەتتىكى چۈمۈلىلەرگە ئوخشايتتى، بىراق ئېغىزلىرى كالاچتەك يوغان، بېشىدا شۇ ئېغىزىدىن بۆلەك نە قۇلاق، نە كۆز، نە بۇرۇندىن ئىزنا يوق ئىدى، ئۇلار ئۇدۇل كەلگەنلا تەرەپكە دوقۇرۇپ كېتىۋەردى.

پەخرىدىن دەرھال ھەمراھلىرى بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈۋالدى، چۈمۈلە توپى ئۇلارنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. قىلىچ ئېگىلىپ چۈمۈلىلەر كەلگەن تەرەپنى ئىشارەت قىلدى، پەخرىدىن چۈمۈلىلەر ھازىرلاپ قويغان تۈز يولنى بويلاپ ھەمراھلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتىن جالدىر - جۇلدۇر، جىرىڭ - جىرىڭ قىلىپ نېمىنىڭدۇر ئاۋازى كەلدى، ئارقىدىنلا يولدا ئۆچكە قوشۇلغان بىر كىشىلىك كىچىك ھارۋا پەيدا بولدى. ھېلىقى ئۇنلىغان قوڭغۇراق تەڭلا جىرىڭلىغاندەك ئاۋاز ئۆچكىنىڭ بوينىدىكى يېگانە قوڭغۇراقتىن چىقىۋاتاتتى. ھارۋىدا بولسا ئۆچكە ساقاللىق، ئۆچكىنىڭكىدەك مۈڭگۈزلۈك، مايمۇندەك ئاۋاق ۋە ۋىجىك بىرسى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا كۈمۈش رەڭلىك تاياقچە بار ئىدى، تاياقچە ئۇچىدا كۈمۈش رەڭلىك يۇلتۇز پىلىلدايتتى.

— ۋاھ! ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن ئامەت، قارشى ئالىمەن بايقۇشلىرىم، — دېدى ئۇ ئۆچكىنىڭ مەرگىنىدەك بىر ئاۋازدا. ئۇ تاياقچىسىنى پەخرىدىنگە شىلتىدى، بىراق كۈمۈش يۇلتۇزدىن چاقنىغان كۈمۈش رەڭلىك نۇر پەخرىدىننىڭ ئۆزۈكىدىن چاقنىغان نۇر بىلەن ئۇچرىشىپ غايىب بولدى.

پەخرىدىن ئۇقياسىنى بەتلەپ ئاتقانىدى، ھېلىقى مەخلۇق:

— چاتاق، چاتاق، — دېگىنىچە ئۆچكىسى ۋە ھارۋىسى بىلەن قوشۇلۇپلا كۈمۈش رەڭلىك تۈتەككە ئايلىنىپ كەتتى، يا ئوقى بىكارغا كەتتى، ئارقىدىنلا پەخرىدىننىڭ ئۈستىگە غايەت يوغان بىر تۈگمەن تېشى ئۇچۇپ كەلدى.

— قاچايلى! — تووۋلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى قاچتى، بىراق تۈگمەن تېشى يەرگە چۈشمەستىن ئۇلارنى قوغلاپ، غارقىراپ ئۇچۇپ كەلدى.

ئۇلار بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يولۋاسقا مىنىۋالغان بىر ئاق توشقانغا يولۇقۇپ توختاپ قېلىشتى. بىراق، توشقاننىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى، بەلكى ئۇ بىر ئالدى پۇتىنى سوزۇپلا تۈگمەن تېشىنى تۇتۇۋالدى - دە، غايەت چوڭ بىر توشقانغا ئايلىنىپ، تۈگمەن تېشىنى نان يېگەندەك يېيىشكە باشلىدى، نېرىدىن بولسا:

— خەپ توختا، خەپ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىلا تاراپ كەتكەن كۈمۈش رەڭلىك تۈتەك يەنە توپلىشىپ، ئۆچكە قوشۇلغان ھارۋا ۋە ھارۋىدىكى غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندى - دە، ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ كەتتى.

— تېز كېتەيلى! — دېدى پەخرىدىن شىۋىرلاپ.

بىراق، شۇ چاغ يەر ئولتۇرۇشقاندەك بولدى - دە، ئۇلارنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، بەدەنلىرى بوشىشىپ تېزلا ھوشىدىن كەتتى. بىر چاغدا يۈزىگە سوغۇق بىر شامال ئۇرۇلۇپ، ھوشىغا كەلگىنىدە ئۆزلىرىنى بىر خەزىنىدە كۆردى، خەزىنە ئىچى پەخرىدىننىڭ مەكتىپىدىكى مىڭ كىشىلىك يىغىن زالىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كەڭ ۋە ئازادە، ئىچى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرلۇق، گۆھەر، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېسىل بۇيۇملار بىلەن تولغانىدى. يەنە تېخى بۇ يەردە خاسىيەتلىك چىراغ، گىلەم، خۇرجۇن، ياغاچ ئېشەك، كىتاب، ئەينەك، سۇلايمان قالپىقى، ئۇر توقماق...... دېگەنلەرمۇ بار ئىدى.

خاسىيەتلىك چىراغنىڭ پىلىكى ئورنىدا ئالتۇن تەنلىك كىچىك بىر دىۋە ئولتۇراتتى، خاسىيەتلىك گىلەم ئۈستىدە بىر دىۋە ئۇخلاپ ياتاتتى، خاسىيەتلىك خۇرجۇندىن ئالتۇن چاچلىق بىر دىۋە بېشىنى چىقىرىپ تۇراتتى، خاسىيەتلىك ياغاچ ئېشەككە بىر دىۋە مىنىۋالغان، خاسىيەتلىك كىتابنى يەنە بىرى ۋاراقلاۋاتقان، خاسىيەتلىك ئەينەك ئىچىدە يەنە بىرسىنىڭ خىيال سۈرۈپ تۇرغان كۆرۈنۈشى بار ئىدى. بىر دىۋە خاسىيەتلىك سۇلايمان قالپىقىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، يەنە بىرى ئۇر توقماقنى پىرقىرىتىپ ئولتۇراتتى، يەنە باشقا خاسىيەتلىك

بۇيۇملار يىپىندىمۇ بىردىن دىۋە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇراتتى.

— مەرھابا! — دېدى دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا خۇشخۇيلۇق بىلەن، — خالىغان نەرسەڭنى تاللىۋال.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى راست خاسىيەتلىك نەرسىلەرمىدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ھەممىگىنىڭ بولمىسا «خاسىيەتلىك» دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ.

شۇ ھامان خاسىيەتلىك چىراغ دىۋىسى تېز چۆكتى:

— پەرمانبەردارمەن، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن خوجايىن، ھەممىنى بەجا كەلتۈرىمەن، بىرەر تاغنى يۆتكەپ ئورنىغا شەھەر بىنا قىلايمۇ، يا بىرەر دېڭىزنى تىندۇرۇپ، ئورنىدا باغۇبوستانلار بىنا قىلايمۇ، يا......

— نېرى تۇر! — دېدى خاسىيەتلىك گىلەم دىۋىسى ئۇيغىنىپ، — مەرھابا خوجايىن، بۇ گىلەمگە ئېرىشسەڭ خالىغان يېرىڭگە بىخەتەر بارىسەن، مەيلى يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە، مەيلى دېڭىز - ئوكيانلار تەكتىدە بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئوت دېڭىزىدا يۈرسەڭمۇ بىر تال مويىڭ كۆيمەيدۇ، دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇساڭمۇ تامچە سۇ يۇقمايدۇ، مەيلى ......

ئارقىدىنلا خاسىيەتلىك خۇرجۇن دىۋىسى سەكرەپ چىقىپ خۇرجۇندىن ھەرخىل قورچاقلارنى ئېلىشقا باشلىدى. بالا قورچاقنى ئېلىۋىدى، ئادەمدەك يوغىناپ، ئادەمدەك سۆزلەشكە باشلىدى، قورچان ئۆينى ئېلىپ تاشلىۋىدى، ساراي ئىچىدە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئالتۇن ئوردا پەيدا بولدى، — خالىساڭ ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ھەشەمەتلىك ئوردىغا ئايلىنىدۇ، — دېدى ئۇ پەخىرلىنىپ.

ئارقىدىنلا ئۇ كىچىك بىر كېمىنى ئالدى، كېمە دەرھال پەيدەك يەڭگىل، ھاۋادا قانات چىقىرىپ ئۇچالايدىغان، يەردە چاق پەيدا قىلىپ ماڭالايدىغان ئالتۇن رەڭلىك چوڭ بىر كېمىگە ئۆزگەردى. ئارقىدىنلا قورچاق ئاتنى تاشلىۋىدى، ئالتۇن ياياللىق، ئالتۇن قۇيرۇقلۇق، كۈمۈش تۇياقلىق، ئالتۇن ئېگەر - جابدۇقلۇق، چاپچىپ

تۇرىدىغان، ئالتۇن رەڭلىك بىر شاش تۇلپار پەيدا بولدى.
شۇ چاغ ياغاچ ئىشەك دۈشىسى كىلىپ ئىشىكنى شاپىلاقلاپ قويۇۋىدى، ياغاچ ئىشەك توختىماي ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلارنى، گۆھەر - ياقۇت، ئالماس - مەرۋايىتلارنى ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى تېزەكلەشكە باشلىدى؛ يەنە بىر شاپىلاقلىغانىدى، ئىككى بىقىنىدىن قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلىشقا تەييارلاندى؛ يەنە بىرنى شاپىلاقلىغانىدى، بۇرنىدىن گۈرۈلدەپ ئوت يالقۇنى پۈركۈلدى؛ يەنە بىرنى شاپىلاقلىغانىدى، ئىشەك كارامەت ياڭراق ھاڭىرىدى. يەر - زېمىن تەۋرەپ، ساراي تاملىرىغا چاك كەتتى، ساراي ئىچىدە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى، ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، ئىشەكنىڭ ھاڭىرىشى توختىغاندىلا گۈلدۈرماما - چاقماق، يامغۇر ھەممىسى تەڭلا توختىدى.
ئەمدى يەنە بىر دىۋە كىتابنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىچە ۋاراقلاشقا باشلىدى، ھەر ۋاراقلىغاندا كىتابتىن گۆھەر - ياقۇت، ئالتۇن - كۈمۈش، قىلىچ - نەيزە، ئاشلىق - دورا، قازان - قاچا، ئۆي، ئوردا، ساز، يېزىق ئەسۋابلىرى، چارۋا مال، شامال، بۇلۇت، تاغ، كۆل...... ئەيتاۋۇر تۇرمۇشتا، ئۇرۇشتا، ئوقۇشتا، سەيلە- تاماشىدا ۋە باشقا ئىشلاردا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەر ئۇچۇپ چىقىۋەردى. تېزلا ساراي ئىچى كىتابتىن چىققان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ، پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپلا قالدى. كىتابتىن يېڭىلا چىققان توخۇ - ئۆردەكلەر قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرۈشكە، ئىت - مۈشۈكلەر سوقۇشۇشقا باشلىدى. شۇ ھامان كىتابتىن شىر - يولۋاس، تۈلكىلەر چىقىپ ئۇلارنى پاك - پاكىز يەپ تۈگەتتى. ئارقىدىنلا كىتابتىن بىر ئەجدىھا چىقىپ باياتىندىن بېرى كىتابتىن چىققان ھەممە نەرسىنى دەم تارتىپ كەتتى، ئاندىن بىر دىۋە چىقىپ ئەجدىھانى بوغۇپ ئۆلتۈردى - دە، ئارقىدىنلا ئۆزى تۈتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى.
ئەمدى خاسىيەتلىك ئەينەكتىكى دىۋە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىگە پۈۋلىدى، ئۇنىڭدا جاھاندا بولۇۋاتقان

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايان بولدى. ئۇ قولىنى سوزۇپلا ئەينەكتە كۆرۈنگەن يايلاقلاردىن قوي - كالىلارنى، دېڭىزلاردىن كىت - بېلىقلارنى، باغلاردىن مېۋە - چېۋەلەرنى، ھاۋادىن ئۇچار قاناتلارنى تۇتۇپ ئېلىپ ئاغزىغا تىقتى، گاھى خەزىنىلەردىن ئالتۇن - كۈمۈش، بانكىلاردىن پۇللارنى، گاھى ماگىزىن، سودا - سارايلاردىن ئېسىل بۇيۇملارنى ئېلىپ يەرگە دۆۋىلىدى...... ئاخىرىدا بىر ھايۋانات باغچىسىدىن چوڭ مۈشۈك ئېيىقتىن بىرنى قاماللاپ ئېلىپ، ئاغزىغا سالماقچى بولدى.

— قويۇۋەت! — دەپ توۋلىدى پەخىرىدىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — ئۇ دېگەن نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان ئەتىۋارلىق ھايۋان.

دىۋە دەرھال قولىدىكى ئولجىنى يەنە ئۆز جايىغا قويدى - دە، ئەينەكنىڭ يەنە بىر يۈزىگە پۈۋلىدى، ئەينەكتە ئۈچ مەخلۇق كۆرۈندى. بىرى ساھىبجامال پەرى، بىرى چۆمۈچ كۆتۈرۈۋالغان سېمىز، بودرۇققىنە ئاق دىۋە، يەنە بىرى ئەپتى - ئەڭگىزى قورقۇنچلۇق بىر ياۋۇز ئىدى.

پەرىزاتقا ئىشارەت قىلىۋىدى، پەرىزات ئەينەكتىن ئۇچۇپ چىقىپلا پۈۋلىگەنىدى، ئاغزىدىن ئاپئاق تۈتەك، تۈتەك ئىچىدىن بىر توپ گۈل يۈزلۈك، گۈل بەدەن پەرىلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن گاھىلىرى تېخى خىلمۇخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇلار سارايدا سورۇن تۈزۈپ، بەزىلىرى ساز چېلىشسا، بەزىلىرى ناخشا ئېيتىپ، قالغانلىرى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، پەخىرىدىن تا شۇ كەمگىچە ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاشقا باشلىدى.

دىۋە ئەمدى ئاق دىۋىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ بىر توپ كىچىك دىۋىلەرنى ئالىقىنىدا پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا بىردىن ئالتۇن پەتنۇس، پەتنۇسلاردا ئىسسىق ۋە سوغۇق، تاتلىق ۋە چۈچۈمەل، گۆشلۈك ۋە گۆشسىز بولۇپ، تۈرلۈك - تۈمەنخىل ئاجايىپ شېرىن - لەززەت تائام، قورۇما ۋە ئىچىملىكلەر ئېلىنغان ئالتۇن قاچىلار، خىرۇستال خۇمرىلار بار ئىدى. ئاندىن يەنە بىر كىچىك دىۋە زىياپەت شىرەسى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى، ھەممە نازۇنېمەت شىرەگە تىزىلدى.

شىرە مەيدانىدەك چوڭىيىپ، كېڭىيىپ باردى، شۇنداقتىمۇ ئۇستىدە بوش ئورۇن قالمىدى. شۇ چاغ خاسىيەتلىك ئەينەك دېۋىسى ئەينەكتىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئىشارەت قىلدى، ئۇ بىرلا ئوت پۈركۈگەنىدى، زىياپەت مەئىشەتلىرى ئۇلارنى ئېلىپ چىققان دېۋىلەر ۋە سەنئەتكار پەرىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىر دۆۋە كۈلگە ئايلاندى.

بۇنىڭغا قاراپ پەخىرىدىنىنىڭ تېنى شۈركۈندى، شاتۇتى مەلىكىنىڭ پەيلىرى ھۈرپەيدى، مۇشۇك خان قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ھەممىسىنىڭ ھېلىقىلار ئۈچۈن ئىچى ئېچىشتى، ئەمما ئەينەكتە بولسا ھېلىقى ئۈچ سىيما يەنە بۇرۇنقىدەكلا بار ئىدى.

ئەمدى سۇلايمان قالپىقى كىيىۋالغان دېۋە سۆزلىدى:

— قالپىقىمنى كىيسەڭ ئىنس - جىنغىمۇ كۆرۈنمەيسەن، تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىسەن، جاھاندىكى ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار بولىسەن، ھەممە خېيىم - خەتەردىن ئامان قالىسەن. ئوتقا كىرسەڭ بىر تالمۇ مويىڭ كۆيمەيدۇ، سۇغا كىرسەڭ تامچە سۇ يۇقمايدۇ، قىلىچ - نەيزىمۇ تېنىڭگە كار قىلمايدۇ، پۈتۈن بىر خەزىنىنى قۇرۇقداپ ماڭساڭمۇ ھېچ كىشى سېنى سەزمەيدۇ ......

ئەمدى ئۈر توقماق ئىگىسى دېۋە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تۇۋلاپ كەتتى:

— قوي ئۇ ئەسكى قالپاقنى، توقمىقىمغا قارا، بۇيرۇقلا قىلساڭ تاغلارنى تالقان، شەھەرلەرنى گۇمران قىلىدۇ. يالماۋۇز - دېۋىلەرنى چىۋىن ئۆلتۈرگەندەك ئۇرۇپ - سوقۇپ، ساڭا دۈشمەنلىك كۆزىدە قارىغانلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىدۇ. سېنى كۆيدۈرمەكچى بولغان ئوتنىمۇ ئۆچۈرۈپ، ئاققۇزماقچى بولغان سۇنى قۇرۇتىدۇ. دېڭىز - ئوكيانلار-دىنمۇ ساڭا يول ئېچىپ، يىراقنى يېقىن قىلىدۇ. خالىساڭ زېمىندا تۇلپار، ئاسماندا ئۈچار بۇلۇتۇڭ بولىدۇ. ھەرقانداق خەتەر - مۇشكۇلاتنى يىراق، غەلىبە - نۇسرەتنى يېنىڭدا قىلىدۇ. ھەممە مەخلۇقاتنى پەرمانىڭغا بوي ئەگدۈرۈپ، بويسۇنمىغانلارنى جەھەننەمگە يوللايدۇ......

باشقا خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ دېۋىلىرىمۇ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي، ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىلا ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ سارايىنى بېشىغا كىيدى.

— قايسىسىنى تاللايمىز خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە شۇ چاغ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان پەخرىدىنگە.

— بىلمىدىم، — دېدى پەخرىدىن، — بۇلارغا ئۇنداق ئاسانلا ئېرىشكىلى بولماس.

— شۇنداق، — دېيىشتى دېۋىلەر بىر ئېغىزدىن، — ئەڭگۈشتەر ئۆزۈكنى تاپشۇرساڭلا بۇلاردىن خالىغان بىرىگە ئېرىشىسەن.

— ئۇر توقماقنى ئالايلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — ئۇنىڭ قۇدرىتى ھەممىدىن زوركەن.

— خاسىيەتلىك ئەينەك ياخشى، — دېدى يېشىل كۆز، — ئۇنىڭدا ئەسقاتىدىغان نەرسىلەر بەك كۆپكەن.

— سۇلايمان قالپىقىنى ئالغان ياخشىراق، — دېدى كۆك كۆز، — بىزگە ھازىر ئەڭ زۆرۈرى شۇدەك قىلىدۇ.

بىراق، پەخرىدىن ھېچقايسىسىنىڭ گېپىگە ئۇندىمىدى. ئۇ دېۋىلەرنىڭ ئەڭگۈشتەر ئۆزۈككە قىزىقىپ قېلىش سەۋەبىنى ئويلاۋاتاتتى.

شۇ چاغ ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى.

— قانداق قىلاي؟ — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — قايسىسىنى تاللايمەن.

— ھېچقايسىسىنى، — دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى، ئاندىن ئۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

— گەپ قىلىڭە خوجايىن، — دېدى شۇ چاغ ئالدىراڭغۇ شاتۇتى مەلىكە ئۇنى نوقۇپ.

— ھېچقايسىسىنى، — دېدى پەخرىدىن ئىختىيارسىزلا ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك.

شۇ ھامان سارايدىكى ھېلىقىلارنىڭ ھەممىسى لاپپىدە ئوت

ئېلىپ، ئېچىنىشلىق نالە - پەرياد قىلغىنىچە گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلاپ، تېزلا كۈل بولۇپ تۈزۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا سارای ئۆلارنىڭ بېشىغا گۈمۈرۈلدى. قىلىچ شۇ ھامان چوڭ كۈنلۈككە ئايلىنىپ، پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پاناھىغا ئالدى، بىراق سارايىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ئۆگزە - تاملىرى كۈنلۈككە دۈچ كېلىپلا يەنە تۇتەك بولۇپ تاراپ كەتتى، تۇتەك ئىچىدىن بولسا يەتتە باشلىق بىر يالماۋۇز چىقىپ كەلدى.

— يالىلىرىمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتىڭ، — دەپ چىرقىرىدى ئۇ پەخرىدىنگە ئارىدەك قۇللىرىنى سوزۇپ، — خەپ سېنى، ئېزىقلىرىمنى تۈگمەن تېشى قىلىپ، تېنىڭنى ئۇگۇت قىلمىسام.

پەخرىدىن دەرھال ئوقياسىنى بەتلىدى، ئەمما يالماۋۇزنىڭ بىر بېشىنى ئاتسا ئورنىغا يەنە بىرى ئۆسۈپ تۇردى، ھودۇقۇپ قالغان پۈرسەتتە يالماۋۇزنىڭ ئارىدەك قوللىرى سوزۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى چوكىدەك بارماقلىرىدا بېلىدىن قارمىۋالدى، بىراق مۇشۇك خان قىزلار چاقماقتەك ئېتىلىپ، يالماۋۇزغا تاشلاندى - دە، ئۇنىڭ يەتتە بېشىدىكى ھەممە يۈزلىرىنى تىتما - كاتاڭ قىلىپ، كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتى، شاتۇتى مەلىكە ھەم ئۇنىڭ كالاچتەك ئېغىزلىرىنى پەنجىلىرىدە تىلىۋەتتى. يالماۋۇز ئامالسىز پەخرىدىننى تاشلاپ، ئۆلارنى تۇتۇشقا ئۇرۇنغانىدى، پەخرىدىن دەرھال قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. يالماۋۇز ئەمدى توگگۇزدەك چىرقىرىغىنىچە قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ، قالايمىقان پىرقىراشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كېسىلگەن قوللىرى ئەسلىگە كەلگەن بىلەن، كور بولغان كۆزلىرى ئەسلىگە كەلمىدى.

قۇيۇن ئىچىدىن بولسا:

— خەپ توختاش، خەپ! — دېگەن چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇردى.

شۇ چاغ بىر تەرەپتىن تاغدەك يوغان ئۈچ باشلىق بىر مەخلۇق يېتىپ كەلدى - دە، غاردەك ئېغىزلىرىنى تەڭلا ئىشقا سېلىپ، قارا قۇيۇننى دەم تارتتى، قۇيۇن ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ تىنچىدى.

— قاچايلى، — دېدى پەخرىدىن مەخلۇقنىڭ ھەيۋىسىگە قاراپ چۆچۈپ.

ئۇلار بىر كۈچى بىلەن ھېلىقى مەخلۇقنىڭ قارشىسىغا قاراپ قاچتى، ئۇلارلا ئەمەس، يەردىكى تاش - داشگال، دەرەخ - چاتقاللارمۇ قاچتى. ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ھەرىكىتى ئاستا، بەكمۇ كالامپاي بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار قۇتۇلدى، ئەمما قىلىچ دەل ھېلىقى مەخلۇق تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ تۇراتتى.

— ئۇ قاچانلا بولسا ئەڭ خەتەرلىك تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە غۇدۇراپ.

— ئايلىنىپ ئۆتسەك ياخشى بولارمىكىن، — دېدى يېشىل كۆز، — تاش - داشگال، دەرەخ - چاتقاللارغىچە ئۈركۈپ قاچقىنىغا قارىغاندا ئۇ تولىمۇ يامان، ياۋۇز مەخلۇق بولسا كېرەك.

— شۇنداق، — دېدى يەردىكى بىر تاش زۇۋانغا كېلىپ، — ئۇ تېخى كارامىتىنى كۆرسەتمىدى. غەزىپى كەلگەندە بىر بېشىدىن ئوت پۈركۈپ، بۇ يەرنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ئوتنى سۇ بىلەنمۇ، سېھىر - جادۇ بىلەنمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ، بىر بېشىدىن زەھەرلىك ئىس پۈركۈيدۇ، ئەتراپىدىن مىڭ قەدەمچە يىراقلىقتىكى جىنى بار ھەممە نەرسىنى زەھەرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىس شامالغا يولۇقسا تېخىمۇ يىراقلارغا تارقاپ، تېخىمۇ زور ئاپەت بولىدۇ، يەنە بىر بېشىدىن تۇمان چىقىرىدۇ، تۇمان ئاسمانغا ئۆرلەپ، مىڭ قەدەملىك جايغا يېيىلىدۇ، ئاندىن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلىدۇ، يامغۇرغا يولۇقسا جانلىق - جانسىز ھەممە نەرسە ئېرىپ كېتىدۇ، يەر يۈزى زەھەرلىك لاي - پاتقاقلىق سازلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەخلۇقلارمۇ ئامان قالمايدۇ. شۇڭا، ھېچ نەرسىدىن ئۈركۈپ قاچمىغان مەخلۇقلارمۇ ئۇنى كۆرسە قاچىدۇ.

— بىراق، بىز شۇ تەرەپكە مېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى پەخرىدىن، — ئۇنىڭدىن پاناھلىنىشنىڭ يولى يوقمۇ؟

— ئۇنى يوقات! — دېدى تاش، — ئايلىنىپ ماڭىمەن دېسەڭ، ئەتراپتا نۇرغۇنلىغان تىلسىمات، مۈشكۈلاتلار بار. ئۇ كەلگەن يوللا ئەڭ

بىخەتەر، چۈنكى ئۇ ماڭغانلا يولدا ھەممە نېمىنى دەم تارتىپ ماڭىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندىمۇ تاپىنى ئاستىدا قالغان نەرسە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— ئۇنى قانداق يوقىتىمىز؟ — سورىدى پەخرىدىن.

— ئۇنىڭ جېنى ئادەمزاتنىڭ قولىدا، — دېدى تاش، — قورقماي ئالدىغا بارغىن، دەم تارتسا جىم تۇر، گېلىغا كىرگەندىن كېيىن قىلىچىڭدا يېرىپ چىق. ئۇنىڭ مويلىرى بىگىز، تېرىسى پولات، ھەرقانداق سىرتقى زەربە كار قىلمايدۇ، ئۇنى يوقىتىپ تىنچ - ئامان كېتەي دېسەڭ تەۋەككۇل قىل.

— ياق! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئالدىراپ، — ئۇنىڭ قارنى زەھەر خالتىسى بولۇشى چوقۇم، سىز كىرسىڭىز زەھەرلىنىپ قالىسىز.

— ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ خوجايىن، — دېدى يېشىل كۆز.

— ئۇنىڭ قارنىدا زەھەر يوق، — دېدى تاش، — چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچ بېشىدىكى كارامەتنىڭ ھەممىسى سېھرىي كۈچىنىڭ زورلۇقىدىن.

— بولمىسا مەن كىرەي خوجايىن، — دېدى كۆك كۆز، — قىلىچنى ماڭا بېرىڭ، چوقۇم ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىمەن.

— بولمايدۇ، — دېدى تاش، — سەن بارساڭ ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ بولغۇچە ئۆلۈپ بولىسەن، زەھەرلىك تىنىقىنىڭ ئۆزىلا جېنىڭنى ئېپ بولىدۇ، بىراق بۇ ئادەمزات ھېچنېمە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ دۇنيارىمىزدىن ئەمەس. بۇ يەردىكىلەر ئۇنى ئۇنداق ئاسانلا ئۆلتۈرەل-مەيدۇ، ماڭا ئىشىنىڭلار.

— سىناپ باقاي، — دېدى پەخرىدىن قەتئىيلىك بىلەن. ئاندىن ئۇ شاتۇتى مەلىكە ۋە مۇشۇك خان قىزلارنىڭ يىلىنىش، توسۇشلىرىغا قارىماي، ھېلىقى مەخلۇق تەرەپكە ماڭدى.

— ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز، — دەپ توۋلىدى تاش، — تېخىمۇ يېقىنلاش.

پەخرىدىن مەخلۇققا يەنىمۇ يېقىنلاشتى، ھېلىقى مەخلۇق ئۇنى

كۆرگەندىن كېيىن دەم تارتتى، پەخرىدىن شامالدا ئۇچقان غازاڭدەك ئۇنىڭ غاردەك ئاغزىغا ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى بىر قاراڭغۇ غارغا كىرىپ قالغاندەك بولدى - دە، دىمىقىپ هوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، بىراق سەل ئېسىنى تاپقان هامان قىلىچىنى توغرا كەلگەن تەرەپكە سالدى. قىلىچ ئۇزىرىپ - ئۇزىرىپ، مەخلۇقنى ئىككى يارتا قىلىۋەتتى، شۇ هامان مەخلۇقنىڭ تېنى قارا تۇتەككە ئايلىنىپ تاراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇچ بېشى توڭگۈزنىڭ چىرقىرىغىنىدەك سەت ئاۋاز چىقىرىپ، يەر يۈزىدە توپتەك سەكرەشكە باشلىدى، ئەمما ئاسماندىن ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشكەن بىر يالماۋۇز باشلىق قۇش بۇ باشلارنى چىشلەپ ئۇچۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئاسماندا يەنە ئۇنىڭ بىرنەچچە هەمراهى پەيدا بولۇپ، باشلارنى ئۇنىڭدىن تالىششقا چۈشتى. تالىشىپ - تارتىشىپ هېچنېمىسىنى قويمىدى، ئاندىن كېتىپ قېلىشتى.

يەر يۈزىدىن بولسا قىزغىن تەنتەنە، ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئالقىش ياڭرىتىۋاتقانلار تاش - داڭگال، دەرەخ - چاتقاللار ئىدى، هەتتا نېرىدىكى سېسىق سۇ كۆلچىكى ۋە ئېقىنلاردىكى غەلىتە بېلىق، قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى.

— ماڭغىن! — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا، — ساڭا ئەمدى هېچقايسىمىز دەخلى قىلمايمىز. سەن بىزنىڭ ئەڭ ياۋۇز كۈشەندىمىزنى يوقاتتىڭ. بۇ زېمىندا هەممە نەرسىنىڭ ئۆز كۈشەندىسى بار، پەقەت ئۇنىڭلا يوق ئىدى. ئۇنى پەقەت سىرتقى ئالەمدىن كەلگەنلەرلا يوقىتالايتتى، سەن هەممىمىز ئۇچۇن چوڭ ئىش قىلدىڭ. بىراق، باشقا ياۋۇز مەخلۇقلاردىن، يالماۋۇزلاردىن ئېهتىيات قىل، ماڭغاندا بايىقى ئۆلگەن مەخلۇقنىڭ ئىزىدىن ماڭ!

پەخرىدىن خۇرسەن بولۇپ، هەمراهلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. خېلىغىچە تىنچ ماڭدى، بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن هەمراهلىرىنىڭ شوخلۇقى تۇتقان بىر چاغدا، تۇيۇقسىز ئىز يوقالدى. قىلىچمۇ نىشاننى كۆرسىتەلمىدى، هەممەيلەن ئەمدى قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىنگە تەلمۈرۈپ.

— قاياققا ماڭىمىز؟ — دېدى مۈشۈك خان قىزلارمۇ تېپىرلاپ.

پەخرىدىن ئۈندىمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىمۇ شۇ تاپتا قۇپقۇرۇق ئىدى.

دەل شۇ تاپتا يەلتوپتەك بىرنېمە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاڭقىپ - قاڭقىپ يېتىپ كەلدى ۋە:

— سىلەرنىڭ كىملىكىڭلارنى بىلىمەن، — دېدى ئۆزىچىلا.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى، كەلگىنى ھەقىقەتەن بىر توپ، توپ بولغاندىمۇ تولىمۇ رەڭدار، كۆركەم گۈل نەقىشلىك ۋاسكېتبول توپى ئىدى، بىرلا يېرى ئۈستىگە مۈشتۇمچىلىك يەنە بىر توپ چاپلاپ قويغاندەكلا بولۇپ، بۇ باش ئىدى.

— ماڭا قاراپ ھەيران قېلىۋاتقىنىڭلارنىمۇ بىلىمەن، — دېدى ئۇ يەنە، — مەن بۇ زېمىننىڭ ئەركىسى، نەگە بارغۇم، نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن.

— بىزگە ياردەم قىل، — دېدى پەخرىدىن، — بىز ماڭىدىغان يولىمىزنى تاپالمىدۇق.

— قاياققا ماڭىدىغىنىڭلارنىمۇ بىلىمەن، — دېدى ئۇ يەنە ئاندىن تۆت تەرىپىدىن تۆت قول چىقىرىپ، تۆت تەرەپنى كۆرسەتتى، — بۇياققا، ئاياققا، ماياققا، ئۇياققا......

پەخرىدىنمۇ، ھەمراھلىرىمۇ گاڭگىراپ قالدى، ئۇنىڭ قولى توختىماي تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

پەخرىدىن قايتا سورىماقچى بولۇۋىدى، ئۇ:

— خوش، ئۆز دۇنيارىڭغا قايتقاندا قېرىنداشلىرىڭغا سالام ئېيت، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلەرگە ئامەت تىلەيمەن، — دېدى - دە، يەنە سەكرەپ - سەكرەپ، قاڭقىپ - قاڭقىپ كېتىپ قالدى.

— ئۇ نېمىشقا ھەممە تەرەپنى كۆرسىتىۋېرىدىكىنە، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن، — ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمىسە كېرەك.

— بەلكىم قاياققا ماڭساڭلار بولۇۋېرىدۇ دېگىنىمكىن، — دېدى يېشىل كۆز.

— بۇ دېگەن ئېزىتقۇ چۆلى، — دېگەن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى شۇ چاغ يەر يۈزىدىن، — قاياققا ماڭماڭلار نىشاندىن يىراقلىشىپ كېتىسلەر.

— گەپ قىلغان كىم؟ — تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە ھەر تەرەپكە قاراپ.

— مانا مەن، — شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ نېرىدىكى مودۇر - چوقۇر بىر جاي ئاستا - ئاستا مىدىرلاپ ئۆزگىرىپ، بىر يالماۋۇزنىڭ يۈزى شەكلىگە كىردى، قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇنلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇراتتى.

— سەن كىم؟ — تووۋلىدى شاتۇتى مەلىكە، — نېمىشقا يۈزۈڭلا كۆرۈنۈپ، قالغان يېرىڭ يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ؟

— مەن ئېزىتقۇ تىلسىمىنىڭ مۇئەككىلى، — دېدى يالماۋۇزنىڭ يۈزىدىكى ئېغىز مىدىرلاپ، — مەن قايانغا مېڭىشىڭلار كېرەكلىكىنى بىلىمەن، مەن ئېيتىپ بەرمىسەم مەڭگۈ بۇ ئېزىتقۇ تىلسىمىدىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر، سىلەر بەندىكە چۈشتۈڭلار.

— بىزگە ياردەم قىل، — دېدى پەخىرىدىن، — ساڭا چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمىز.

— ماڭا روھىڭ كېرەك، — دېدى ئېغىز، — ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن روھىڭنى تاپشۇرغىن، مەن ساڭا نىجاتلىق يولى كۆرسىتىمەن.

— يالغان! — تووۋلاپ كەتتى شاتۇتى مەلىكە، — بىز يول تاپالايمىز، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنمەيمىز.

— مەرھەمەت! — دېدى ئېغىز مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

شۇ ھامان تۆت تەرەپتىكى ھەممە نەرسە توختاۋسىز پىرقىراشقا باشلىدى، پەخىرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن قاياققا ماڭسۇن، ھامان بىرسى كەينىگە ئىتتىرىۋەتكەندەك بولۇپ ئۆز ئورنىغا يېنىپ كېپ قالدى.

— ئىپلاس مەلئۇن! — تووۋلاپ كەتتى شاتۇتى مەلىكە غەزەپ بىلەن.

— بىز ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەيلى، — دېدى كۆك كۆز، بىراق يېشىل كۆز بىلەن ئىككىسى ئېتىلىپ بارغان ھامان ھېلىقى تىلسىم مۇئەككەلنىڭ يۈزى غايىب بولدى، مۈشۈك خان قىزلار يەرنى تاتىلاپ قالدى.

— روھىڭنى بەر، روھىڭنى بەر!...... — دېگەن ئاۋاز ياڭراشقا باشلىدى يەر ئاستىدىن.

پەخرىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى، ھەمراھلىرى ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ، يول تېپىپ مېڭىشقا ئۇرۇندى، لېكىن ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولۇپ قالدى، خالاس.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى پەخرىدىن تاقەتسىزلىنىپ، — مەن روھىمنى ئۇنىڭغا بېرەي، لېكىن قانداق بېرىشنى بىلمىدىم.

— ياق! — دېدى شۇ چاغ ھېلىقى تۈپتەك نەرسە ئۇلارنىڭ يېنىغىلا قاڭقىپ چۈشۈپ، — روھىڭنى بەرسەڭ سەنمۇ يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قالىسەن، ئەڭ يامان، ئەڭ ياۋۇز يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قالىسەن، روھىڭنى يامانلارغا بېرىۋەتكىنىڭ ئۆزۈڭنى يامانلىققا ئاتىغىنىڭ، يامان يولغا ماڭغىنىڭ.

— بىراق، ماڭا نېمە ئامال، — دېدى پەخرىدىن.

— ھاماقەت، — دېدى تۈپتەك مەخلۇق، — ئۆز دۇنيارىڭغا قايتىپ، قېرىنداشلىرىمغا سالىمىمنى، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلەرگە ياخشى تىلىكىمنى يەتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن يول كۆرسەتتىمغۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ يەنە توختىماي تۆت قولى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تۆت تەرەپنى تەڭ كۆرسەتكىنىچە قاڭقىپ - قاڭقىپ، ئېزىتقۇ تىلسىمدىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇ يەنىلا تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىۋاتىدىغۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە غۇدۇراپ.

بۇ ئۇنىڭ تۆتىڭلار تۆت تەرەپكە مېڭىڭلار دېگىنىمۇ، يا، — دېدى كۆك كۆز.

— ئۇنىڭ بىر قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىۋالغىنىنى كۆردۈم، — دېدى يېشىل كۆز، — قالغانلىرى ئۇنداق ئەمەس.

— توغرا، — دېدى پەخرىدىن، — دەل شۇ قولى كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭايلى!

ئۇ بىر تەرەپكە ماڭدى، ئالدىدا گويا كۆلەڭگىدەك بىر ئىشك پەيدا بولدى، بىراق ئىشكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى شىر يېقىنلاشقانلارنى ھازىرلا چايناپ پۇركۇۋېتىدىغاندەك ياۋۇزلارچە خىرىس قىلىپ تۇراتتى.

پەخرىدىن شىرلارغا قاراپ سەل ئەيمەندى، لېكىن يەنە بىر قاراپ ئۇلارنىڭ تاش ھەيكەل ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، شىرلارغا ئېتىلىشقا ھازىرلانغان مۈشۈك خان قىزلارنى توسۇۋالدى:

— كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى.

ئاندىن ئۇ بىمالال ئىشككە قاراپ ماڭدى، كەينىدىن يالماۋۇزنىڭ كاركىرىشى ئاڭلاندى:

— ياق، ياق! سىلەر كەتسەڭلار بولمايدۇ...... ياق!

شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەردىن بىر يالماۋۇز كاللا سوزۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنى چىشلىۋېلىشقا ئۇرۇندى، لېكىن چىشلىيەلمەي بوينى ئۈزۈلۈپ كەتتى. يالماۋۇز كاللا يەرگە چۈشكەن ھامان بىر قارا قول چىقىپ قاماللاپ، قىسىپ، مىجىپ تاشلىدى. پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئىشكتىن چىقىپ بولغان ھامان ئىشك غايىب بولدى. ئارقىدىنلا گۈلدۈر ـ قاراسلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، زېمىن تەۋرىگەندەك بولدى ـ دە، يەر يۈزىدىن بىر تۈتەك ـ تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تاراپ كەتتى، ئاندىن ھەممە تىنچلىنىپ، ھاۋا ـ جاھان سۈزۈلدى.

قىلىچ ئەمدى ئېگىلىپ بىر تەرەپنى ئىما قىلدى. پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئىما قىلغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئاجايىپ غەلىتە بىر دەرەخكە ئۇچرىدى، دەرەختە ھەر يوغان مېۋىلەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، ئەمما بۇ مېۋىلەر ئەمەلىيەتتە يالماۋۇز كاللىسى ئىدى، ئۇلاردىن تېخى ھېلىلا كېسىپ ئېسىپ قويۇلغاندەكلا قان تامچىپ تۇراتتى. تامغان قان تامچىلىرى چۈشكەن يەرلەردە بولسا، قىسقۇچ پاقىدەك يوغان چايانلار پەيدا بولۇپ، ھەر تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— مەرهابا، مەرهابا! — دېيىشتى دەرەختىكى كاللىلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ.

ئاندىن ھەممىسى غالجىر ئىتتەك ھاۋشىپ ئېتىلىپ كېلىشتى، دەرەخ شاخلىرى يىلاندەك سوزۇلدى.

پەخرىدىن دەرھال قىلىچ ئۇردى، ئۈزۈلگەن باشلار شىرغا، كېسىلگەن شاخلار يىلانلارغا ئايلىنىپ خىرىس قىلدى. پەخرىدىن توختىماي قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇلاردىن نەچچىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. مۇشۇك خان قىزلارمۇ بوش كەلمەي، نەچچىنى تىتما - كاتاڭ قىلىۋەتتى. شاتۇتى مەلىكە بولسا ئۆزىنى قوغداشقىلا يېتىشەلىدى، شۇڭا ئۇ جەڭ ئاخىرلاشقاندا ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىممىدە ماڭدى.

— مەيۈسلەنمە، — دېدى پەخرىدىن كۆڭلىنى ياساپ، — قوغدىنىلى سالماي، ئۆزۈڭنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغىنىڭمۇ چوڭ ئىش.

ئۇلار ھېلىقى دەرەختىن يىراقلاشتى، بىراق ئەمدى ئۇلارنى شىددەتلىك سوغۇق شامال كۈتۈۋالدى. شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە مىڭلىغان زەھەرلىك يىڭنە تەگكىلا سانجىلغاندەك بىر تۇيغۇ بېرەتتى، ھېلىلا مۇزلىتىپ قويىدىغاندەكلا ئىدى.

پەخرىدىن دەرھال ئاي تېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئاي تېشىدىن نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىلىپ، ئۇلارنى مۇزلاپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇردى ھەم گۆردەك قاراڭغۇلۇقتا يولنى يورۇتتى.

ئۇلارنىڭ يولى بارغانسېرى تارىيىپ باردى، بەلكى ئۇلار بىر غارغا كىرىپ قالغانىدى. غار تاملىرىدا ھەرخىل يىرتقۇچلارنىڭ يېرىم گەۋدىلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىسى تىرىك مەخلۇقلارنىڭ گەۋدىسى ئىدى. ئۇلار ئاي تېشىدىن تارالغان يورۇقلۇقتىن ئۈركۈپ تۇراتتى، ئۇنداق بولمىغاندا پەخرىدىن بىلەن ھەمراھلىرى ئۇلارغا تۆت لوقما تائام بولۇپ كېتىشى ئېنىقلا ئىدى.

ئۇلار ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى، لېكىن بىر چاغدا يولى توسۇلدى. ئالدىدا پەقەت مۇشۇك پاتقۇدەكلا بىر كامار بار ئىدى، سوغۇق شامال

دەل شۇ كاماردىن ھوۋۇلداپ چىقىۋاتاتتى.

— ئەمدى مېڭىش مۇمكىن ئەمەستەك، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۈمىدسىزلىنىپ. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئۆزىگە چەكچىيىپ تۇرغان يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ يېرىم گەۋدىسىگە قاراپ قويدى، ئۇ شۇ تاپتا «بۇ مەخلۇق مېنى قاچان يالماپ كېتەركىن؟» دەپ يۈرىكى سۇ ئىدى، شۇڭا ئۇ پەخرىدىننىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇرۇۋالدى.

— مەن كىرەي، — دېدى شۇ چاغ يېشىل كۆز.

— ياق، مەن كىرەي، — دېدى كۆك كۆز ئۇنى توسۇپ، — نېمىلا ئىش بولسۇن خوجايىنىنىڭ ئورنىدا مەن بېجىرەي.

— كىرەلىشىڭلار قانداق بولاركىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — بۇ كاماردىن ھېچقايسىمىز پاتىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاي تېشىمۇ پەقەت بىرلا، ئۇنى ئالماي كىرسەڭلەر تۇگەشكىنىڭلار شۇ. ئېلىپ كىرىپ كەتسەڭلار قالغانلار تۈگىشىدۇ، ھېچقايسىمىز ئاي تېشى بولمىسا بۇ يەردە مىنۇت ياشىيالمايمىز، ياخشىسى كامارنى چوڭايتا-لىساق بولاتتى.

— توغرا، — دېدى پەخرىدىن، ئاندىن ئۇ قىلىچ بىلەن كامارنى چوڭايتماقچى بولدى، بىراق مۇمكىن بولمىدى. قىلىچ غار تېمىغا ئۆتمىدى، بەلكى يېقىنلا يەردىكى بىر يىرتقۇچنىڭ يېرىم گەۋدىسى قىلىچنى چىشلىۋېلىپ، چايناپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى. ئۇلار نائىلاج قالغان شۇ پەيتتە غار سىرتىدىن نېمىدۇر ۋىشىلداپ كىردى. پەخرىدىنمۇ، ھەمراھلىرىمۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىغانىدى، ئاق تۇتەك - تۇمان ئىچىدىن قاردەك ئاق ۋە قۇياشتەك نۇرلۇق بىر يىلان سويلاپ چىقتى.

پەخرىدىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى قىلىچى بىلەن قوغدىنىشقا تەييارلاندى، يىلان بولسا ئۇلارغا يېقىنلىشىپ توختىدى ۋە:

— قورقما ئادەمزات، مەن زۇلمەتتىكى يىلانلار شاھى، ساڭا ياردەم قىلغىلى كەلدىم، — دېدى مۇلايىم ئاھاڭدا.

— نېمىشقا بىزگە ياردەم قىلىسەن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە

ئەجەبلىنىپ، ــ يا بىز تونۇشمىساق.

ــ ئاڭلىسام ئۈچ باشلىق يىرتقۇچنى يوقىتىپسىلەر، ــ دېدى ئاق يىلان، ــ شۇ سەۋەبلىك زۇلمەتتىكى يىلانلار جەمەتى نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىدىن قۇتۇلدى. ئۇ بىزنىڭ ماكانىمىزغا پات - پات تاجاۋۇز قىلاتتى، نۇرغۇنلىغان پۇقرالىرىم ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتكەنىدى، قالغانلىرىمىز ئازلا قالغان، يەنە بىر كەلسە ھەممىمىز تۈگىشەتتۇق، تەلىيىمىزگە ئۇ ئاپەتنى يوق قىپسىلەر، شۇ ياخشىلىقىڭلار بەدىلىگە سىلەرنى بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى، بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىڭلار مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكىنىڭلار- دىلا ئىشقا ئاشىدىغاندەك قىلىدۇ.

ــ توغرا ئېيتتىڭ، ــ دېدى پەخرىدىن، ــ مەن ئابىھايات بۇلىقىغا بارماقچى، ياردەم قىلساڭ بەكمۇ مىننەتدار بولاتتۇق.

ــ ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن، ــ دېدى ئاق يىلان، ئاندىن ئۇ بىرلا دەم تارتىپ، پەخرىدىننىمۇ، ھەمراھلىرىنىمۇ يۇتۇۋالدى - دە، كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ۋىششىدە كامارغا كىرىپ كەتتى. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ئۇقتەك تېز يۈرۈپ، كامارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقتى- دە، ئاندىن ئۇلارنى يۇرقۇپ چىقاردى.

يىلاننىڭ قارنىدا سىقىلىپ، دىمىقىپ ھوشىدىن كەتكەن پەخرىدىن يۈزىگە ئۇرۇلغان سوغۇق شامالدىن ئەندىكىپ ھوشىغا كەلدى، ھەمراھلىرىمۇ كۆزىنى ئاچتى. يىراقتا بىر يۇلتۇز پىلىلداپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەر قازان كۆمتۈرۈپ قويۇلغاندەك قاراڭغۇ ۋە جاننى قاقشىتىدىغان قاتتىق سوغۇق ئىدى. ئاي تېشىمۇ، يىلاننىڭ تېنىدىن چاقنىغان نۇرمۇ پەقەت تۆت - بەش قەدەمچە ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ــ ئاشۇ يۇلتۇزدەك كۆرۈنگىنى ئابىھايات بۇلىقى، ــ دېدى ئاق يىلان، ــ تېز بېرىپ، تېز كەل! ھازىر زۇلمەت دېۋىلىرى ئۇيقۇدا، ئۇلار ئويغىنىپلا قالسا ئىشىڭ چاتاق، ساڭا پەقەت بىر سائەتلا ۋاقىت بار، سېنى مۇشۇ يەردە كۈتىمەن، بىر سائەتكىچە قايتىپ كېلەلمىسەڭ قايتىپ چىقىپ كېتىمەن، بۇ يەردە مىنۇت ئارتۇق تۇرۇشىمۇ مېنى

ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ.

— بىلدىم، — دېدى پەخرىددىن.

— ئۇستۇمگە مىنىڭ خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

پەخرىددىن دەرھال شاتۇتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە ئولتۇردى، شاتۇتى مەلىكە ئۇچتى، مۇشۇك خان قىزلار ئەگەشتى. ئۇلار سوغۇق شامال، جۇت - شىۋىرغانغا قارشى ئاجايىپ زور غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئۇچتى. ئۇلارغا تاغدەك بەستلىك ۋە تولىمۇ قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە دىۋىلەر يولۇقتى، بىراق ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. خورىكى ئورنىدا ئاجايىپ ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئۇلار ئۇيقۇدىكى دىۋىلەر ئارىسىدىن تاغ جىلغىلىرىنى ئارىلاپ ئۇچۇپ ئۆتكەندەك ئۆتتى، ھېلىقى يولتۇز كۆرۈنگەن جايغا يەتكۈچە شاتۇتى مەلىكىنىڭمۇ، مۇشۇك خان قىزلارنىڭمۇ تېنىدە دەرمان قالمىدى. مەنزىلگە يەتكەن ھامان زۇلمەت باسقان زېمىندا ۋاللىداپ نۇرلىنىپ، يېقىملىق بۇلدۇقلاپ، قايناپ تۇرغان بۇلاق بويىغا ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتتى.

پەخرىددىن قول سائىتىگە قارىدى، بۇ يەرگە كېلىشكىلا 50 مىنۇت كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال ھاۋا رەڭ گۈل بەرگىنى بۇلاققا تاشلىدى، شۇ ھامان قۇرۇپ قالاي دېگەن گۈل بەرگى ھازىرلا ئۈزۈۋېلىنغاندەك گۈپپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان ھاۋا رەڭ ئەترگۈلگە ئايلاندى. گۈل بەرگلىرىدە ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسى جىلۋە قىلدى.

— توققۇز مىنۇت قالدى! — يىراقتىن ئاق يىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۇرۇڭلار، — دېدى پەخرىددىن، — تېز كېتەيلى.

بىراق، شاتۇتى مەلىكىنىڭمۇ، مۇشۇك خان قىزلارنىڭمۇ تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

شۇ ھامان پەخرىددىننىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كەچتى - دە، مۇزدەك سوغۇق، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ ھەمراھلىرىغا چاچتى، ھەمراھلىرى ئەندىكىپ تۇرۇپ كېتىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھارغىن ۋە سالپايغان ھالىتىدىن ئەسەر قالمىغانىدى،

بەلكى غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ، تۇرق - سىياقى نۇرلىنىپ كەتكەن بىر ھالدا ئىدى.

ئۇلار ئابىھايات بۇلىقىنىڭ خىسلىتىنى ھېس قىلىپ، دەرھال نەچچە يۇتۇمدىن ئوتلىۋېلىشتى - دە، ئاندىن قايتىشقا تەييارلاندى.

— سەككىز مىنۇت، — دېگەن سادا كەلدى يىراقتىن.

پەخرىدىن ئەتىرگۈلنى بىر قولىدا، قىلىچنى بىر قولىدا تۇتۇپ شاتۇتى مەلىكىنىڭ دۈمبىسىگە مىندى، شاتۇتى مەلىكىمۇ، مۇشۇك خان قىزلارمۇ ئەمدى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ھەسسىلەپ ئاشقان بولۇپ، كەينىدىن سوغۇق شامال، جۇت - شىۋىرغان ئۇرۇلۇپ تۇرغان بولغاچقا، سۈرئىتى ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاجايىپ تېز بولدى. ئاخىر زېمىن تەۋرەپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغان، تاغدەك بەستلىك دىۋىلەر مىدىرلاپ، دەھشەتلىك، قىيقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلگەن بىر مەھەلدە ئاق يىلاننىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئاق يىلان ئۇلارنى دەم تارتىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كامارغا ئوقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى، كەينىدىن بولسا دىۋىلەرنىڭ ھۆركىرەشلىرى، يىرتقۇچلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى، قاناتلىقلارنىڭ قانات قاققان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

ئاق يىلان كامارغا كىرگەن چاغدىكىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ، تېزلا چىقىۋالدى - دە، خېلى يىراقلارغا بېرىپ توختىدى، ئاندىن پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈرقۈپ تاشلىدى.

شاتۇتى مەلىكە، مۇشۇك خانقىزلار ئابىھاياتنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھېچنېمە بولمىغان، ئەمما پەخرىدىن يەنە ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئاق يىلان ئۇنىڭ يۈزىگە پۈۋلىدى، پەخرىدىن ھوشىغا كەلدى. ھاۋا رەڭ ئەتىرگۈل كىچىكلەپ - كىچىكلەپ كىچىككىنە بىر كامالچىغا ئايلىنىپ قالدى، پەخرىدىن ئۇنى مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— تېز مېڭىڭلار، — دېدى ئاق يىلان جىددىيلىك بىلەن، — زۇلمەت غارىنىڭ دىۋىلىرى قوغلاپ چىقىۋاتىدۇ، ئەمدى ئامان قېلىش - قالالماسلىق ئايىغىڭلارنىڭ چاققانلىقىغا باغلىق، ئەمدى مەن ئۆزۈمنى

چەتكە ئالاي، خوش، ئامان بولۇڭلار. ئۇ شۇنداق دەپ «ۋىژ» قىلىپلا بىر تەرەپكە كېتىپ قالدى.

— سۇمۇرغ «سىلەرنى ئەكېتىدىغانغا بىرەرسى چىقىپ قالار» دېگەنىدى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە، — راستىلا بىرەرسى كېلىپ بىزنى ئەكەتسە بولاتتىغۇ.

— ھازىرچە قاناتلىرىمىزغا تايىنايلى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى يېشىل كۆز، — بەلكىم يولىمىزدا بىرەر نىجاتكار ئۇچراپمۇ قالار.

شاتۇتى مەلىكە دەرھال پەخىردىننى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق كۈچلۈك ۋە جاسارەتلىك بولۇپ باقمىغانىدى، شۇ تاپتا سۇمۇرغ بولسىمۇ ئۇچۇشتا ئۇنىڭدىن كېيىن قالاتتى. مۇشۇك خان قىزلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمىغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇلار ئاجايىپ تېزلىكتە ئۇچتى. شۇنداقتىمۇ زۇلمەت دېۋىلىرى نېرىدىلا كۆرۈنۈپ قالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قوغلاش سۈرئىتى قېچىۋاتقانلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. يول ئۈستىدە يولۇققانلا غەلىتە مەخلۇق، ئۇچار قاناتلار بولسۇن ياكى سېھىرگەر - يالماۋۇزلار بولسۇن، جېنى بارلىكى ھەممە نەرسە يىراقتىن كېلىۋاتقان زۇلمەت دېۋىلىرىنىڭ شەپىسىدىن ئۈركۈپ، پەخىردىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قاراپمۇ قويماي ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى، ھەتتا ئېقىنلاردىكى سۇلارمۇ ئىككى تەرەپكە تۈرۈلۈپ -تۈرۈلۈپ، ئاخىر يەرگە سىڭىشىپ كەتكەندەكلا غايىب بولاتتى. شۇ ھالدا پەخىردىن ۋە ھەمراھلىرى سۇمۇرغ بىلەن خوشلاشقان جايغا يېتىپمۇ قالدى.

— ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق، — ئۇلار شۇ يەردە چېپىپىدە توختاپ قالدى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇلارنى بۇ يەردە توختىتىۋالغانىدى. شۇ چاغ، شۇ يەردىكى يەر ئاستى سارايدا زۇلمەتتىكى يالماۋۇز - جادۇگەرلەرنىڭ كاتتىلىرىنىڭ يىغىلىشى بولۇۋاتاتتى، ئۇلار چەمبىرەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ كېڭەشكە چۈشكەن، ھەممىسى بولۇپ جەمئىي توققۇز ئىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.

— كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى تۆت يالماۋۇز بىر ئېغىزدىن.

— ياق! — دېدى يەنە تۆت يالماۋۇز، — يولغا سېلىپ قويايلى.

— كارىمىز بولمىسا، — دېدى دەسلەپ سوئال قويغىنى، قارىغاندا ئۇ بۇلارنىڭ ئاقساقىلىدەك قىلاتتى، — زۇلمەت دېۋىلىرى ئۇلارنى تونۇۋالدى. ئادەمزات گۆشى ئۇلارغا دورىلىق بولۇپ، ئۇلارنى تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلار ھازىرقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلىنىپ، ھەتتا زۇلمەت تېغىنىمۇ تۈزلىۋېتىشى، پۈتۈن دىيارىمىزنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمدۈرۈپ، بىزنىمۇ قۇللۇققا چۈشۈرۈپ قويۇشى، ھەتتا ھەممىمىزنى يوقىتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، بۇ بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئاقىۋەت بولسا كېرەك.

— بىراق، ياردەم قىلساق، — دېدى «كارىمىز بولمىسۇن» دېگەن يالماۋۇزلاردىن بىرسى، — ئۇ سىرلىق ئالەمدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قان قىساسىغا بوغۇلغان، شۇنداق تۇرۇپ ئۇنى يوقاتماقتا يوق، ياردەم قىلساق قانداق بولغىنى.

— كارىمىز بولمىسا، — دېدى «يولغا سېلىپ قويايلى» دېگەن يالماۋۇزلاردىن بىرسى، — قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىنى بىلمىمىز، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن نەقەدەر قورقۇنچلۇق، يامان ئاقىۋەت ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنى يوقىتىۋېتىش قولىمىزدىن كەلمىگەندىكىن، زۇلمەت دېۋىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايلى، ھازىر ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ ئامانلىقى.

— بەلكىم زۇلمەت دېۋىلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇلارنى قوغلاش يولىدا جېنىدىن ئايرىلىپ، كۈچى ئاجىزلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا بىز ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قالساقمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى يەنە بىرى قوشۇمچە قىلىپ.

— شۇنداق بولسىغۇ تولىمۇ ياخشى بولاتتى، بىراق بۇ پەقەت بىر شېرىن چۈش، — دېدى يەنە بىرى دىمىقىنى قېقىپ.

— تەكلىپىم، — دېدى يەنە بىر يالماۋۇز، — ئەزمىلىك قىلىپ، تالاش - تارتىش قىلىۋەرمەي ئاۋاز بېرەيلى، قايسى پىكىرگە قوشۇلغانلار كۆپ سانلىق بولسا، باشقىلار ئۇنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلايلى.

— توغرا! — دېيىشتى باشقا يالماۋۇزلار بىر ئېغىزدىن تەستىقلاپ.

— ئۇنداقتا بولغا سېلىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلغانلار قول كۆتۈرۈڭلار، — دېدى ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئاقساقىلى.

شۇ ھامان بەزىسى چوكىدەك ئورۇق ۋە بىگىز تىرناقلىق، بەزىسى ئېيىقنىڭ تاپىنىدەك گۆشلۈك ۋە قاپقارا مويلۇق تۆت قول كۆتۈرۈلدى.

— بۇلارغا مەن قوشۇلسام بەش بولىمىز، — دېدى يالماۋۇزلارنىڭ ئاقساقىلى، — بىز يالماۋۇز، سېھىر - جادۇگەرلەرنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇشنى قۇۋۋەتلەيمەن.

— بەشتە تۆت، — دېدى يالماۋۇزلاردىن يەنە بىرسى، — كونا قائىدىمىز بويىچە بولسۇن، ئۇنى يولغا سېلىپ قويايلى.

شۇ ھامان يالماۋۇزلار بىر قازان ئەتراپىغا توپلىشىپ، ھەممىسى قازانغا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇشقا، ھەرخىل رەڭلىك دورىلارنى تاشلاشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن قازاندىن توققۇز خىل رەڭدىكى تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئاخىر پەي قاناتلىرى ئەتلەس رەڭگىدە، جۇلالىق، ئاجايىپ گۈزەل ۋە چوڭ بىر سۇمۇرغ چىقىپ كەلدى، سۇمۇرغنىڭ پەي قاناتلىرىنىڭ جۇلاسى ساراي ئىچىنى رەڭگارەڭ نۇرلاندۇرۇۋەتتى.

— سېنى قايتىدىن ئاپىرىدە قىلدۇق، — دېدى يالماۋۇزلار ئاقساقىلى، — ئەمدى جۇپتۈڭ يېنىغا كەتسەڭ بولىدۇ، لېكىن بىر شەرت، بۇ ئىقلىمغا كەلگەن ئادەمزاتنى ئېلىپ كېتىسەن.

— ئۇ قەيەردە؟ — سورىدى سۇمۇرغ تىلغا كىرىپ.

— ئۇ يول ئۈستىدە، زۇلمەت دېڭىزلىرىدىن قېچىپ كېتىۋاتقانىدى، بىراق شۇ تاپتا داۋاملىق مېڭىشقا قادىر بولالماي توختاپ قالدى، ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە سەندىن باشقىلارنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، بىز بۇ يەردە ساڭا مەدەت بېرىمىز.

— شەرتىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى سۇمۇرغ، ئاندىن ئۇ قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇشقا ھازىرلاندى، يالماۋۇزلار نەچچە

پىرقىراپلا غايىب بولۇشتى. سۇمۇرغ قاناتلىرىنى بارغانسىرى تېز لەپىلـ-ـدەتتى. ئاخىر شىددەتلىك بوران چىقىرىۋەتتى، بوراننىڭ شىددەتـ-ـلىكىدىن سارايدىكى ھەممە جابدۇقلار ساراي تاملىرىغا سوقۇلۇپ، كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى، ئاخىر سارايىنىڭ تاملىرى چاك - چاك يېرىلىپ، ئۆگزىسى گۇمۇرۇلدى، يەر يۈزىگە چىقىدىغان چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلدى. سۇمۇرغ شۇ تۆشۈكتىن ئۇچۇپ چىقتى ۋە تېزلا توققۇز خىل رەڭدە نۇرلىنىپ كېتىۋاتقان بىر يولتۇزغا ئەگىشىپ، پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا يەتتى.

— پاھ! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ، — يەنە بىر سۇمۇرغ، ئىلگىرى يولۇققىنىمىزدىنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم سۇمۇرغ بىزنى ئەكەتكىلى كەلگەن بولسا كېرەك.

— جۇپتۇمنى كۆرگەنمىدىڭ شاتۇتى مەلىكە، — دېدى سۇمۇرغ ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆرەلىگەندەك، — كۆرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇ بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغان تېخى، خوجايىنىنىڭ قىلىچىمۇ ئەسلىي ئۇنىڭ بىر تال پېيى.

— ئۇ جۇپتۇمنىڭ بىردىنبىر خاسىيەتلىك پېيى ئىدى، — دېدى سۇمۇرغ، — تېز بۇ يەردىن كېتەيلى، — ئاندىن ئۇ يەنە يوغىناپ، پەخرىدىن ۋە ھەمراھلىرىنى دۈمبىسىگە جايلىشىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە كۆركەم پەيلىرى ئارىسىغا چۆكۈپلا كەتتى.

— سىلەرنى باشقا يول بىلەن ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى سۇمۇرغ، — كەلگەن يول بىلەن كېتىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، ئۆزۈڭلەرگە پەخەس بولۇڭلار، ئۇستۇمدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپلا كۆككە پەرۋاز قىلدى، نېرىدىن زۇلمەت دېۋىلىرى كۆرۈنۈپلا قالغانىدى، ئۇلار ھەممىسى يەك شاخ مۈڭگۈزلۈك ۋە مۈڭگۈزلىرىنىڭ ئۇچىدا رەڭگارەڭ پانۇستەك ئوت شارلىرى كۆيۈپ تۇرىدىغان، گاھلىرى قاناتلىق، گاھلىرى قاناتسىز، گاھلىرى ئۇچ

باشلىق، ئالته قوللۇق، گاھىلىرى غايەت زور ئەجدىھا تەنلىك ۋە گاھىلىرى قاپقارا سۇمۇرغ تەنلىك دېۋىلەر ئىدى. مۈڭگۈزلىرىدىكى ئوت شارلىرى ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، نىشان كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئاسماندىكىلىرى ئاقار يۇلتۇزدەكلا كارامەت تېز ئۇچسا، يەردىكىلىرى قۇيۇندەك چاپىدىغان يەلتاپانلار ئىدى، قوغلىغاندىكى سۈرئىتى ئاجايىپ تېز ئىدى.

ئۈچىنچى باب

# ئۇلار جۈپتىنى تاپتى

سۇمۇرغ بار كۈچ - غەيرىتىنى قاناتلىرىغا يىغىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە توختىماي ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى. شۇ ھالدا قوغلاۋاتقانلارغا تۇتۇق بەرمەي، ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۆئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان بىر چوڭ چەمبەرگە دۇچ كەلدى، چەمبەرگە ئوت ئەجدىھالىرى چىرمىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار توختىماي ئوت پۈركۈيتتى، بۇ ئوتقا يولۇققان ھەرقانداق نەرسە كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتەتتى.

سۇمۇرغ چەمبەر ئالدىغا بېرىپ شىپىدە توختاپ قالدى، قارىغاندا چەمبەردىن ئۆتۈشى كېرەكتەكلا ئىدى، بىراق ئۆتىمەن دېگۈچىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سۇمۇرغ، — بۇ چەمبەر بىز ئۆتىدىغان بىرىنچى ئۆتكەل ئىدى، بىراق ئۇنى ئوت ئەجدىھالىرى چىرمىۋاپتۇ. ئوت ئەجدىھالىرى ھەر توققۇز كۈندە بىر قېتىم ئۇخلايدۇ، ئۇخلىغاندىمۇ پەقەت بىر مىنۇتلا ئۇخلايدۇ، ئۇلار ئۇخلىغاندىلا ئۆتكىلى بولاتتى، ھازىر ئۆتىمىز دېسەك كۆيۈپ كۇل بولىمىز، ئۆتمىسەك زۇلمەت دېۋىلىرىگە تۇتۇلىمىز، ئوخشاشلا ھالاك بولىمىز.

— قانداق قىلساق بولىدىكىن، — دېدى پەخرىدىنمۇ ھودۇقۇپ، شۇ تاپتا زۇلمەت دېۋىلىرى ئۇلارغا يېتىشىۋالايلا دەپ قالغانىدى، شۇ چاغ شاتۇتى مەلىكىنىڭ كۆكسىدىكى يۇلتۇز ئۇچۇپ چىقتى - دە، چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ، بىر دەرۋازا

هاسىل بولدى، دەرۋازىدىن نۇر چاقناپ، ئوت يالقۇنلىرىنى يېقىن يولاتمىدى. سۇمۇرغ دەرھال يۇلتۇز دەرۋازىدىن ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەن زۇلمەت دىۋىلىرى يۇلتۇز دەرۋازىدىن ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، شۇ هامان يۇلتۇز دەرۋازا غايىب بولدى. بۇ چەمبەردىن ئۆتكۈچە زۇلمەت دىۋىلىرىنىڭ يېرىمى دىگۇدەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ توزۇپ كەتتى، قالغانلىرى هەسرەت - نادامەت چېكىپ قېلىشتى.

سۇمۇرغ تىنچ - ئامان ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن يەنىلا توختىماي ئۇچۇپ كەتتى، بىراق بۇ ئىقلىمدا هەددى - هېسابسىز كۆپ يىرتقۇچ قۇشلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆت قاناتلىق، بەزىلىرى تۆت باشلىق، بەزىلىرى شىر باشلىق ۋە بەزىلىرى شىر تەنلىك ئىدى؛ بەزىلىرى ئۇچسا هاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلاتتى؛ بەزىلىرى ئاجايىپ دەھشەتلىك چىرقىرايتتى، بەزىلىرى ئوت، بەزىلىرى سۇ پۈركۈيتتى.

سۇمۇرغ بۇ ئىقلىمغا كىرگەن هامان ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن هۇجۇم قىلىپ، پەخرىدىننى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇندى، لېكىن سۇمۇرغنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، پەخرىدىننىڭ قىلىچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مۇشۈك خان قىزلارنىڭ ئالماس تىرناقلىرى، قۇش ئوۋلاشتىكى كارامەت ماھارەتلىرى ئۇلارغا ئىمكان بەرمىدى، بەلكى بىرمۇنچىسى هالاك بولدى. ئەمما، ئۇلار بۇ يىرتقۇچ قۇشلاردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلغىنى بىلەن، زۇلمەت دىۋىلىرى يېتىشىۋالايلا دەپ قالدى، چۈنكى هېلىقى چەمبەردىكى ئوت ئەجدىھالىرى ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇلارغا ئۆتۈۋېلىشقا ئىمكان تۇغۇلغانىدى.

شۇ چاغ ئالدى تەرەپتە بىر ئورمانلىق كۆرۈندى، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ غولى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن ئىدى. شاخ - شاخلىرىدا تاۋاقتەك - تاۋاقتەك چوڭ ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، هەر گۈلدە بىردىن ساھىبجامال پەرىنىڭ سىماسى نۇرلىنىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ئاجايىپ يېقىملىق، ئەمما چۈشىنىكسىز بىر تىلدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. گاهى ۋىلىقلاپ، گاهى قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكە

ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەنە سان - ساناقسىز تۇتىقۇشلارمۇ بار بولۇپ، چوڭلىرى بۈركۈتتەك، كىچىكلىرى بىر توغرامچىلىك كېلەتتى. پەي قاناتلىرى گاھىلىرىنىڭ ئەتلەستەك رەڭگارەڭ جۇلالىق، گاھىلىرىنىڭ قاردەك ئاق، گاھىلىرىنىڭ ئالتۇندەك سېرىق، گاھىلىرىنىڭ بولسا تۇزغىلا ئوخشايدىغان كۆركەم ھالەتتە ئىدى. ئورمان مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى پەخرىدىنىمۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىمۇ مەھلىيا قىلسا، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان زۇلمەت دىۋىلىرىنىڭ شەپىسى ۋەھىمىگە سالدى، ئۇلار ھايالسىزلا يېتىپ كېلىدىغاندەك ئىدى.

— ياردەم قىلىڭلار، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئورمانلىقتىكى تۇتىقۇشلارغا يېلىنىپ، — بىز بىر قوۋمدىن بولغاندىكىن، ئامان - ئېسەن كېتىۋېلىشىمىزغا يول كۆرسىتىڭلار.

ئورمانلىقتىكى شاتۇتىلار ۋە گۈللەر ئۆز تىللىرىدا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىن بىرى شۇنداق دېدى:

— قاچ قېرىندىشىم، ماڭا ئەگىشىپ قاچ، سېنى توغرا يولغا سېلىپ قويايلى. سېنىڭ بىز تۇتىلار جەمەتىگە تەۋە بولغىنىڭنىڭ ھۆرمىتى، بولمىسا بۇ ئورمانلىق ۋە ئورمانلىقتىكى تۇتىلار ئىنس - جىننىمۇ ئۆتكۈزمەس ئىدۇق، زۇلمەت دىۋىلىرى كەلسە ئۇلارنى توسۇشقا قادىرمىز، بىراق ھەممىسىنى توسۇپ قالالىشىمىزمۇ ناتايىن، ئۇلارنىڭ نەقەدەر يامانلىقنى بىلمەيسەن.

ئۇ شۇنداق دەپ سۇمۇرغنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئوڭغا قىيپاش ئۇچتى، سۇمۇرغ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شۇ ھامان ئورماندىكى تۇتىلار يالماۋۇز باشلىق ئاجايىپ زور يىرتقۇچ قۇشلارغا، گۈللەر بەتبەشىرە يالماۋۇز باشلارغا ئۆزگەردى، دەرەخلەر ئاسمان - پەلەك ئېگىزلەشكە باشلاپ، ئاسماننى تىرەپ تۇرغان پولات تۈۋرۈكلەردەك، شاخلىرى بولسا كارامەت يوغان يىلانلاردەك بىر ھالغا كەلدى، ياپراقلىرى ئۆتكۈر تىغلارغا ئايلاندى. ئورمان ئىچىنى قىرقىرىغان - چىرقىرىغان ئاۋازلار بىر ئالدى. يول باشلىغۇچى تۇتىقۇش خىيالدەك تېز سۈرئەتتە ئۇچاتتى، سۇمۇرغمۇ بار كۈچى بىلەن ئۇچۇپ ئەگىشىپ باراتتى. شۇ

هالدا ئۇلار يەنە بىر چەمبەرسىمان دەرۋازىغا يەتتى، دەرۋازىغا توققۇز ئاق ئەجدىھا چىرمىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار تولىمۇ مۇلايىم ۋە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. يول باشلىغۇچى شاتۇتى چەمبەرگە بىر ئوق يېتىمى ئارىلىقتا شىپپىدە توختىدى.

— يەخەس بولۇڭلار، — دېدى ئۇ، — بۇ ئەجدىھالار زەھەر پۈركۈيدۇ، بۇ زەھەرنىڭ بىر تامچىسىمۇ تاغدەك بەستلىك بىر دىۋىنىڭ تېنىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، تاغقا چۈشسە تاغنىمۇ سىمابتەك ئېرىتىپ، دەريا قىلىپ ئاققۇزىدۇ.

— قانداق ئۆتەرمىز، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۈمىدسىزلىنىپ.

— پەقەت ئۇلار ئۇخلىغاندىلا ئۆتۈش مۇمكىن، — دېدى يول باشلىغان شاتۇتى، — ئۇلار ھەر 18 كۈندە بىر قېتىم ئۇخلايدۇ، ئۇخلىغاندىمۇ پەقەت بىر سېكۇنتلا ئۇخلايدۇ.

— بىراق، بىزگە ئۇلارنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ تۇرغۇدەك پۇرسەت يوق - دە، — دېدى پەخرىدىن.

— ئەمدى يۇلتۇزنىڭ خاسىيىتى تۇگەپ قالغانمىدۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە كۆكرىكىگە قاراپ خورسىنىپ.

شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆكسىدە يەنە ھېلىقى يۇلتۇز نۇرلاندى - دە، ئۇچۇپ بېرىپ، چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى، ئاندىن يەنە بىر يۇلتۇز دەرۋازا ھاسىل قىلدى. ئاق ئەجدىھالار پۈركىگەن زەھەر بۇ دەرۋازىغا يېقىنلاشقان ھامان پارغا ئايلىنىپ يوقاپلا كەتتى.

— تېز ئۆتۈڭلار! — دېدى يول باشلىغۇچى تۇتىقۇش ئالدىرىتىپ، — زۇلمەت دىۋىلىرىدىن بىر بۆلۈكى ئورماندىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرنى ئۆلگۈچە قوغلايدۇ، توختىماي قېچىڭلار.

شۇ تاپتا بۇرۇنقىنىڭ يېرىمچىلىك قالغان، ئەمما ئەڭ يامان، ئەڭ ياۋۇزلىرىدىن بولغان بىر بۆلۈك دىۋە جان - جەھلى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار پۈركۈگەن ئوت پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ھازىرلا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك، پۈركۈگەن سۇ ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك، چىقارغان شۇۋرغانلىق بورىنى ھازىرلا ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى.

سۇمۇرغ دەرھال يۇلتۇز دەرۋازىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن يۇلتۇز دەرۋازا شۇ ھامان غايىب بولدى. ئۇلار ئەمدى يېڭى بىر ئىقلىمغا كىردى، نېرىدا پايانسىز كەتكەن بىر دېڭىز بار ئىدى. ئۇ دېڭىز ئوچۇق ئاسماندەك كۆپكۆك ۋە ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك ئىدى، ئاستىدا ھەددى - ھېسابسىز ۋە رەڭگارەڭ گۆھەرلەر، ئۆز باغرىدا ئېسىل مەرۋايىتلارنى ساقلاۋاتقان ئالتۇن رەڭلىك كۆركەم قۇلۇللەر چېچىلىپ ياتاتتى، رەڭگارەڭ دېڭىز جۇخار گۈللىرى ۋە ياپيېشىل دېڭىز يۇسۇنلىرى دېڭىزنىڭ دولقۇنلىشى بىلەن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل-گىياھلاردەك تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولسا گۈلباغدىكى قۇشلاردەك ئاجايىپ كۆركەم بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، يەنە تېخى بۇ دېڭىزدا ئۇلاردىنمۇ گۈزەل ۋە كۆركەم، ئۈستۈنكى يېرىمى ئاپئاق پىل چىشىدىن ئويۇلغان، تۆۋەنكى يېرىمى بولسا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسىلىپ، رەڭگارەڭ گۆھەرلەر بىلەن بېزەپ قويۇلغان نەپىس سەنئەت بۇيۇمىغىلا ئوخشايدىغان سۇ پەرىلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بويى بىلەن تەڭ ھاۋارەڭ چاچلىرى دېڭىزدا تال - تال يېيىلىپ تۇراتتى.

سۇمۇرغ دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇلار دېڭىز ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىشتى - دە، تۇۋلاشتى:

— توختا! كەينىڭگە يان، بۇ دېڭىز ئاسمىنىدىن يات ئىقلىم مەخلۇقلىرى ھېچقاچان ئۇچۇپ ئۆتەلىگەن ئەمەس.

— نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ، — دېدى پەخرىدىن سۇمۇرغنى توختىتىۋېلىپ، — بىزگە ياردەم قىلساڭلارچۇ؟!

— بۇ بىر سىرلىق دېڭىز، — دېدى سۇ پەرىلىرىدىن بىرسى، — يات ئىقلىم مەخلۇقلىرى بۇ دېڭىزغا كىرگەن ياكى ئاسمىنىدىن ئۆتكەن ھامان، سۇ ئەجدىھالىرى پەيدا بولۇپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق قورال ياكى سېھىر - ئەپسۇن كار قىلمايدۇ، بىزمۇ ساڭا ياردەم قىلالمايمىز، سىلەرگە كەينىڭلارغا يېنىشتىن باشقا ئامال يوق.

شۇ چاغ نېرىدىن يەنە بىر توپ زۇلمەت دېۋىلىرى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ كۆپى چەمبەردىن ئۆتۈپ بولغۇچە ھالاك بولۇپ ئازلا قالغان

بولسمۇ، يەنىلا پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇچۇن تاقابىل تۇرغۇسىز ئاپەت ئىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سۇمۇرغ ھودۇقۇپ، — يا ئالدىغا، يا كەينىگە يېنىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مۇشكۇل خەتەرگە دۇچ كەلدۇققۇ.

— قىرغاق بويلاپ ئۇچايلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە.

— بەربىر، — دېدى سۇمۇرغ، — زۇلمەت دېۋىلىرى ھايالىسىزلا يېتىشۋالىدۇ.

— بەلكىم بۇنىڭ ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى پەخرىدىن يانچۇقىدىن دەرەخلەر شاھى سوۋغا قىلغان يوپۇرماقنى ئېلىپ، يوپۇرماق ئۇنىڭ يانچۇقىدا جان كىرىپ قالغاندەك مىدىرلاپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە سالغانىدى.

يوپۇرماق ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ دېڭىزغا چۈشتى، شۇ ھامان دېڭىزدا تولىمۇ نەپىس - كۆركەم بىر ئالتۇن رەڭلىك، ئاق قۇ شەكىللىك كېمە پەيدا بولدى.

— چىقايلى، — دېدى پەخرىدىن ئىشەنچ بىلەن، ئاندىن ئۇ بىرىنچى بولۇپ كېمىگە چىقتى، ئارقىدىن سۇمۇرغمۇ، باشقىلارمۇ كېمىگە چىقتى.

— ئەمدى قارا قويۇن ئەجدىھالىرى چىرمىشىپ ياتقان چەمبەرگە دۇچ كېلىسىلەر، بۇ چەمبەردىنمۇ ئۆتەلىسەڭلار، — دېدى سۇ پەرىلىرى، — زۇلمەت دېۋىلىرى شاھىنىڭ بىر ھەمشىرىسىگە يولۇقىسىلەر، ئۇ بەك يامان نىمە، ئۇنىڭدىن كۆپ ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلىسەڭلار سىلەرگە ھېچقانداق توسالغۇ، مۇشكۇل - خەتەر دېگەنلەر يولۇقمايدۇ.

— ئاگاھلاندۇرغىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى پەخرىدىن.

كېمە ئۆزلۈكىدىن يۈرۈپ كەتتى. سۇ پەرىلىرى دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىشتى. زۇلمەت دېۋىلىرى دېڭىز ئاسمىنىغا قوغلاپ كەلگەن ھامان، دېڭىز سۈيى شىددەتلىك دولقۇنلاپ، دولقۇنلىرىدىن غايەت زور بىر ئەجدىھا ھاسىل بولدى - دە، بىرلا دەم تارتتى،

دۇئىلەر قىچىش ئۈچۈن ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىپمۇ قاچالماي ياكى سېھىر - ئەپسۇنلىرى كار قىلماي، ھەممىسى ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئەجدىھا دېڭىزغا شۇڭغۇپلا غايىب بولدى.

كېمە دېڭىزدا توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۈزدى، ئاخىر يەنە بىر قىرغاققا چىقىپ توختىدى. پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن كېمىدىن چۈشۈپ، ئاجايىپ گۈزەل دېڭىز ئاستى مەنزىرىسىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدى - دە، ئاندىن سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جايلاشتى، سۇمۇرغ قىرغاقتىن يىراقلاپ ئۇچۇپ كەتتى. بىر چاغدا يىراقتىن يەنە بىر چەمبەر كۆرۈندى، چەمبەرگە توققۇز قارا ئەجدىھا چىرمىشىپ ياتاتتى ۋە توختىماي تەتۈر قويۇن چىقىراتتى، بۇ قۇيۇنغا يېقىنلاشقانلا نەرسە غايىب بولۇپ كېتەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سۇمۇرغ مۇئەللەقتە توختاپ.

شۇ ھامان شاتۇتى مەلىكىنىڭ كۆكسىدىكى يۇلتۇز ئۇچۇپ بارغانچە چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختاپ، ۋاللىداپ نۇرلىنىپ، ئاخىر قۇياشتەك پارلاق نۇر چاچتى. قارا ئەجدىھالار ئۆركۈپ، چەمبەردىن ئاجراپ يىراقلاشتى، سۇمۇرغ دەرھال چەمبەردىن ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئۆتۈپ بولغان ھامان يۇلتۇزمۇ غايىب بولدى.

ئۇلارنى ئەمدى ھېچكىم، ھېچ نەرسە قوغلىمىدى، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى سەپىرى يەنىلا مۇشكۈل - خەتەر ئىچىدە داۋام قىلدى.

ئۇلار شۇ تاپتا قارامتۇل كۆل رەڭ بۇلۇتلار ھەممە يېرىنى قاپلىغان، ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن پۇرۇقلاپ ئىس - تۈتەك ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر ئىقلىمغا چىقىپ قالغانىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى، گاھ ئوتتەك قىزىق، گاھ مۇزدەك سوغۇق بولۇپ قالاتتى، پەخرىدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بۇ خىل كىلىماتقا ماسلىشالماي، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى - دە، ئاخىر باشلىرى قېيىپ، كۆڭۈللىرى ئايىنىپ، يەرگە موللاق ئېتىپ ھوشىدىن كېتىشتى. تۆۋەندە بولسا مويلىرى قارا ئالتۇندەك ۋاللىداپ، كۆزلىرى يېلىنجاپ تۇرغان قىپقىزىل چوغدەك يېنىپ تۇرغان، ئۆزى قاپلاندەك،

تىرناقلىرى ئارىدەك، ئەلپازى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر جۇپ مۈشۈك پەيدا بولۇپ، سۈمۈرغنىمۇ، باشقىلارنىمۇ قۇشقاچ سىقىملىغاندەك تۇتۇۋېلىشتى، بىراق قاردەك ئاق ۋە زىلۇا - نازۇك مۈشۈك خان قىزلارنى كۆرگەندە بولسا، بىردىنلا مۆلايىملىشىپ، بوشىشىپ قىلىشتى-دە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە پۈۋلىدى، مۈشۈك خان قىزلار ھوشىغا كېلىشتى. بىراق، ياۋۇز تەلەتلىك قارا مۈشۈكلەرنى كۆرگەندە بولسا، ۋەھىمىلىك مىياۋلاپ، قايتىدىن ھوشىدىن كېتىشتى.

شۇ ھامان قارا مۈشۈكلەر بىر يۇمىلاپلا بىرى ساپسېرىق ئالتۇن مويلۇق، كۆزلىرى قىزىل ياقۇتتەك، يەنە بىرى ۋاللىداپ تۇرىدىغان كۈمۈش مويلۇق، كۆزلىرى سېرىق گۆھەردەك، كىشىنىڭ تولىمۇ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، ئوماق مۈشۈكلەرگە ئايلاندى، ئۇلارنىڭ بوي - بەستى مۈشۈك خان قىزلاردىن سەللا چوڭ ئىدى.

ئۇلار مۈشۈك خان قىزلارنىڭ بوينىغا بىردىن ئالتۇن زەنجىرلىك، قىپقىزىل يۈرەكسىمان ياقۇت زۇننار ئېسىپ قويۇشتى، شۇ ھامان مۈشۈك خان قىزلار ھوشىغا كېلىشتى.

— قورقماڭلار، — دېدى قىزىل كۆزلۈكى، — بىز بۈررۈكۋار جادۇنىڭ مۈشۈكلىرى، ئۇ ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ئۇز قەلئەسىدە 40 كۈنلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن، ھازىرچە سىلەرگە خەۋپ يوق، بىز سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيمىز، چۈنكى بىز سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق، — دېدى سېرىق كۆزلۈكى سۆز قىستۇرۇپ.

— ئۇھ! — دېدى يېشىل كۆز چوڭقۇر تىنىپ، — بايا دىمىقىپ ئۆلەيلا دېگەنىدىم، ھازىر ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇمىنا.

— بىراق، ئۇلارچۇ؟! — دېدى كۆك كۆز ئالدىراپ پەخرىدىنىنى، سۈمۈرغ ۋە شاتۇتى مەلىكىنى كۆرسىتىپ. ئۇلار ھوشسىز، ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى نامەلۇم بىر ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— سۈمۈرغ بۈررۈكۋار جادۇنىڭ ناشتىلىقى، ئاۋۇ ئادەمزات بولسا ئۇنىڭ ئۇچۇن تېپىلغۇسىز بىر گۆھەر، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ روھىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، جىسمىنى دورا خام ئەشياسى قىلىدۇ. شاتۇتى بولسا بىزنىڭ يېمىكىمىز، چۈنكى بۈررۈكۋار جادۇ بۇنداق ئادەتتىكى

جانىۋارلارغا كۆز قىرنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ، — دېدى قىزىل كۆز مۈشۈك.

— سۇمۇرغ بىلەن ئادەمزات ئۇ چۈشىدىمۇ ئېرىشەلمەي كەلگەن ئولجا، — دېدى سېرىق كۆزلۈكى قوشۇمچە قىلىپ.

— ياق! — چىرقىرىۋەتتى يېشىل كۆز دەرھال ھېلىقى مۈشۈكلەر بىلەن بوغۇشىدىغان ئەلپازدا.

— بىزنى قويۇۋېتىڭلار، — دېدى كۆك كۆز جىددىي تەرزدە، — بولمىسا سىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز، ئالماستەك تىرناقلىرىمىزنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى كۆرۈپ قالىسلەر.

— قويۇۋېتەلمەيمىز، — دېدى سېرىق كۆزلۈك مۈشۈك، — چۈنكى، بىز ئۆز خىزمىتىمىزگە تولىمۇ سادىق چاكارلار.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنى قويۇۋەتسەكمۇ پايدىسى يوق، — دېدى قىزىل كۆزلۈك مۈشۈك، — ئالدىڭلاردا سىلەر ئۆتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئۆتكەللەر بار.

— ئاۋۋال ئۆلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ بېرىڭلار، — دېدى يېشىل كۆز، — قالغىنىنى باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز، بولمىسا......

— ئۆتۈنۈپ قالايلى، — دېدى كۆك كۆز ئالدىراپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن.

ئالتۇن مويلۇق، كۈمۈش مويلۇق مۈشۈكلەر بىرھازا ئارىسالدى بولۇپ بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى، ئاخىر كۇسۇلدىشىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن:

— ياخشىلىق قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە قىلايلى، — دېدى قىزىل كۆزلۈك مۈشۈك، — سىلەرنى دىمىقىپ ئۆلۈشتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىمىزمۇ چوڭ ئىش ئىدى، ئەگەر بۇ ئىشىمىزنى بۈزرۈكۋار جادۇ بىلىپلا قالسا بىزگە ياخشى كۈن يوق.

— ياخشىلىقىڭلارنى ئۇنتۇمايمىز، — دېدى مۈشۈك خان قىزلار دەرھال.

— بىراق، شەرتىمىز بار، — دېدى سېرىق كۆزلۈك مۈشۈك كۆك كۆزگە مېھرى بىلەن قاراپ.

— شۇنداق، — دېدى قىزىل كۆزلۈك مۈشۈكمۇ يېشىل كۆزگە تەلمۈرۈپ.

يېشىل كۆز بىلەن كۆك كۆز پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن:

— بىز قوشۇلدۇق، — دېدى ئۇياتچانلىق بىلەن، — بىراق بايىقى ياۋۇز تەلەتلىكلەرنى كۆرگىمىز يوق.

— هازىرقى ئەسلىي قىياپىتىمىز، — دېدى قىزىل كۆزلۈك مۈشۈك ئالدىراپ، — ئەمدى هەرگىز سىلەرگە سەت كۆرۈنىدىغان قىياپەتتە يۈرمەيمىز.

— يەنە تېخى توۋا قىلىشىڭلار كېرەك، — دېدى يېشىل كۆز، — بۇرۇن قانچىلىغان جانلىقلارغا زىيان يەتكۈزگىنىڭلارنى كىم بىلىدۇ.

— چىن كۆڭلىمىزدىن توۋا قىلىمىز، — دېدى ئالتۇن - كۈمۈش مويلۇق مۈشۈكلەر تەڭلا، — هەم ئۆلۈم - كۆرۈمدە سىلەر بىلەن بىللە بولۇشقا قەسەم قىلىمىز.

— قېنى ئەمسە، ئۇلارنى هوشىغا كەلتۈرۈڭلار، — دېدى كۆك كۆز.

ئالتۇن - كۈمۈش مويلۇق مۈشۈكلەر دەرهال بىر تالدىن نۇرلۇق يۇلتۇز ئېسىلغان ئالتۇن زەنجىرلەرنى ئەكېلىپ، پەخرىدىن، سۇمۇرغ ۋە شاتۇتى مەلىكىنىڭ هەربىرىگە بىردىن ئېسىپ قويغانىدى، ئۇلار هوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— بىز بەرگەن زۇننار بولسىلا بۇ يەرنىڭ هاۋا كىلىماتىغا كۆنۈپ قالىسىلەر، — دېدى قىزىل كۆزلۈك مۈشۈك، — ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالساڭلار توڭەشكىنىڭلار شۇ.

— رەهمەت! — دېدى پەخرىدىن بىلەن سۇمۇرغ تەڭلا.

— ئۇلار كىم؟ — سورىدى شاتۇتى مەلىكە مۈشۈك خان قىزلارغا هۈرپىيىپ.

— مەن قىزىل كۆز، — دېدى ئالتۇن مويلۇق مۈشۈك.

— مەن سېرىق كۆز، — دېدى كۈمۈش مويلۇق مۈشۈك.

— ئۇلار جادۇگەر دەللىنىڭ مۈشۈكلىرى، — دېدى يېشىل كۆز.

— بىلدىم، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئاچچىقى بىلەن، —

ئەسلىدە سىلەرنى كۈتۈۋاتقانلاركەن - دە، بايا تاسلا قالدىم ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدا بوغۇلۇپ ئۆلگىلى.

— كەچۈرۈڭ شاتۇتى مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى قىزىل كۆز ھەم سېرىق كۆز خىجىللىق بىلەن.

— ئۇلاردىن رەنجىمە، — دېدى پەخىردىن شاتۇتى مەلىكىنى پەپىلەپ، — ئەگەر ئۇلارنىڭ راستتىنلا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بولسا، ئاللىبۇرۇن سېنى يۇتۇۋالاپ يەپ بولۇشاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلماپتۇ، بەلكى......

شۇ چاغ نېرىدىكى بىر قەلئەدىن ئاجايىپ ياڭراق خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلدى، تورۇكلاپ مۆلدۈر يېغىپ كەتتى، قارا قۇيۇنلار قۇتراپ، زېمىن تەۋرەپ كەتتى.

— خورەك تارتىۋاتقىنى بۈزرۈكۋار جادۇ، — دېدى قىزىل كۆز، — زۇلمەت شاھىنىڭ ھەمشىرىسى، ئۇ ئۇخلاۋاتقىلى 39 كۈن بولدى، ھەر كۈنى بىر قېتىم خورەك تارتىدۇ، بۇدا خورەك تارتقاندا ئويغىنىدۇ.

— بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى سۇمۇرغ خاتىرجەمسىز-لىنىپ، — بۇ مەلئۇن ئەسلى زۇلمەتتە ئىكەنمىش، قاچانلاردا بۇ يەرگە ماكانلىشىۋالدىكىنتاڭ، ئۇ ھەممە يالماۋۇز - جادۇگەرلەرنىڭ ئانىسى، بەكمۇ يامان نېمە.

— بىزگە يول باشلاپ بېرەمسىلەر، — دېدى پەخىردىن ئالتۇن مويلۇق، كۈمۈش مويلۇق مۈشۈكلەرگە.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئارىسالدى بولۇپ قېلىشتى.

— گەپ قىلساڭلارچۇ؟! — دېدى كۆك كۆز ئالدىرىتىپ.

— ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆتكەل بار، — دېدى قىزىل كۆز، — دەسلەپتە بىر ئىت ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، يېقىنلاشقىلى بولغاندىمۇ يېنىدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭغا ھەرقانداق قورال كار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ دەم تارتىدىغان بولسا تاغلارمۇ قومۇرۇلۇپ قارنىغا كىرىپ كېتىدۇ، قاۋىسا ئاغزىدىن ئوت چېچىلىپ، ئالەمنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

— ئاندىن بىر ئىشككە دۇچ كېلىمىز، — دېدى سېرىق كۆز، —

قارىماققا ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە تاغدەك مەزمۇت، يېقىنلاشقان ھامان يۈزىڭىزگە شۇنداقلا يېپىلىدۇ، زەربىسىدىن تېنىڭىز تېرىقتەك بولۇپ چېچىلىپ كېتىدۇ، ئۆزىگە بولسا ھېچنېمە كار قىلمايدۇ.

— ئاندىن، — دېدى قىزىل كۆز، — بىر ئۆمۈچۈك تورىغا دۇچ كېلىمىز. بىر ئۆڭكۈر بار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھامان بىر ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇپ زەھەر چاچىدۇ، ئۇنىڭ چاچقان زەھىرى ئالەمگە ئوت قويىدۇ، ئۇچرىغانلا نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. تورىغا ھەرقانداق قورال كار قىلمايدۇ، ئىلىنىپلا قالغان نەرسىنى چىرمىۋېلىپ، جانلىق مەخلۇقات بولسا ئۆلتۈرىدۇ، جانسىز نەرسىلەر بولسا كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىدۇ.

— زادى قانداق قىلغاندا ئۆتكىلى بولىدىغىنىنى دەڭلارچۇ، — دېدى شاتۇتى مەلىكە جىددىيلىشىپ.

— ئەگەر مۇشۇك خان قىزلار بىلەن توي قىلىشىمىزغا قوشۇلساڭلار، خەتەرگە قارىماي جادۇگەر دەللىنىڭ قەلئەسىدىن خاسىيەتلىك نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ، سىلەرنىڭ تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىشىڭلارغا بىز كېپىل، — دېدى سېرىق كۆز.

— ئۇلار خالىسىلا، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈمسىرەپ.

بىراق، مۇشۇك خان قىزلار ئۇياتچانلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، گەپ قىلىشمىدى.

— گەپ قىلساڭلارچۇ؟! — دېدى شاتۇتى مەلىكە ئۇلارنى نوقۇشلاپ.

— خوجايىن قوشۇلسىلا، — دېدى مۇشۇك خان قىزلار يۈزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ، — ياق دەيدىغانغا ھەددىمىز ئەمەس.

— بىز خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تويۇڭلارنى قىلىۋېلىڭلار، — دېدى پەخرىدىن.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېيىشتى قىزىل كۆز، سېرىق كۆزلەر خۇشاللىقىدىن ئويناقشىپ، ئاندىن ئۇلار يول باشلىدى، باشقىلار ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار جادۇگەر دەللىنىڭ قورقۇنچلۇق قەلئەسىدىن

يانداپ ئۆتتى، يانداپ ئۆتكۈچە قەلئە مىدىرلاپ، كۆزنەك - دېرىزى-
لەردىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان ۋەھىمىلىك كۆزلەر ئۇلارغا قاراپ
چەكچىيىپ قېلىشتى، يىراقتا بىر دەريا، دەريا ئۈستىدە تارغىنە بىر
كۆۋرۈك، كۆۋرۈك ئۈستىدە ئورۇقلۇقىدىن بىر باغلام قورايدەكلا بولۇپ
قالغان بىر قوتۇر ئىت كۆرۈندى.

— كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى قىزىل كۆز، — بۇ دەريادىن ئاشۇ
كۆۋرۈك ئارقىلىقلا ئۆتكىلى بولىدۇ، بىز قەلئەگە كىرىپ چىقايلى.

ئاندىن ئۇ سېرىق كۆز بىلەن بىللە بىر پىرقىراپلا غايىب بولدى،
بىر چاغدا يۆگەكلىك داستىخان، ئاغزى يېپىق كومزەك ۋە بىر قاپاقنى
كۆتۈرۈپ كەلدى - دە، داستىخاننى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر تال
سۆڭەكنى ئالدى، سۆڭەكنى كۆرۈپلا كۆۋرۈك بېشىدا ياتقان ئىت
ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ئويناقشىپ كەتتى.

— بىزگە يول بەر، — دېدى قىزىل كۆز، — ئېچىل داستىخان
سېنىڭ بولسۇن، ئۇ ساڭا ھەرقاچان تويغۇچە سۆڭەك بېرىدۇ.

— ئۆتۈۋال! — دېدى ئىت ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋازدا، —
مەن ئاشۇ داستىخاننىڭ تەمەسىدە جادۇگەر دەللىگە سادىق مالاي
بولغان، ئەمدى ئۇنىڭغا ئېرىشكەنىكەنمەن كۆۋرۈك بېقىپ يېتىۋېرىشىم
ھاجەتسىز.

قىزىل كۆز داستىخاننى تاشلاپ بەردى، ئىت ئۇنى چىشلەپلا بىر
يۇملاپ غايىب بولدى.

قىزىل كۆز بىلەن سېرىق كۆز پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى
باشلاپ كۆۋرۈككە قەدەم باستى، كۆۋرۈك قەدەمدە بىر سىلكىنىپ
توختىدى. دەريادىن بولسا مىڭلىغان قارا قوللار ۋە يالماۋۇز باشلار
سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما ئۇلارغا ئىمكان
بولمىدى.

ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ خېلى ماڭدى، تۇپتۇز يەردە قىڭغىيىپ
تۇرغان بىر ئەبجەق ئىشىكنى كۆردى.

— ساڭا خاسىيەتلىك ماي كومزىكىنى ئەكەلدىم، — دېدى
سېرىق كۆز، — ئۇنىڭدىكى تۈگىمەس ماي بىلەن ھەرقاچان

ئۆلگۈجۈكۈكنى مايلاپ تۇرالايسەن.

— رەھمەت! — دېدى ئىشىك غىچىلداپ، — ئۆتۈۋال، مەن سىلەر ئۈچۈن ئوچۇق، شۇ كومزەكنىڭ تەمەسىدە بۇ يەردە قانچە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەمدى ئۇنىڭغا ئېرىشتىم. سىلەر كىرىپ كەتكەن ھامان مەنمۇ كېتىمەن، ئەمدى جادۇگەر دەللە ئۈچۈن غالچىلىق قىلىشىم ھاجەتسىز.

سېرىق كۆز كومزەكنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى، ئىشىك غىچىلداپ، ناھايىتى تەستە ئېچىلدى.

پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن ئىشىكتىن ئۆتتى، ئۇلار نۇردىن ھاسىل بولغان تونېلغا كىرىپ قالغاندەك بولدى، تونېل ئىچىدە خېلى ئۇزاق ماڭدى، چىقىش ئاغزىغا يېقىنلاشقاندا ئېغىزنى تورى بىلەن پەردىلەپ ساقلاپ ياتقان بىر ئۆمۈچۈكنى كۆردى.

— ساڭا خاسىيەتلىك قاپاق ئەكەلدىم، — دېدى قىزىل كۆز، — ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچساڭلا ئۆزۈڭ خالىغانچە چىۋىن - پاشا، كۆمۈتا - پەرۋانىلەرگە ئېرىشەلەيسەن.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى ئۆمۈچۈك غاز - غۇز بىر ئاۋازدا، — شۇ قاپاقنىڭ تەمەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان بۇ يولنى بېقىپ ياتقانىدىم. ئۆتۈۋال، يول ئوچۇق، ئەمدى ماڭا جادۇگەر دەللىنىڭ غالچىلىقىنى قىلىش ھاجەتسىز.

ئۇ شۇنداق دەپ بىر پۇتىنى شارتتىدە ئۇزارتىپلا قاپاقنى ئېلىپ كەتتى، ئاندىن تورىنى يىغىشتۇرۇپ، قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

پەخرىدىن ھەمراھلىرى بىلەن بىمالال تونېلدىن چىقتى، ئەمما بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، سۇمۇرغ دەرھال ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئۈستىگە ئېلىۋالدى، شۇ چاغ ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازدىن جاھان زىلزىلىگە كەلدى.

— ئۇ ئەمدى ئويغىنىدۇ، — دېدى قىزىل كۆز، — چوقۇم يېڭى يول پەيدا قىلىپ، قوغلاپ كېلىدۇ، تېز قاچايلى.

— ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بولماسمۇ، — سورىدى پەخرىدىن.

— ئۇنىڭ جېنى تېنىدە ئەمەس، — دېدى سېرىق كۆز، — قەيەرگە يوشۇرغىنىنى بىلمەيمىز، لېكىن ئۈچ كۆنلۈك يىراقلىقتىكى قوغلاپ بىرنى تۇتۇۋالالمىسا ئاچچىق يوتۇپ ئۆلىدۇ، ھازىر قېچىش سۈرئىتىمىز ھايات - ماماتىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

سۇمۇرغ ئۇچۇشىنى تېزلەتتى، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى، كەينى تەرەپتىن بوران شەپىسى كەلدى.

— جادۇگەر دەللە يېقىنلاپ قاپتۇ، — دېدى قىزىل كۆز ھودۇقۇپ.

سۇمۇرغ تېخىمۇ تېز ئۇچتى، ئاخىر ئاسمىنى كۆپكۆك، بۇلۇتلىرى رەڭگارەڭ بىر بوشلۇققا چىقتى.

تۇيۇقسىز بۇلۇتلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن قوي پادىسىدەك تاراپ كەتتى.

— جادۇگەر دەللە، — دېدى كۆزى ئۆتكۈر يېشىل كۆز.

يىراقتىن ھەقىقەتەن كارامەت بەتبەشىرە بىر يالماۋۇز موماي شىددەتلىك بوران چىقىرىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۇ يېقىنلاشسا بىرنى دەم تارتىپ كېتىدۇ، — دېدى قىزىل كۆز.

پەخرىدىن دەرھال ئاي تېشىنى تاشلىدى، شۇ ھامان ئاسمان - پەلەك بىر تاغ پەيدا بولۇپ، جادۇگەر دەللە بىلەن ئۇلارنى ئايرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ ئېگىزلەپ بېرىۋاتاتتى.

تاغ كەينىدىن سادا كەلدى:

— ھەي ئادەمزات، ئاكامنىڭ دىۋىلىرىنىڭ قىساسىدىن كەچتىم، بەدىلىگە بۇ تاغدىن قانداق ئۆتكىنىڭنى ئېيتىپ بەر.

— چىشلىرىمنى سۇغۇرۇپ پالتا قىلىپ، تاغنى يېرىپ ئۆتتۇم، — دەپ توۋلىدى پەخرىدىن.

سۇمۇرغ بار ئىمكانىچە تېز ئۇچۇپ كېتىۋەردى، جادۇگەر دەللە بولسا، بىرھازا ئارىسالدى بولۇپ، چىشلىرىنى سۇغۇرۇشقا چىدىمىدى - دە، تاغقا بىرنى تەپتى، ئەمما تاغ تەۋرەپ قويۇپ توختاپ قالدى، جادۇگەر دەللىنىڭ قورايدەك پۇتى قاراسلاپ سۇندى، پۇتىنىڭ ئاغرىق

ئازابىدا زار قاقشاپ تۇرۇپ، بىر چىشنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇنى پالتىغا ئايلاندۇرۇپ تاغنى چاپتى، بىراق پالتا ئۇچۇپ كېتىپ، يەنە بىر چىشنى سۇغۇردى، شۇنداق قىلىپ، 32 تال چىشنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندە ئاندىن تاغ يېرىلدى، لېكىن ئۇنىڭغىچە بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى، جادۇگەر دەللە ئەمدى بۇرۇنقىدىنمۇ تېز سۈرئەتتە قوغلىدى، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە ھېچنېمە يېتىشەلمەيتتى، ئاخىر يەنە يېتىشۋالاي دەپ قالدى، ئەمدى ئۇ ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ، قېچىۋاتقانلارنى دەم تارتىشقا تەييارلاندى.

پەخىردىن دەرھال ئانا سۇمۇرغنىڭ ماكانىدىكى دەرەخ بەرگەن بىر تال گۈلنى تاشلىدى، شۇ ھامان گۈل يوغىناپ - يوغىناپ، بېغىشى يەرگە يىلاندەك سوزۇلۇپ، غايات زور گۈلگە ئايلاندى - دە، «ھاپ!» قىلىپلا جادۇگەر دەللىنى گۈل ئىچىگە قارمىۋالدى. گۈل ئىچىدىكى جادۇگەر دەللە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئوت پۈركۈدى، سۇ پۈركۈدى، قىلىچ - نەيزىلەرنى پەيدا قىلىپ چاپتى - سانجىدى...... كۆپ تىرىشتى، تېرىكەشتى، ئۆزى قىلالايدىغان ھەممە چارە - ئاماللارنى ئىشلەتتى، پايدىسى بولمىدى، ئامالسىز توۋلىدى:

— ھەي ئادەمزات، ئاكام زۇلمەت شاھىنىڭ قان قىساسىدىنمۇ كەچتىم، بەدىلىگە بۇ گۈلدىن قانداق قىلسام چىقىپ كېتەلەيدىغا-نىمنى ئېيتىپ بەرگىن!

— كۆزلىرىڭنى ئويۇپ تاشلىساڭ، گۈل سېنى مېيىپ كۆرۈپ رەھىم قىلىدۇ، — دەپ توۋلىدى پەخىردىن.

جادۇگەر دەللىنىڭ ئۈچ كۆزى بار ئىدى. ئارىدەك تىرناقلىرىدا بىر كۆزىنى ئويۇپ تاشلىدى، ئويۇپ تاشلىغان يەردىن قاپقارا زەھەرلىك قانلىرى ئاقتى، گۈلدىن يىڭنىنىڭ ئۈچىدەك تۆشۈك ئېچىلدى، ئەمما جادۇگەر ئاغرىق دەستىدىن تېپىرلاپ تۇرغاچقا بۇنى كۆرمىدى، كۆرسە شۇ تۆشۈكتىنمۇ چىقىۋالاتتى، ئاندىن ئۇ يەنە بىر كۆزىنى ئويۇپ تاشلىدى، گۈلدىن قۇشقاچنىڭ كۆزىچىلىك بىر تۆشۈك ئېچىلدى، بىراق جادۇگەر دەللىنىڭ ئۈچىنچى كۆزى بۇ تۆشۈكنى كۆرمىدى، ئاخىر ئۇ ئۈچىنچى كۆزىنىمۇ ئويۇپ تاشلىدى، كۆزلەر ئويۇپ تاشلانغان ئۈچ

كاماردىن بولدۇقلاپ ئاققان قارا قانلار ئاخىر گۈل بەرگىنى چىرىتىپ، كۆيدۈرۈپ، تاغارنىڭ ئاغزىدەك بىر تۆشۈك ئاچتى، تۆشۈكتىن غۇرقىراپ شامال كىردى، جادۇگەر دەللە شۇ تۆشۈكتىن غۇي قىلىپلا ئۇچۇپ چىقتى - دە، بىرھازاغىچە قالايمىغان ئۇچۇپ، پىرقىراپ يۈردى، ئاخىر قارچىغىنىڭ تۇمشۇقىدەك بۇرنى بىلەن پەخرىدىننىڭ ھىدىنى ئالدى - دە، ھىد كەلگەن تەرەپكە جان - جەھلى بىلەن ئۇچۇپ كەتتى، ئەمما گۈلدىن چىقىپ، نىشاننى پەرق ئەتكۈچە يەنە بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى.

— خەپ! — دېدى ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، — پىيىگىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، چاچلىرىمغا بوغقۇچ قىلمىسام «يالماۋۇزلارنىڭ بۇزرۇك ئانىسى» دېگەن ئىسمىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن.

پەخرىدىن يەنە يىراقتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان جادۇگەر دەللىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تېنى شۈركۈندى، چۈنكى جادۇگەر دەللىنىڭ ئەلپازى تولىمۇ يامان ئىدى، ئۇلارغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىشىۋالىدىغاندەكلا ئىدى.

پەخرىدىن دەرھال يېنىدىن مېكىيان سوۋغا قىلغان تۇخۇمنى ئېلىپ تاشلىدى، ئۆزى بىلەن جادۇگەر دەللە ئارىلىقىدا بىر چوڭ كۆل پەيدا بولدى، كۆلدىن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار ئوقچۇپ چىقىپ، ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىمۇ يالماپ كەتتى.

جادۇگەر دەللە كۆل بويىغا كەلگەندە ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئەپسۇن ئوقۇدى، كۆل ۋاراقشىپ قايناپ، ئىچىدىكى مەخلۇقلاردىن كۆپى ھالاك بولدى، ئەمما كۆل سۈيى ئاسمان - پەلەك دولقۇنلاپ، جادۇگەر دەللىگە يول بەرمىدى.

ئامالسىز قالغان جادۇگەر دەللە توۋلىدى:

— ئەي ئادەمزات! 32 تال چىشىمنىڭ، ئويۇۋالغان كۆزلىرىمنىڭ قىساسىدىنمۇ كەچتىم، بەدىلىگە كۆلدىن قانداق ئۆتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بەر.

— كۆل سۈيىنى ئىچىپ تۈگەتسەڭ، بىمالال ئۆتىسەن، — دەپ جاۋاب بەردى پەخرىدىن.

جادۇگەر دەللە دەرھال كۆل سۇيىنى بىرلا دەم تارتتى، كىچىك بىر دېڭىزدەك كۆل سۇيىنىڭ يېرىمى قارنىغا كىرىپ كەتتى، يەنە بىر دەم تارتقانىدى، كۆل قۇرۇقدىلىپ قالدى، دەللىنىڭ قارنى غايەت يوغان باداڭغا ئوخشاپ قالدى، سۇدىكى مەخلۇقلاردىن تىرىك قالغانلىرى ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى چىشلەپ - غاجاپ، جېنىنى قاقشاتتى، ئامالسىز قالغان جادۇگەر دەللە ھۆ قىلدى، قاپقارا قانغا بويالغان كۆل سۇيى تامچە قالماي ياندى.

— ھەي ئادەمزات! — دەپ توۋلىدى جادۇگەر دەللە يەنە، — راست گەپ قىل، كۆلدىن زادى قانداق ئۆتىمەن.

— بوينۇڭغا تاش باغلاپ، كۆلگە سەكرىگىن، — دېدى پەخرىدىن.

جادۇگەر ئەمدى ئەتراپتىن بىر كىچىك تاغنى شۇنداقلا قومۇرۇپ، چاچلىرىنى ئارغامچا قىلىپ بوينىغا ئاستى - دە، چولتوككىدە كۆلگە سەكرىدى، شۇ ھامان سۇدىكى يىرتقۇچلاردىن بىرى قولىنى، بىرى پۇتىنى، بىرى بېشىنى، بىرى گەۋدىسىنى چىشلەپ، تالاپ، پارە - پارە قىلىۋەتتى، جادۇگەرنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن تېنى يىرتقۇچلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، جېنى تېنىدە بولمىغاچقا ئۆلمىدى، توختىماي تېپىرلاپ، مىدىرلاپ تۇرغاچقا يىرتقۇچلار ئاخىر قۇسۇپ تاشلىدى، جادۇگەر دەللىنىڭ تەن پارچىلىرى يەنە بىرلىشىپ، كۆل ئاستىدىن تىمىسقىلاپ - ئۆمىلەپ چىقتى، ئەمما كۆلدىن چىققاندا ئۇچىنچى كۇنىمۇ تامام بولاي دەپ قالغان، سۇمۇرغ، پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى. جادۇگەر دەللە ھودۇقۇپ جان - جەھلى بىلەن تېز سۈرئەتتە قوغلىدى، ئەمما ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالغاندا قاياقتىندۇر بىر تاڭ خورىزىنىڭ ئاجايىپ ياڭراق چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇ ھامان جادۇگەر دەللە چىپپىدە توختاپ، بىرھازا ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، قاتتىق «ئاھ!» تارتىپ، ئاچچىقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئاخىر قاپقارا قان قۇستى، ئارقىدىنلا ئېغىز - بۇرنىدىن، كۆز، قۇلاقلىرىدىن پورۇقلاپ قارا ئىس-

تۆتەك چىقىپ، ۋۇجۇدى ئوت ئىچىدە قالدى، ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ-پىرقىراپ يۈرۈپمۇ بۇ ئوتتىن قۇتۇلالماي، ئاخىر بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ ئارام تاپتى. بىر شامال كېلىپ، بۇ كۈلنىمۇ توزۇتۇۋەتتى، ئەمما كۈل ئىچىدىن بۈركۈتتەك بىر ئۈچ باشلىق شەپەرەڭ چىقىپ، چاقماق تېزلىكىدە كەينىگە يېنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ئات! — دەپ توۋلىدى سۇمۇرغ ئالدىراپ، — جادۇگەر دەللىنىڭ جان قۇشى شۇ.

پەخرىدىن دەرھال ئوقياسىنى بەتلەپ، چېكىتتەكلا كۆرۈنۈپ قالغان ئۈچ باشلىق شەپەرەڭگە قارىتىپ ئاتتى، ئوق ۋىژىلداپ مىڭىپ بىرھازادىن كېيىن سامادىن بىر قارا يۇلتۇز سارقىدى، ھايالسىزلا گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، توۋەندە قاتتىق پارتلاش يۈز بەردى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى پەخرىدىنمۇ، ھەمراھلىرىمۇ ئۇھ تارتىپ، — ھەرنېمە بولسا ئۇنى يوقىتالىدۇق.

شۇ چاغدا ئاسماندا رەڭگارەڭ بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇلۇتلار ئىچىدىن ۋاشىلداپ رەڭگارەڭ ساليۇتلار ئېتىلدى، سان -ساناقسىز يۇلتۇزلار چېچىلدى، كىملەرنىڭدۇر قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

— جادۇگەر دەللىنىڭ يوقالغىنىغا ھەممەيلەن تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇمۇرغ، — ئەمدى سىرلىق ئالەمدە تىنچ - خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرىدىغان بولدى، تىنچلىقنىڭ دۈشمەنلىرى يوقالدى.

ئۇ شۇنداق دەپ غەيرەت - شىجائىتى تېخىمۇ جۇش ئۇرغاندەك بارغانسېرى تېز ئۇچتى، توۋەندە زېمىن ئەسلا كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار شۇ ھالدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى. ئاخىر يىراقتىن ئانا سۇمۇرغنىڭ بۇلۇتى كۆرۈندى، سۇمۇرغ بېرىپ قوندى، بۇلۇتتىكى دەرەختىن شوخ نەغمە - ناۋا ئاڭلاندى، ھايالسىزلا ئانا سۇمۇرغمۇ يېتىشىپ كەلدى - دە، زۇلمەتتىن كەلگەن سۇمۇرغ بىلەن قاناتلىرىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇلار گويا ئۇزاق مەزگىل ئايرىلىپ، قايتا دىدارلاشقان ئاشىق - مەشۇقلاردەكلا بولۇپ كەتكەنىدى.

— رەھمەت ساڭا، — دېدى سۇمۇرغلار پەخرىدىنگە.

— رەھمەتنى سىلەرگە مەن ئېيتىشىم كېرەك، — دېدى پەخرىدىن، — سىلەر بولمىغان بولساڭلار زۇلمەتكە ساق بېرىپ، ساق قايتىشىم مۇمكىنمىدى.

— ئۇنى زۇلمەتتىكى يالماۋۇزلار تۇتۇۋېلىپ يەپ كېتىشكەن، — دېدى ئانا سۇمۇرغ ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، — شۇنىڭدىن بېرى سىرلىق ئالەمدە يېگانە قالغانىدىم، بىر چاغدا كۆرگەن چۈشۈمدە بىرسى «ئۇ بىر ئادەمزاتنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ» دېگەنىدى، تازا ئىشەنمەي تۇرغانىدىم، مانا سېنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭ تۈپەيلىدىن ئۇ تىرىلىپ قايتىپ كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك.

شۇ چاغ ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى قاياقتىندۇر يېتىپ كەلدى، ئۇ بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئەتىرگۈللەرنىڭ بەرگلىرى قىزىل ياقۇتتىن، بېغىشى كۈمۈش، يوپۇرماقلىرى ئالتۇندىن ئىدى، گۈل بەرگلىرىدە تېخى سۈپسۈزۈك شەبنەم تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى.

شاتۇتى مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

— بارغىن، — دېدى پەخرىدىن كۈلۈپ، — يەنە ئۇنى نائۈمىد قويما، ئۇ سېنىڭ بەختىڭ.

— بېرىڭ مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ ئۇنى ئىتتىرىشىپ، — دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆز جۈپتى بىلەن يارالغان بولىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

شاتۇتى مەلىكە ئاخىر ئارىسالدىلىق بىلەن ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇ تۇتقان گۈلدەستىنى قوبۇل قىلدى، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— قويۇۋېتىڭ! — يۇلقۇندى شاتۇتى مەلىكە ئۇيىلىپ.

باشقىلار ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. خۇددى ئۇلارنى تەبرىكلىگەندەك خاسىيەتلىك دەرەختىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە - مارجانلار چېچىلدى.

پەخرىدىن ھاۋا رەڭ ئەتىرگۈلنى قولىغا ئالدى، ئۇ ھېلىلا ئۈزۈۋېلىنغاندەك ئىدى، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

— ئۇنى كېيىنەك پەرىلەر ئارىلىغا ئېلىپ بارغىن، — دېدى ئانا سۇمۇرغ، — ئۇ ئۆز ماكانىدا يىلتىزلىغاندىلا مەھبۇبىڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ، تېز بارغىن.

ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى دەرھال سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، شۇ ھامان ئالتۇن رەڭلىك چوڭ بىر پەيتۇن پەيدا بولدى.

— مەرھەممەت! — دېدى ئۇ پەخرىدىنگە خۇشخۇيلۇق بىلەن، — يەنىلا خىزمىتىڭگە تەييارمەن.

پەخرىدىن پەيتۇنغا جايلاشتى، شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇكلەرمۇ چىقىپ ئورۇنلاشتى.

— كەتتۇق، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەيتۇننى سۆرەپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ.

— خەير - خوش! — توۋلاپ قالدى سۇمۇرغلار، — ئامان بولۇڭلار.

— خەير - خوش! — تووۋلاشتى پەخرىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، — سىلەرمۇ ئامان بولۇڭلار.

## تۆتىنچى باب

# ئەلۋىدا سىرلىق دۇنيا

ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەيتۇننى سۆرەپ توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، ئاندىن تۆۋەنلىدى، تۆۋەندە بىر چوڭ كۆل ئايان بولدى، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئارال بار ئىدى، ئارالنىڭ چوڭلۇقى پەخرىدىننىڭ ئوقۇغان مەكتىپىدىكى پۇتبول مەيدانىچىلىك كېلەتتى. ئەمما، ئارالنىڭ تۇپرىقى كېپەك ئالتۇندىن، تاشلىرى گۆھەر - ياقۇتتىن ئىدى، ھەممە يېرىدە رەڭگارەڭ ئەترگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى، ھەر گۈلدە يەنە بىردىن بوي - تۇرقى قورچاقچىلىك كېپىنەك پەرىلەر ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ چاچ رەڭگى ۋە كىيىمى ئۆزى ئولتۇرغان گۈل رەڭگى بىلەن بىردەك، ھەتتا قاش - كىرپىك، كۆز قارىچۇقلىرىمۇ شۇنداق ئىدى، بىراق ھەممىسى غەمكىن، ئۈن - تىنسىز، ئوي - خىيالغا پاتقان، ئۆزلىرى ئولتۇرغان گۈللەردەكلا سولاشقان ھالەتتە ئىدى.

ئۇلار تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ مېھمانلارنى كۆرگەندە ئۈركۈپ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

— قورقماڭلار! — توۋلىدى شاتۇتى مەلىكە، — بىز يامان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى مەلىكەڭلەرنى تىرىلدۈرگىلى كەلدۇق.

كېپىنەك پەرىلەر قېچىشتىن توختاپ، ئارىسالدىلىق ئىچىدە قايتىپ كېلىشتى.

پەخرىدىننىڭ قولىدا ھاۋا رەڭلىك ئەترگۈل كامالچىسىنى

كۆرگەنـدە بولـسا بـىردىنلا ھەممـىسى چۆرقىرىـشىپ، ئۇنـىڭ يېنىغـا ئۇلاشتى.

— مەلىكىمىز تىرىلـدىكەن، مەلىكىمـىز تـىرىلـدىكەن، — ئـۇلار خۇشاللىقى قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا تووۋلىشىپ كەتتى.

— ئـۇنى قەيەرگە قـويىمىز، — سـورىدى پەخرىـدىن، — ئـۇ يىلتىز تارتىشى كېرەك.

— ئەلـۋەتتە تېگـىشلىك ئورۇنغـا، — دېـدى كېپىـنەك پەرىـلەر، ئاندىن ئۇلار ئارالنىڭ قـاق ئوتتۇرىـسىدىكى چوڭـلۇقى داسـتىخانچىلىك بىر تۆپىلىكنى كۆرسەتتى، تۆپىلىك ئەتراپىدا توققۇز كىچىك بـۇلاق بـار ئىدى، بۇلاقلار بۇلدۇق - بۇلدۇق تاشقىنلاپ تۇراتتى.

پەخرىدىن ھاۋا رەڭ ئەتىرگۇل كامالچىسىنى شۇ تۆپىلىككە قويدى، شۇ ھامان توققۇز بۇلاقتىن تەڭلا فونتـان ئېتىلـىپ، ئـۇنچە - مارجـان چېچىلدى، ئەتىرگـۇل كامالچـىسى ئاسـتا - ئاسـتا چوڭىيـىپ، بېغىشى تۇپراققا تىكلەنـدى، ئـاخىر پـورەكلەپ ئېچىلـدى، ئىچـىدىن ھـاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى چىقىپ كەلدى.

ئـۇ پـۇتى يەرگە تەگـكەن ھامـان 14 ياشـلاردىكى قىزلارچىلىـك بولـۇپ، ۋۇجـۇدىـدىن نـۇر يېغـىپ، گۈزەللىـك ئـاپتىپى پارلـىدى، بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەللىشىپ كەتكەندەكلا ئىدى.

— ماڭا قايتىدىن ھاياتلىق بېغىشلىغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى ئۇ تولىمۇ يۇمشاق - يېقىملىق ئاۋازدا.

پەخرىدىن ئۇنـىڭ گـۈزەل ھۆسـن - جامالىغـا قـاراپ تـاڭ قېتـىپلا قالغانىدى، كېپىنەك پەرىلەر ۋە ھەمراھلىرىنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— مەن يەنە سىزنى تېپىۋالدىم، — دېدى ئۇ ئاخىر شىۋىرلىغاندەك.

ئـۇ شـۇنداق دەپ كـۆز ئالدىـدا ھـاۋا رەڭ قانـاتلىرىنى يەڭگىـل لەپىلدىتىپ، يەردىن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە لەيلەپ تۇرغان ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ يۇمران ۋە نازۇك قوللىرىنى تۇتۇۋالـدى، شـۇ تاپتا ئۆزىنى زور غەيرەت بىلەن بېسىۋالمىسا ئۇنى باغرىغا بېسىۋالغۇسى بار ئىدى.

ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغانىدەك، قىزىرىپ، تېخىمۇ ئوماق - چىرايلىقلىشىپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى، ۋۇجۇدىدىن كىشىنى مەست قىلغۇچى خۇش پۇراق تارالدى.

— خوجايىن، — دېدى شۇ چاغ شاتۇتى مەلىكە پەخرىدىننى نوقۇپ.

— نېمە! — پەخرىدىن چۆچۈگەندەك بولۇپ ئېسىگە كەلدى، ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— خوجايىن، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە، — سېھىرلىك قەلئەدىكىلەر ئاق قۇشقاچنى جىددىي بىر ئىش بىلەن ئەۋەتىپتۇ.

پەخرىدىن شۇ چاغدىلا مۇئەللەقتە توختىماي قانات قېقىپ تۇرغان ئاق قۇشقاچنى كۆردى، ئۇ بايا كەلگەن بولسىمۇ، پەخرىدىن ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىگە مەھلىيا بولۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغان بولغاچقا بايقىمىغانىدى.

— كۆپچىلىك سىزگە سالام ئېيتتى، — دېدى ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ.

— سالامەت بولسۇن، — دېدى پەخرىدىن خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ئۇلار سىزنىڭ نىجاتلىق بېغىشلىغانلىقىڭىز بەدىلىگە ھەممە سېھىر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، سىزگە يېڭى بىر ئىشىك ئېچىپ قويدى، سىز خالىسىڭىز ھازىرلا ئاشۇ ئىشىك بىلەن ئۆز دۇنيارىڭىزغا قايتالايسىز، خالىمىسىڭىز ئىشىكنى ئېتىۋېتىمىز.

— راستما، — دېدى پەخرىدىن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك، — راستلا كېتەلەيدىغان بولدۇممۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئاق قۇشقاچ، — بىراق سىزگە ئۈچ سائەتلا ۋاقىت بار، ھازىر يولغا چىقىسىڭىز ئاران ئۈلگۈرەلەيسىز.

— ئۆلگۈر! — تووۋلىۋەتتى شاتۇتى مەلىكە ھازىرلا بىرىپ ئۇنى چوقۇۋالىدىغاندەك غەزەپ بىلەن.

بىراق، ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا مۇشۇك خان قىزلار ئاللىبۇرۇن ھەرىكەتكە كېلىپ بولغانىدى، ئۇلار بىچارە ئاق قۇشقاچنى كاپ قىلىپلا تۇتۇۋېلىپ، بويىنىنى ئۇزۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

تەلىيگە پەخرىدىن دەرھال توسۇپ قويدى:

— قويۇۋېتىڭلار! ئۇنىڭغا ئازار قىلساڭلار رەنجىپ قالىمەن، — دېدى ئۇ.

— شورى قۇرۇغۇرلار، — دېدى شاتۇتى مەلىكە يەنە ئاچچىقى بېسىلماي، — ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن شۇنداق قىلىسچۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مۇشۇك خان قىزلارمۇ، — بىز تېخى خوجايىنىنى سىرلىق ئالەمدە ساياھەت قىلدۇرماقچىدۇق.

— تېخى تويىمىزغا رىياسەتچىلىك قىلىپ بېرەتتى، — دېدى قىزىل كۆز بىلەن سېرىق كۆزمۇ سۆز قىستۇرۇپ.

— ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ، — دېدى نەچچە تال پېيى يۇلۇنۇپ، قالغانلىرىمۇ پاخپىيىپ قالغان ئاق قۇشقاچ تىترەپ تۇرۇپ، — بىر مەزگىل كېچىكىپرەك ئىشىك پەيدا قىلساقمۇ بولار ئىدى، لېكىن ھازىر سىرلىق ئالەمدە ئاي بىلەن كۈن تەڭلا كۆتۈرۈلىدىغان ۋاقىت، بۇنداق پۇرسەت 500 يىلدا بىر كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا سىرلىق ئالەمدىن چىقىش ئىشىكى ئاچقىلى بولىدۇ ھەم بۇ ئىشىكنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋاقتى ئۈچ سائەتلا بولىدۇ، بىزغۇ ئۇنىڭ كېتىپ قالماسلىقىنى، سىرلىق قەلئەنىڭ شاھزادىسى بولۇپ تۇرۇپ قېلىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتۇق، بىراق سېھىرگەر ئۇستازىنىڭ روھى ئايان بولۇپ، «ئۇ قايتىشقا تەشنا، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇ قايتمىسا بولمايدۇ» دېدى، شۇنىڭ بىلەن سېھىرلىك قەلئەدىكىلەر ئامالسىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىك پەيدا قىلدۇق ھەم بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىزنىڭ بىر پۇرسىتى ئىكەن.

ئۇنىڭ ۋېچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ پەخرىدىنىدىن باشقىلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى.

— كېتەمسىز؟! — دېدى ئۇ شۇۋىرلىغاندەك.

— شۇنداق، — دېدى پەخرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي، — مېنى ئەسلەپ تۇرارسىز.

ــ ئەلۋەتتە، ــ دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ تامچە يېشى پەخىرىدىنىڭ ياقىسىغا تامدى، پەخىرىدىن گويا ياقىسىغا ئەڭ ئېسىل ئەتىر تۆكۈلگەندەكلا ھېس قىلدى.

باشقىلار ئۇلارنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ كەينىنى قىلىۋېلىشتى، ئۇلار بىرھازاغىچە ئايرىلىشقا قىيماي، مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ــ تېزرەك خوشلىشىڭلار، ــ دېدى ئاق قۇشقاچ ئالدىرىتىپ، ــ كېچىكىپ قالسا ئۇ ئۆز دۇنياسىغا قايتالمايدۇ، ھېلىمۇ خېلى ھايال بولدى.

ــ كەتمىسىڭىز بولمامدۇ، ــ دېدى شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار يىغلامسىرىشىپ.

ــ مەن ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن، ــ دېدى پەخىرىدىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئانىسى، دوستى ۋە باشقىلارنىڭ سىماسى زاھىر بولغان، ئۇلار: «قايتىپ كەل، تېز قايتىپ كەل!» دەپ توۋلاۋاتقاندەكلا ئىدى.

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى، ــ ياقىڭىزدا دوستىڭىزنىڭ بىر جۈپ تامچە يېشى بىللە كەلگەنىكەن، ئۇ سىزنى ئۆز دۇنيارىڭىزغا باغلاپ تۇرغان بىر رىشتە ھاسىل قىپتۇ، ئەگەر شۇ بىر جۈپ تامچە بولمىغىنىدا ئالىبۇرۇن ئۆز دۇنيارىڭىزنى ئۇنتۇغان، پۈتۈنلەي سىرلىق ئالەمگە مەنسۇپ بولغان بولاتتىڭىز، ماقۇل، تېز مېڭىڭ، سىزنى تۇتۇپ قالسام بولمايدۇ، ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتە چىقىپ كەتمىسىڭىز بۇ يەردە جىسمىڭىزلا قېلىپ، روھىڭىز ئۆزى كېتىدۇ، بۇنداق بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

ــ خوش! ــ دېدى پەخىرىدىن زورىغا، شۇ تاپتا ئۇ يۈرىكىدە بىر ئۇتىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئۇ ئوت تېزلا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىدى، شۇ ئۇتىنىڭ تەپتىدە مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى يەنە ئۇنى سىرلىق ئالەمگە ئېلىپ كەلگەن

پەيتۇننى ھازىر قىلدى. پەخرىدىن ناھايىتى تەستە ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىدىن ئاجراپ پەيتۇنغا چىقتى، بىراق ئۇنىڭ يېنىغا شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ئۇنۇپ بولدى.

— سىلەر قېلىڭلار، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — ئەگەر كاشىلا قىلساڭلار ئۇنىڭغا ياخشى بولمايدۇ.

— ھېچبولمىغاندا سۇرەتكە چۈشىۋالايلى، — دېدى شاتۇتى مەلىكە ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك، — بىزگە ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن.

شۇ ھامان ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى سېھىرگەرلىك تايىقىنى شىلتىغانىدى، بىر رەسىم رامكىسى پەيدا بولۇپ، رامكا ئىچىگە پەيتۇندىكى تۆتەيلەننىڭ سىيماسى نۇر بىلەن سىزىلدى ۋە تېزلا كۆلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتى ھاسىل بولدى، ئۇلار گاھ قۇچاقلىشىپ، گاھ ئوينىشىپ، گاھ كۈلۈشۈپ، گاھ سۆزلىشىپ تۇراتتى.

پەخرىدىن ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. شاتۇتى مەلىكە بىلەن مۇشۇك خان قىزلار ئۇنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ خوشلاشتى - دە، پەيتۇندىن ئۇچۇپ چىقىشتى، ئاندىن ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنى ئىتتىرىپ چىقىرىشتى. يەنە بىر ئالتۇن رامكا پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا ئۇ ئىككىيلەننىڭ مېھرى بىلەن قارىشىپ تۇرغان سۈرىتى نۇر بىلەن سىزىلدى، گويا بۇ ئىككىيلەن رامكا ئىچىگە نۇسخىلاپ قويۇلغاندەكلا ئىدى، تېخى بۇلارمۇ جېنى باردەك گاھ پىچىرلىشاتتى، گاھ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

— بۇ سۈرەتلەرنى ئەكېتەلىسەمچۇ، — دېدى پەخرىدىن شىۋىرلاپ دېگۈدەك.

— ئۇ قەلبىڭىزگە نەقىشلەنسۇن، چۈشلىرىڭىزدە ئايان بولسۇن، — دېدى ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى پەيتۇندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — سىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولسۇن.

— خوش! — كۆپچىلىك پەخرىدىنگە قىيمىغان ھالدا قول پۇلاڭلاتتى، ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى پەيتۇننى سۆرەپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. باشقىلار خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ ئۇچتى، بىراق ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى بەك تېز ئۇچىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەرقانچە

تىرىشىپ - تىرمىشىپمۇ يېتىشەلمىدى - دە:

— خەير - خوش! ئامان بولۇڭ! بىزنى ئەسلەپ تۇرۇڭ! — دەپ توۋلاپ قېلىشتى.

پەخىرىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە توختىماي قول پۇلاڭلاتتى، كۆزلىرىدىن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا تارامالاپ ياش قۇيۇلدى، ئاندىن ئۇ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، بىراق خوشلاشقۇچىلار يەنىلا بار ئىدى.

ئۇ ئەمدى دېرىزە سىرتىدىكى كۆك ئاسمان بوشلۇقىدا خىلمۇخىل يارقىن رەڭلەردىكى پاختا دۆۋىسىدەك بۇلۇتلارنىڭمۇ ئىككى بىقىنلىرىدىن قول پەيدا قىلىپ پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېپتىنچ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا ۋە تۆۋەنگە نەزەر سالدى، لېكىن بىر ھەسەن - ھۈسەن يولنىلا كۆردى، باشقا ھەممە مەنزىرە غايىب بولغانىدى.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىمنىڭدۇر:

— تېز، يەنىمۇ تېز! — دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى، ئاخىر ئۇلار بىر دەرۋازىنى كۆردى، دەرۋازا گويا تېلېۋىزور ئېكرانىغىلا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ بېرىۋاتاتتى.

شۇ چاغ بىر تەرەپتىن بىر يۇمىلاق ئەينەك پەيدا بولدى، ئەينەكتە سېھىرلىك قەلئەدىكى جانىۋارلار — بۈركۈت، توشقان، يولۋاس، قوي، پىنگۋىن، يۇنۇس بېلىقى، خوراز، ئاق چاشقان، تۆمۈرتۇمشۇق، مۈشۈكياپىلاق، شىر، سېھىرگەرلىك ھاسىسى ساتقۇچى ۋە باشقىلار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن سېھىرگەرلىك تايىقى بار ئىدى، سېھىرگەرلىك تاياقلىرىنىڭ ئۇچىدىن رەڭگارەڭ نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— تېز بول شاتۇتى شاھزادە، تېز! — دېيىشتى ئۇلار چۇرقىرىشىپ، — سېھرىي كۈچ - قۇۋۋىتىمىز خوراپ كېتىۋاتىدۇ.

— مەن قايتقۇچە بەرداشلىق بېرەلەرسىلەرمۇ؟ — سورىدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى.

— بەرداشلىق بېرەلەيمىز، — دېدى شۇ چاغ ھېلىقىلارنىڭ

يىنىدا ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا يەنە ئۇلارنىڭ سېپىگە شاتۇتى مەلىكە، مۇشۇك خان قىزلار ۋە مۇشۇكجانلار، بىر جۈپ سۇمۇرغ ۋە قېرى مېكىيانمۇ قوشۇلدى. مۇشۇك خان قىزلاردىن باشقىلارنىڭ قولىدا بىردىن سېھىرگەرلىك تايىقى بار ئىدى، ھەممىسىدىن نۇر تارىلىپ تۇراتتى.

شۇ ھامان دەرۋازا كىچىكلەشتىن توختىدى، بەلكى سەل چوڭىيىپمۇ قالدى.

— خەير - خوش! — تووۋلىدى پەخرىدىن ئاخىرقى قېتىم، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى، كۆزلىرىگە يەنە لىققىدە ياش كېپقالدى.

— خەير - خوش! — دېدى ئەينەكتە كۆرۈنگەنلەرمۇ، ئۇلارمۇ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى، بەلكى بىرلىرى يىغلاپمۇ بولدى.

بىردىنلا ئەينەكتە باشقىلارنىڭ سىيماسى غۇۋالىشىپ، ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىلا قالدى، ئۇنىڭ ئالمىدەك مەڭزلىرىدە تاڭ شەبنىمىدەك تامچىلار يالتىرايتتى، ئۇ تۇيۇقسىز بوش تۇرغان قولىنىڭ ئالقىنىنى ئاچتى، ئالقىنىدىن بىر ھاۋا رەڭلىك كېپىنەك ئۇچۇپ چىقتى، كېپىنەك شۇ ئۇچقانچە پەخرىدىن تەرەپكە كەلدى.

— سەل ئاستىلىغىن، — دېدى پەخرىدىن ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتىغا.

— كەچۈرگىن، — دېدى ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — تېخىمۇ تېز ئۇچۇشۇم كېرەك، بولمىسا سېنى مەنزىلىڭگە يەتكۈزۈپ قويالمايمەن، ئىشىك ئېتىلىپ قالسا مەنمۇ غايىب بولۇپ كېتىمەن، ئىككىلىمىز تەڭ تۇگىشىمىز.

پەخرىدىن مەيۈسلىك بىلەن بىر ئەينەككە، بىر كېپىنەككە قاراپ قالدى، بىر چاغدا ئەينەك غايىب بولدى. پەخرىدىن گويا يۈرىكىنىڭ بىر پارىسى يۇلۇنۇپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى، كېپىنەك بولسا ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

مانا ئاخىر دەرۋازىغىمۇ يەتتى، دەرۋازىدىن چىققۇچە ئارىلىقتا بىر شامال كېپىنەكنى ئۇلارغا يېتىشتۇرۇپمۇ قويدى، كېپىنەك پەيتۇن دېرىزىسىدىن كىرىپ پەخرىدىننىڭ قولىغا قوندى، پەخرىدىن تولىمۇ

خۇرسەن بولدى، ئارقىدىنلا ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلىپ، كېپىنەك يۇرەكسىمان رامكىغا ئېلىنغان بىر سۈرەتكە ئايلىنىپ قالدى. سۈرەتتىكىسى بولسا، ئۇ كۆكۈل رىشتىسىنى زادىلا ئۈزەلمەيۋاتقان ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ خۇش تەبەسسۇملۇق گۈزەل سىماسى ئىدى.

پەخرىدىن ھاياجانلىنىپ، رامكىنى باغرىغا باستى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى. خىيال ئېكرانىدا بولسا، ھاۋا رەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرى بىلەن بىللە بولغان چاغلار بىر - بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى، ئۇ گويا كىنو كۆرۈۋاتقاندەكلا ئىدى.

«توغرا»، ئۇ راستتىنلا كىنو كۆرۈۋاتاتتى، يەنە كېلىپ ئۆز ئۆيىدىكى 32 سۇڭلۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتاتتى، تېلېۋىزور ئېكرانى بولسا گويا سىرلىق ئالەمنىڭ دەرۋازىسىدەكلا، يېنىدا بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، كېرىسلوغا قىڭغىيىپلا ئۇخلاپ قالغان دوستى ئادىلجان بار ئىدى.

پەخرىدىن ئۆزىمۇ باياتىندىن بېرى ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپ، مانا ھازىرلا ئويغانغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، ئۇ راستتىنلا چۈش كۆرگەنمىدۇ.

— خەير - خوش! — تووۋلىدى شۇ چاغ تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنگەن ئالتۇن رەڭلىك شاتۇتى، — ئامان بولغىن، ساڭا بەخت تىلەيمەن.

ئۇ شۇنداق دەپلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى، تېلېۋىزورمۇ بىرسى ئۆچۈرۈۋەتكەندەكلا ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ قالدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ۋاقىت توغرىلىغۇچ دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆچۈرۈشكە توغرىلاقلىق بولغاچقا، تېلېۋىزور ئاپتوماتىك ھالدا ئۆچكەنىدى.

پەخرىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ھازىر ئۆز ئۆيىدە، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا دوستى ئادىلجان بىلەن بىللە ئىدى.

ئۇ تېلېۋىزورنى قايتىدىن قويۇپ باقتى، لېكىن قانال يۆتكەل-

-مىگەن بولسىمۇ، بايا كۆرگەنلىرىدىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى، بەلكى «تەلەپ - تەقدىم» پىروگراممىسى بېرىلىۋاتاتتى. ئۇ تېلېۋىزورنىڭ ھەممە قاناللىرىنى بىر - بىرلەپ يۆتكەپ كۆرۈپ چىقتى، لېكىن يەنىلا ئۆزى تەشنا بولغان ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى تاپالمىدى.

«راستىنلا چۈش كۆرگەن بولسام كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر لەسسىدە بولۇپ، «بىراق مۇشۇنداقمۇ ئوزاق چۈش كۆرگەن بارمۇ؟»。

شۇ چاغ ئۇ بايا ئولتۇرغان يېرىدە تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك بىر كىچىك سۈرەت رامكىسىنى كۆرۈپ قالدى، دەرھال ئېلىپ قارىغانىدى، يۈرەكسىمان رامكا ئىچىدە ئاجايىپ گۈزەل ۋە خۇشخۇي، ھاۋارەڭ چاچلىق كېپىنەك پەرىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسىنى كۆردى. بىراق، ئۇ بىر كارتون فىلىم پېرسوناژىنىڭ سۈرىتى ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەخىرىدىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى ۋە رامكىنى خېلى ئۇزاققىچە قولىدىن چۈشۈرمەي قاراپ كېتىپ، ئاندىن ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى ساقلايدىغان كىچىك ئىشكاپقا سېلىپ قويدى.

«مەيلى چۈشۈم، مەيلى ئويغۇم بولسۇن، مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، «بولسا يەنە شۇنداق چۈشلەرنىڭ نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن».

**图书在版编目（CIP）数据**

帕合尔丁神秘世界探险记：维吾尔文/阿迪力·依明著. — 喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.2
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2515 — 8

Ⅰ. ①帕… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①童话 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第 029488 号

责任编辑：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**麦麦提斯迪克·塔依尔**

**帕合尔丁神秘世界探险记**

**阿迪力·依明** 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 11.5 印张 3 插页
2012 年 2 月第 1 版 2012 年 2 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：30.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس



ISBN 978-7-5373-2515-8

(民文) 定价: 30.00 元